ئەمىن مائالوف (فرانسىيە)

# سەمەرقەنت



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئەمدى نەزىرىڭنى سەمەرقەنتكە ئاغدۇرغىن !
ئۇ يەر يۈزىنىڭ خانىشى ئەمەسمۇ؟
ئۇنى باشقا بارلىق شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن،
ئۇ بارلىق شەھەرلەردىن ئۈستۈن ھەم مەغرۇر ئەمەسمۇ؟

— ئېدگار ئاللان پوئې (ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەدىب)



ئەمن مائالوف (فرانسيە)

# سەمەرقەنت

(تارىخىي رومان)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزى



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

# مۇئەللىپ ھەققىدە

ئەمىن مائالوف 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لىۋاندا تۇغۇلغان، فرانسۇز تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەت-شۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مۇخبىر، مۇھەررىر، مەخسۇس ستون يازغۇچىسى بولغان، لىۋان-دىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن 1976 ـ يىلى ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ فرانسىيەگە كۆچمەن بولۇپ بارغان، شۇندىن بېرى پارىژدا ياشاپ كەلمەكتە. يازغۇچى «ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى» ناملىق تۇنجى ئەسىرى بىلەن تونۇلغان. 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئافرىقىلىق لېئو» دېگەن تۇنجى رومانى دۇنيادىكى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

ئەمىن مائالوف ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شەرق تېمىسىدۇر. ئۇنىڭ 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «سەمەر-قەنت» ناملىق ئىككىنچى رومانى زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە كۆپ-لىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. «يورۇق باغلار» (1991 ـ يىل)، «بېئاترىچادىن كېيىنكى تۇنجى ئەسىر» (1992 ـ يىل) ناملىق رومانلىرىدىن كېيىن، 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تا-نىئوس قىياسى» ناملىق رومانى بىلەن فرانسىيىدىكى ئەڭ زور مۇكاپات ھېسابلانغان گونكۇر مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان. ئۇندىن باشقا يازغۇچىنىڭ «شەرق پورتلىرى»، «ئاخىرەتلىك كىيىملىك-لەر»، «يوللارنىڭ باشلىنىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

فرانسۇز يازغۇچىسى جىل دېمېرنىڭ پىكرىچە، «ئەمىن مائا-لوف ئۆزىنىڭ ‹سەمەرقەنت› ئەسىرى بىلەن شەرققە خاس رومان-چىلىق ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ، فرانسۇز ئەدەبىياتىدا يېڭىچە

بىر يۆنىلىش ياراتقان». ئۇنىڭ ئۇشبۇ رومانىدا مەشھۇر ئالىم، شائىر ۋە پەيلاسوپ ئۆمەر ھەييامنىڭ سەمەرقەنتتىكى ھاياتى، ئۇنىڭ مەشھۇر رۇبائىيلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى، 11 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھايات تەلقىنى، يېڭى پەيدا بولۇۋاتقان تۈرلۈك دىنىي مەزھەپلەرنىڭ كۈرىشى ۋە 19 ـ ئەسىرگىچە مۇسۇلمان دۇنياسىدا نامەلۇم بولغان رۇبائىيلار قول يازمىسىنىڭ ياۋروپادىكى شان ـ شۆھرىتى، ھەمدە بۇ قول يازمىنىڭ 1912 ـ يىلى «تىتانىك» ناملىق پاراخوتنىڭ ھالاكىتى نەتىجىسىدە ئوكيان تېگىگە چۆكۈپ كەتكەنلىكىگە ئائىت قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئابدۇمۇراد كۆچىمبايېۋ تەرىپىدىن فرانسۇز تىلىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنىدىغان «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەنە شۇ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى، ھەمدە ئەلى بېركتاي تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، YKY نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 45 ـ باسمىسىدىن پايدىلىنىلدى.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1

## ئۆمەر ھەييامنىڭ سەمەرقەنتتىكى سەرگۈزەشتىلىرى

بىرىنچى باب ........................ 3
ئىككىنچى باب ........................ 13
ئۈچىنچى باب ........................ 21
تۆتىنچى باب ........................ 29
بەشىنچى باب ........................ 41
ئالتىنچى باب ........................ 48
يەتتىنچى باب ........................ 64
سەككىزىنچى باب ........................ 67
توققۇزىنچى باب ........................ 71
ئونىنچى باب ........................ 79
ئون بىرىنچى باب ........................ 85
ئون ئىككىنچى باب ........................ 92
ئون ئۈچىنچى باب ........................ 102
ئون تۆتىنچى باب ........................ 113

## قاتىللار جەننىتى

ئون بەشىنچى باب ........................ 125
ئون ئالتىنچى باب ........................ 139
ئون يەتتىنچى باب ........................ 150
ئون سەككىزىنچى باب ........................ 154
ئون توققۇزىنچى باب ........................ 164
يىگىرمىنچى باب ........................ 176

يىگىرمە بىرىنچى باب ........ 185
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........ 190
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........ 201
يىگىرمە تۆتىنچى باب ........ 214

## مىڭ يىللىقنىڭ ئاخىرى

يىگىرمە بەشىنچى باب ........ 229
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........ 239
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........ 245
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........ 254
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........ 269
ئوتتۇزىنچى باب ........ 280
ئوتتۇز بىرىنچى باب ........ 290
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ........ 299
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ........ 306
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ........ 315
ئوتتۇز بەشىنچى باب ........ 321

## دېڭىزدىكى گۆھەر

ئوتتۇز ئالتىنچى باب ........ 331
ئوتتۇز يەتتىنچى باب ........ 339
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ........ 348
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ........ 354
قىرىقىنچى باب ........ 364
قىرىق بىرىنچى باب ........ 378
قىرىق ئىككىنچى باب ........ 384
قىرىق ئۈچىنچى باب ........ 392
قىرىق تۆتىنچى باب ........ 398
قىرىق بەشىنچى باب ........ 406
قىرىق ئالتىنچى باب ........ 415
قىرىق يەتتىنچى باب ........ 423
قىرىق سەككىزىنچى باب ........ 432

# مۇقەددىمە

مەن سىزگە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تېگىگە مەڭگۈلۈككە چۆ-
كۈپ كەتكەن بىر كىتاب ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. ئەينى
دەۋردىكى گېزىتلاردا بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ نەرسىلەر يې-
زىلغان ۋە بۇ ھەقتە بىر نەچچە بەدىئىي ئەسەرلەرمۇ يارىتىلغان.
«تىتانىك» ناملىق غايەت زور پاراخوتنىڭ 1912 - يىلى 14
- ئاپرېلدىن 15 - ئاپرېلغا ئۆتەر كېچىسىدىكى ھالاكىتى، دۇنيا-
دىكى ئەڭ قىممەتلىك قول يازمىلارنىڭ بىرى بولغان، بۈيۈك پارس
ئالىمى ۋە شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ئەسلىي
نۇسخىسىنىمۇ دېڭىز تەكتىگە ئېلىپ كەتتى.

مەن بۇ ھالاكەت ھەققىدە تەپسىلىي توختالماقچى ئەمەسمەن.
كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئاللىقاچان بۇ ھالاكەتنىڭ دەھشەتلىك ئا-
قىۋەتلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، ھېسابلاپ كۆرۈشكەن، شۇ قېتىم-
قى ھالاكەتتە ھاياتىدىن ئايرىلغان ھەر بىر ئادەم ھەققىدە ئەتراپ-
لىق، تەپسىلىي مەلۇماتلارنى توپلاشقان. مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇ قې-
تىملىق ھالاكەتتىكى ئەڭ مۇھىم يوقىتىش، ئادەملەرنىڭ ھېساب
- كىتابلىرىدا ئېتىبارغا ئېلىنمىغان ئاشۇ قول يازما ئىدى. مانا
بۇ ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولغىنىغا ئالتە يىل بولسىمۇ، شا-
ئىرنىڭ ئۆزى يازغان بۇ قول يازمىنى — بىر چاغلاردا ئۆز قول-
لىرىم بىلەن تۇتقان بىباھا قول يازمىنى — مەڭگۈلۈككە يوقات-
قانلىقىمنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن. چۈنكى بۇ قول يازمىنىڭ ئۆز
ئانا يۇرتى ئاسىيادىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشىگە مەن بەختى
قارا بېنجامىن ئۆمەر لېساج سەۋەبچى بولدۇم. ئۇنى مەن نەرسە
- كېرەكلىرىم بىلەن ئاشۇ پالاكەت باسقان «تىتانىك» ناملىق

پاراخوتقا ئېلىپ چىققان ئىدىم. مەن بىلەن زاماندىش كىشىلەرنىڭ مەنىمەنلىكى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن بۇ پالاكەت سادىر بولۇپ، قول يازما يەر يۈزىدىن غايىب بولدى.

شۇنىڭدىن بىرى كۈندىن ـ كۈنگە قان ۋە رەزىللىككە پېتىپ بېرىۋاتقان ئۇشبۇ دۇنيادا ھايات بىرەر قېتىممۇ ماڭا كۈلۈپ باقمىدى. كىشىلەرنىڭ بۇ ھالاكەت ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئۇلاردىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم، بىراق قەلبىمدىكى ئۈمىد چىرىغى زادىلا ئۆچمىدى. ئويلايمەنكى، ھامان بىر كۈنى قول يازما سۇ تەكتىدىن ئېلىپ چىقىلىدۇ، ئالتۇن ساندۇق ئىچىدە، سۇ ئاستى لاتقىلىرىدىن ئامان قالغان بۇ ئاجايىپ قول يازمىنىڭ تەقدىرى يېڭى سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. ئادەملەرنىڭ بارماقلىرى يەنە ئۇنىڭ نەپىس سەھىپىلىرىنى سىلايدۇ. رۇبائىيلارنى ئوقۇپ ھەيرانلىق ئىلكىدە لال بولغان ئوقۇرمەنلەر، شائىرنىڭ ئۇنىڭ چۆرىسىگە يېزىلغان سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. ئىخلاسمەنلەر بۈيۈك شائىرنىڭ قەلبىنى، ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى، ھاياجانلىرىنى قايتىدىن ھېس قىلىدۇ. ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ، ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئاجايىپ ئىنساننىڭ مىسلىسىز ئەقلىي قۇۋۋىتىگە قايىل بولۇشۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىدىكى قىزىل گۇل يادىكارلىق ئالدىدا چوڭقۇر ئويغا چۆمىدۇ.

بۇ قول يازمىدا نە بىرەر يىلنامە، نە بىرەر ئىمزا يوق ئىدى. پەقەتلا ئاتەش قەلب شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېغىشلىمىسىلا بار ئىدى: «سەمەرقەنت يەر يۈزىنىڭ جىلۋىسى!»

1918 ـ يىل.

# بىرىنچى كىتاب

## ئۆمەر ھەييامنىڭ سەمەرقەنتتىكى سەرگۈزەشتىلىرى

زادى بۇ ئالەمدە گۇناھسىز كىم بار؟
ئۇ نېچۈن ياشىدى بولمىغى گۇناھكار؟
يامانلىق قايتۇرساڭ يامانلىقىمغا،
پەرقىمىز نە بولدى، ئەي پەرۋەردىگار!

— ئۆمەر ھەييام

# بىرىنچى باب

كەچ كىرىشى بىلەن كۈندىلىك ئىشلىرىدىن بوشىغان سەمەرقەنتلىكلەر قەلەمپۇر بازىرىنىڭ يېنىدىكى خالتا كوچىغا جايلاشقان ئىككى مەيخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مەيخانىنىڭ خۇشبۇي سوغدى شارابىدىن ئىچىۋېلىپ، سەرخۇش بولۇپ كوچا كېزىش ئەمەس، ئەكسىچە، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بىرەر مەيخورنى قولغا چۈشۈرۈپ، سازايى قىلىش، تاناۋىنى تارتىپ قويۇش ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قاراۋۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مەيخورنىڭ ھالىغا ۋاي: ئۇلار مەيخورنى يەردە چەيلەپ سۆرىشەتتى، ھاقارەت، نادامەتلەرگە كۆمۈپ تاشلايتتى، بىچارە مەيخورنى يولدىن ئازدۇرغۇچى ئىچىملىكنىڭ ئەلەملىك كەيپىنى بىر ئۆمۈر يادىدا ساقلاشقا مەجبۇر قىلىشاتتى.

ئەنە شۇنداق ھادىسىلەرنىڭ بىرى 1072 ـ يىلى ياز ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، كەلگۈسىدىكى مەشھۇر رۇبائىيلارنىڭ مۇئەللىپى، 22 ياشلىق ئۆمەر ھەييام ئەمدىلا سەمەرقەنتكە كەلگەن چاغدا يۈز بەردى. ئاشۇ گۈزەل ئاخشىمى ئۆمەر ھەييام مەي خۇمارى بىلەن بۇ تەرەپلەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىمۇ، ياكى سەيلە ـ تاماشا باھانىسى بىلەن لەنەت تەگكۈر مەيخانا تەرەپكە تاسادىپىي كېلىپ قالدىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. بىر بالا پەشتاختىدىن ئوغرىلىغان ئالمىنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە كوچىنى بويلاپ قاچماقتا ئىدى. گەزمال دۇكىنىدىكى مال ساتقۇچىنىڭ ئېگىز سۇپىدا ئولتۇرۇپ، جىنچىراغ يورۇقىدا خېرىدارى بىلەن سودىلىشىۋاتقانلىقىنى، بوغۇق ئاۋازدا تەنلىك كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئارقاندىچىلار رەستىسىدىكى ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ ئالدىدا قېچىرلىق

بىر كىشى توختىدى. ئۇ ئالىقانلىرىنى مۇزدەك سۇغا تۇتتى، كېيىن خۇددى ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى سۆيمەكچى بولغاندەك، لەۋلىرىنى سوزۇپ سۇغا ئېگىشتى، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، ھۆل قوللىرى بىلەن يۈزىنى سىلىدى، بىلىنەر - بىلىنمەس شۈكۈر ئېيتىپ، يېنىدا تۇرغان تاۋۇز شاپىقىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ، قېچىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

ھەييام ئەتراپقا زوقلىنىپ باقتىنچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، چىلىم ساتقۇچىلار رەستىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالدى. بىر ھامىلىدار ئايال ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇ قىزلارنىڭكىدەك نېپىز لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماستىن، يالىڭاچ بىلەكلىرىنى سوزۇپ، ھازىرلا سېتىۋېلىنغان قورۇلغان بادامدىن بىر چاڭگال تەڭلىدى. چۈمبەللى قايرىلغان بۇ مەسۇم ئايال ئۇن بەش ياشلاردا باردەك قىلاتتى.

ھەييام بۇ تاسادىپىي سەدىقىدىن گاڭگىراپ قالمىدى. ئۇ بۇنداق ئادەتنىڭ سەمەرقەنتلىكلەردە قەدىمدىن تارتىپ بارلىقىنى بىلەتتى، بولغۇسى ئانىنىڭ ئالدىدىن كېلىشكەن، خۇش قامەت بىرەرسى چىقىپ قالسا، ئۇ تۇغۇلغۇسى بالىسىنىڭ شۇ كىشىگە ئوخشىشىنى ئۈمىد قىلىپ، قولىدىكى نەرسىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بېرىشى كېرەك ئىدى. ھەييام قولىدىكى باداملارنى ئېتىپ بېقىشتىن نەپسىنى يىغقان ھالدا، ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان ئايالنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ خىياللىرىنى يىغىپ، يەنە يولىنى داۋام قىلدى. ئۇ بىردىنلا بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى. ئۇزۇن بويلۇق، قاقسۆڭەك بىر بوۋاي يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئاپتاپتىن قارىيىپ كەتكەن يالاڭ بېشىدىكى ئاپئاق چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن بۇ بوۋايدىن ئەلەم ۋە نەپرەت ئارىلاش بوغۇق پەرياد ئاۋازى كېلەتتى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى ھەييامغا ئىلتىجالىق تىكىلگەندەك تۇيۇلدى. ساقال - بۇرۇتلىرى ئىمدىلا خەت تارتقان، قوللىرىدىكى كالتەكلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ مەغرۇر كۈلۈشۈۋاتقان يىگىرمىدەك يە-

گىت بىچارە بوۋاينى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئەتراپتا بىر توپ كىشىلەر ۋەقەنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قاراپ تۇرۇ-شاتتى. كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ياشلارنىڭ بىرى ھەييامنىڭ قەتئىي-لىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، ئۇنى ئېتىبارلىق كىشىلەر-نىڭ بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى بولغاي، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ يارىماس مەيپەرەسلەرنىڭ بىرى، ئىسمى ئۇزۇن جاپپار!

ھەييام بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، كېلىنغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولدى: «جاپپار! ئەبۇ ئەلىنىڭ شاگىرتى!» دېگەن سۆز-لەر خىيالىدىن كەچتى ئۇنىڭ.

ئەبۇ ئەلى شەرقتە ئەڭ كۆپ تارقالغان ئىسىملارنىڭ بىرى. بۇخارا، بەلخ ياكى باغدادتا ياشايدىغان ھەر بىر ساۋاتلىق كىشى بۇ ئىسمنى ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدۇ. چۈنكى بۇ ئى-سىمنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭ مەغرىبتە ئەۋىسىننا، مەشرىقتە ئە-بۇ ئەلى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئىكەنلى-كىنى دەرھال ھېس قىلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى سىنانى شەخسەن تونۇ-مايتتى، چۈنكى ئۇ بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كې-يىن تۇغۇلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆمەر ئۇنى ئۆز ئەۋلادىنىڭ بۈ-يۈك ئۇستازى ھەمدە ئىنسانىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان بىلىم ھەقدارلىرىدىن بىرى، دەپ تەن ئالاتتى.

ھەييام ئۆزىچە پىچىرلىدى: «جاپپار، ئىبنى سىنانىڭ سۆيۈم-لۈك شاگىرتلىرىدىن بىرى!» ئۇ بۇ بوۋاينى بىرىنچى قېتىم كۆ-رۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ بۇ شاگىرتىنى تېبابەت ۋە پەلسەپۋى بىلىملەرنىڭ داۋامچىسى دەپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئىلمىي دەلىللىرى-نىڭ ئىنتايىن دادىللىقىدىن زوقلىناتتى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ شەھ-ۋەتپەرەسلىككە ۋە دەھرىيلىككە مايىللىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ مىجەزىدىكى ئەنە شۇنداق نۇقسانلار سەۋەبلىك بىر نەچچە قېتىم زىندانغا تاشلاندى، خالايىقنىڭ كۆزى ئالدىدا جازالىنىپ، سازايى

قىلىندى، بىر قېتىملىق كوپۇرلۇقى ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپ، سە-
مەرقەنتنىڭ ئەڭ چوڭ مەيدانىدا، خالايىق ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ
كۆزى ئالدىدا بىر يۈز ئەللىك دەررە ئۇرۇلدى. بۇ جازا ئۇنىڭ هايا-
تىنى قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ
هەققانىيەتچىلىكى، زېرەكلىكى قاچاندىن باشلاپ دىۋانىلەرگە خاس
مەيخورلۇققا ئايلاندىكىن؟ شۈبهىسىز، بۇ هال ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ
ئۆلۈمىدىن كېيىن باشلانغان. ئۇنىڭ جەندە كىيىملەرنى كىيىپ،
كوفرانە گەپلەرنى قىلىپ، يىرتىق - ياماق ئىشتان بىلەن دەلدەڭ-
شىگىنىچە كوچا كېزىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن باللار ئۇنى مەسخى-
رە قىلىشاتتى، ئۇنىڭغا تاش ئېتىشاتتى. ساراڭدەك هالغا چۈشۈپ
قالغان بۇ بىچارە ئادەم بۇنداق خورلۇقلاردىن يېرىلغۇدەك بولۇپ،
ئەلىمىنى مەيدىن ئېلىشقا ئۇرۇناتتى.

ئۆمەر ۋەقەنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، خىيالىدا پىكىر-
لەر كۆۋەجەشكە باشلىدى. «ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىسام، مەنمۇ بىر كۈنى
مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن». ئۇ مەينى ياقتۇرىدىغانلى-
قىدىن ياكى بۇ ئادىتىنى تاشلىيالمايدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىل-
مايتتى. ئەكسىچە، مەي ۋە سەرخۇشلۇق ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى
چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككىسى بىر -
بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، دەپ هېسابلايتتى. بىراق، جامائەتچىلىك-
نىڭ بۇ هەقتىكى قارىشى ئۇنى چۆچۈتەتتى ۋە بۇ قاراشنىڭ ئۆزى-
نىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ دەز كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرەيتتى. كۆز ئالدىدىكى بوۋاينىڭ بىچارە هالىتى ئۇنىڭ
بۇ خىل ئەندىشىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، ئۇ بۇ ئىشقا ئارىلاش-
ماي، ئاستا كېتىشنى ئويلىدى. بىراق، ئىبن سىنانىڭ شاگىرتىنى
غەزەپلەنگەن كىشىلەرگە تاشلاپ كەتسە، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى
تارتىپ قالىدىغانلىقىنى هېس قىلدى. نەتىجىدە قەتئىيلىك بىلەن
ئۈچ قەدەم ئالدىغا چىقتى ۋە ئاۋازىغا مەغرۇر، هەيۋەتلىك تۈس بې-
رىپ:

— بۇ بىچارىنى قويۇۋېتىڭلار! — دېدى.

ئۇزۇن جاپپارنىڭ يېنىدا كۆزلىرى قانسىراپ تۇرغان بىرى ئۆرۈلۈپ، بۇ ناتونۇش يولۇچىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ساقاللىق يۈزىدە، ئوڭ قولىقىدىن باشلاپ ئېڭىكىنىڭ ئاستىغىچە چوڭقۇر يارا تاتۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى دەھشەتلىك ھۆكۈمنى ئېلان قىلىۋاتقاندەك ۋارقىرىدى:

— بۇ مەيپەرەس، دەھرىي ۋە پەيلاسوپ ئادەم!

ئۇ ئاخىرقى سۆزىنى خۇددى يىرگەنگەندەك خىرقىراپ تەلەپپۇز قىلدى.

— بىز سەمەرقەنتتە پەيلاسوپنىڭ بولۇشىنى خالىمايمىز! — دەپ شاۋقۇن سالدى كىشىلەر ئۇنىڭ گەپلىرىنى قۇۋۋەتلەپ.

«پەيلاسوپ» دېگەن سۆز بۇ كىشىلەر ئۈچۈن غەيرىي دىندىكى كىشى ياكى دىن ۋە ئەدەبىياتتىن تاشقىرى ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاپىر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۆز ئېلىدە ئاللىقاچان مەشھۇر پەيلاسوپ بولۇپ تونۇلغان ئۆمەر ھەييام بۇ يەردە، مانا شۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا ئۇزۇن جاپپاردىنمۇ ئېچىنىشلىق ھالغا قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەلۋەتتە، تاتۇق چىراي كىشى ئۇنى تونۇمايتتى، ئۇ يەردە تۇگۈلۈپ ياتقان بوۋاينى قىيناش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ بوۋاينى چاچلىرىدىن تارتىپ، ماجالسىز بېشىنى تامغا ئۇرۇپ مىجىقلىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇياق - بۇياققا سىلكىيتتى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قاتىلنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۆمەر ۋەقەگە قەتئىي ئارىلىشىش پەيتى كەلگەنلىكىنى سەزدى:

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! بۇ ئىگە - چاقىسىز بىچارە دىۋانىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قاپتۇغۇ!

تاتۇق يۈز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، بارمىقىنى ئۆمەرنىڭ ساقىلىغا نىقتاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قارىغاندا سەن ئۇنى ياخشى تونۇيدىغاندەك قىلىسەن! ئۇزۇڭ كىم؟ ھە، بىلدىم! سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەس، كەلگۈندىغۇ دەيمەن!

سىنى بۇ شەھەردە ھېچكىم تونۇمايدۇ!

ئۆمەر ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلىغان ھالدا، ئۇنىڭ بارمىقىنى ئەدەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. تاتۇق يۈز كىشى بىر قەدەم ئارقىغا چېكىندى - يۇ، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن يەنە سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە، ئەي، كەلگۈندى؟

ئۆمەر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشتا بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قال- دى، بۇ ئەندىشىلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ كۆككە باقتى ۋە ئورغاق شەكلىدىكى ھىلال ئاينىڭ يۈزىنى بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ قاپلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بىر دەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ ھازىر بۇ ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى كۆزىتىپ زوقلىنىشنى، يۇل- تۇزلارنىڭ نامىنى يەنە بىرمۇبىر ئەسلەشنى، ئۇدۇل كېلىپ قالغان بۇ دەھشەتلىك ۋەقەدىن، غەزەپلەنگەن مانا شۇ ساددا كىشىلەر ئارد- سىدىن يىراق - يىراقلارغا كېتىشنى خالايتتى. شۇ چاغدا كىشە- لەرنىڭ ئۆزىنى ئورىۋېلىشقا باشلىغانلىقىنى، كىملەرنىڭدۇر قول- لىرىنى تۇرتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يەنە تېزدىن خىيالىنى يىغىۋال- دى:

— مەن نىشاپۇرلۇق ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۆمەر بولىمەن. خوش، ئۆزۈڭ كىمسەن؟

تاتۇق يۈز يىگىت قىلچە تەكەللۇپسىز سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىشنى لايىق كۆرمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز شەھىرىدە، بۇنداق سوراپ - سۈرۈشتۈرۈشكە پەقەت ئۇنىڭلا ھەققى بار. ۋاقتى - سائىتى كەلسە، ئۆمەر ئۇنى ياخشى تونۇپ قالىدۇ، شۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى تاتۇق موللام دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ قولىدىكى دەررىسى ۋە ئاغزىدىكى شەرىئەت كالامى بىلەن پۈتۈن سەمەرقەنتنى دىر - دىر تىترىتىدۇ. ھازىرچە ھۆكمى - ئەمەلى ھەر بىر ئىشارىسىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتقان مانا بۇ جەڭگىۋار ياشلارغا ئۆتىدۇ، خالاس.

بىردىنلا سەردارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال ئۆز يارەنلىرىگە، ئاندىن توپلانغان خالايىققا غالىبانە نەزەر

تاشلاپ، ۋارقىرىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي! مەن نىشاپۇرلۇق ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۆمەر ھەييامنى تونۇماي قاپتىمەنغۇ! ئەستا، بۇ كىشى خۇراساننىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى، پۈتۈن پارس ئېلىنىڭ ئەڭ دانا كىشىسى، پەيلا-سوپلارنىڭ شاھزادىسى ئۆمەر ھەييامكەن ئەمەسمۇ! — ئۇ مەسخىرە ئارىلاش تەزىم قىلدى، كېيىن ئىككى قولىنى سەللىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەگكۈزۈپ، بارماقلىرىنى قۇلاق شەكلىدە مىدىرلاتتى. ئۇ-نىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن شېرىكلىرى قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— ھەر بىر مىسراسى ديانەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن يۇغۇرۇل-غان مانا بۇ رۇبائىينى يازغان شائىر ئۆزلىرى بولامدىلا؟ — ئۇ يۇ-قىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

كوزامنى سۇندۇرۇپ ئىرغىتتىڭ، تەڭرى،
خۇشاللىق ئىشىكىن بېكىتتىڭ تەڭرى.
تۇپراققا تۆكتۈڭغۇ گۈلگۈن مېيىمنى،
بىلمىدىم، مەستمۇسەن، نە قىلدىڭ تەڭرى؟

ئۆمەر شېئىرنى بىر خىل ئاچچىق ئىچىدە ئاڭلىدى. بۇنداق تەشۋىقاتنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدىغانلىقىدىن تەشۋىشلەنگەن ئۆمەر، كىشىلەرنىڭ غەزىپى قوزغالماستىنلا يۇقىرى ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ھەي، ناتونۇش كىشى! بۇ رۇبائىينى مەن تۇنجى قېتىم سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن. لېكىن، مانا ماۋۇ رۇبائىينى ئۆ-زۈم يازغانلىقىم راست:

ئۆزىنى دانا بىلگەن بىر نەچچە نادان،
ئېشەك تەبىئىتىنى قىلغۇر نامايان.
ئۇلار ئارىسىدا سەنمۇ ئېشەك بول،
بولمىسا «كاپىر» دەپ قىلىشار ئېلان.

ئۆمەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىدىغان بۇ رۇبائىينى ئوقۇپ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى، بۇ كىشىلەر ئەمدى راستتىنلا ئاشكارا دۈشمەنگە ئايلانغان ئىدى. غەزەپلەنگەن كىشىلەر ئۇنى دۆشكەلەپ، كىيىملىرىنى قالايمىقان تارتىپ، سىلكىپ يىرتىشقا باشلىدى.

كىمدۇر ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتتى. شۇ ھامان كىشىلەر ئۇنى ئۇ ياقتىن بۇ ياققا سۆرەشكە باشلىدى، كىمدۇر يەلكىسىگە تەپتى، كىمدۇر گېلىنى بوغۇش ئۈچۈن يېپىشتى. ئۆمەر ھەييامنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، ئېچىلىپ قالغان بەدىنىگە ئۈزۈلمەي مۇشت ۋە تېپىكلەر يېغىشقا باشلىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاشتىن يالتايدى ۋە ئۆزىنى ھازىرلا يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۈمىدسىزلەندى. ئەمدى ئۇنىڭ بەدىنى ئاغرىقنى سەزمەس ھالغا يەتكەن، قۇلاقلىرىمۇ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. بىر چاغدا ئۇ قوراللانغان ئوندەك شەھەر قاراۋۇللىرىنىڭ يېتىپ كېلىپ، بۇ قانلىق توقۇنۇشنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىنى، قىل ئۈستىدە تۇرغان ھاياتىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. كىشىلەر قاراۋۇللارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆمەرنى دۇمبالاشنى توختاتتى. بىراق، ئۆز قىلمىشلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن توۋلاشقا باشلىدى:

— ئۇ جادۇگەر، ئالدامچى!

شەھەر قاراۋۇللىرىنىڭ قارىشىچە، پەيلاسوپ بولۇش ئۈنچىلىك چوڭ گۇناھ ھېسابلانمايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە جادۇگەرلىك قىلىش ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانغا باراۋەر بولۇپ، بۇ ئۆلۈم بىلەن جازالىناتتى.

— بۇ كەلگۈندى جادۇگەر! شۇنداق، بۇ جادۇگەر! — دەپ توۋلىشاتتى كىشىلەر.

قاراۋۇللار باشلىقى بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەسىلىنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلىشنى توغرا تاپمىدى بولغاي، قەتئىي ئاھاڭدا ئېلان قىلدى:

— ئەگەر بۇ ئادەم راستتىنلا جادۇگەر بولسا، ئۇنى قازىكالان
ئەبۇ تاھىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش لازىم!
بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلگەن ئۇزۇن جاپپلار
ئۇر ـ توپىلاڭدىن ئامان قالغانلىقىنى سېزىپ، ئەڭ يېقىن مەيخا-
نىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئۈمىلەۋاتاتتى. ئۆمەر بولسا ئورنىدىن تۇر-
غان ئىدى. ئۇ قاراۋۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا جىمغىنا كېتىۋاتاتتى،
چىرايى قانغا بويالغان، كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ،
يۈزىدىن مەغرۇرانە نارازىلىق ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇراتتى. مەش-
ئەل كۆتۈرۈۋالغان قاراۋۇللار ئۇنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىۋاتات-
تى، ئارقىسىدىن بولسا ئۇنىڭ بايىقى دۈشمەنلىرى ۋە بىرتوپ كى-
شىلەر ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۆمەر ھېچكىمنى ۋە ھېچ
نەرسىنى ئېلىغا قىلالمايتتى، ھېچقانداق ئاۋازنىمۇ ئاڭلىمايتتى.
خىيالىدا كوچىلار ئادەمسىز، ئەتراپ جىمجىت، ئاسمان سۈپسۈ-
زۈك، سەمەرقەنت بولسا، ئۇ قاچانلاردىدۇر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان
تەۋەررۈك زېمىن ئىدى. ئۇ بۇ زېمىنغا قەدىمكى سەيياھلارنىڭ ئى-
زىنى بويلاپ ئۈچ ھەپتە دېگۈدەك توختىماستىن يول يۈرۈپ يېتىپ
كەلدى. شەھەرگە كېلىپ كەتكەن ساياھەتچىلەر ئۇنىڭغا كۆھەندىز
مەيدانىدىكى شەھەر قەلئەسى ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپنى تاماشا قى-
لىشنى تەۋسىيە قىلىپ: «پۈتۈن ئەتراپتا پەقەت كۆپكۆك باغلارنى،
ئۆستەڭلەرنى، يىراقلاردا بولسا بۇقا، پىل، چۆكتۈرۈلگەن تۆگە،
سەكرەشكە تەييار تۇرغان قاپلان... دېگەندەكلەرنى ئەسلىتىدىغان،
رەڭلىك ۋە كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان قارىغايلارنى كۆرۈشىڭىز
مۇمكىن» دېگەنىدى.
دەرھەقىقەت، ئۆمەر بۇ يەرگە كېلىپ، پەقەت شەھەر تاشقىرى-
سىدىلا ئەمەس، بەلكى قورغان ئىچىدىمۇ، شەرقىي مەسچىتتىن
باشلاپ چىن دەرۋازىسىغىچە زىچ بەرپا قىلىنغان ياپيېشىل باغلار-
نى، مېۋىزارلارنى، ئېرىقلىرىدا مەۋجلىنىپ ئېقىۋاتقان زىلال
سۇلارنى كۆردى. ھەر تەرەپتە نەيزىدەك كۆككە بوي سوزغان خىش-
تىن قوپۇرۇلغان مۇنارلار، رەڭلىك گۈمبەزلەر، قەسىرلەرنىڭ ئاپ-

ئاق تاملىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىر كۈنى ئۆمەر سەيلە قىلىۋې-
تىپ، تۇيۇقسىز مەجنۇنتاللار ئارىسىدىكى كۆل بويىدا سۇدىن چە-
قىپ، گۈزەل قامىتىنى كۆز - كۆز قىلغىنىچە چىچىنى ئاپتاپقا
قاقلاپ قورۇتۇۋاتقان گۈزەل قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. كېيىنچە
ئۆمەرنىڭ رۇبائىيلار قول يازمىسىغا نامەلۇم سەنئەتكار تەرىپىدىن
سىزىلغان جەننەت تەسۋىرى شۇ بولۇشى مۇمكىن، ياكى بۇ ئۆمەر-
نىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنگەن غايىب چىرايمۇ؟ سەمەرقەنت قازىكالانى
ئەبۇ تاھىرنىڭ ئەسقىزار مەھەللىسىدىكى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېتە-
لىۋاتقان ئۆمەرنىڭ خىيالىدىن ئەنە شۇنداق شېرىن تەسىراتلار،
مەنزىرىلەر كەچكەندەك قىلاتتى.

نامەلۇم تەقدىر تامان خامۇش كېتىۋاتقان ئۆمەر تىنماي ئىچە-
دە بىر نېمىلەرنى تەكرارلاپ باراتتى: «چۆمۈلىۋاتقان پەرى — خە-
يال، تاتۇق يۈز كىشى — ئەمەلىيەت، بۇ گۈزەل تۈن بولسا ئۆمە-
رۈمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى بولسىمۇ، مەن بەربىر سەمەرقەنتنى
سۆيىمەن.»

# ئىككىنچى باب

قازىكالان دىۋانىدا يېقىپ قويۇلغان شاملارنىڭ يورۇقىدا ئۇ-مەرنىڭ يۈزى قارىدەك ئاپئاق كۆرۈنەتتى. يېشى چوڭراق ئىككى پا-سىبان خۇددى خەۋپلىك جىنايەتچىنى تۇتۇپ كەلگەندەك، ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ پەگادا تۇرۇشاتتى. دىۋانىنىڭ تۆرىدە سۆلەتنى ناما-يان قىلىپ ئولتۇرغان قازىكالان ئۇنىڭغا قىلچە ئېتىبار بەرمەس-تىن دەۋاگەر، جاۋابكارلارنى سوراق قىلاتتى، بىرىنىڭ گېپىنى توغرا تاپسا، ئىككىنچىسىگە تەنبىھ بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر ئىككى قوشنا ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق داۋام قىلغان، ئاداۋەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئەرزىمەس ماجىرانى مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى، قا-زىكالان بىر قارارغا كەلدى: ئۇ ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرلىرىنى باغرىغا بېسىشىپ، گىنە - ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ، يارىشىشنى بۇيرۇدى. ئۇلاردىن بىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇپ، قوشنىسىغا قاراپ قوللىرىنى سوزغىنىچە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى. تار پېشانىلىك، قامەتلىك ئىككىنچىسى بولسا بۇ ھۆكۈمدىن نارا-زىدەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئارقىسىغا داجىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن قازىنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلىدى ۋە بارلىق كىشىلەرنى قورقۇنچتىن لاغ - لاغ تىترىتىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، گۇناھكارنى قامچىلاشقا باشلىدى. ئەمما، قامچىنىڭ زەربىسى ئۇ گۇناھكارنىڭ يەلكىلىرىگە ئاران - ئاران يېتەتتى. گۇناھكار كىشى غەزىپىنى باسالمايۋاتقان سېمىز قازىكالانغا بىر دەقىقە تىكىلىپ تۇردى — دە، كېيىن بېشىنى ئېگىپ، قوشنىسى بىلەن قۇچاقلى-شىپ يارىششقا مەجبۇر بولدى.

قازىكالان ئۇلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئەمدىكى گۇناھ-

كارنى، يەنى ئۆمەرنى تونۇپ تۇرغان ياساۋۇللارغا ئۇنى يېقىنراق ئې-لىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. گۇۋاھچىلاردىن ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈپ بىر نەچچە سوئال سورىدى، ئۇر - توپىلاڭنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈ-رۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۆز نۆۋىتىدە ھېلىقى تاتۇق چىراي يىگىتمۇ گۇۋاھلىققا چىقتى. قازىكالان ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلاردىن بولسا كېرەك، يىگىتنىڭ گەپلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى. بىراق قازىكالاننىڭ ھالىتىدىن يىگىتنىڭ گەپلىرىگە مايىللىقىنى ياكى نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق ئالامەتلەرنى سەزگىلى بولمايتتى. قازىكالان بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئويلىنىپ سۈكۈتكە پاتتى، ئاندىن ھۆ-كۈمنى ئېلان قىلدى:

— ئېيتىڭلار، ھەممە تارقالسۇن! ھەممىڭلار ئۆيۈڭلەرگە كې-تىڭلار!

ئۇ ئۆمەرگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا قاراپ بۇيرۇدى:

— ھەممىڭلار تارقىلىڭلار! مەسىلىنى ئەتە ھەل قىلىمىز. تۇتقۇن بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. مېنىڭ ياسا-ۋۇللىرىم ئۇنى قوغدايدۇ! بولدى كېتىڭلار، بۇ يەردە ھېچكىم قال-مىسۇن!

بۇنداق ئىلتىپاتسىزلىقتىن تاتۇق چىراي يىگىت ھەيران بول-دى ۋە ئۇنىڭ يۈزىدە نارازىلىق ئىپادىلىرى پەيدا بولدى، لېكىن ئېھتىياتچانلىقى دەررۇ ھوشىنى يىغىۋېلىشقا ئۈندىگەن بولسا كې-رەك، تونىنىڭ ئېتەكلىرىنى يىغىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، تېزىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئەبۇ تاھىر ئۆز دىۋانخانىسىدا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بى-لەن قالغاندىن كېيىن، ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىزنى بۇ يەردە كۈتۈۋېلىۋاتقىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، مەشھۇر ئۆمەر ھەييام نىشاپۇرى!

قازىكالاننىڭ بۇ سىرلىق سۆزلىرىدىن نە كىنايىنى، نە سەمى-

ـمىلىكنى ۋەياكى باشقا ھېسسىياتلارنى سەزگىلى بولمايتتى، ئۇ-نىڭ ئاۋازى مۇلايىم، قويۇق، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى بولسا، سىنچىلاپ تىكىلىپ تۇراتتى، قارامتۇل ساقاللى-رى چىرايلىق ياسالغان ئىدى. ئۆمەر بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇست-بېشى قالايمىقان پېتى تىك تۇراتتى. ئەتىلەپ پەيدا قىلىنغان بىر نەچچە دەقىقىلىك سۈكۈناتتىن كېيىن، ئەبۇ تاھىر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۆمەر، سەمەرقەنتتىكىلەر سېنى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۆزۈڭ ياش بولساڭمۇ شېئىرلىرىڭ ھەممىنىڭ تىلىدىن چۈشمەي-دۇ. تالىپلىرىمىزمۇ سېنىڭ ئىبرەتلىك ئىبارىلىرىڭنى تەكرارلاپ يۈرمەكتە. سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي، ئىسپاھاندا ئىبن سى-نانىڭ بىر ئەسىرىنى ئالتە قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، نىشاپۇردا ئۇنى سۆزمۇسۆز يادقا ئېيتىپ بەرگەنلىكىڭ راستمۇ؟

راستتىنلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەدىن ماۋەرائۇننەھردىكى كې-شىلەرنىڭمۇ خەۋەردارلىقىدىن ئۆمەرنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭدىكى ئەندىشە تېخىچە تارقالمىغان ئىدى. شەرىئەت قا-زىسى تەرىپىدىن ئىبن سىنانىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ھازىرچە خا-تىرجەم بولۇشقا ئىشەنچلىك ۋە يېتەرلىك ئاساس بولالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئەڭ ئاددىيسى ئولتۇرۇشقىمۇ رۇخسەت بېرىلمىگەن ئىدى.

ئەبۇ تاھىر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سېنىڭ پەقەت ئەقىل - پاراستىڭلا ئەمەس، بەلكى ئاڭلى-غۇچىغا ئىنتايىن تاتلىق ھۇزۇر بېغىشلايدىغان رۇبائىيلىرىڭمۇ ئەل ئارىسىدا مەشھۇردۇر.

ئەبۇ تاھىرنىڭ ئۆمەرنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى ياكى بىرەر گۇ-ناھنى بويىنىغا ئارتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى مەنىلىك شۇنداقلا سوراق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆمەر سۆزلەشنىڭ قولاي پەيتى كەلگەنلىكىنى سەزدى:

— تاتۇق چىراي يىگىت ئوقۇغان رۇبائىي مېنىڭكى ئەمەس.

قازىكالان تاقەتسىزلىك بىلەن قول سىلكىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى جىددىي چىقتى:

— ماڭا نىسبەتەن سېنىڭ قانداق شېئىر يازغانلىقىڭنىڭ ئەھمىيىتى يوق! لېكىن ماڭا شۇنداق مەلۇمات يەتكۈزۈشتىكى، ئەگەر ئۇنى مەن تەكرارلىسام، بۇ كۆپۈرلۈقنى قىلغان ئادەمدىنمۇ ئېغىرراق گۇناھ قىلغان بولىمەن. سەندىن ئۆزۈڭنى ئاقلاشنى تەلەپ قىلغىنىم يوق، سېنى جازاغا لايىق تېپىشنىمۇ خالىمايمەن. سېنى «جادۇگەر» دەپ ئەيىبلەشلىرى بۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كەتتى. ھازىر ئىككىمىز، ئىككى ئەقىللىق كىشى يالغۇز ئولتۇرۇپتىمىز. شۇڭا مەن سېنىڭ پەقەت ھەقىقەتنى ئېيتىشىڭنى خالايمەن.

ئۆمەرنىڭ قەلبىنى تېخىچە ئەندىشە قاپلاپ تۇرغاچقا، قازىكالانغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇزاققا دەسسىتىلىۋاتقان ۋە جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىۋاتقان كىشىدەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۇت - قوللىرى سۇندۇرۇلۇپ، ئۇزۇلىۋاتقان ياكى دارغا ئېسىلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى.

ئاۋازى بارا - بارا يۇقىرىلاپ بارغان ئەبۇ تاھىر ئەمدى پۇتۇنلەي دېگۈدەك ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— نىشاپۇرلۇق چېدىرچىنىڭ ئوغلى ئۆمەر! سەن دوستنى تونۇمسەن؟!

سەممىمي ئاھاڭدا ياڭرىغان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆمەر چۆچۈپ كەتتى. «دوستنى تونۇمسەن؟» ئۇ بۇ خىتابنى ئەسلىي مەنىسىدە چۈشىنىپ، قازىكالاننىڭ يۈزلىرىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ سىلكىنىشىدىن، كۆزلىرىدىن سەممىيلىك ئىپادىلىرىنى ئىزلەپ تېپىشقا ئۇرۇندى. ئاستا - ئاستا قەلبىدە ئىشەنچ ئويغىنىپ، يۈزىگە سۇس تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، ئۆزىنى بىر ئاز خاتىرجەم سېزىشكە باشلىدى. قازىنىڭ بىر ئىشارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قاراۋۇللارنىڭ قولىدىن خالاس بولغانلىقىنى ئويلاپ، تەكلىپىنىمۇ كۈتمەستىن

تۇرغان جايىغىلا ئۇلتۇردى. قازى سەمىمىيلىك بىلەن مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، لېكىن شۇ ھامانلا سوئال سوراشنى داۋام قىلدى:

— دېگىنە، سەن كىشىلەر ئېيتقاندەك راستىنلا دەھرىيمۇ؟

بۇ سوئال ئۆمەرنىڭ قەلبىدە ئۈمىدسىز تىترەك پەيدا قىلدى، لېكىن توغرىسىنى ئېيتتى:

— مەن قارىسىغا يول تۇتىدىغان تەقۋادار ئەمەسمەن، لېكىن ياراتقۇچىنىڭ يەككىلىكىگە ھېچقاچان شەك كەلتۈرمىگەنمەن.

— پىكىر - خىيالىڭدا دەھرىيلىك بارمۇ؟

— خۇدا گۇۋاھ، مەن بۇنىڭدىن يىراقمەن.

— ماڭا شۇ سۆزۈڭنىڭ ئۆزى كۇپايە. مېنىڭچە، ئىقرارىڭ ياراتقۇچىغىمۇ ياقىدۇ. بىراق ئادەملەرنىڭ پىكرى... بىلىشىڭ كېرەك، سېنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ، ھەر بىر ھەرىكىتىڭ ئادەملەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدا بولىدۇ. ئادەملەر پەقەت سېنىلا ئەمەس، مېنىمۇ، ھەتتا شاھزادىلەرنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەن بىر شېئىرىڭدا «مەن خۇدانىڭ ئۆيىگە ھەر قانداق ۋاقىتتا بارسام، ئۇ يەر سالقىن بولغىنى ئۈچۈن ئۇخلاشقا بارىمەن» دەپسەنغۇ؟

— ياراتقۇچىنى قەلبىدە ساقلىغان كىشىلا ئۇنىڭ ئۆيىدە خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ.

ئەبۇ تاھىرنىڭ يۈزىدە يەڭگىل ئىنكار ئىپادىسىنى كۆرگەن ئۆمەر يەنىمۇ ئىلھاملىنىپ، پىكرىنى چوڭقۇرلاشتۇردى:

— مەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ساغلام پىكىر قىلىشنى تەقىب قىلغۇچى تەقۋادارلاردىن ئەمەسمەن. مەن ياراتقۇچىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىمەن، بىلەمسىز؟ مەسىلەن، مەن ئەترگۈلگە ياكى يۇلتۇزلارغا قاراپ زوقلىنىمەن، يېگانە ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتىكى ھېكمىتىگە مەپتۇن بولىمەن، ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن دۇنيانىڭ مۇكەممەللىكىدىن، ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل مۆجىزىسى — ئادەملەردىن، ئادەملەرنىڭ بىلىمگە چاڭقاق مېڭىسى بارلىقىدىن، مۇھەببەتكە چاڭقاق قەلبى، ئىنتىلىشچان ياكى قانا-

ئەتلىك ھېسسىياتلىرى بارلىقىدىن زوقلىنىپ، ياراتقانغا ئىمان كەلتۈرىمەن.

قازى ئۇنىڭغا ئۈيچان بېقىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ دولىسىغا ئاتىلارچە قولىنى قويدى.

— ئاڭلا، ياش دوستۇم، ساڭا ياراتقان ئىگەم ئىنسانلارغا بېرەلىدىغان ئەڭ ئەلا سۈپەتلەرنى راۋا كۆرگەن. سەن بىلىم ئىگىسىسەن، سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئۆتكۈر، ئۇ ساڭا مۇستەھكەم ساقلىق، گۈزەللىك، بىلىشكە ئىنتىلىش، ياشاشتىن، ئادەملەردىن ۋە ناھايەت، ئاداشمىسام ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش خىسلەتلىرىنىمۇ ئاتا قىلغان. ئەمما، مەن سېنىڭ تىلىڭغا ئېھتىيات قىلىشىڭنى سورايمەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆمرۈڭگە زاۋال كەلتۈرۈۋېلىشىڭ مۇمكىن.

— پىكىرلىرىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېھتىياتچان بوۋاي بولۇشۇمنى كۈتۈپ ياشىشىم كېرەكمۇ؟

— بەلكىم دىلىڭدىكى ھەممە پىكىرلەرنى تىلىڭدا تولۇق ئىپادىلەيدىغان كۈنلەر كەلگۈچە ئەۋلادلىرىڭنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ قېرىپ كېتىشى مۇمكىن. بىز سىرلىرى ئېچىلمىغان، ۋەھمىگە تولغان دۇنيادا ياشاۋاتىمىز: بۇنداق دۇنيادا ياشىشىڭ ئۈچۈن ئىككى قىياپىتىڭ بولۇشى لازىم. بىرىنچىسى، ئادەملەر ئۈچۈن، ئىككىنچىسى، ئۆزۈڭ ۋە ياراتقان ئىگەم ئۈچۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياشاشنى خالىساڭ، كۆرۈپ زوقلىنىدىغان كۆزلىرىڭنى، ئاڭلاپ راھەتلىنىدىغان قۇلاقلىرىڭنى، پىكىرلىرىڭنى سۆزگە ئايلاندۇرغۇچى تىلىڭنى ئاسراپ قالىمەن دېسەڭ، پىكىرىڭنى ئويلاپ ئىپادىلەشنى ئۆگەن.

ئەبۇ تاھىر جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ سۈكۈتى پىكىرنى جەملەش ئۈچۈنلا قىلىنغان سۈكۈت بولماستىن، بەلكى كىشىنىڭ ئەس - ھوشىنى جايىغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان، پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان سۈكۈت ئىدى. قازى چېچىلىپ كەتكەن

پىكرىنى يىغىپ بولغۇچە، ئۆمەر بېشىنى ئېگىپ جىمغىنا كۈتتى.
ئەبۇ تاھىر چوڭقۇر تىن ئالدى ۋە دىۋانخانىنىڭ بۇلۇڭىغا قاراپ ماڭدى. بىر گۈللۈك كۆرپىنى قايرىپ، نەقىشلىك ساندۇق-تىن قانداقتۇر بىر كىتابنى ئېلىپ ئۆمەرگە ئۇزاتتى. ئۇنىڭ مۇلا-يىم قىياپىتىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.
كىتاب قېلىن، قاتتىق ھەم پارقىراق خۇرۇم مۇقاۋىلىق بو-لۇپ، ئۇستىگە تاۋۇس قۇيرۇقىنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلۈپ ئىشلەن-گەن، بەت ئەتراپلىرى تېخى جايىدا، كېسىلمىگەن ئىدى. تە-سىراتلارغا باي بولغان مانا شۇ ياز ئاخشىمىدا ئۆمەر كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ئالتە بېتىنىڭ ئاپئاق ئىكەن-لىكىنى، ئۇلارغا ھېچ نەرسىنىڭ يېزىلمىغانلىقىنى ھەم ھېچقانداق نەقىش ئىشلەنمىگەنلىكىنى كۆردى.
ئەبۇ تاھىر ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز مېلىنى ماخ-تاۋاتقان سودىگەرلەرگە ئوخشاش تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:
— بۇ كىتاب سەمەرقەنت ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا قەدىمىي ئۇسۇلدا، ئەڭ سۈپەتلىك چىن قەغىزىدىن تەييارلانغان. ئۇنى بىر يەھۇدىي ئۇستا مېنىڭ بۇيرۇقىمغا بىنائەن مەخسۇس تەييارلىدى. بەتلىرىنى كۆرگىن، ئۇلار خۇددى يىپەكتەك سىلىق ۋە مۇستەھ-كەم.
ئۇ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، گېپىنى داۋام قىلدى:
— مېنىڭ ئون ياش چوڭ بىر ئاكام بار ئىدى. ئۇ سېنىڭ يې-شىڭدا بۇ ئالەمدىن كۆز يۇمدى. ئۇ بەلختە سۇلتاننىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان بىر شېئىرى ئۈچۈن قەتل قىلىنىدى. راستىمۇ ياكى يال-غانمۇ مەنمۇ بىلمەيمەن، ئۇنى دەھرىيلىكتە ئەيىبلەشتى. ئاكامنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە شېئىرى ئۈچۈن قەتل قىلىنغانلىقىغا مەن ئە-يىبدارمەن.
ئۇ ئاۋازى بوغۇلۇپ، خورسىنغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:
— بۇ كىتابنى ئاۋايلاپ ساقلا. ھەر قېتىم قەلبىڭدە بىرەر شېئىر تۇغۇلۇپ، بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇش ئۈچۈن تىلىڭغا كەل-

سە، ئۇنىڭغا چىشلىرىڭ ۋە لەۋلىرىڭ مۇستەھكەم دەرۋازا بولسۇن. ئىمكانقەدەر ئۇنى ئاۋاز چىقىرىپ ئالەمگە يايما. ئەمما، مانا بۇ كىتابقا پۈتۈپ، بىر ئۆمۈر سىر پېتى ساقلا. ئۇنى يازغاندا، مېنىمۇ ئەسلەپ قوي.

قازى ئۆزىنىڭ مانا شۇ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇزاق ۋاقىت سىر پېتى ساقلىنىپ كېلىنگەن مەشھۇر رۇبائىيلارنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى، ئۆمەر ھەييامدەك بۈيۈك ئەدىب بىلەن تونۇشۇش ئۇچۇن ئىنسانىيەتنىڭ يەنە سەككىز ئەسىر كۈتۈشى لازىملىقىنى، بۇ رۇبائىيلارنىڭ ئەۋلادلار تەرىپىدىن دۇنيادىكى ئەڭ نەپىس سەنئەت سۈپىتىدە قەدىرلىنىشىنى، سەمەرقەنتتە يېزىلغان ئۇشبۇ قول يازما كىتابنى كېيىنكى ئەسىرلەردە قانداق سەرگۈزەشتىلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

# ئۈچىنچى باب

بۇ كېچە ئۆمەر ھەييام ئەبۇ تاھىرنىڭ كەڭ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يازلىق شىيپىڭدا ئۇيقۇسى قېچىپ، تولغىنىپ چىقتى. يېنىدىكى پاكار شىرەنىڭ ئۈستىدە دەۋەت ۋە قەلەم، ئۇچۇرۇلگەن چىراغ ۋە بىرىنچى سەھىپىسى ئېچىلغان، لېكىن تېخى ھېچ نەرسە يېزىلمىغان ئاشۇ كىتاب تۇراتتى.

تاڭ خىرە - شىرە يورۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا بىر شەپە ئاڭلىنىپ، چىرايلىق بىر چۈرە ئايال كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇششاقلاپ پەچىلغان بىر پەتنۇس قوغۇن، يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە شايىدىن توقۇلغان سەللە كەلتۈردى.

— بامدات نامىزىدىن كېيىن خوجايىن سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ.

ئۆمەر دىۋانخانىغا كىرىپ كەلگىنىدە، بۇ يەر ئاللىقاچان ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى ئادەملەر، سەدىقە تىلەپ كىرگەن گادايلار ۋە خىزمەتكارلار، تۈرلۈك ئىشلار بىلەن كەلگەن كىشىلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئەلۋەتتە، كېيىنكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇشقا كەلگەن تاتوق يۈز تالىپ يىگىتمۇ بار ئىدى.

ئۆمەر ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشى بىلەنلا، قازىكالان ئۇنىڭغا بۇرۇلدى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— پەيغەمبىرىمىز كالاملىرىنىڭ تەگدىشى يوق بىلىمدانى، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنىڭ چېكى يوق ئىنسان ئىمام ئۆمەر ھەييامنىڭ قەدەملىرىگە مۇبارەك!

دىۋانخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىردىن - ئىككىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، قوللىرىنى كۆكسلىرىگە قويۇشۇپ، ئېھتىرام

بىلەن يەڭگىل تەزىم قىلىشتى ۋە يەنە ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ئۆمەر كۆز قىرى بىلەن تاتۇق يۈز تالىپقا قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆلكى-لىك ھالەتتە رەڭگى - روھى ئۆچۈپ بۇرجەكتە ئولتۇرۇپ قالغانلى-قىنى كۆردى.

ئەبۇ تاھىر ھۆرمەت - تەكەللۇپ بىلەن ئۆمەرنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار چاققانلىق بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭغا جاي بوشىتىش-تى. ئۆز ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسىنى مەغرۇرانە ۋە سالاپەت بىلەن كۆ-زىتىپ تۇرغان قازىكالان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاخشام قىممەتلىك بۇ مېھمىنىمىز بىلەن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر ۋەقە سادىر بوپتۇ. خۇراسان، پارس، مازاندىراندا چەكسىز ئىززەت - ئېتىبارغا لايىق بولغان، ھەر بىر شاھزادە، خان ياكى سۇلتان ئۆز سارىيىدا كۈتۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بۇ ھۆرمەتلىك زاتقا كېچە بىزنىڭ سەمەرقەنت كوچىلىرىدا بىھۆرمەت-لىك قىلىشىپتۇ!

دىۋانخانىدا غەزەپلىك خىتابلار ياڭرىدى. قازىكالان بىر دەم شاۋقۇن - سۈرەنگە قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، ئىما بىلەن ئۇنى توختىتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بازار مەيدانىدا ئېغىر تەرتىپسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. بىزنىڭ ئەزىز خانىمىز، سەلتەنەتى-مىزنىڭ قۇياشى (ئاللاھ ئۇنى تېخىمۇ سەلتەنەتلىك قىلسۇن)، ھۆرمەتلىك ناسىرخاننىڭ بۇخارادىن شەھىرىمىزگە يېتىپ كېلىشى ھارپىسىدا يۈز بەرگەن بۇنداق تەرتىپسىزلىكنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟ ئەگەر بۇ تەرتىپسىزلىكنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئادەملەر تارقىتىۋېتىلمىگەن بولسا، بۈگۈن قانداق مۇسىبەتلەر بېشىمىزغا چۈشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزمەن. شۇنداق دېيەلەي-مەنكى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى!

ئۇ ئۆز سۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەتراپتىكى-

لەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغىنىدىغان ۋەھىمىنى سېزىش ئۈچۈن بىر ئاز تىن ئېلىۋالدى ۋە يەنە داۋام قىلدى:

— بەختىمىزگە شۇ تاپتا ئارىمىزدا ئولتۇرغان مېنىڭ سابىق شاگىرتلىرىمدىن بىرى مېھمىنىمىزنى تونۇپ قېلىپ، بۇ خەۋەرنى تېزلا ماڭا يەتكۈزدى.

ئۇ بارمىقى بىلەن تاتۇق يۈز تالىپنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇشنى بۇيرۇدى:

— مەۋلانە ئۆمەرنى قانداق تونۇپ قالغانلىقىڭنى ساراي ئەھلىگە سۆزلەپ بەرگىن!

جاۋاب ئورنىغا ئاللىقانداقتۇر شىۋىرلاش ئاڭلاندى.

— ئۈنلۈكراق سۆزلە! بۇ يەردە ئولتۇرغان ياشانغان تاغىمىز گەپلىرىڭنى ئاڭلىيالمايۋاتىدۇ! — تىۋۋىلىدى قازى سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينى كۆرسىتىپ.

— مەن ھۆرمەتلىك مېھمىنىمىزنى سۆزگە چېچەنلىكىدىن تونۇپ قالدىم، — دېدى تاتۇق يۈز تالىپ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا — كېيىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم.

— سەن ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلدىڭ. ئەگەر تەرتىپسىزلىك داۋام قىلغان بولسا، قان تۆكۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. كەل، مېھمىنىمىزنىڭ يېنىغا ئولتۇر، سەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئولتۇرۇشقا لايىقسەن.

تاتۇق يۈز تالىپ ياسالما ئىتائەتكارلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىۋاتقىنىدا، ئەبۇ تاھىر ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— ئۇ ئەمدى ساڭا دوست بولالمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ساڭا دۈشمەنلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

قازى يۇقىرى ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر مەۋلانە ئۆمەرنىڭ قەلبىدە سەمەرقەنت ھەققىدە كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرمىسىكەن، دېگەن ئۈ-

مىدتىمەن!

— ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى مەن ئاللىقاچان كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ تاشلىدىم. ئەگەر كېيىنچە سەمەرقەنتنى ئەسلەپ قالسام، پەقەت ئاجايىپ بىر ئىنسان مەڭگۈگە يادىمدا قېلىشى شۈبھىسىزدۇر. مەن مۆھتەرەم قازىكالاننى نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىم يوق. ھەر قانداق قازىنىڭ شەنىگە ئېيتىلىدىغان ماختاشلار ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز بۇرچىنى ئادالەت بىلەن ئادا قىلىشقا قارىتىلىشى لازىم، دەپ ھېسابلايمەن. بۇ شەھەرگە يېقىنلىشىۋاتقىنىمدا كېش دەرۋازىسى قېشىدا ئالدىمدىن بىر كىشى چىقتى. ئۆزۈمگىمۇ، قېچىرىمغىمۇ راسا ھاردۇق يەتكەن ئىدى.

— شەھىرىمىزگە خۇش كەپسىز، ئەي مۆھتەرەم مېھمان. بۇ شەھەردە ئاتا - ئانىڭىز، دوست - قېرىنداشلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئالدىمدىكى كىشىنىڭ ئالدامچى، تىلەمچى ياكى ھىيلىگەر بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچكىمىمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، توختىماستىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

لېكىن ناتونۇش كىشى:

— سىزنى ئاۋارە قىلغانلىقىمدىن خىجالەتتىمەن، ھۆرمەتلىك مېھمان. لېكىن مەن بۇ يەرگە خوجايىنىم تەرىپىدىن سەمەرقەنتكە كەلگەن ھەر قانداق مېھماننى كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا مېھماندوستلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغانمەن.

ئاخىر، بۇ ئادەمنىڭ ساپ دىللىقىغا ئىشەندىم. ئۇنىڭ ئۈستى-بېشىدا ئېسىل كىيىملەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ئېسىلزادىلەرنىڭ مۇئامىلىسىگە بىرئازمۇ ئوخشىمايتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئازراق يول ماڭغاندىن كېيىن بىز بىر ئىشىك ئارقىلىق ئىچكىرىگە كىردۇق. كارۋانساراي ھويلىسىغا كىرىش ئۈچۈن گۈمبەزسىمان كارىدوردىن ئۆتۈش لازىم ئىدى. ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇققا، تۈرلۈك ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرگە نەزەر تاشلىدىم. ھويلا ساياھەتچىلەر ئۈچۈنلا قۇرۇلغان بالىخا-

نىلار بىلەن ئورالغان ئىكەن.
— سىز بۇ يەردە خالىغىنىڭىزچە تۇرسىڭىز بولىدۇ. ئۆزد-
ڭىزگە تۇرار جاي ۋە يېمەك - ئىچمەك، قېچىرىڭىزغا يەم - خە-
شەك ھەمىشە تەييار، — دېدى ناتونۇش كىشى. مەن ئۇنىڭدىن كۈن-
دىلىك خىراجەتلىرىمنىڭ باھاسىنى سورىغانىدىم، ئۇ رەنجىدى.
— سىز بۇ يەردە خوجايىنىمىنىڭ خالىس مېھمىنىسىز.
— شۇ ئالىيجاناب زاتنى كۆرسەم، ئۇنىڭغا ئۆز مىننەتدارلى-
قىمنى بىلدۈرسەم بولارمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— خوجايىنىم بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن پۈتۈن مال - مۈل-
كىنى ماڭا قالدۇرۇپ، ئۇنى سەمەرقەنتكە كەلگەن ھەر بىر سەيياھ-
نى مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىشقا سەرپ قىلىشنى ۋەسىيەت
قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.
— بۇنداق ئالىيجاناب، ھىممەتلىك كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلد-
سەم بولارمۇ؟ دۇئايىمنى كىمگە بېغىشلاي؟
— دۇئايىڭىزنى، مىننەتدارچىلىقىڭىزنى يالغۇز ئالللاھقىلا بې-
غىشلاڭ. ياراتقان ئىگەم بۇ خەير - ساخاۋەتنىڭ كىم ئۈچۈن قىلى-
نىۋاتقانلىقىنى ھەم كىمنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان-
لىقىنى ياخشى بىلىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، مەن سەمەرقەنتتە بىر نەچچە كۈنلەردىن بۇيان
ئەنە شۇ ئادەمنىڭ ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن
ھەر كۈنى سەمەرقەنتنى تاماشا قىلىمەن، كەچ كىرىپ، قايتىپ
بارغىنىمدا مەززىلىك تائاملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، ھەتتا قېچىرىم-
غىمۇ مەندىن ياخشىراق غەمخورلۇق قىلىنماقتا.
ئۆمەر سۆزىدىن توختاپ، جىمجىت قۇلاق سېلىۋاتقان ئادەم-
لەرگە قارىدى. ئەمما، ھېچكىمنىڭ يۈزىدە يا ھەيرانلىق، ياكى ئە-
جەبلىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرمەي، ساراسىمىگە چۈشتى.
ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزگەن قازى چۈشەندۈردى:
— ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ مېھماندوست شەھەر نامىنى تالى-
شىدىغان شەھەرلەر ھەقىقەتەن كۆپ، لېكىن، پەقەت سەمەرقەنتلا

بۇنداق شەرەپكە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مۇناسىپتۇر. مەندىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەھىرىمىزگە كەلگەن بىرەرمۇ مېھمان تۇرار جاي ئۈچۈن، يېمەك - ئىچمەك ئۈچۈن پۇل تۆلىمەيدۇ. مەن بۇنداق ساخاۋەتلىك، خەيرلىك ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھايىتى كۆپ ئائىلىلەرنى بىلىمەن. لېكىن ئۇلار ئۆز خەير - ئېھسانلىرى ئۈچۈن ھەرگىز ماختاش تەلەپ قىلمايدۇ. سەمەرقەنت كوچىلىرىدا ئورنىتىلغان فونتانلارنى كۆرگەن بولساڭ كېرەك. ئۇلار يولۇچىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دائىم پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شەھىرىمىزدىكى ئىككى مىڭ فونتانغا يەر ئاستىدىن قوغۇشۇن ياكى ساپال تۇرۇبىلار ئارقىلىق سۇ كەلتۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ خەير - ئېھسانلىرى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن نام قالدۇرۇش ئۈچۈن بىرەر جايغا ئۆز ئىسمى - شەرىپلىرىنى يېزىپ قويغان، دەپ ئويلامسەن؟

— شۇنداق، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن. مەن بۇنداق ئادەمگەرچىلىكنى ھېچ يەردە ئۇچراتمىغانىدىم. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، خىيالىمنى ئىگىلەپ تۇرغان بىر سوئالنى سوراشقا ئىجازەت بەرسىڭىز؟

— سېنىڭ نېمىنى سورىماقچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. سەن بۇنداق ساخاۋەتلىك، مېھماندوست ئادەملەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن ساڭا ئوخشاش مېھمانغا قوپال مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى بىلمەكچىغۇ ھەرقاچان؟

— پەقەت ئۆزەمنىلا ئەمەس، ئۇزۇن جاپپار ئىسىملىك بىر بىچارە بوۋاينىمۇ نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن.

— ساڭا بېرىدىغان جاۋابىم ئاددىيلا بىر سۆزدىن ئىبارەت. ئۇ بولسىمۇ — خەۋپسىرەش. بۇ يەردە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق قاباھەتنىڭ ئانىسى پەقەت خەۋپ ۋە خاتىرجەمسىزلىنىشتۇر. بىزنىڭ مۇقەددەس دىنىمىز ھەر تەرەپتىن قىساس ئېلىشنى كۈتۈپ ياتقان بەھرەيىن قەرمەتلىرى، كام ئىمامىلىرى تەرەپدارلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇما. يەتمىش

ئىككى دىنىي مەزھەپ — ساپ دىنىمىزنىڭ رەقىبلىرى بىزگە قارشى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرماقتا. بۇلار كونستانتىنوپول-لۇق رۇملار، تۈرلۈك نامدىكى غەيرىي دىنلار، ئەڭ ئەشەددىيلىرى — مىسىرلىق ئىسمائىلىيلاردۇر. ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى باغدادتا، ھەتتا سەمەرقەنتتىمۇ تولۇپ - تېشىپ يېتىپتۇ. مەككە - مەدىنە، ئىسپاھان، باغداد، دەمەشق، بۇخارا، مەرۋ، قاھىرە، سەمەرقەنت كە-بى شەھەرلەرنىڭ شەرىئىتىمىزنىڭ ئىستىھكاملىرى ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما. ئەگەر ئېھتىياتچان بولمىساق، ئۇلار خۇددى قۇم بورانىنىڭ ئاستىدا قالغاندەك، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غەيرىي دىنلارنىڭ يۇرتىغا ئايلىنىدۇ.

قازى سول تەرەپتىكى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان قوياش نۇ-رىغا نەزەر تاشلىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— خانىمنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ۋاقىت بولدى، — دېدى ئۇ. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇردى. قازى چاۋاك چېلىپ، خىزمەتكارلىرى-غا بۇيرۇدى:

— يولغا بىرەر نەرسە ئېلىشنى ئۇنتۇماڭلار!

ئۇنىڭ بىرەر تەرەپكە ئاتلانسا، يول بويى ئۈزۈم يەپ ماڭىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۇ ئادەتكە ئۇنىڭ يېقىنلىرى، مېھمانلىرىمۇ رىئا-يە قىلىشاتتى. خىزمەتكار چوڭ تاۋاقنى تولدۇرۇپ، ئاق، سېرىق رەڭلىك ئۈزۈمدىن ئېلىپ كەلدى، ھەممەيلەن ئۈزۈمدىن ئېلىشتى. ئۆز نۆۋىتىدە تاتلىق يۇز تالىپمۇ ئۈزۈمدىن ئېلىپ، ھەييامغا ئۇزات-تى:

— ئېھتىمال، مەن ساڭا بېرىۋاتقان ئۈزۈمنى مەي ھالىتىدە ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرەرسەن؟ — دېدى ئۇ ئاستاغىنا ئىستىھزا بىلەن.

دىۋانخانىدىكىلەر قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپ، نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئۆمەرنىڭ قانداق جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ، جىم تۇرۇشتى.

— مەي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە

مۇناسىپ ساقىي ۋە ئەخلاقى تۇزۇك ئۇلپەت تاللايدۇ.- ئۆمەرمۇ ھا- زىرجاۋابلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇردى.

تاتۇق يۈز تالىپ بۇ قېتىم ئاۋازىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ دېدى:

— مەن ھېچكىم بىلەن مەي ئىچمەكچى ئەمەسمەن، چۈنكى جەننەتتى بولماقچىمەن. خوش، سەن ئۇ يەردىمۇ مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالامسەن؟

— جەننەتتىمۇ تىل ياغلىما ئۆلىمالارنىڭ ئەزمە پەند - نەسى- ھەتلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ياق، رەھمەت! ئاللاھ تائالا بىزگە باشقا ئۇلپەتلەرنى راۋا كۆرگەن.

ئۆمەر سۆھبەتنى شۇ يەردە توختىتىپ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان قازىكالانغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قەدىمىنى تېزلەتتى.

— شەھەردە ئادەملەر سېنى مېنىڭ يېنىمدا ئاتلىق كۆرۈشى كېرەك. شۇندىلا ئاخشامقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇلاردا قانداق تەسىرات قالدۇرىدىغانلىقىڭنى كۆرىسەن!

دەل شۇ پەيتتە ھەييام قازىخانا ئەتراپىغا توپلانغان خالايىقنىڭ ئارىسىدا ئاخشام ئۆزىگە بادام ئىنئام قىلغان ياش ئايالنى كۆرگەن- دەك بولدى ۋە قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئۇنى ئىزلىدى. لېكىن قا- زىكالان ئۇنى ئالدىراتتى:

— تېزراق بول، ئەگەر خان بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلسە، ھا- لىمىزغا ۋاي!

# تۆتىنچى باب

ــ دۇنيادىكى تۆت شەھەر پىتنىلەر نۇقتىسىدا پەيدا بولغان.
بۇلار: سەمەرقەنت، مەككە، دەمەشق ۋە پالېرمادىن ئىبارەت.
شۇنداق، مۇنەججىملەر بۇنى قەدىمكى زامانلاردىلا بېشارەت قىلىپ
ئۆتۈشكەن، ئۇلار خاتالاشمىغان. بۇ شەھەرلىكلەر ھېچقاچان ئۆز
ھۆكۈمدارلىرىغا ياخشىلىقچە بويسۇنۇشمىغان. ئەگەر ئۇلارغا قىلىچ
ئوينىتىپ، كۈچ ـ قۇدرىتىڭنى كۆرسىتىپ تۇرمىساڭ، دائىم يول-
دىن ئازىدۇ. جاھىل مەككىلىكلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ
پەقەت قىلىچنىڭ ياردىمى بىلەنلا باش ئەگدۈرگەن ئىدى. مەنمۇ تە-
كەببۇر سەمەرقەنتلىكلەرنى قىلىچىم بىلەن يەر سۆيدۈرىمەن!

ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ناسىرخان مىس قاپلانغان پارقىراق
تەختىنىڭ يېنىدا تىك تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممەي-
لەننى دەھشەتكە سالاتتى، كۆزلىرى كىشىلەر ئارىسىدىن بىرەر گۇ-
ناھكارنى، قىلىپ قويغان خىيانىتىنى ئەسلەپ تىترەۋاتقان لەۋنى،
پۇشايمان قىلىپ تىترەپ تۇرغان بىرەر قۇربانلىقنى ئىزلەيتتى.
يىغىلغان ھەر بىر كىشى ئىختىيارسىز ھالدا يېنىدىكى ئادەمنىڭ
كەينىگە ئۆتۈۋېلىشقا ئۇرۇناتتى، بويۇنلىرىنى قىسىشىپ، بۇ ھالەت-
نىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈشەتتى.

ناسىرخان چاڭگىلىغا ئىلىنغۇدەك بىرەر ئولجا تاپالمىدى بول-
غاي، ئۇستىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا كىيىلىدىغان كىيىم-
لىرىنى غەزەپ بىلەن يېشىپ، يەرگە تاشلىدى. كېيىن قەشقەر شې-
ۋىسىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، سېلىپ تاشلىغان كىيىملىرىنى
دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى.

ئادەت بويىچە ھۆكۈمدارلار ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئۈچ ـ تۆت،

ھەتتا بەزىدە يەتتە قات ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشەتتى. تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلار ئۇ سالغان بىرەر كىيىمنىڭ ئىگىسى بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولاتتى. خاننىڭ بۈگۈنكى مۇراسىمدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ھېچكىمگە ئىلتىپات قىلمايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

ئەسلىدە خاننىڭ سەمەرقەنتكە ھەربىر قەدەم تەشرىپ قىلىشى خۇددى بايرامدەك تەنتەنىلىك بولاتتى، لېكىن بۈگۈنكى بايرام شادلىقى كۈتۈۋېلىشنىڭ دەسلەپكى مىنۇتلىرىدىلا بەربات بولغانىدى. شۇ كۈنى خان سىياب دەرياسى قىرغاقلىرىدىن باشلاپ بۇخارا دەرۋازىسىغا قەدەر سېلىنغان پاياندازلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە كىرىۋاتقىنىدا چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۈزۈلمەي، قىسىق كۆزلىرى يەنىمۇ قىسىلىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇنداق ھالەتتە كېتىۋېتىپ ئۇ بىردىنلا ئېتىنىڭ بېشىنى ئەبۇ تاھىر باشلىق كىشىلەر تەرەپكە بۇرىدى. ئۆمەر ھەييام تۇرغان توپقا خۇددى بىر نەرسىدىن شۈبھىلەنگەندەك قاپىقىنى تۈرۈپ تىكىلدى. لېكىن، كىمنىدۇر ئىزلەپ تاپالمىدى بولغاي، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى غەزەپ بىلەن تارتىپ، ئېتىنى ئارقا ئىككى پۇتىدا تىك تۇرغۇزدى ۋە نېمىلەرنىدۇر دەپ چالۋاقىغىنىچە ئۇ يەردىن يىراقلاشتى. ئەمدى ئۇ قارا ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە قېتىپ ئولتۇرۇپ، لەۋلىرى ۋە كۆزلىرى غەزەپتىن قىسىلغان ھالدا، سەھەردىلا ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يوللارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىڭلىغان شەھەرلىكلەرنىڭ ئالقىشلىرىغا ئېتىبارمۇ قىلماستىن يولىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. كىشىلەر مەھەللە مىرزىلىرى تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلگەن يۈزلەپ ئەرز - شىكايەتلەرنى خانغا تۇتقۇزۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاخىرىدا كېلىۋاتقان مۇلازىمغا ئېتىشاتتى، مۇلازىملار قەغەزلەرنى يەردىن تېرىۋېلىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ چىقىشقا يالغاندىن ۋەدىلەرنى بېرەتتى. خان ۋە سەلتەنەتنىڭ دالچىن رەڭ يوغان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تۆت ئاتلىق، ئۇنىڭ بېشىدا سايىۋەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ قۇل، ھەمدە شەھەر ئەمەلدارلىرى چېتىگە ئەگرى -

بوگرى ئۇجملەر تىكىلگەن ئېرىقلارنى بويلاپ ئاساسىي يولدىن، يەنى بازار مەيدانىدىن ئۆتۈپ، ئەسپىزار مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. خانغا ئاجرىتىلغان قارارگاھ ئەنە شۇ مەھەللىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئەبۇ تاھىر دىۋانخانىسىنىڭ بىر نەچچە قەدەم نېرىسىدا ئىدى.

ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا خانىنىڭ قارارگاھى شەھەر قەلئەسى ئىچىدە بولاتتى. بىراق، يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن بىر قېتىملىق دەھشەتلىك ئۇرۇش تۈپەيلىدىن بۇ قەلئە ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ئۇ يەردە مەخسۇس تۈرك ھەربىي قىسىملىرى چېدىر تىكىپ ياشاۋاتاتتى.

خانىنىڭ سوغۇق قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۆمەر ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بارماسلىقنى قارار قىلغانىدى، بىراق قارىكالان بۇنداق ھۆرمەتلىك مېھمانىنىڭ سەۋەبى بىلەن خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇشنى ئويلاپ ئۇنى خان قوبۇلىغا بېرىشقا كۆندۈردى. ئەبۇ تاھىر يول بويى ئۆمەرگە نىمە ئۈچۈن خانىنىڭ كەيپىياتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ باردى. ئۆمەر بۇخارادىكى چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ئۆيلەرگە خانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوت قويۇلغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغان ئاھالىنىڭ قىرىپ تاشلانغانلىقى سەۋەبلىك سەمەرقەنتلىك روھانىيلارنىڭ خانغا گىنە ساقلاپ، بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىغا چىقمىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن خانىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى بىلدى.

— خان بىلەن روھانىيلار ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل ھالدا كۈرەش داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇ كۈرەش بەزىدە ئاشكارا ھالدا قانلىق توقۇنۇشلارغا، كۆپىنچە ھاللاردا بولسا، ئاستىرتتىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاداۋەتلىك كۈرەشكە ئايلىنىپ بارماقتا، — دەپ يەنە چۈشەندۈردى قازى.

ئېيتىلىشچە، ئۆلىمالار خانىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قوپاللىقلىرىدىن نارازى بولغان كۆپلىگەن ھەربىي باشلىقلار بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈۋالغان. ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن گەپلەرگە

قارىغاندا، خاننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بىر
داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ تاماق يېگەن ۋە ھاكىمىيەتنىڭ
مۇستەھكەملىكى قوشۇنلارنىڭ مەردلىكى ھەم ئويۇشقاقلىقىغا باغ-
لىق ئىكەنلىكىنى دائىم تەكىتلەپ ئۆتكەن. لېكىن، ئەۋلادلارنىڭ
يېڭىلىنىشى بىلەن تۈرك خانلىرى پارس پادىشاھلىرىنىڭ يارىماس
ئادەتلىرىنى، شۆھرەتپەرەسلىكلىرىنى يۇقتۇرىۋالغان. ئۇلار ئۆز-
لىرىنى يېرىم خۇدا دەپ ھېسابلاشقان، كۆڭۈللىرىگە كەلگەن ئىش-
نى قىلىشتىن تەپ تارتمىغان، بىمەنە قىلىقلىرى بىلەن ھەربىي
باشلىقلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى پايخان قىلىپ، ئۇلارنى كەم-
سىتكەن، ئابروي - ئىناۋەتلىرىنى يەرگە ئۇرغان. ناسىرخان ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان يىللاردا، ئەنە شۇنداق ھەربىي باشلىقلارنىڭ
كۆپچىلىكى خاندىن نارازى بولۇپ يۈرگەن دىنىي ئەربابلار بىلەن
تىل بىرىكتۈرۈشكە باشلىغان. ئۆلىمالار ناسىرخاننى، ئىسلام قا-
نۇن - قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىدى، دەپ ئەيىبلەشكەن. ئۆز نۆ-
ۋىتىدە ناسىرخانمۇ بىۋاسىتە ھەربىيلەرنى جازالاشتىن قورقۇپ،
ئۆلىمالارغا كۆپرەك بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ئاتىسى-
مۇ بىر چاغلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆلىمالاردىن بىرىنىڭ بې-
شىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش بىلەن باشلىغان.

1072 - يىلى يازدا، ئەبۇ تاھىر خان بىلەن ئومۇمىي جەھەت-
لەردە تىل تېپىشقان بىردىنبىر دىنىي ئەربابلاردىن بولۇپ قالغان
ئىدى. ئۇ خاننىڭ بۇخارادىكى قارارگاھىغا پات - پات بېرىپ تۇرات-
تى. خان سەمەرقەنتكە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا بولسا، ھەر قېتىم
تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقىراتتى. گەر-
چە بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭ بۇنداق مۇرەسسە قىلىشىدىن نارازى
بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكىلىرى ھۆكۈمدار بىلەن ئۆزلىرى
ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر ۋاستىچىنىڭ بارلىقىدىن مەمنۇن ئىدى.

ئەبۇ تاھىر ئۆزىنىڭ ۋاستىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئەپچىللىك
بىلەن بېجىرەتتى. بەزى چاغلاردا ئايرىم مەسىلىلەرنى روھانىيلار-
نىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەل قىلىشىمۇ ئۇنتۇمايتتى. بۇنداق چاغدا

خاننىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش يوللىرىنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن تاپالايتتى.

خاننىڭ غەزىپى قوزغالغان بۈگۈنكى قوبۇل مۇراسىمىدىمۇ ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئورۇندىدى. ئۇ ۋەھىمىلىك مىنۇتلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى تاقەت بىلەن كۈتتى ۋە خان تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئەپچىل بىر ئىما قىلدى، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئۆمەر ۋەزىيەتنىڭ يۇمشاشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندى. قازىنىڭ ئىماسى بىلەن ساراي مۇلازىملىرىدىن بىرى — ياشقىنا قول قىزنى باشلاپ كەلدى ۋە پەردە چېچىلىپ ياتقان كىيىملەرنى تېزلىك بىلەن يىغىشتۇرۇۋالدى. بىردىنلا ھەممەيلەن يەڭگىل نەپەس ئېلىپ، ئازراق جانلاندى، كىملەردۇر يېنىدىكىلەر بىلەن شىۋىرلىشىپ پەكىر ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى.

قازىكالان خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ باش ئەگكىنىچە قول قوۋۇشتۇرۇپ جىم تۇردى. بىر نەچچە مىنۇت داۋام قىلغان سۈكۈتتىن كېيىن، ناسىرخان بىر ئاز ھارغىن، لېكىن ياڭراق ئاۋازدا بۇيرۇدى:

— ئەتە تاڭ بىلەن تەڭ شەھەر ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كېلىپ، پۇتۇمغا باش قويسۇن! ئېگىلمىگەن باش تېنىدىن جۇدا قىلىنسۇن! ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمىسۇن! مېنىڭ غەزىپىمگە يولۇققان كىشىگە يەر يۈزىدە پاناھ يوق!

قوبۇلخانىدا ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسى غەزەپ بورىنىنىڭ بېسىلغانلىقىنى بايقاپ، يېنىك نەپەس ئالدى. مەسىلە ئېنىق بولدى: ئەمدى ئۆلىمالار ئېيتىلغان ۋاقىتتا سارايغا كەلسىلا بولدى.

قازىكالان سەھەردىلا ئۆمەرنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ باردى. ناسىرخان ئۈستىگە قارا خاللىق گىلەم سېلىنغان ئېگىز سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى تەختىدە سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. غۇلاملاردىن بىرى شىرىنگە مىلەنگەن ئەتىرگۈل يوپۇرماقلىرى تولدۇرۇلغان پەتنۇسنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇراتتى، خان يوپۇرماقلاردىن بىرىنى تاللىۋېلىپ، ئاغزىنى چوڭ ئاچقىنىچە ئۇنى تىلى ئۈستىگە قويۇپ ھۇزۇر-

لىنىپ شۇمۇرەتتى. بۇ چاغدا باشقا بىر غۇلام ئۇنىڭ شىرنە يۇقۇپ قالغان بارماقلىرىنى ئىجتىھاد بىلەن يۇيۇپ، سۈرتۈپ تۇراتتى. شىرنىلىك يوپۇرماقلارنى شۇمۇرۇش يىگىرمە - ئوتتۇز قېتىملاپ تەكرارلاندى. بۇ چاغدا ساراي تەكلىپ قىلىنغانلار بىلەن لىق تولدى. ئۇلار سەمەرقەنتنىڭ ئەسپىزار، پىنجكىن، زەگرىموش، ماتۇرۇد قاتارلىق مەھەللىلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، قەغەز ئىشلەپ چىقارغۇچىلار، شۇنىڭدەك يەھۇدىي بايلىرى، نەسرانىيلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس ئىشارە بىلەن خاننىڭ ھۇزۇرىدا يەر سۆيۈشۈپ، خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. ھۆكۈمدار ئۇلارغا ئالاھىدە ئىشارە قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ قەددى رۇسلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى مەدھىيە ئوقۇغاندىن كېيىن ھەممىسى قول قوۋۇشتۇرغان ھالدا ئارقىچىلاپ ماڭغىنىچە چىقىپ كېتىشتى. خان ھۇزۇرىدىن چىقىۋاتقان كىشىلەرگە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈش چەكلەنگەن بولۇپ، قارىغاندا بۇ ئادەت ھەممىدىن شۈبھىلىنىدىغان، ئېھتىياتچان ياكى ئۆزىنى بەك يۇقىرى قويىدىغان بىرەر ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسا كېرەك.

خاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقمىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك خاننىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇپ، ئۆز قىسمەتلىرىنى ۋەھىمە بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان يىگىرمىدەك مەرتىۋىلىك ئۇلىمالارغىمۇ كىرىشكە رۇخسەت بېرىلدى. خانغا نىسبەتەن ئاداۋىتى قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ، بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۆزىنى بېسىۋېلىشنىڭ تەسكە توختايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان ئۆلىمالار، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىيىتىدە خاننىڭ قوبۇلىغا كېلىشكە بەجانىدىل رازى بولغانىدى. ئۇلار خان ئولتۇرغان تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە پەقەت خاننىڭ رۇخسىتى بىلەنلا قەددىنى رۇسلاش مۇمكىن ئىدى. بىراق، رۇخسەتنىڭ ۋاقتى سوزۇلۇپ كەتتى. ئارىدىن ئون - يىگىرمە مىنۇت ۋاقىت ئۆتتى. قوبۇلخانا ۋەھىمىلىك سۈكۈناتقا

چۈمدى. بۇنداق قولايسىز ھالەتتە ئۇزاق ۋاقىت تەزىم بەجا كەلتۈ-
رۈپ تۇرۇشقا ھەممەيلەننىڭ بەرداشلىق بېرىشى تەس ئىدى. ئېگى-
لىپ تۇرغانلار رۇخسەتسىز قەددىنى رۇسلاشنىڭ خاننىڭ شەپقەت-
سىز قەھرىگە دۇچار بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى ياخشى
چۈشىنىشەتتى. بۇنداق تۇرىۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن قې-
رىراق ئۆلىمالار بېشىنى ئەگكەن پېتى بىردىن — ئىككىدىن يەر-
گە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىشقا باشلىدى. بۇنداق تىزلىنىش باش-
قىلارنىڭ ئۆزىنى ئىززەت قىلىشىنى مۇھىم بىلىدىغان خان ئۈچۈن
بەرىبىر ئىدى. ئۆلىمالار ئۈچۈنمۇ ئازابلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ
بىردىنبىر چارىسى ئىدى. خان ئاخىرقى ئۆلىمالارنىڭ تىزلىرى
يەرگە تەگكۈچە ئىندىمەي كۈتۈپ ئولتۇردى. خان مەقسەتكە يەتكەن
ئىدى. شۇڭا ھېچقانداق سۆز قىلماي، باشقىلارغىمۇ سۆزلەش پۇر-
سىتى بەرمەي، ئىشارەت بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇ-
شىنى ۋە ھوزۇرىدىن چىقىپ كېتىشىنى بۇيرۇدى. قوبۇل مۇراسى-
مىنىڭ بۇنداق ئاخىرلىشىشى ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمىدى.
خاننىڭ ئىززەت - نەپسى ئارام تاپقان ۋە ئەيىبدارلار ئۆزىگە خاس
ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن جازالانغان ئىدى. بۇنداق جازالاش ئۇسۇلى
سەلتەنەتتە ئادەت بولۇپ كەتكەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى، ئە-
مەلدارلار، قوشنا يېزىلاردىن كەلگەن زېمىندارلار تەزىمگە كىرىپ،
خاننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيدى، ئۇنىڭ قوللىرىنى، پەشلىرىنى كۆز-
لىرىگە سۈرتۈپ، ئۆز ئېھتىراملىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن بىر
شائىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، خاننىڭ بۈيۈك غەلىبىلىرىنى مەدھىيى-
لەپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىر خانغا ياقمىدى بولغاي، بىر
ئىما بىلەن ئۇنى توختىتىپ، ساراي مۇلازىمىنى يېنىغا چاقىردى
ۋە ئۇنىڭغا ئۆز پەرمانىنى ئېلان قىلىشنى بۇيرۇدى.

— ئۇلۇغ خانىمىز سارايدا ئولتۇرغان بارلىق شائىرلارغا شۇ-
نى بۇيرۇيدۇكى، مۆھتەرەم خانىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى
ئارسلانغا، بۈركۈتكە ياكى قۇياشقا ئوخشىتىپ يېزىلغان شېئىرلار-

نى ئاڭلاشنى خالمايدۇ! بۇنداق شېئىر يازغان شائىرلارغا ئەمدى سارايدا ئورۇن يوق!

مۇلازىمنىڭ سۆزلىرى ئۆز نۆۋەتلىرىنى كۈتۈۋاتقان يىگىرمەگە يېقىن ساراي شائىرلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. كىمەلەردۇر ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىغا داجىپ، تېزراق چىقىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بىر چۈمبەللىك ئايال دادىللىق بىلەن ئالدىغا چىقتى. ئۆمەرنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن قازىكالان ئاستاغىنا شىۋىرلىدى:

— بۇ بۇخارالىق شائىرە، ئىسمى - جىسمىغا لايىق — جاھان! خۇلق - مىجەزىمۇ ناھايىتى ئوچۇق.

قازىكالاننىڭ سۆزلىرى تەنىدەك ئاڭلانسىمۇ، ئۆمەر ئايالدىن كۆز ئۈزەلمەيۋاتاتتى، قىزىقىشى تېخىمۇ ئېشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا جاھان چۈمبىلىنى بوياقسىز غۇنچە لەۋلىرى كۆرۈنگۇدەك دەرىجىدە قايرىپ، ئىجازەت سوراپ ئولتۇرماستىن يېقىملىق ئاۋازدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ شېئىرىدا خاننىڭ نامىنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىدى. شېئىردا ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش سۇلىرىنى سەمەرقەنت ۋە بۇخارا يەرلىرىگە سېخىيلىق بىلەن بەخشەندە قىلىپ، بىرەر دېڭىزغا ئۇلىشالماي، سەھرالاردىلا ئىزسىز يوقىلىپ كېتىۋاتقان سوغدى دەرياسىنىڭ ساخاۋىتى مەدھىيىلەنگەندى.

— ئۇ ئىنتايىن ياخشى گەپ قىلدى! ئېغىزىغا سىغقىنىچە ئالتۇن بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى خان سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتكەن پەيتلەردە ئېيتىدىغان سۆيۈملۈك جۈملىسىنى تەكرارلاپ.

مۇلازىملاردىن بىرى تىللا تولدۇرۇلغان پەتنۇسنى كەلتۈردى. شائىرە پەتنۇسقا ئېگىشىپ، ئاغزىغا تىللالارنى ئېلىشقا باشلىدى. مۇلازىملار ئۇلارنى ساناپ تۇرۇشتى. شائىرە ئاخىرقى تىللانى ئاغزىغا سالالماي قىينىلىپ، نەپسى بوغۇلغاندىلا، خان باشلىق پۈتكۈل ساراي ئەھلى سەمىمىي چاۋاك چېلىشىپ، كۈلۈۋېتىشتى. شائىرە ئۆز جۈرئىتى بەدىلىگە 46 تىللاغا ئېرىشتى!

پەقەت ئۆمەرلا سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا جاھانغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇ ھېس قىلىۋاتقان تۇيغۇلارنىڭ ئىپادىسىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ شېئىرى شۇنچىلىك تىنىق، دېكلاماتسىيىسى شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە كەسكىن ئىدىكى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكەن تىللالىرى ئۆمەرگە خورلۇق بىلەن قىلىنغان ئىلتىپاتتەك تۇيۇلدى. شائىرە گويا ئەتەيلەپ قىلغاندەك چۈمبىلىنى چۈشۈرۈش باھانىسىدا رۇخسارىنى بىر ئاز ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە كۆزى چۈشكەن ئۆمەر بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ چىرايغا بىر ئۆمۈر تىكىلىپ تۇرۇش ئىستىكى بىلەن يانماقتا ئىدى. قوبۇلخانىدىكىلەر بۇ ھالنى سەزمەي قېلىشتى. بىراق، ئۆمەرنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بۇ لەھزە مەڭگۈلۈكتەك تۇيۇلدى. «ۋاقىت ئىككى خىل ئۆتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىچە، — يەنى ئۇنىڭ ئىككى ئۆلچىمى بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى قۇياش ھەرىكىتى بىلەن، تېزلىكى ھېسسىيات بىلەن ئۆلچىنىدۇ».

ئەنە شۇنداق شېرىن ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قاينىمىغا غەرق بولغان ئۆمەرنى قازىكالاننىڭ تۇرتۇشى ئېسىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا شائىرە ئاللىقاچان چۈمبىلىگە ئورىنىۋالغان، خىيالىي دېڭىزدىكى يەلكەنگە ئوخشاش ئۆز جايىغا قايتقانىدى.

قازىكالان ئۆمەرنى خانغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە تەمكىنلىك بىلەن گەپ باشلىدى:

— ئالىي ھەزرەتلىرى، سىزگە خۇراساننىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىمى ئۆمەر ھەييامنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشۈمگە ئىجازەت بەرسىڭىز. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئالەمدە سىرى ئېچىلمىغان ئۇسۇملۇكلەر، كۆكتە تەتقىق قىلىنمىغان يۇلتۇزلار قالمىغان!

قازىكالان ئۆمەر شۇغۇللىنىدىغان ئىلىملەرنىڭ ئىچىدىن تېبابەت ۋە ئاسترونومىيىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇنداق بىلىملەرگە ئىگە كىشىلەر ھەر دائىم ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. سەۋەب، بىرى ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسا،

يەنە بىرى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تۆھپە قوشقان.

خان ئۆزىنى خورسەن بولغاندەك كۆرسىتىپ، ساختا جىلمىيىپ قويدى. بىراق ئۇنىڭ بىلەن ئىلمىي تېمىدا سۆھبەتلىشىشكە رايى بارمىغان چېغى، ئۆمەرنىڭ قانداق ئوي ـ خىياللارغا بەند بولغىنىغا ئېتىبارمۇ بەرمەي، كۆڭلى خوش پەيتلىرىدە ئېيتىدىغان ئادەت سۆزىنى تەكرارلىدى:

— ئاغزى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلسۇن!

ئۆمەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي، بىر دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئەلەمدىن تامىقى قۇرۇپ كەتكەندەك بولدى. قازىكالان خاننىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلىش — ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئۆمەرگە تەشۋىشلىك نەزەر تاشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئاستاغىنا ئىتتىرىپ، ئالدىغا قىستىدى. بىراق، ئۆمەر ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ قويغانىدى:

— ئالەمپاناھ، ئۆزرە ئېيتىشىمغا ئىجازەت بەرسىڭىز. مەن روزا تۇتقانمەن، شۇڭا ئاغزىمغا ھېچ نەرسە سالالمايمەن، — دېدى ئۇ تەۋەززۇ بىلەن.

— ئاداشمىسام، رامزان ئېيىنىڭ توگىگىنىگە ئۈچ ھەپتە بولدىغۇ دەيمەن! — دېدى خان ھەيران بولۇپ.

— رامزان ئېيىدا مەن نىشاپۇردىن سەمەرقەنت سەپىرىگە ئاتلانغانىدىم. ھازىر روزا تۇتالمىغان كۈنلىرىم ئۈچۈن تولۇقلاپ تۇتۇۋاتىمەن.

قازىكالاننىڭ يۈزلىرى بىئاراملىق ۋە رەنجىشتىن پۈرلىشىپ كەتتى. قوبۇلخاندىكىلەر بىئارام بولۇشۇپ، پىچىرلىشىشقا باشلىدى. لېكىن خاننىڭ تۇرقىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى ئۇقىقىلى بولمايتتى. ئۇ قازىكالاندىن سوراشنى لازىم تاپتى:

— سەن شەرىئەتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىدىن ياخشى خەۋەردار. مەۋلانە ئۆمەر تىللالارنى ئاغزىغا سېلىپ كېيىن چىقى-

رىۋالسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روزىسى راستىنلا بۇزۇلغان ھېساب-
لىنامدۇ؟
قازىكالان بىتەرەپ ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:
— شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئېغىزغا ئېلىنغان
ھەر قانداق نەرسە روزىنى بۇزىدۇ. بەزەن قورقۇش تۈپەيلىدىن بە-
رەر تال تەڭگىنى يۇتۇۋەتكەنلەرمۇ بولغان.
خان جاۋابتىن قانائەتلەنمىدى بولغاي، ئۆمەردىن سورىدى:
— ئېلىپتىمىزنى رەت قىلىشىڭنىڭ باشقا سەۋەبىمۇ بارمۇ؟
ئۆمەر بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، جاۋاب بەردى:
— ھەئە، باشقا سەۋەبىمۇ بار.
— سۆزلە، مەندىن قورقمىغىن!
شۇندىلا ئۆمەر تۆۋەندىكى رۇبائىينى ئوقۇدى:

نىتەي مەن ئالدىڭغا ئېھسان سوراپ كەلسەم؟
ناچار، يېلىڭمەن دەپ، دانۇ نان سوراپ كەلسەم؟
بار بولسا، ئۆتۈنەي، سېخىي بول، بەرگىل،
ئىنساندەك ياشاشقا ئىمكان سوراپ كەلسەم.

«شورۇڭ قۇرىدىغۇ ھەييام!» دەپ شىۋىرلىدى قازىكالان. ئۇنىڭ
زىڭىلداپ كەتكەن مېڭىسىگە دوستىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچ-
قانداق ئاقىلانە پىكىر كەلمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قې-
لىشى ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ ۋەھىمىسى
ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى، قەپەستىن چىقىپ كېلىۋاتقان غەزەپ
شىرىنى قانداق يۇگەنلەشنىڭ ئەپلىك يولىنى تېپىشقا ئىشەنچى
يوق ئىدى. خان خۇددى مۇرەككەپ بىر مەسىلىنى يېشىش ئۇسۇلى-
نى تاپالمايۋاتقاندەك چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، جىمىپ قالغان،
ساراي خادىملىرى بولسا، ئۇنىڭدىن تۆۋەتتىكى دەھشەتلىك ھۆكۈم-
نى كۈتۈپ قېتىپ قېلىشقان ئىدى. ئاللىكىملەردۇر بوران كۆتۈ-
رۈلۈشتىن ئاۋۋال بۇ يەردىن غايىپ بولۇش نىيىتىدە تۇيدۇرماي

ئىشىك تەرەپكە يول ئالغانىدى.

ھەممەيلەن ساراسىمىگە چۈشۈۋاتقان مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆمەر يەنە جاھاننىڭ كۆزلىرىنى ئىزدىدى. شائىرە بىر تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، دەھشەتتىن قېتىپ تۇراتتى. «ئۇمۇ مېنىڭ تەقدىرىمنى ئويلاۋاتامدىكىن؟» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۆمەر.

ئاخىرى، خان ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سالماق قەدەملەر بىلەن ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى، كېيىن قوللىرىدىن تۇتۇپ، تەخت تەرەپكە باشلىدى. تارىخچىلارنىڭ قەيت قىلىشىچە: «ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ئۆمەر ھەييامنى شۇنچىلىك ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدىكى، ئۇنى ئۆز تەختىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشتەك ئىلتىپاتقا سازاۋەر قىلدى».

# بەشىنچى باب

— مانا ئەمدى خانغا يېقىن ئادەم بولۇپ قالدىڭ، — دېدى ئەبۇ تاھىر خانىنىڭ يېنىدىن چىقىۋېتىپ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى دەھشەتلىك ئەندىشىلەر بەدىلىگە قولغا كەلگەن ئىدى. ئۆمەر ئوچۇقلا جاۋاب بەردى:

— «دېڭىزنىڭ قوشنىسى، پادىشاھنىڭ دوستى بولماس» دېگەن ماقال ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ساڭا ئېچىلغان ئىشىكنى قاتتىق ياپما! نەزىرىمدە سارايدا مەرتىۋەڭ يەنىمۇ ئاشىدۇ!

— ساراي ھاياتى مېنى قىزىقتۇرمايدۇ. بىردىنبىر ئارزۇيۇم: ئۆزۈمگە خاس رەسەتخانىغا — يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ئۆيىگە ئىگە بولۇش. ئۇنىڭ يېنىدا ئاجايىپ گۈلزارىمۇ بولسا! ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاسماننى تاماشا قىلسام، قولۇمدا بىر پىيالە مەي، يېنىمدا گۈل چىراي دىلبىرىم بولسا!

— بايىقى شائىرەدەك گۈل چىراي دىلبەرمۇ؟ — دېدى ئەبۇ تاھىر.

ئۇ ئايال ئۆمەرنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالىنى بەند قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ ئارتۇقچە گەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىنھان خىياللىرىنى ئاشكارا قىلىشنى، بىمەنە گەپ - سۆزلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىنى خالىمايتتى.

چاقچاقنىڭ بىر ئاز قوپال كەتكىنىنى سەزگەن قازىكالان گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى:

— مەندىن بىر مەرھەمەتنىڭنى ئايىماسلىقىڭنى سورىماقچىمەن.

— ئەكسىچە، ئۆزىڭىز مېنى مەرھەمەتلەرگە كۆمۈپ تاشلىدىڭىزغۇ!

— خوپ، شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، — قۇۋلۇق بىلەن كۈلدى قازى، — مېنىڭ مەرھەمىتىم بەدىلىگە سەنمۇ بىرەر مەرھەمەت كۆرسەتسەڭ دېمەكچىمەن.

ئۇلار قازىكالاننىڭ تورالغۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، قازى سۆھبەتنى داستىخان ئۈستىدە داۋاملاشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى.

— ئۆزۈڭدىن بېرى خىيالىمنى بىر نەرسە ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئاجايىپ بىر كىتابنى بارلىققا كەلتۈرۈش غايىسىدۇر. بىر مەزگىل شېئىر ۋە رۇبائىيلىرىڭنى قويۇپ تۇرساڭ. ئۇلار ماڭا بۇيۇك ئەربابنىڭ ئادەتلەنگەن ئەرمەكلىرىدەك تۇيۇلىدۇ. سەن تېبابەتتە، ئاسترونومىيىدە، رىيازىياتتا (ماتېماتىكىدا) شېئىرىيەتكە قارىغاندا زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىڭ مۇمكىن. خاتالاشمىسام، ئىبن سىنانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھېچكىم سەن بىلەن بۇ ساھەلەردە تەڭلىشەلمەيدۇ، توغرىمۇ؟

ھەييام گەپ قىلمىدى. بىراق، ئەبۇ تاھىر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئىنسانىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، يېگانە بىر كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈشۈڭنى ۋە ئۇنى ماڭا بېغىشلىشىڭنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن.

— بۇ ھەقتە يېگانە كىتاب يارىتىش ئاسان ئىش ئەمەس، شۇ سەۋەبلىك ھازىرغىچە بۇ توغرىدا بىر نەرسە يازماستىن، پەقەت ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىۋاتىمەن.

— پىكرىڭنى تۈزۈكرەك ئىزاھلاپ بەر! — دەپ ئىلتىماس قىلدى قازى.

بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنى، يۇنان ۋە ھىندىلارنى، ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئالىملىرىنى ئەسلەيلى. ئۇلار بۇ توغ-

رۇلۇق ئاز بولمىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقان. ئەگەر مەنمۇ
ئۇلار ئېيتقان پىكىرلەرنى تەكرارلىسام، بۇ بىھۇدە ئىش بولىدۇ.
مۇبادا، ئۇلارغا قارشى پىكىر بىلدۈرسەم، ھامان بىر كۈنى ماڭىمۇ
قارشى پىكىر قىلىدىغان ئالىملار تېپىلىدۇ. دېمەك، ئالىملاردىن
ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلماس-
لىق، بۇنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش مەقسەت قىلىنغان ئەسەرلەرلا قا-
لىدۇ، خالاس. كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئىنكار قىلىنغان قانۇنىيەت-
لىرىنىلا ئەسلەپ قالىدۇ. لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىسپات-
لانغان غايىلەرمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن كۈلكىلىك ھالدا
تەنقىد قىلىنىشى شۈبھىسىزدۇر. ئىلىم بوستانىدا ھۆكۈم سۈرىدى-
غان مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت مانا شۇ. ئەمما شېئىرىيەت بۇنداق قانۇ-
نىيەتتىن مۇستەسنا. شائىرلار ھېچقاچان ئۆزلىرىدىن بۇرۇن يارى-
تىلغان شېئىرىيەت دۇردانىلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇلار ئەسىر-
لەر داۋامىدا ئەۋلادلار تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇۋېرىدۇ. رۇبائىي
يېزىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇنىڭدا. ھەرخىل ئىلىملەرگە قىزى-
قىدىغانلىقىمنى ياخشى بىلىسىز. رىيازىيات بىلەن شۇغۇللانسام،
ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان رەقەملەر، ئاسترونومىيە ئىلمى، مەۋ-
جۇداتنىڭ تېپىشماقلىق سىرلىرى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا
ئىلاھىي ئىلھام، قەلبىمگە شېئىرىي زوق بېغىشلايدۇ. ئىلتىماس
قىلىمەنكى، ماڭا ھەقىقەت توغرىسىدا ئەمدى گەپ قىلمىسىڭىز!

ئۆمەر بىر دەم جىم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن سەمەرقەنت خارابىلىرىنى كۆپ قېتىم ئايلىنىپ
چىقتىم. پەشتاقلىرىدا يېزىقلىرى بار، خارابىگە ئايلانغان سارايلار-
نى كۆردۈم. ئەپسۇس، ئۇ يەردىكى يازمىلارنى ئەمدىلىكتە ھېچكىم
ئوقۇيالمايدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: «مانا، بىر ۋاقىتلاردا
گۈللەپ ياشنىغان شەھەردىن نېمىلەر قاپتۇ» دېدىم. ئاشۇ زامانلاردا
ياشىغان ئادەملەرچۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ كىم بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئەس-
لىيەلەيمىزمۇ؟ مەيلى، ئاللاھ ئىنسانغا قىسقا ئۆمۈر بېرىپتۇ، لې-
كىن ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەتتىن بىزگە نېمە قالدى؟ بۇ يەردە

قانداق سەلتەنەت، قانداق شاھلار، قانداق قانۇنلار، ھەقىقەتلەر مەۋ-
جۇت بولغان؟ بىز بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيمىز! مەن بۇ خارابى-
لەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، بىرەر تال ساپال پارچىسىدىن بىرەر
كىشىنىڭ تەسۋىرىنى، تاملاردىن بىرەرمۇ رەسىمنى تاپالمىدىم.
مىڭ يىللاردىن كېيىن مېنىڭ مۇڭلۇق شېئىرلىرىممۇ ئەنە شۇ
خارابىلەردىكى ساپال پارچىلىرىدەك يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتى-
دۇ. خارابىلەردە مەندەك شائىرنىڭ پەقەت ئىزتىراپلىق تۇيغۇلىرى-
نىڭ ئىزنالىرى قېلىشى مۇمكىن، خالاس.

— دېگەنلىرىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى قازى مەيۇس
ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تېپىپ، — لېكىن، ھەر ھالدا شە-
رىئەت قازىسىغا مەي ھەدى پۇراپ تۇرغان شېئىرلىرىڭىزنى بې-
غىشلاشنى خالىمايدىغانسەن؟!

ئېيتىش كېرەككى، ئۆمەر بۇنداق ھاللاردا ئۆزىنى قانداق تۇ-
تۇشنى بىلەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مىننەتدارلىق تۇيغۇسى مەيخور-
لۇق تۇيغۇسىدىن ئۈستۈنرەك تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر
نەچچە ئاي داۋامىدا كۋادرات تەڭلىمىلەر ھەققىدىكى مەشھۇر ئەسى-
رىنى يېزىپ تۈگەتتى. ئالگېبراغا ئائىت بۇ ئەسىرىدە نامەلۇم سان-
نى ئىپادىلەشتە تۇنجى قېتىم ئەرەبچە «نەرسە» دېگەن مەنەنى ئىپا-
دىلەيدىغان «chau» سۆزىنى ئىشلەتتى. بۇ سۆز كېيىنچە ئىسپان
تىلىدا نەشر قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلەردە «xau» شەكلىدە ئىش-
لىتىلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ سۆزدىن پەقەت بې-
رىنچى ھەرىپ «x»لا قالدى ۋە نامەلۇم ساننى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم-
غا ئايلاندى.

ھەييام سەمەرقەنتتە يېزىپ تۈگەتكەن بۇ رىسالىسىنى ئۆز
شەپقەتچىسىگە بېغىشلاپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يازغانىدى: «بىز ئە-
لىم ئەھلى قەدىر - قىممىتىمىز دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بىر
زاماندا ياشاۋاتىمىز. شول سەۋەبتىن، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئا-
لىملارلا ھەقىقىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئە-
گىدۇر. ھازىرقى ئالىملارنىڭ بىلىمىنىڭ يۈزەكى بولۇشىدىكى سە-

ۋەب، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پەقەت دىنىي ئىلىملار بىلەنلا شۇ-
غۇللىناتتى. مەن بۇ دۇنيادا دىنىي مەسىلىلەرگە ئەمەس، ھەقىقىي
ئىلىمگە قىزىقىدىغان، ئىنسانىيەت تەقدىرىگە قىزىقىدىغان ئادەمنى
ئىزدەپ يۈرەتتىم. بىراق، ھېچكىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ ماڭا شۇنداق
ئىنساننى، قازىلارنىڭ قازىسىنى، يەنى ئىمام ئەبۇ تاھىرنى ئۇچرى-
تىشنى نېسىپ قىلدى. بۇ ئالىيجاناب ئادەمنىڭ رەھنەمالىقى بۇ
ئىشنى روياپقا چىقىرىشىمغا ئىمكان بەردى».
ئۇ ئۆزىگە پاناھ بولغان شىپاڭغا يېتىپ كەلگەندە، خېلى كەچ
بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئوقۇش ۋە يېزىشقا رايى بارماي،
چىراغ ئېلىپ كېلىشنىمۇ بۇيرۇمىدى. شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا
كىچىكلەپ كەتكەن ھىلال ئاي يولنى ياخشى يورۇتالمايتتى. ئۇ
شىپاڭغا ئېلىپ بارىدىغان چىغىر يولنى تەستە بېسىپ ئۆتتى، پۇت-
لىرىغا ئوت - چۆپلەر يۆگىشىپ قالاتتى، مەجنۇنتالنىڭ ئىنچىكە
ھەم ئۇزۇن تاللىرى يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتەتتى.
ئۇ خانىسىغا كىرىشى بىلەنلا مۇلايىم، لېكىن كىنايىلىك بىر
ئاۋازنى ئاڭلىدى:
— سىزنى كېچىكمەي كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم!
«بۇ — كۆن بويى خىيالىمدىن كەتمىگەن ئاشۇ دىلبەر ئايالنىڭ
ئاۋازىمۇ؟»
ئۆمەر ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى ئىزدىدى.
بىراق ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئايالنىڭ بوش ۋە يېقىملىق
ئاۋازىلا ئاڭلاندى:
— نېمىشقا جىمىپ كېتىسىز؟ ئۆيىڭىزگە تۇساتتىن كەلگەن-
لىكىمگە ئەنسىرەپ قالدىڭىزمۇ؟ سارايدا تاسادىپىي ئۇچراشقان
نىگاھلىرىمىز ماڭا كۆكتىكى چاقماقتەك تەسىر قىلدى. بىراق ئۇ
يەردە خان، قازىكالان ۋە توپلانغان باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىكى-
لىپ قاراشلىرىڭىزغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئەمما، بەزى ئەرلەر-
گە ئوخشاش سىزمۇ بىرەر ئايالنى كۆرگەندە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالا-
مايدىغانلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويدىڭىز. ئاران ئۆتكۈر تىلغىلا ئە-

گە بولغان، مجەز ـ خۇلقى گۇمانلىق مەندەك بىر ئايالنى دەپ، نېمە ئۈچۈن قىسمەتلىرىڭىزنى دوغا تىكتىڭىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن خانىنىڭ غەزىپىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇش شەرتمىدى؟

ئۆمەر ئۆزىنى ئاللىقانداق سېھىرلىك تۈيغۇلار بىلەن زەنجىرلەنگەندەك سەزدى.ئۇ جايىدىن مىدىرلىيالمايتتى، تىلى گەپكە كەلمەيتتى.

ــ نېمىشقا جىم تۇرىسىز، ــ دېدى جاھان بىر ئاز كىنايىلىك ھەم تەسىرلىك ئاھاڭدا، ـ مەن ئۆزۈم سۆزلەۋېرىمەن، چۈنكى بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن كەلدىم. سارايدىن چىقىپ كەتكىنىڭىزدىن كېيىن، سىز توغرۇلۇق ھەممە نەرسىنى، ھەتتا قەيەردە تۇرىدىغانلىقىڭىزنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالدىم، كېيىن، سەمەرقەنتلىك باي سودىگەرگە تۇرمۇشقا چىققان ھامامىنىڭكىدە قونۇپ كېلىمەن دەپ، بۇ يەرگە كېلىۋەردىم. ئادەتتە سارايدا بولغىنىمدا، ھەرەمخانىدىكى ئاياللار بىلەن ئۇخلايمەن، ئۇلار ئارىسىدا بىر نەچچە دوستلىرىم بار. ئۇلار خانىنىڭ ھۇزۇرىدا شېئىر ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، مېنىڭ جۈرئىتىمگە قايىل بولۇشتى. ئۇلار مېنىڭ كۆڭدىشى ئەمەسلىكىمنى، خانىنىڭ خوتۇنى بولۇشنى مۇتلەق خالىمايدىغانلىقىمنىمۇ ياخشى بىلىشىدۇ. خانىنى ئۆزۈمگە مەپتۇن قىلىۋېلىش قولۇمدىن كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق مەن خانىشلارنىڭ قانداق كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىمەن ۋە بۇنداق قىسمەتنىڭ مېنىڭ بېشىمغا چۈشۈشىنى خالىمايمەن. ھايات سىلەرگە ــ ئەرلەرگە قانچىلىك تاتلىق ۋە گۈزەل تۇيۇلسا، ماڭىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، كىمنىڭدۇر ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولسامۇ، بەربىر خان ئۆز سارىيىدا مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئاڭلاشنى، مېنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىشنى ئىستەيدۇ. مۇبادا، ئۇ مېنى خانىشلىققا تاللىسا، ئىشنى سىرتقا چىقىشىمغا چەك قويۇشتىن باشلايدۇ.

ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىۋاتقان ئۆمەر ئايالنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئۇرۇناتتى. ئاخىرى، ئۇ تىلغا كىردى، بىراق

ئۇ ئۆزىگە سۆزلەۋاتامدۇ ياكى باشقا بىرسىگىمۇ، ئەيتاۋۇر نائېنىق ئىدى:

— كىچىككىمدە، ھەتتا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئەنە شۇنداق قاراشنى، شۇنداق شەھلا كۆزلۈك ئايالنى ئۇچرىتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئۇنى چۈشلىرىمدە كۆرۈپ، ئويغۇمدىمۇ ئۇچرىتىشنى، ئۇنىڭ زۇلمەتتىكى نۇردەك پەيدا بولۇشىنى كۈتەتتىم. مانا، ئۇ تۈن قوينىدىكى شىپائىدا، خىيالىي شەھەردە، ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. مانا ئاشۇ سەرۋى قامەتلىك شائىرە، ئىشقىي مۇھەببەتكە چاڭقاق ئايال!

ئايال كۈلۈپ دېدى:

— ئىشقىي مۇھەببەتكە چاڭقاق دەمسىز؟ سىز بۇنى قەيەردىن بىلىسىز؟ ماڭا تېخى قول تەگكۈزمىگەن، ھەتتا مېنى تۈزۈكرەكمۇ كۆرمىگەن تۇرسىڭىز! راست، مېنى كۆرەلمەيسىز، چۈنكى تاڭ يورۇماستىنلا بۇ يەردىن كېتىمەن.

قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى ئۆيدە ئەتلەس كىيىملەرنىڭ شىلدىرلىشى ئاڭلاندى، خۇشبۇي ئەتىر ھىدى پۇرىدى. ئۆمەر جىمجىت تۇراتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شېرىن ھېس — تۇيغۇلار بىلەن يېنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئايالغا بالىلارچە بىر سوئالنى بېرىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى:

— سەن يەنىلا پەرەنجىدىمۇ؟

— ياق. ئەمدى مېنىڭ پەرەنجەم قاراڭغۇلۇق، خالاس...

سۆيگىنىمىزنىمۇ، قىسمىتىمىزنىمۇ ئېچىنىشلىق ياراتقان.

جاھاننىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى. ئۆمەر كۈلۈپ قويدى.

— ئىشىكنى يېپىۋېتىپ كېلەي، بىزنىڭ بەختىمىزنى ھېچكىم كۆرمىسۇن ھەم ئاڭلىمىسۇن، — دېدى ئۆمەر.

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ۋىسال لەززىتىدىن خېلىلا قانائەتلەنگەن جاھان ئورنىدىن تۇردى، بەدىنىنىڭ يېرىمىنى چايشاپ بىلەن ئوراپ، ئاشىقىدىن ئاستاغىنە يىراقلاشتى.

— سىزگە مۇھىم بىر مەخپىي گەپنى ئېيتماقچىمەن، — دېدى ئۇ ئاستا، — مەن بۇ گەپنى خاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن ئاڭلىدىم. بىلەمسىز، خان سەمەرقەنتكە نېمە ئۈچۈن كەلگەن؟

— خاننىڭ سىرلىرى مېنى قىزىقتۇرمايدۇ. ئۇلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ، — دېدى ئۆمەر بۇنى ھەرەمنىڭ غەيۋەتلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ.

— ئاخىرغىچە قۇلاق سېلىڭ، چۈنكى بۇ سىر بىزگىمۇ چېتىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىزنى بىراقلا ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ناسىرخان سەمەرقەنتكە شەھەر سېپىللىرىنىڭ مۇستەھكەم ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنمىش. مۇشۇ يازنىڭ ئاخىرىدا، ئىسسىقنىڭ تەپتى بېسىلغاندا سالجۇقىيلار شەھىرىمىزگە باستۇرۇپ كېلەرمىش.

ئۆمەر سالجۇقىيلارنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ بالىلىق خاتىرىلىرىدە چوڭقۇر ئورنىشىپ قالغان بۇ سۇلالە ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئانا يۇرتىنى دەھشەتلىك تالان - تاراج بىلەن بېسىۋالغان ئىدى.

بۇ ۋەقەلەر ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئون يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىدى. نىشاپۇرلۇقلار شۇ ئەتىگىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، شەھەرنىڭ تۈرك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقىنى بىلىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى مىكائىل ئوغلى سالجۇقنىڭ ئوغۇللىرى — ئاكا - ئۇكا «لاچىن» دەپ نام ئالغان توغرۇلبەگ ۋە «قارچۇغا» دەپ نام ئالغان چاغرىلبەگلەر بولۇپ، ئۇلار تېخى يېقىند-

دىلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، جەڭلەردە تېخى نامى چىقمىغان چوڭ كۆچمەن قەبىلىگە باشچىلىق قىلاتتى. ئۇلار قامال قىلىنغان شەھەر باشلىقلىرىغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا نامە ئەۋەتىشتى: «ئېيە-تىشلارغا قارىغاندا، سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار ناھايىتى مەغرۇر كې-لەرمىش. سىلەرنىڭ شەھىرىڭلارغا يەر ئاستى نولىرى ئارقىلىق پاكىز سۇ كېلەرمىش. ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلساڭلار، يەر ئاستى نولىرىڭلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئاشۇ مەغرۇر ئەرلىرىڭلار يەر بىلەن يەكسان قىلىنغۇسى!»

شەھەر باشلىقلىرى پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈكىنىڭ ئامانلىقى، ئۆيلىرى، باغلىرى ۋە سۇ مەنبەلىرىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ھەققىدىكى ۋەدىلەرگە ئىشىنىپ، تېزراق تەسلىم بولۇشقا ئال-دىراشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ تۈرك قوشۇنلىرى شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا چاغرىلبەگ ئۆز ئادەملىرىگە شەھەرنى تالان - تاراج قىلىشقا ئىجازەت بەردى. ئاكىسى توغرۇل-بەگ بۇ ئىجازەتكە قارشى چىقىپ، ئۇكىسىغا ھازىر رامزان ئېيى ئىكەنلىكىنى، روزا ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنى تالان - تاراج قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى بولسىمۇ، بىراق چاغرىلبەگ نىيىتىدىن يانمىغانىدى. ئۇ شەھەر پۇقرالىرىغا روزا ئېيى تۈگىگىچە رەھىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۈتۈپ تۇ-رۇشقا رازى بولدى.

نىشاپۇرلۇقلار سالجۇق ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بۇ گەپلەردىن خەۋەر تېپىپ، پات يېقىندا ئۆز باشلىرىغا چۈشىدىغان ئېغىر مۇسىبەتلەرنى، يەنى مال - مۈلۈكىنىڭ تالان - تاراج قىلى-نىشى، ئاياللىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىنىڭ تېنىدىن جۇدا بولۇشىنى ئويلاپ ۋەھىمە ئىچىدە ياشايت-تى. ئېلان قىلىنغان ئېغىر مۇسىبەت كۈنىنى كۈتۈش — قانخور دۈشمەننىڭ ھەملىسىنى كۈتۈش بىلەن باراۋەر ئىدى. دۇكانلار قۇرۇق-دىلىپ قالدى، ئەرلەر يوشۇرۇنۇپ ياشاشقا باشلىدى. ئۆز ئاجىزلىقى سەۋەبلىك نومۇسقا چىدىيالمىغان ئەرلەر ئاياللىرى ۋە قىزلىرى

ئالدىدا ياش تۆكۈشكە باشلىدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ قانداق يول
بىلەن شەھەردىن قېچىپ كېتىش مۇمكىن؟ بۇنى ھېچكىم بىل-
مەيتتى. ئىستېلاچىلار پۈتۈن شەھەرنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. كەينى
چاچلىرى ئۆرۈلگەن تۈرك نۆكەرلىرى چوڭ بازاردا، مەھەللىلەردە،
شەھەر ئەتراپىدا بىرەر ئۇلجىغا ئېرىشىش تەمەسىدە مەستلەردەك
چۆرگىلەپ يۈرۈشەتتى، باشقۇرۇشتىن خالىي قالغان بىر قىسىم-
لىرى بولسا، قوشنا يېزىلارغا بېرىپ، ئاھالىلەرنىڭ بار - يوق
نەرسىلىرىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ كېلىشەتتى.

ئادەتتە كىشىلەر روزىنىڭ ئاخىرىنى، روزا ھېيتنى ئىنتىزار-
لىق بىلەن كۈتۈشەتتى. شۇ يىلى نىشاپۇرلۇقلار روزىنىڭ مەڭگۈ
داۋام قىلىشىنى، روزا ھېيتنىڭ ئەسلا كەلمەسلىكىنى ئىستەيتتى.
ئاخىرى ئاسماندا يېڭى ئاي كۆرۈندى، ئەمما ھېچكىم خۇشاللىقنى
ئويلىمايتتى، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا ھېيت قىلىش كەلمەيتتى،
ئەكسىچە پۈتكۈل شەھەرلىكلەر ئۆزلىرىنى قۇربانلىققا ئاتالغان
قوچقاردەك ھېس قىلىشاتتى. قەدىر كېچىسى نۇرغۇن ئائىلىلەر
نىجادلىق ۋە ئامانلىق تىلەپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىشتى. ھوشىدىن
كەتكۈچە يىغلاپ مەسچىتلەردە، ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىدا ياكى
غېرىب كۈلبىلىرىدە تۈن ئۆتكۈزدى.

بۇ چاغدا شەھەر سېپىلى ئىچىدە ئاكا - ئۇكا سالجۇقىيلار ئا-
رىسىدا شىددەتلىك مۇنازىرە داۋام قىلىۋاتاتتى. چاغرىلبەگ ئۆز
نۆكەرلىرىگە بىر نەچچە ئايدىن بۇيان تەمىنات بەرمىگەنلىكىنى،
ئۇلارنىڭ شەھەرنىڭ بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىش مەقسىتى-
دىلا قوشۇنغا قېتىلغانلىقىنى، ئەگەر بۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلمىسە،
ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى بۇ
يولدىن توسۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى سەۋەب قىلاتتى. توغرۇلبەگ
ئەكسىچە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاتتى:

— بىز بۈيۈك غەلىبىلەر ھارپىسىدا تۇرۇپتىمىز. بىز تېخى
ئىسپاھاننى، شىرازنى، رەينى، تەبرىزنى، يەنە نۇرغۇن شەھەرلەرنى
قولغا كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىمىز-

نى ئۇنتۇپ، تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولغان نىشاپۇر ئاھالىسىنى تالان ـ تاراج قىلساق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشىك بىزگە تىنچلىق يولى بىلەن ئېچىلمايدۇ. رەقىبلىرىمىزنى قان تۆكمەي تۇرۇپ تەسلىم قىلالمايمىز!

— نۆكەرلىرىمىز بىزنى تاشلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان، قوشۇنلىرىمىزنىڭ سانى كۈنسايىن ئازلاۋاتقان بىر پەيتتە سەن ئارزۇ قىلىۋاتقان ئاشۇ شەھەرلەرنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزمەكچىسەن؟ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەڭ سادىقلىرىمۇ شىكايەت قىلىشقا باشلىدىغۇ! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى چاغرىلبەگ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ھەربىي ئەمەلدارلار، قەبىلە ئاقساقاللىرى بىردەك چاغرىلبەگنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. بۇنىڭدىن روھلانغان چاغرىلبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قەتئىي قارارنى ئېلان قىلدى:

— بىز ئۇزۇن ۋاقىت بىھۇدە گەپ ساتتۇق. بەس! مەن ئادەملىرىمگە شەھەرگە كىرىپ ئولجا ئېلىشنى باشلاشقا ئىجازەت بېرىمەن. ئەگەر سەن ئۆز ئادەملىرىڭنى بۇ ئىشتىن قايتۇرماقچى بولساڭ ئىختىيارىڭ. ھەر كىمنىڭكى ئۆزىگە.

مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان توغرۇلبەگ بىر پەس سۈكۈت ساقلىدى، كېيىن توساتتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغاردى. بۇنى كۆرگەن چاغرىلبەگمۇ خەنجىرىگە قول سوزدى. ئەتراپتا ئولتۇرغانلاردىن بىرەرى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ، ئاجرىتىپ قويۇشنى ياكى ئادەت بويىچە ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىختىلاپنى قان تۆكۈش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى بىلەلمەي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

شۇ ئەسنادا توغرۇلبەگ گەپ باشلىدى:

— ئۇكام، سېنى ئۆزۈمگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلالمايمەن. نۆكەرلىرىڭگىمۇ گېپىمنى ئۆتكۈزۈش نىيىتىم يوق، بىراق ئۇلارغا شەھەرنى تالان ـ تاراج قىلىشقا ئىجازەت بەرسەڭ، مەن مانا بۇ خەنجىرىمنى كۆكسۈمگە ئۇرىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ خەنجىرىنىڭ دەستىسىنى ئىككى قوللاپ تۇ-تۇپ، ئۇچىنى كۆكسىگە توغرىلىدى. ئۇكىسى بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، خەنجىرنى تاشلاپ، قوچىقىنى ئاچقان ھالدا ئاكىسى تە-رەپكە ماڭدى. ئۇنى ئۇزاق باغرىغا بېسىپ، بۇندىن كېيىن گېپىدىن چىقماسلىققا قەسەم ئىچتى.

نىشاپۇر ئامان قالدى، لېكىن پۇقرالار ئاشۇ رامزان ئېيىدىكى ۋەھىمىنى ئەسلا ئۇنتۇمىدى.

— سالجۇقىيلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر، — دەپ خۇلاسىلىدى ئۆمەر، — ئۇلارغا ئەڭ قەبىھ بۇلاڭچىلىق، ھۆكۈمدارلارغا خاس مەنمەنلىك ۋە يەنە ئەڭ ئالىيجاناب تۇيغۇلارمۇ يات ئەمەس. بولۇپمۇ توغرۇلبەگدە سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا بولغان مايىل-لىق كۆپرەك ئىدى. ئۇ ئىسپاھاننى قولغا كىرگۈزگەندە، مەن ئۈچ ياشتا، باغدادنى ئالغاندا بولسا، ئون ياشتا ئىدىم. ئۇ يەتمىش يې-شىدا خەلىپىگە كۈيئوغۇل بولدى ۋە «شەرق ۋە غەرب سۇلتانى» دې-گەن نامنى ئېلىپ، ئۇنىڭ نامىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باش-لىدى.

ئۆمەر گېپىنى زوقلىنىپ ۋە قانداقتۇر بىر ئاز ئېھتىرام بىلەن يەكۈنلىدى.

لېكىن جاھان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خەندان ئۇرۇپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۆمەرگە مەسخىرىدەك تۇيۇلدى ۋە خاپا بولۇپ، ھومىيىپ قاردى.

جاھان ئۆزرە سورىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ چۈشەندۈرۈشكە باش-لىدى:

— سۇلتاننىڭ قېرىغان چېغىدا خەلىپىنىڭ قىزىغا ئۆيلەن-گەنلىكى ھەققىدىكى گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، ھەرەمخانىدا بولغان بىر ئىش ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى.

ئۆمەر جاھان تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشۋاتقان بۇ ۋەقەنى ئىلگى-رىمۇ ئاڭلىغانىدى.

— قىزى سەئىدەنى سوراپ بارغان توغرۇلبەگنىڭ ئەلچىلىرى-

نى خەلىپە رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا كۈتۈۋالدى، ئۇلار ئىشىكتىن چە-
قىپ كېتىشى بىلەنلا، ئۇ داغدۇغا بىلەن ۋارقىرىدى:
— تېخى تۈنۈگۈنلا چېدىردا ياشايدىغان تۈرك ماڭا — خەلى-
پىگە كۈيئوغۇل بولۇشنى خالاپ قاپتىمۇ؟! ئاتا - بوۋىلىرى يېقىن-
غىچە ئاللىقانداق مەبۇدلارغا سېغىنىپ، بايراقلىرىغا بۆرە بېشىنى
سىزىپ يۈرگەن بۇ تۈرك، ئالىي نەسەبلىك خەلىپىنىڭ قىزىنى
سوراشقا قانداق جۈرئەت قىلدىكىن!
ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ
قانچىلىك كېرىلسىمۇ، سۇلتاننى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا، ئۇ-
نىڭغا رەت قىلىش جاۋابى بېرىشكە جۈرئىتى يەتمەيدىغانلىقىنى بە-
لەتتى. ئەلچىلەر يەنە ئىككى قېتىم كېلىپ كەتكەندە، ئۇزاق داۋام
قىلغان ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن، خەلىپە رەت قىلىش جاۋابىنى
يەتكۈزۈشنى توغرا تاپتى. جاۋابنى ئۇنىڭ قېرى مەسلىھەتچىلىرى-
دىن بىرى توغرۇلبەگنىڭ رەيدىكى قارارگاھىغا يەتكۈزدى.
خەلىپىنىڭ ئەلچىسىنى دەسلەپتە سۇلتاننىڭ ۋەزىرى قوبۇل
قىلدى. ئۇ ئەلچىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋالدى:
— جاۋاب كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان سۇلتان جېنىمنى
ھەلقۇمۇمغا كەلتۈردى، قانداقلا بولمىسۇن جاۋاب ئېلىپ كەلگە-
نىڭدىن خۇرسەنمەن.
— جاۋابنى ئاڭلىساڭ، خۇشال بولمايسەن دەپ ئويلايمەن. خە-
لىپە سۇلتاندىن ئۆزرە سوراپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلالماي-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ۋەزىر پېتىنىمۇ بۇزماستىن قىممەتلىك تاشلار بىلەن ياسالغان
تەسۋىسىنى سىيرىشنى داۋام قىلدى.
— دېمەك، — دېدى ئۇ ۋەزمىنلىك بىلەن، — ھازىر مانا
مۇشۇ دەھلىز ئارقىلىق چوڭ ئىشىكتىن ئىراق، پارس، خۇراسان
ۋە ئەزەربەيجان ھۆكۈمدارى، پۈتۈن ئاسىيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان،
مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ قىلىچى، ئاببىاسىيلار تەختىنىڭ ھىمايە-
چىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ: «خەلىپە ساڭا قىزىنى بەرمەيدۇ!» دەي-

سەن. ناھايىتى ياخشى، مانا بۇ نۆكەر سېنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارىدۇ.

نۆكەر ئۇنى باشلاپ بېرىشقا ھازىرلاندى، ئەلچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شۇ چاغدا ۋەزىر يەنە ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا سورىدى:

— سېنى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، پاراسەتلىك ئادەم دەپ ئويلايمەن. ھەر ھالدا بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى بارلىق قەرزلىرىڭنى تۆلەپ، بايلىقلىرىڭنى پەرزەنتلىرىڭگە ۋەسىيەت قىلىپ، قىزلىرىڭنى تۇرمۇشقا چىقىرىپ كەلگەندۇرسەن؟

خەلىپىنىڭ ئەلچىسى بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، ھالسىزلانغاندەك يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— ماڭا قانداق مەسلىھەت بېرىسەن؟ - دېدى ئۇ چۈشكۈن ئاۋازدا.

— خەلىپە ساڭا بۇ يەرگە كېلىشىڭنىڭ باشقا ئىمكانىيەتلىرى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىگەنمىدى؟

— ئۇ ماڭا: «نىكاھ بولمايدىغانلىقىنى ئېيت، ھېچقانداق چارە تاپالمىساڭ، ئۈچ يۈز مىڭ قىز مېلى تويلۇق سورا» دېگەنىدى.

— مانا بۇ باشقا گەپ! لېكىن پىكرىمچە، سۇلتاندىن شۇنچە كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، شىئەلەردىن شەھەرنى، بايلىقلىرىنى، يەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن ئالىيجاناب كىشىدىن خەلىپىنىڭ بۇنچىلىك كۆپ قىز مېلى سورىشى ئىنسابتىن بولمىسا كېرەك. بىراق سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەي، زىخنىمۇ، كاۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەستىن، ئىشنى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك ئاسان ھەل قىلىش يولىمۇ بار. سەن ئۇنىڭغا خەلىپىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىسەن، مەن بولسام ئۆز نۆۋىتىدە كېلىنگە مۇناسىپ سوۋغىلار تەييارلاش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىمەن.

ھەممە ئىش ۋەزىر ئېيتقاندەك بولدى. ئىشنىڭ ياخشىلىق بىلەن پۈتكەنلىكىدىن شادلىنىپ كەتكەن سۇلتان ۋەزىر ۋە بىرنەچچە

شاھزادە، سەركەردە ۋە ساراي ئەئيانلىرىدىن، ئۆز ئائىلىسىنىڭ يا-
شانغان ئاياللىرىدىن، نۇرغۇن قاراۋۇللار ۋە قۇللاردىن تەشكىل تاپ-
قان دەبدەبىلىك توي كارۋىنىنى تۈزدى. كارۋان خۇشبۇي ياغلار،
گەزماللار، قىممەتلىك تاشلار ۋە يۈز مىڭ ئالتۇن دىنار بىلەن تول-
دۇرۇلغان ساندۇقلارنى ئېلىپ، باغدادقا قاراپ يول ئالدى. سۇلتان
ئەلچىلىرىنى خەلىپىنىڭ شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلدى، ئۇلار بە-
لەن مۇلايىم، ئازادە سۆھبەتلەشتى. كېيىن سۇلتاننىڭ ۋەزىرى بە-
لەن يالغۇز قالغاندا، ئوچۇقلا بۇ تويغا رازى ئەمەسلىكىنى، ئەگەر
ئۇنى بۇنىڭغا مەجبۇر قىلسا، ئۇ باغدادنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدى-
غانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەگەر پۇتكۇل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاتىسى — خەلىپىنىڭ
پىكرى شۇنداق بولسا، نېمىشقا قىزلىرىغا تويلۇق سورىدىلە-
كىن؟ — دېدى ۋەزىر.

— مەن رەددىيەمنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلمەيدى-
تىم. سۇلتان مېنىڭ بۇنداق نىكاھقا رازى بولۇشۇمنىڭ مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ مەندىن بۇنى تەلەپ قىلىشى شەرىئەتكە ئۇيۇ-
غۇن كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەر، دەپ ئۈمىد قىلغانىدىم. مەن
ساڭا ئوچۇق ئېيتىشىم مۇمكىن، بىرەر سۇلتان — مىللىتىنىڭ
تۈرك ياكى پارس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — خەلىپىدىن قىزىنى
خوتۇنلۇققا سورىغانمۇ؟ ئاخىر، مەندەك پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ئىز-
زەت - ئابرۇيۇمنى يەرگە ئۇرۇپ، تۈرك سۇلتانىغا قىزىمنى بېرە-
لەمدىم؟

— بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى سىزدىن رەت قىلىش جاۋابى كې-
لىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىپ، سۇلتاننى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش-
كە ئۇرۇنغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا خەلىپىدىن ھېچكىمنىڭ بۇنداق قو-
دېچىلىقنى تەلەپ قىلىشقا ھەققى يوقلۇقىنى، بۇنىڭ ئۇرپ - ئا-
دەتلەرگە، شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ بۇ
ئىشتىن ئەجەبلىنىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرگەنىدىم. ئۇنىڭ
قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى سىزگە ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ.

— سۆزلە، قورقما!
— ئەي، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پادىشاھى، بۇ سۆز-لەرنى تەكرارلاشقا مېنى مەجبۇر قىلماڭ!
— سۆزلە، مەن ساڭا بۇيرۇيمەن، ھېچ نەرسىنى يوشۇرما!
— ئۇ مېنى خەلىپىنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسەن دەپ سۆكۈش-كە باشلىدى. كېيىن مېنى تۆمۈر قوزۇققا ئولتۇرغۇزىمەن دەپ...
— ۋەزىر ئەتەي كېكەچلىدى.
— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيت! توغرۇلبەگ نېمە دېدى؟
— ئۇ مېنى چاقىرىپ دېدىكى: «بېرىپ ئېيتقىن، بۇ ئابباسىيلارنىڭ ھەممىسى ناتېۋپىلار. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى زېمىننىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى ئۆزىنىڭكى قىلىۋېلىپ، گۈللەپ - ياشنىغان شەھەرلەرنى قۇرۇشقان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى سېپى ئۆزىدىن ناتېۋپى بولۇپ چىقتى. مەن ئۇلارغا سەلتەنەتنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا پايتەختنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردىم، ئۇلار مېنى ئالقىشلاپ، سوۋغا - سالاملارغا كۆمۈپ تاشلىدى. خەلىپە ماڭا: «خۇدا ماڭا بەرگەن مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، ماڭا ئۆز تەقدىرىنى ئىشىنىپ تاپشۇرغان بارلىق مۆمىن مۇسۇلمانلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن»، دېگەنىدى. ئۇ مەندىن ساردىينى، ھەرەمخانىسىنى، ئۆزىنىمۇ پاناھىمغا ئېلىشىمنى يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ سورىغانىدى. بۈگۈن مەن ئۇنىڭدىن قىزىنىلا سورىسام، ئۆزىچە ھاقارەت ھېس قىلىپ، ماڭا رەت قىلىش جاۋابىنى بەرمەكچى. ئەجەبا بۇلار، تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزىنى دەپ، مەن بىلەن جەڭ قىلماقچىمۇ؟»
قاتتىق ھاياجانلىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن خەلىپە بىر ھازاغىچە نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋەزىر ئاخىرقى زەربىنى بەردى:
— سۇلتان يەنە: «بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيت، مەن ئۇنىڭ قىزىنى چوقۇم ئالىمەن. ئۇنىڭ سەلتەنەتنى، باغدادنى قانداق ئالغان

بولسام، قىزىنىمۇ شۇنداق ئالىمەن!» — دېدى.

جاھان بۇ ئىشلارنى زوق بىلەن، لېكىن بىرئاز ئۆيلىپىراق ھېكايە قىلىپ بېرەتتى، ئۆمەر ئەمدى ئۇنى خاپا قىلىپ قويماسلىققا تىرىشاتتى، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىلىرىگە يوشۇرۇنچە تىكىلىپ، گەپلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى. بۇنى سېزىپ قالغان جاھان:

— بولدى، ئەمدى گەپ قىلمايمەن، — دەپ دومسىيىپ قالدى. ئۆمەر بۇ ۋەقەنىڭ قانداق خۇلاسىلانغانلىقىنى بىلسىمۇ، يالغاندىن ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئەركىلىتىپ، گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى سورىدى. ئاخىر، جاھان داۋام قىلدى:

— شۇ چاغدا خەلىپە مىڭ ئەپسۇس - نادامەتلەر بىلەن بۇ نىكاھقا رازىلىق بېرىشكە مەجبۇر بولدى. توغرۇلبەگ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپلا باغدادقا يول ئالدى، لېكىن شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ۋەزىرىنى يەنە سارايغا ماڭدۇرۇپ، تويغا قانداق تەييارلىق كۆرۈلۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

خەلىپە سارىيىغا كەلگەن سۇلتاننىڭ ۋەزىرىگە نىكاھ شەرتنامىسى ئىمزالىنىدىغانلىقىنى، بىراق ئۆزىنىڭ سارىيىدا كۈيئوغۇل بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ مۇسۇلمان ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ۋەزىرنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— مەن توغرۇلبەگنى بەك ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سىزگە ئىشەنچلىك ھالدا شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇ ئۆرپ - ئادەتلىرىڭىز ئۇنىڭغا ياقمايدۇ.

ئۆز ئارزۇسىنىڭ سۆزسىز بېجىرىلىشىگە كۆنۈپ قالغان سۇلتان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قوشۇنلىرىنى جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. پۈتكۈل باغدادنى، ھەتتا خەلىپە سارىيىنىمۇ تۈرك قوشۇنلىرى قورشىۋالدى. سۇلتاننىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاخىر خەلىپىنى ئاتتىن چۈشۈردى. كېلىن — كۈيئوغۇل ئۈچرىششى خەلى-

پىنىڭ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. سۇلتان كېلىن ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئۇ ئالتۇن سۇيى يالىتىلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. توغرۇلبەگ كىرىپ، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يەرنى سۆيدى. سالنامىچىلارنىڭ يېزىشىچە: «... كېيىن ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىپ، قىممەتلىك سوۋغىلارنى بەردى، بىراق مەلىكە ئۇنىڭ بۇ يەردە بار - يوقلۇقىنى سەزمىگەندەك، ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، چىرايىنىمۇ ئاچمىدى.»

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان ھەر كۈنى مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىشقا كېلەتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى لايىقىدا قىلاتتى، بىراق مەلىكە بىرەر قېتىممۇ سۇلتانغا يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى.

سۇلتان ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققاندا، ھەر قېتىم ئۇنى بىر تالاي مۇلازىملىرى كۈتۈۋالاتتى، ئۇ ياخشى كەيپىياتتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىلتىماسىنى رەت قىلمايتتى، ئوڭ - سولىغا سوۋغا - سالاملىرىنى ئايىماي چاچاتتى.

كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ۋە مەنمەنلىككە يۇغۇرۇلغان بۇ نىكاھتىن بىرەرمۇ پەرزەنت دۇنياغا كەلمىدى. توغرۇلبەگ توي بولۇپ ئالتە ئاي ئۆتكەندە تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەسلىدە ئۆزى تۇغماس بولغان سۇلتان بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ھەر ئىككى خوتۇنىنى تۇغماسلىقتا ئەيىبلەپ تالاق قىلغانىدى. قولىدىن خېلى كۆپ خوتۇنلارنى، دېدەكلەرنى چىقارغان سۇلتان ئاخىر ئەيىبنى ئۆزىدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ تېۋىپلارغا، مۇنەججىملەرگە، پالچىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆردى. ھەر قېتىم يېڭى ئاي چىققاندا ئۇنىڭغا يېڭىلا سۈننەت قىلىنغان بالىنىڭ كېسىلگەن ئەزاسىنىڭ ئۈچىنى يېيىشنى مەسلىھەت بېرىشتى. بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغاچقا، تەقدىرگە تەن بېرىشكە توغرا كەلدى. بۇ ئاجىزلىقىنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ئۆزىنى ئەتەي ئايال كىشىگە ئامراق ئادەمدەك تۇتاتتى، ئەڭ يېقىن جايلارغا قىلىنىدىغان سەپەرگىمۇ ھەرەمخانىدىكى قىز - ئا-

ياللارنى ئېلىپ باراتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئېرىشىۋاتقان «ئۇتۇقلار»
ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن مەجبۇرىي سۆھبەت تېمىلىرىدىن بە-
رى ئىدى. سەركەردىلىرى، شۇنىڭدەك چەت ئەللىك مېھمانلىرىمۇ
ئۇنىڭ كېچىلىرى نامايان قىلىۋاتقان كۈچ - قۇدرىتىنى ماختىشى،
ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ، «ئاشۇ ئىش»قا ياردەم بېرىدىغان تۇر-
لۇك دورا - دەرمەكلەرنى سورىشى لازىم ئىدى.

شۇنداق قىلىپ خەلىپىنىڭ قىزى سەئىدەمۇ تۇل قالدى، لې-
كىن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە قايغۇرۇپ كەتمىدى. ئەڭ جىددىي مە-
سىلە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پاراكەندىچىلىك ئىدى، چۈنكى ئەم-
دىلا مۇستەھكەملىنىۋاتقان سەلتەنەت ئىگىسىز قالغانىدى. بۇ سەل-
تەنەتنىڭ نامى قانداقتۇر سالجۇق نامى بىلەن ئاتالسىمۇ، ئۇنىڭ
ھەقىقىي ئاساسچىسى توغرۇلبەگ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بىرەر
ۋارىس قالدۇرماي ئالەمدىن ئۆتۈشى، مۇسۇلمان ئېلىدە كۈتۈلمىگەن
تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئە-
دى. توغرۇلبەگنىڭ ئۇكىلىرى، جىيەنلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
سان - ساناقسىز ئىدى. بىراق تۈركلەرنىڭ سارىيىدا ھېلىھەم
تەخت ۋارىسى ھەققىدىكى قانۇن - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنمايت-
تى. زوراۋانلىق قانۇن - قائىدىلىرىگە بىنائەن تەخت كۆرۈشىنى
چاغرىلبەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان باشلىۋەتتى. ئۇ بىرنەچچە ئاي
ئىچىدىلا كىملەرنىدۇر ئۆلتۈرۈپ، كىملەرگىدۇر يېقىنلىشىپ،
تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق سەردارىغا ئايلاندى. ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ
كۆز ئالدىدا قاتتىق قول ۋە ئادالەتلىك ھۆكۈمدار سۈپىتىدە نام
چىقىرىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ رەقىبلىرى ۋارىسى يوق توغ-
رۇلبەگكە «تۇغماس» دېگەن لەقەمنى سىڭدۈرگىنىدەك، توققۇز
پەرزەنتىنىڭ ئاتىسى بولغان، بىراق تەۋەككۈلچى، خوتۇن - قىزلار
مەسىلىسىگە مۇتلەق قىزىقمايدىغان ئالپ ئارسلانغىمۇ «خوتۇن
كىشى بىلەن خۇشى يوق» دېگەن لەقەمنى قويۇشتى. ساراي ئەئيان-
لىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا پۈتكۈل ئەرلەرنى قىزىقتۇرىدىغان بۇ نازۇك
تېما ئۈستىدە گەپ ئېچىشتىن ھېيىقىشاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق شەر-

مەندە لەقەمگە ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ لە-
قەم ئۇنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىناۋىتىنى يەر بىلەن
يەكسان قىلىپ، ئالەمدىن ۋاقىتسىز كۆز يۇمۇشىغا سەۋەب بولغا-
نىدى.

ئۆمەر بىلەن جاھان ئەبۇ تاھىرنىڭ بېغىدىكى شىپاڭدا ھەر
بىر دەقىقىنى مەستخۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ ياز كېچە-
سىدە، تېخى بۇ پاجىئە يۈز بەرمىگەن ۋە كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ،
ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن ئالپ ئارسلان يەر يۈزىدىكى
ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ سەل-
تەنەتى كابۇلدىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە بولغان چېگرا ـ پا-
سىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ھوقۇقى چەكسىز، قول ئاستىدىكى-
لىرى سادىق ۋە ئىنتىزامچان ئىدى. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى شۇ دەۋردە
ئەڭ دانىشمەن ۋە ئاقىل دەپ نام ئالغان نىزامۇل مۇلك دېگەن كى-
شى ئىدى. ئالپ ئارسلان يېقىندىلا ۋىزانتىيە ئۈستىدىن غەلىبە
قازانغانىدى، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، پادىشاھىنىڭ
بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغانىدى. ئۇنىڭغا قارام بولغان بارلىق
مەسچىتلەردە ۋەزخانلار بۇ غەلىبىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىشات-
تى، ئۇنىڭ ئاق چەكمەن كىيىپ، جەڭ مەيدانىغا كىرگەنلىكى، ئۆز
قولى بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ماڭغانلىقى، چېدىرى ئالدىدا ئاي-
غاقچىلارنى تۇتۇۋالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇرنىنى كېسىپ قويۇپ
بەرگەنلىكىنى مەدھىيىلەيتتى. ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن غايەت زور
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ۋەقەلەر ئالپ ئارسلانىنىڭ سەمەرقەنتنى
قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئاشۇ ياز
پەسلىدە يۈز بەرگەنىدى.

سەمەرقەنتنى قولغا كىرگۈزۈش ئالپ ئارسلانىنىڭ ئەڭ شېرىن
ئارزۇسى ئىدى. لېكىن ۋىزانتىيىلىكلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان
جەڭلەر، بولۇپمۇ ئىككى سەلتەنەت ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان قۇ-
دېچىلىق مۇناسىۋەتلىرى تىنچلىقنى ۋاقىتىنچە ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى.
ئالپ ئارسلانىنىڭ چوڭ ئوغلى، ناسىرخانىنىڭ سىڭلىسى تۇركان

خاتۇنغا ئۆيلەنگەن ئىدى. شۇنداقلا ناسىرخانىمۇ ئالىپ ئارسلاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئىدى. ئەمما زامان دانىشمەنلىرىنىڭ نەزەرىدە بۇنداق قېرىنداشلىق رىشتى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىشتىياقى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئۆز قېيىنئاتىسىنىڭ نەسرانىيلار ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى ئاڭلاپ، شەھىرى ئۈستىدە قارا بۇلۇتلارنىڭ قويۇقلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى.

ئالىپ ئارسلان باشچىلىقىدىكى ئىككيۈز مىڭ ئاتلىق سالجۇق قوشۇنى شۇ پەيتتە جەيھۇن ۋە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ھازىرلىق كۆرۈۋاتاتتى، قېيىقلارنىڭ ئۈستىگە قورۇلغان كۆۋرۈكتىن ئاخىرقى ئاتلىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە يىگىرمە كۈن ۋاقىت كېتەتتى.

# يەتتىنچى باب

سەمەرقەنتتىكى تەخت ئورۇنلاشقان ساراي ھەر كۈنى ئاۋات بولاتتى، بىراق ئادەملەر ئۆلۈم ئۆزىتىلىۋاتقان ئۆيگە كىرىۋاتقاندەك مەيۈس ئىدى. خاننىڭ ئۆزىمۇ ئاۋامنىڭ بېشىغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان كۈلپەتلەرنى ئويلاپ، خېلىلا سوغۇققان بولۇپ قالغان، ئەمدى ھېچكىمگە بىھۇدە غەزەپلەنمەيتتى، ھەتتا ئاۋازىمۇ مۇلايىملىشىپ قالغاندەك ئىدى. ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ كەيپىياتىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار خاننىڭ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىشىدىن بىر ئاز خاتىرجەملىك ھېس قىلىسىمۇ، بۇ خاتىرجەملىك ئۇلارنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە سالاتتى، شۇڭا خاننى ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىۋاتقاندەك سېزىشەتتى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، ۋەھىمىگە چۈشەتتى. ھەممەيلەننى بىرلا مۇدھىش سوئال قىينايتتى: «نېمە قىلىش كېرەك؟ ساتقىنلاردەك قېچىش كېرەكمۇ ياكى خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، قىسمەتكە دادىل يۈزلىنىش كېرەكمۇ؟»

خان يېقىن كىشىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم شەھەرنى ئايلىناتتى، ئىستىھكاملاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرەتتى، يول - يوللاردا ئۆزىنى قىزغىن ئالقىشلاۋاتقان لەشكەرلەرگە، پۇقرالارغا نەزەر سېلىپمۇ قويماي ئۆتەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەرلىك ياشلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، نۆكەرلەرنىڭ يېنىدا جەڭ قىلىشقا، ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن، خان ۋە خاندانلىق ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى ۋارقىراپ دېگۈدەك بايان قىلدى. ياشلارنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش پىكرىدىن مۇتلەق يىراق بولغان خاننىڭ بۇ ئىشلاردىن غەزىپى ئۆرلىدى. نۆكەرلەرگە ئۇلارنى ئاياپ

ئۆلتۈرماي قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇپ، سارىيىغا قايتتى. يولدا كېتە-
ۋېتىپ سەردارلىرىغا شۇنداق نەسىھەت قىلدى:
— بوۋام (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بەلخ شەھىرىنى
قامال قىلغاندا شەھەر ئاھالىسىنىڭ «ياردەم بېرىمىز» دېگەن گې-
پىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە قورال - ياراغ تارقاتقان-
كەن. نەتىجىدە ئۇلار بۇ قوراللارنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىشلە-
تىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ كۆڭۈلچەكلىك نۇرغۇن نۆكەرلەرنىڭ
قىرىلىشىغا، قوشۇنلارنىڭ چېكىنىشىگە سەۋەب بولغانىدى. بوۋام
شۇ چاغدا بەلخ ھۆكۈمدارى مەھمۇدقا تۆۋەندىكى كىنايىلىك مەك-
تۇپنى ماڭدۇرغان: «مەن ھەر ئىككىمىزنىڭ نۆكەرلىرىنىڭ جەڭ
قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. خۇدا غەلىبىنى كىمگە راۋا كۆرسە،
مەيلى، شۇ غالىب چىقسۇن. ئەمما بۇ ئىشقا پۇقرالار ئارىلاشسا،
بىزلەر خان بولۇپ نېمە قىلىمىز؟!» مەھمۇد بۇ مەكتۇپنى كۆرگەن-
دىن كېيىن پۇقرالىرىنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشىنى چەكلىدى ۋە
ئۆز نۆۋىتىدە جەڭ سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان ئىستىھكاملارنى
ئوڭشاش ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇمچە سېلىق بەلگىلىدى. بۇ تارىخىي
ھەقىقەت. بەلخ پۇقرالىرىغا خاس بولغان بۇنداق مەككارلىق سەمەر-
قەنتلىكلەرگىمۇ يات ئەمەس. مەن پۇقرالارغا ئىشەنگەندىن كۆرە،
ئالپ ئارسلاننىڭ ئالدىغا يالغۇز، قورالسىز چىقىشنى ئەۋزەل كۆ-
رىمەن.
سەركەردىلەر ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، پۇقرالار-
نىڭ ھەرقانداق نامۇۋاپىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
قا ۋەدە بەردى، خانغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ھەققىدە قايتىدىن
قەسەم قىلىشىپ، يارىلانغان شىردەك جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرۈشتى. سەركەردىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەلۋەتتە ئاددىي، پۇچەك
ۋەدىلەر ئەمەس ئىدى. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، ئۇلار جەڭ قىلىشتا
سالجۇقىيلاردىن قېلىشمايتتى. ئالپ ئارسلاننىڭ بىردىنبىر ئۈس-
تۈنلۈكى — قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكى، يەنە يېشىنىڭ كىيئوغلىدىن
بىر ئاز چوڭلۇقى ئىدى. ئالپ ئارسلان كۈچ - قۇۋۋەتكە تازا تو-

لۆۋاتقان، ئۆز زېمىنىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىۋاتقان ياش سۇلالىنىڭ ئىككىنچى ۋەكىلى بولسا، ناسىرخان بىر ۋاقىتلاردا ئەڭ قۇدرەتلىك ھېسابلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنىڭ خوجايىنى بولغان ۋە ئەمدىلىكتە ئاۋۋال ئېرىشىلگەن شان - شۆھرەتلەرنىڭ سايىسىدىن قانائەتلىنىپ كېلىۋاتقان سۇلالىنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى ئىدى.

# سەككىزىنچى باب

بۇنداق ئەنسىز كۈنلەردە ئۆمەرنىڭ شەھەردىكى تەشۋىشلەرگە مۇتلەق ئارىلاشقۇسى كەلمەيتتى، بىراق پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كۈنلەردە ئۆزىنى چەتكە تارتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، پات ـ پات سارايغا ياكى قازىكالانىڭكىگە بېرىپ تۇردى. لېكىن ئۇ ئاساسلىق ۋاقتىنى شىپاڭدىن ئايرىلماي، ئىلمىي ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ياكى مەخپىي شېئىرىي كىتابىنى پۈتكۈزۈشكە سەرپ قىلاتتى. يېقىنلىشىۋاتقان ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئۇنىڭغا خۇددى مۇناسىۋەتسىزدەك، ھەتتا بۇ ۋەھىمە توساتتىن ئىلھام بېغىشلىغاندەك، ئالدىراپ ـ تېنەپ سەھىپىلەرنى تولدۇراتتى.

بۇ چاغدا ئالپ ئارسلانغىمۇ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش خېلى قىيىنغا توختاۋاتقان بولۇپ، قوشۇنلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكى، تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى ساقلاشنىڭ قىيىنلىقى، بۇنىڭدىن تاشقىرى قوشۇن ئىچىدە تارقالغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر، پادىقالىقلاردىن ئۆتۈش ئۇنى ئوبدانلا ھالسىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىۋاتقان قارشىلىق ھەرىكەتلىرى تايىنلىق ئىدى. ئۇرۇشنىڭ بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى يالغۇز بىر سەركەردىنىڭلا زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ناسىرخاننىڭ ئامۇ دەريا قىرغىقىدا قۇرۇلغان قەلئەسىنىڭ باشلىقى يۇسۇپبەگ ئىدى. تۈركلەر بۇ قەلئەنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى، بىراق بۇ ئارقا تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپنى كۈچەيتىۋېتەتتى، قوشۇمچە جەڭلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلاپ، زورۇر پەيتتە چېكىنىشكە توسقۇنلۇق قىلاتتى. شۇڭا، ئالپ ئارسلان قول ئاستىدىكى

لەرگە يولىدىكى بۇ قەلئەنى ئون كۈن ئىچىدە ئىشغال قىلىشنى بۇيرۇپ، ھۇجۇمنى كۈچەيتتى.

سەمەرقەنتلىكلەر مۇھاسىرىنىڭ قانداق بولىۋاتقانلىقىدىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار ئىدى. ھەر ئۈچ كۈندە قەلئەنى قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن ئۇچۇرۇلغان كەپتەر ئۇلارغا جەڭ يېڭىلىقلىرى ھەققىدە مەكتۇپ يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇ خەۋەرلەردىن قامالدىكىلەرنىڭ يار- دەم سوراپ قىلغان ئىلتىجالىرىنى ئەمەس، بەلكى رەقىبلەرنىڭ تالاپەتلىرى ۋە ئۇلار ئارىسىدا تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىلگىلى بولاتتى. ئەسلي كېلىپ چىقىشى خارەزمدىن بولغان قەلئە باشلىقى يۇسۇپبەگ قىسقا ۋاقىت ئىچى- دىلا ماۋەرائۇننەھرنىڭ قەھرىمانىغا ئايلاندى. ئاقىۋەت، سېپىللار پارتلىتىۋېتىلىپ، قوغدىغۇچىلارنىڭ قارشىلىقى سۇندۇرۇلدى. يۇسۇپبەگ ياردار بولغىنىغا قارىماي ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە مەردا- نىلىق بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. بىراق ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشتى. رەقىبلەرنىڭ ئەڭ جەسۇر سەر- كەردىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قويۇش قىزىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك، سۇلتان ئۇنى ھوزۇرىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئىككى پالۋان قوللىرى مەھكەم باغلانغان، ياردار، چاچ - ساقاللىرى ئۆ- سۈپ كەتكەن، چاڭ - توزانغا مىلەنگەن، بوي - بەستى كىچىك، ئورۇق، بىراق بېشىنى مەردانىلەرچە تىك تۇتقان بىر كىشىنى يا- غاچ كارىۋاتتىكى يۇمشاق پەي ياستۇقلارغا يۆلەنگىنىچە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئالپ ئارسلانغا يۈزلەندۈردى. ئىككىلا رەقىب بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزۇنغىچە نەپرەت بىلەن جىمجىت تى- كىلىپ تۇردى. رەقىبىنىڭ قارشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئالپ ئارسلان كەسكىن بۇيرۇدى:

— يەرگە تۆت تۇۋرۇك ئورنىتىپ، پۇت - قوللىرىدىن باغلاپ تارتىلسۇن!

كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان يۇسۇپبەگ ئۇنىڭغا يەنىلا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ ۋارقىرىدى:

— مەردلەرچە جەڭ قىلغان ئادەمگە مەردلەرچە ئۆلۈم بەر!
ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي تەتۈر قارىۋالدى. شۇ چاغدا مەھبۇس يەنە ۋارقىرىدى:
— ئەي زەيپانى! مەن ساڭا ئادەم دەپ گەپ قىلىۋاتىمەن!
سۇلتان خوددى چايان چېقىۋالغاندەك چىچاڭشىدى، بىردىنلا يېنىدا تۇرغان ئوقياسىنى ئېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنى ئېتىشقا تەييارلاندى. ئوقيا كىرىچىنى تارتىشتىن ئاۋۋال ياساۋۇللىرىغا ئىشارە قىلىپ، ئۇلارنى نېرىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى ھەر دائىم نىشانغا دەل تېگەتتى، بىراق ئۇ بۇ قېتىم نۆكەرلىرىنى يارىلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى يېقىن ئارىلىقتىن ھېچقاچان رەقىبىنى نىشانغا ئالمىغىنى ئۈچۈنمۇ، ئوق يۇسۇپبەگكە تەگمەي، ۋىژىلداپ ئۆچۈپ بېرىپ تامغا قادالدى. شۇ چاغدا يۇسۇپبەگ يارىلانغان شىردەك رەقىبىگە تاشلاندى. ئالىپ ئارسلان ئولتۇرغان ھالەتتە ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى سېزىپ، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇندى، بىراق پۇتلىرى يۇمشاق پالاس ئۈستىدە سىيرىلىپ، يەنە جايىغا يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن يۇسۇپبەگ قوينىدا يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرگەن پىچىقىنى چىقىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن سۇلتاننىڭ كۆكسىگە سانجىدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇمۇ ياساۋۇللار تەرىپىدىن چېپىپ تاشلاندى. ياساۋۇللار ئۇنىڭ جانسىز تېنىنى خۇماردىن چىققۇچە قىيما ـ چىيما قىلىشتى. ئەمما يۇسۇپبەگنىڭ جانسىز لەۋلىرىدە ئىستىھزالىق بىر تەبەسسۇم قېتىپ قالغان، بۇ بولسا ئۇنىڭ قىساس ئالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن سۇلتاننىڭمۇ ئۇ دۇنياغا يول ئالىدىغانلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.
ئالىپ ئارسلان تۆت كۈن سەكراتتا يېتىپ، ئاخىرى ئەلەملىك ئىزتىراپلار ئىلكىدە يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمدى. بۇنى تارىخچىلار ئۇنىڭ تىلىدىن تۆۋەندىكىچە يېزىپ قالدۇرۇشقان: «ئۆتكەن كۈنى مەن قوشۇنلىرىمنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزگەندىم. شۇ چاغدا ماڭا گو-

يا يەرمۇ ئۆلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلغانىدى. ئۆز - ئۆزۈمگە: «بۇ دۇنيانىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدارى پەقەت ئۆزۈم بو - لىمەن، دۇنيادا مەندىنمۇ قۇدرەتلىكرەك يەنە كىم بار!» دېدىم. خۇدا، مانا مېنىڭ جېنىمنى ئېلىپ، جازالاش ئۈچۈن ئەڭ بەختسىز بىر ئادەمنى — ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بىر بەندىنى ئەۋەتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق مەندىن نەچچە ھەسسە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپات - لىدى. مېنى تەختىمدىن يىقىتىپ، ئالەمدىن ۋاقىتسىز كۆز يۇ - مۇشقا مەجبۇر قىلدى».

بۇ قانلىق ۋەقەنىڭ ئەتىسى ئۆمەر تۆۋەندىكى رۇبائىينى يېزىپ قويدى:

بىر كىشى چىقىپ ھەر زامان، مانا مەن دەيدۇ،
مال - دۇنيا، زەر - كۈمۈش بولغاچ، مانا مەن دەيدۇ.
ئىشى راۋاج تېپىپ تۇرغاندا، بىر كۈنى ئەجەل —
پىستىرمىدىن چىقىپ ناگاھان، مانا مەن دەيدۇ.

# توققۇزىنچى باب

بايرام شادلىقىغا چۆمۈلگەن سەمەرقەنتتە پەقەت بىرلا ئايال — خاننىڭ خوتۇنىلا يىغلاشقا جۈرئەت قىلدى. ئاخىر، يىغلىماي مۇمكىنمۇ؟ ئۇ مەرھۇم ئالپ ئارسلاننىڭ قىزى تۇرۇقلۇق ئاتىسىغا ھازا ئاچمىسا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئېرى ناسىرخان مەرھۇمغا چىن كۆڭلىدىن تەزىيە بىلدۈردى. ھەتتا پۈتۈن ھەرەمخانىدىكىلەرنى ماتەم كىيىمى كىيىشكە بۇيرۇدى، كېيىن ھەزىل — چاقچاقلار بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قىزىقچى بىر ھەرەم ئاغىسىنىمۇ بەلگىلىدى. لېكىن دىۋانغا قايتقاندا، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئەتراپىدىكىلەرگە بىرنەچچە قېتىم: «خۇدا سەمەرقەنت ئەھلىنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلدى!» دەپ تەكرارلاشتىنمۇ ھېيىقمىدى.

شۇ زامانلاردىكى پۇقرالار ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنى باشقا تۈرك ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەۋزەل كۆرگەن، دېگەن پىكىر مۇتلەق ناتوغرا ئىدى. ئاددىي خەلقنىڭ ھۆكۈمدارغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىشى، كۆپىنچە قورقۇنچ سەۋەبىدىن بولسىمۇ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالمىشىشى — ئۇلار ئۈچۈن جەبىر - زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ كۈچىيىشى، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ يەنە بىر نۆۋەت تالان - تاراج قىلىنىشى دېگەنلىك ئىدى. ھۆكۈمدارلار پۇقرالارغا نىسبەتەن جەبىر - زۇلۇمنى كۈچەيتىۋەتكەندە، بۇلارنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ بىرەر جەڭدە مەغلۇب بولۇشىنى، ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمدارنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ناسىرخان توغرۇلۇق بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ ياخشى ھۆكۈمدار بولمىسىمۇ، ئۇنى ھەر ھالدا يامان دەپ كەتكىلە-

مۇ بولمايتتى. پۇقرالار ئۇنىڭغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىشقا كۆنۈپ قېلىشقان ۋە ئاللاھتائالادىن ئۇنىڭ زۇلۇمىنى ئازلىتىشىنى تىلەشەتتى، خالاس.

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن سەمەرقەنت ئەھلى دەھشەتلىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ئاسانلا قۇتۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىشتى. ھەيۋەتلىك رەسەتخانا ئالدىدىكى مەيدان شادلىق مەركىزىگە ئايلاندى. ھەر تەرەپتىن قىقاس ـ چۇقان ئاڭلىناتتى. چاڭ ــ توزان قاپلىغان مەيدان چېتىدىكى تام تۈۋىدە باققاللار ماللىرىنى يېيىۋېلىشقان، كوچا چىراغلىرى ئاستىدا بولسا ناخشىچى ئاياللار ناخشا ئېيتىشاتتى، شوخ مۇزىكا سادالىرى ياڭرايتتى. مىڭلىغان تاماشىبىنلار ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىۋاتقان باخشى، پالچى ۋە يىلان ئوينىتىدىغان قۇچىلارنى قورشىۋېلىشقانىدى. مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق قۇرۇلغان سۇپا ئۈستىدە خەلق شائىرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېيتىشىش مۇسابىقىسى قىزىپ كەتكەن، ئۇلار ئالەمدە تەڭدىشى يوق، يېڭىلمەس سەمەرقەنتنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىشەتتى. ھەممىنىڭ قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى جۇش ئۇراتتى.

سەمەرقەنت ئاسمىنىنى يۇلتۇزلۇق تۈن قاپلىدى. دېكابىر ئېيىدا كېچىسى خېلىلا سوغۇق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتە گۈلخان يېقىپ، شادلىقنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. سارايدا بولسا، مەي كوزىلىرى تىنىمسىز بوشىتىلاتتى، شاراب ۋە شادلىقتىن مەست بولغان خان باللارچە زوق بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى نامايان قىلاتتى.

ئەتىسى خان بارلىق چوڭ مەسچىتلەردە جەڭدە قۇربان بولغانلار ئۈچۈن مېيىت نامىزى ئوقۇلۇشىنى، كېيىن قېيىنئاتىسىغا تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاتقۇزدى. تېخى ئالدىنقى كۈنلا ئالپ ئارسلاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى غەلىبە بىلەن تەبرىكلەشكە تەييارلىنىپ تۇرغان ئەمەلدارلار، ئۆلىمالار بۈگۈن چىرايلىرىغا ماتەملىك تۈس بېرىشىپ، ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئالدىدا تەزىيە بىلدۈرۈشتى. مۇراسىمدا ماتەمگە بېغىشلاپ بىرنەچ-

چە مىسرا شېئىر ئوقۇغان قارىكالان ئۆمەرگىمۇ شېئىر ئوقۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە قولىقىغا شۇرلىدى:

— ھەيران بولما، ھەقىقەتنىڭ ئىككى تەرىپى بار، ئادەملەر-نىڭمۇ ھەم شۇنداق.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ناسىرخان ئەبۇ تاھىرنى ھۇزۇرىغا چاقى-رىپ، ئۇنىڭدىن مەرھۇم سۇلتاننىڭ تەزىيىسىگە بارىدىغان سەمەر-قەنتلىك ۋەكىللەرگە باشچىلىق قىلىپ بېرىشىنى سورىدى. 120 كىشىلىك ۋەكىللەر ئىچىدە ئۆمەرمۇ بار ئىدى.

تەزىيە مۇراسىمى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا — سالجۇقىيلار قوشۇنلىرىنىڭ كونا قارارگاھىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. قىرغاقتا مىڭلىغان چېدىر - بارگاھلار تىكىلگەن بولۇپ، بۇ ھال ئادەمدە مۇراسىم بەئەينى شەھەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەكابىرلى-رى ئەنسىرىگەن ھالدا سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ يېڭى ھۆكۈمدا-رىغا ئۆز تەزىيىلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كېلىشكەن. ئۇلار ئارقا چاچلىرى ئۆرۈلگەن جەڭگىۋار تۈركلەر بىلەن يانمۇيان تۇرۇ-شاتتى. ئاتىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆر-گەن، 18 ياشلاردىكى ناھايىتى بەستلىك مەلىكشاھ كەڭ قارا جۇ-ۋىسىغا ئورىنىپ، ئېگىز سۇپىغا ئورنىتىلغان تەختتە ئولتۇرۇپ، تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭدىن نې-رىراقتا سۇلالىنىڭ بۈيۈك ۋەزىرى، 55 ياشلاردىكى نىزامۇل مۇلك تىك تۇراتتى. ھەممە ئۇنى ئۆز مەنسىپىگە مۇناسىپ ھالدا «نىزامۇل مۇلك»، يەنى «سەلتەنەت قورۇقچىسى» دەپ ئاتىسا، مەلىكشاھ ئۇ-نىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ، «ئاتا» دەپ مۇراجىئەت قىلات-تى. ھەر قېتىم بىرەر مۆتىۋەر مېھمان تەختكە يېقىنلاشقىنىدا، ياش سۇلتان ۋەزىرىگە قاراپ قوياتتى. ۋەزىر بولسا، مەخپىي ئىشارە بىلەن مېھماننى قانداق قارشى ئېلىشنى مەسلىھەت بېرەتتى. ياش سۇلتان بۇ ئىشارىلەرگە ئاساسەن مېھمانلارغا سەمىمىي ياكى ۋەز-مىن، خاتىرجەم ياكى نەپرەت ئارىلاش، ئىلتىپاتلىق ياكى پەرۋاسىز

نەزەر تاشلايتتى.
سەمەرقەنتلىك ۋەكىللەرمۇ بىر توپ بولۇشۇپ، مەلىكشاھنىڭ
تەختى ئاستىدا يەر سۆيدى. مەلىكشاھ ئۇلارغا بېشىنى يېنىك لىڭ-
شىتىپلا ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر توپ ئەكا-
بىرلار نىزامۇل مۇلك تەرەپكە ئۆرۈلدى. بۈيۈك ۋەزىر ئۆزىنى ۋەز-
مىن تۇتاتتى، مۇلازىملىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا نې-
مىلەرنىدۇر يەتكۈزۈشەتتى. ئۇ بولسا پېتىنى بۇزماستىن تىڭشايت-
تى.

ساراي خوجايىنى بولغان نىزامۇل مۇلكنى قوپال ۋە جاھىل
ئادەم دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر، مول ئەقىل
- پاراسىتى، سىرلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن قورچاق ئوينىتىدىغان
كىشىلەرگە ئوخشاش، كىشىلەرگە ئۆزى خالىغان ھەرىكەتنى قىلد-
ۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇ-
رۇشىمۇ مەلۇم بىر مەنەنى بىلدۈرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كىر-
گەن كىشىلەر سائەتلەپ ئولتۇرۇشۇپمۇ، ئۇنىڭدىن سالام - سە-
ھەت، ياخشى تىلەكتىن باشقا گەپ ئاڭلىمايتتى. چۈنكى كىشىلەر
ئۇنىڭ ھوزۇرىغا شېرىن سۆخەنلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
ساداقىتىنى ئىزھار قىلىش، شۈبھە - گۇمانلارغا ئورۇن قالدۇر-
ماسلىق ھەم ۋەزىرگە ئۆزلىرىنى ئەسلىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا كې-
رىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، سەمەرقەنتلىك ۋەكىللەردىن پەقەت 12 كى-
شىلا بۈيۈك ۋەزىرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقىپ
كۆرۈشۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۆمەر ئۇنىڭ يېنىغا كېتە-
ۋېتىپ، تۇيۇقسىز قازىنىڭ ئايىغىغا دەسسىۋالدى. قازى نېمىلەر-
نىدۇر دەپ غودۇڭشىدى. نىزامۇل مۇلك قازىكالاننىڭ قولىنى بىر
ھازاغىچە قويۇۋەتمەستىن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام
كۆرسەتتى. ئۆمەرنىڭ قولىنىمۇ سىقىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىر-
لىدى:

— كېلەر يىلى، دەل مۇشۇ كۈندە سىنى ئىسپاھاندا كۈتىمەن،

كەلگىن، پارالىلىشىمىز.

ئۆمەر ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى.

ۋەزىرنىڭ گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر گۇمان تۇغدۇردى. ئەتراپتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ۋە ھاپىز ئايالالارنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىشىدىن قۇلاقلىرى پۈتۈپ كەتكەن ئۆمەر مەيۈس ئولتۇرۇپ، گۇمانلىرىغا دەلىل، ئېنىقلىق ئىزدەيتتى. بىراق ئادەملەر توپى ئۇ-نى ئالدىغا سۈردى. ۋەزىر بولسا، ئۆمەرگە سىنچىلاپ تىكىلگىنىچە باش لىڭشىتىپ، مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

سەمەرقەنتكە قايتىشتىمۇ ئۆمەر يول بويى بۇ ئۇچرىشىش توغرىسىدا ئويلاپ ماڭدى. ۋەزىر پەقەت ئۇنىڭ قولىقىغىلا بۇ سۆز-لەرنى ئېيتقانمىدۇ؟ ياكى ئۇنى باشقىلارغا ئوخشىتىپ قالدىمى-كىن؟ نېمىشقا ئەمدى دەل بىر يىلدىن كېيىن، يەنە دەل مۇشۇ كۈندە، باشقا بىر جايدا ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇردى؟... مۇشۇ-نىڭغا ئوخشاش سوئاللار يول بويى ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىنى بەند قىلىپ باراتتى. ئاخىرى، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان قا-رىكالانغا ھەممىنى ئېيتىشقا نىيەت قىلدى. «ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭ-لىغان، ھېس قىلغان بولۇشى ۋە بىرەر نەرسىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئەبۇ تاھىر ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان سوئاللارنى قۇلاق سې-لىپ ئاڭلىدى ـ دە، قۇۋلۇق بىلەن سورىدى:

ـــ مەن ۋەزىرنىڭ قۇلىقىڭغا نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىغىنىنى سەزگەنىدىم، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم. ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، ئۇ سېنى خاتا تونۇپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن مۇلازىملىرىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ئۇلار مۇراسىمغا كەلگەنلەرنىڭ كىملىكىنى، ئىسمى ۋە مەنسەپلىرىنى ئېنىقلاپ، ۋەزىرگە يەتكۈزۈشكە قويۇلغان مەخسۇس كىشىلەردۇر. ئۇلار مەن-دىنمۇ سېنىڭ كىملىكىڭنى سوراپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا سېنىڭ نىشاپۇرلۇق ئالىم، مۇنەججىم ئۆمەر ھەييام ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىشىپ، بۇنى ۋەزىرگە يەتكۈزۈشتى. شۇڭا نىزا-

مۇل مۇلك كىمگە نېمە دېيىشتە ھېچقاچان خاتالاشمايدۇ.
ئۇلار تۈز، لېكىن تاشلىق يولدا ئاتلىرىنى يانمۇيان دېۋىتكىنچە سۆھبەتلىشىپ باراتتى. ئوڭ تەرەپتە — يىراقلاردا پامىر تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى، ئاتلار بىر - بىرىگە ئارىلاپ - ئارىلاپ سۈركىلىپ بىر خىلدا يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى.
— ئۇ مەندىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ — سورىدى ئۆمەر.
— بۇنى بىلىش ئۈچۈن بىر يىل سەۋر قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغىچە بۇ مەسىلىنى ئويلاۋېرىپ، ئۆزۈڭنى قىينىماسلىقىڭ كېرەك. ھەئە، ئۇزاق كۈتسەڭ، بۇ سېنى چارچىتىپ قويۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ ھەقتە ھېچكىمگە تىنما!
— نېمە، مېنى شۇنچە لەۋزى ئادەم دەپ ئويلامسىز؟
ئۆمەرنىڭ سوئالى ئىنتايىن كىنايىلىك ئاڭلانسىمۇ، ئەبۇ تاھىر بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، بىراق ۋەزمىن ئاھاڭدا تەكىتلىدى:
— مەن ئوچۇقىنى ئېيتماقچى، ھېلىقى ئايالغا ھېچ نەرسە دېمە!
ئۆمەر جاھاننىڭ خېلىدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان قەدەم تەشرىپلىرىنى سىر تۇتۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ قالدى.
ئەبۇ تاھىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا داۋام قىلدى:
— سەلەر بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىلا ئايغاقچىلىرىم ماڭا بۇ توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزگەن. مەن ئۇنىڭ كېلىپ — كېتىشلىرىنى ئورۇنلۇق سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈردۈم ۋە ئېتىبار بەرمەسلىكنى، ئەتىگەنلىرى سېنى بىمەھەل ۋاقىتتا ئويغاتماسلىقنىمۇ تاپىلاپ قويغانىدىم. بۈگۈنمۇ، كېيىنمۇ ئاشۇ شېپاڭنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ ئىكەنلىكىگە قىلچە گۇمان قىلما. مەن سەندىن ئۆيۈمنى قىزغانماقچى ئەمەس، بىراق ساڭا چوقۇم ئاشۇ ئايال توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك.
ئۆمەر قىيىن ئەھۋالدا قالدى. قازىنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىنى «ئاشۇ ئايال» دەپ ئاتىغىنى كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى، يەنە كېلىپ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى توغرۇلۇق مۇھاكىمە يۈرگۈ-

زۇشنى خالىمايتتى. ئۇ كۆڭلىدىكىنى دېمىسىمۇ، قاپىقى تۈرۈلۈپ قالدى.

— بىلىمەن، گەپلىرىم كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ساڭا ھەممىنى ئوچۇق ئېيتىشىم لازىم. ئارىمىزدا ئەمدىلا پەيدا بولغان دوستلۇق رىشتىسى بۇنى ئېيتىشقا توسقۇنلۇق قىلىسىمۇ، ساڭا قارىغاندا كۆڭلەكنى جىقراق يىرتالىلىقىم ھەم ئادىمىيلىك بۇرچۇم بۇ گەپلەرنى ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ئايالنى سارايدا بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدىڭ. توغرا، ئۇ ناھايىتى گۈزەل ھەم ياش. ئۇنىڭ شېئىرىي تالانتىمۇ ساڭا يې-قىپ قالدى. قالتىس جۈرئەتچانلىقى بولسا قېنىڭنى قىزىتتى. شۇنداق بولسىمۇ، سىلەرنىڭ پۇل - بايلىققا بولغان قارىشىڭلارنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى سەزدىڭ. سەن ئۈچۈن يىرگىنچلىك تۇيۇلغان ئالتۇننى ئۇ ئىشتىياق بىلەن ئېغىزىغا سېلىشتىن تەپ تارتمىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىنى ساراي شائىرەسى سۈپىتىدە، سەن بولساڭ، ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇمىغان ئىنسان سۈپىتىدە ئۆزۈڭنى نامايان قىل-دىڭ. بۇ ھەقتە كېلىشىۋالغانمىدىڭلار؟

ئۆمەر «ياق» دەپ جاۋاب بەرمىسىمۇ، ئەبۇ تاھىر بۇنى ياخشى چۈشىنىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— چۈشىنىمەن. مۇھەببەتنىڭ دەسلەپىدە ئادەتتە مۇنداق نا-زۇك مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ. بىلىمەن، ياشلار شېرىن مۇنا-سىۋەتنى بىرەر ئورۇنسىز گەپ بىلەن بۇزۇپ قويۇشتىن قورقىدۇ، لېكىن ماڭا نىسبەتەن سېنى بۇ ئايالدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان پاكىتلار تولىمۇ جىددىي ۋە مۇھىم. سىلەرنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش، ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارمۇ ھەر خىل.

— ئۇ — ئاددىي بىر ئايال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرى يوق. ئۇ باشقىلارغا موھتاج بولۇشنى، كىمنىڭدۇر ئۆزىگە خوجايىنلىق قى-لىشىنى خالىماي، ئەركىن ياشاشقا كۆنگەن، خالاس. مەن ئۇنىڭ ناھايىتى جۈرئەتلىكلىكىدىن پەخىرلىنىمەن، ئۇ ئېرىشكەن ئال-تۇنلار ئوقۇغان شېئىرىغا ۋە ئۇنىڭ جاسارىتىگە ئەرزىيدىغان تار-

توق، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىش ياخشى بولماس؟ — ئې-تىراز بىلدۈردى ئۆمەر.
— پىكرىڭگە قوشۇلىمەن، — دېدى قازى ئۇنى مۇنازىرىگە تارتالىغىنىدىن خۇشال بولۇپ، — لېكىن بۇ ئايالنىڭ ساراي ھايا-تىدىن باشقىغا كۆڭۈلمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟
— كىم بىلسۇن؟
— پەرەز قىل، ئۆزۈڭچە ئويلاپ كۆر. سەن ئۇچۇن ساراي ھايا-تى يىرگىنچلىك ۋە مەنىسىز تۇيۇلىدۇ، ئۆزۈڭنى مەجبۇرلاپمۇ ئۇ يەردە بىر مىنۇت ياشىيالمايسەن، توغرىمۇ؟
ئارىغا غەيرىي جىمجىتلىق چۈشتى. ئەبۇ تاھىر ئېنىق ۋە قەت-ئىي ئاھاڭدا سۆزىنى خۇلاسىلىدى:
— مەن ساڭا ھەقىقىي بىر دوست ئېيتىشى لازىم بولغان گەپلەرنى ئېيتتىم، خالاس. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭ گەپ ئاچمى-ساڭ، بۇ ھەقتە سۆزلىمەيمەن.
ئۇلار سوغۇقتىن، ئىگەر ئۈستىدىكى تەۋرىنىشلەردىن ۋە ئوت-تۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن خىجالەتتىن چارچىغان ھالدا سەمەرقەنت-كە يېتىپ كەلدى. ئۆمەر غىزالىنىشقىمۇ ئۇنىماي ھۇجرىسىغا بې-كىنىۋېلىپ، يولدا توقۇغان ئۈچ رۇبائىيىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈ-رۈشكە كىرىشتى. ئۇ يازغانلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ قاپىيىسى-نى سازلايتتى. ئۆمەر ھەر قېتىم شېئىرلىرىغا ئەنە شۇنداق ئىش-لەپ، ئاندىن ئۇلارنى مەخپىي قول يازمىسىغا كۆچۈرۈپ قوياتتى.

# ئونىنچى باب

بۈگۈن ئاخشام ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق كەلگەن جاھان ئوچۇق ئىشىكتىن بىلىنىدۇرمەي مارىلىدى. يۇڭ رومىلىنى ئاستىغىنە ئاچتى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىلىپ، خىياللارغا ئەسىرا بولۇپ ئولتۇرغان ئۆمەرنىڭ بېشىنى قۇچاقلىدى، يۈزلىرىنى يۈزد- گە يېقىپ، خۇشبۇي چاچلىرىنى كۆزلىرىگە باستى.

بىرەر ئاشىق ئۆز مەشۇقىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قىلغان شۇنداق تاتلىق قىلىقلىرىدىن ئۆمەرچىلىك ھوزۇر ئالالىغانمىكىن؟ بۇنداق مېھرىبانلىقتىن كۆڭلى ئېرىپ كەتكەن ئاشىقمۇ دەررۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەشۇقىنىڭ نازۇك بەللىرىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىشقا، قىسقا مۇددەتلىك ئايرىلىشتىن پەيدا بولغان ئې- چىرقاشلىرىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇنماسمۇ؟ لېكىن ئۆمەر بۇنداق تەشرىپتىن، مېھرىبانلىقتىن ئەمەس، بەلكى تەشرىپىنىڭ تاسادى- پىيلىقىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەخپىي قول يازمىسى ئوچۇق تۇراتتى. ئۇنى قانداق قىلىپ سەزدۇرمەستىن سۆيگىنىنىڭ نەزەرىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قۇچىقى- دىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. جاھان ئۇنىڭ ساراسىمىسىنى سې- زىپ قېلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە ئالدىرىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئوچۇق تۇرغان يازمىغا ئۆز كۈندىشىگە قارىغاندەك سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

— كەچۈرۈڭ، بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ مالال قىپتىمەن. سەۋر ـ تاقىتىم قالمىغاچقا بالدۇرراق كەلگەنىدىم. تېخى سىزنى خۇش قىلىۋېتىمەنغۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

ئۆمەر ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئوڭايسىز ھالەتنى بۇزۇشقا ئالدىرى-

دى:

— بۇ ھېلىقى كىتاب، ئېسىڭىزدىمۇ؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ-نى ساڭا بالدۇرراق كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى. ھازىرغىچە سەندىن يوشۇرۇپ يۈرگىنىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىل. چۈنكى ئۇنى بەرگەن ئادەم، ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىكىمنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى.

ئۆمەر قول يازمىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. جاھان ئۇنى مۇنداقلا ۋاراقلاپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا بىپەرۋالىق بىلەن ئۆمەر-گە قايتۇرۇپ بەردى.

— بۇنى ماڭا نېمىشقا تۇتقۇزىسىز؟ يا سىزدىن سورىدىممۇ؟ بەربىر مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن. مەن ھەرقانداق نەرسىنى باش-قىلاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن.

ئۆمەر بۇنىڭغا ھەيران قالمىدى. چۈنكى شۇ زاماندا ئەڭ ئىق-تىدارلىق شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ ئاياللار مۇتلەق ساۋاتسىز بولۇپ، ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيتتى.

— كىتابىڭىزنى مەندىن يوشۇرۇشىڭىزنىڭ سىرى نېمە؟ ئۇ-نىڭغا سېھىرگەرلىك ئەپسۇنلىرى پۈتۈلگەنمۇ؟

— ياقەي، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ مەن پىتنىخور ياكى داخانغا ئوخشايمەنمۇ؟ بۇلار مەي ۋە يار ھەققىدە، ھايات گۈزەللىكلىرى، تەشۋىشلىرى ھەققىدە يېزىلغان رۇبائىيلار، خالاس.

— سىز تېخى رۇبائىيمۇ يازامسىز؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدا مەز-ستەسلىك ئاھاڭلىرى سېزىلدى.

شۇ چاغلاردا رۇبائىيلار ئەڭ يەڭگىل، ھەتتا چاكىنا، ناچار شېئىر تۈرى ھېسابلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىگە مەنسۇپ، ئىقتىدارسىز شائىرلارلا رۇبائىي ئىجاد قىلىدۇ، دەپ قا-رىلاتتى. ئۆمەر ھەييامدەك ئالىم ئادەم ئۆزىگە رۇبائىي يېزىشنى خوپ كۆرەمدۇ؟ ئۇ شۇنچىكى ئەرمەك ئۈچۈن ياكى ماختىنىش ئۈ-چۈن يازامدۇ؟ نېمىشقا بۇ شېئىرلىرىنى ھەممىدىن مەخپىي تۇتۇ-لىدىغان ئالاھىدە بىر سىرلىق دەپتەرگە پۈتىدۇ؟ جەمئىيەتنىڭ يۇ-قىرى قاتلىمىدىكى شائىرلار قاتارىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان بۇ

شائىرەنى ئەنە شۇنداق سوئاللار ھەيران قالدۇرۇپ، تەشۋىشكە سالاتتى.
ئۆمەر ئۆزىنى بىر ئاز خىجىل بولغاندەك، جاھان بولسا ئالدانغاندەك ھېس قىلاتتى.
— يازمىڭىزدىن بىرەر شېئىر ئوقۇپ بەرمەمسىز؟
— كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ساڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بېرىمەن. بىراق ئۇلارغا تېخى يەنە بىر ئاز ئىشلىشىم، ئوقۇيدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈشۈم كېرەك، — دېدى ئۆمەر گەپنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن.
جاھان ئۇنى قىستىمىدى، باشقا سوئال سوراشنىمۇ توختاتتى، بىراق ئىستىھزالىق گەپتىن بىرنى قىلدى:
— يازمىڭىزنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ناشىرخانىغا تەقدىم قىلىپ يۈرمەڭ، ئەگەر مۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلسە، سىزنى ھېچقاچان تەختتە بىللە ئولتۇرۇشتەك ئالاھىدە ئىلتىپاتقا نائىل قىلمايدۇ.
— يازمامنى ھېچكىمگە تەقدىم قىلىش نىيىتىم يوق. خاندىن بىرەر مەنپەئەت ئۈندۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سارايى شائىرى بولۇشقا مەندە زەررىچىمۇ ئىشتىياق يوق.
شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويدى. ئوتتۇرىغا چۈشكەن سۈكۈنات ئۇلارنى قورام تاشتەك ئېزەتتى. ھەر ئىككىسى مۇددىئادىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشاتتى، تېخى داۋاملىشىشى لازىم بولغان شېرىن دەقىقىلەر ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىتنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇ تاپتا ئۆمەر جاھاننىڭ، بەلكى قازىنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئەسلەۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق سۆز ئېچىلىپ، ئوتتۇرىدىكى كەيپىياتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىگە ئۆزى سەۋەبچى بولغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. «گەپلىرىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويدىمىكىن» دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇلار شۇ كەمگىچە ئوتتۇرىدا ئورنىتىلغان پاك سەمىمىيەت ۋە غەمسىز مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ قويۇشتىن، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىۋېتىدىغان گەپ - سۆزلەردىن ئېھتىيات

قىلىشىپ، بەختلىك ياشىغان ئىدى. «قازى ماڭا ھەقىقەتنى كۆ-رۈشنى ئۆگەتتىمۇ ياكى بەختىمگە سايە تاشلىدىمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۆمەر.

— سىز ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، ئۆمەر. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيۋاتىمەن. سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزدا، تەلەپپۇزىڭىزدا مەن ئاڭقىرالمايۋاتقان قانداقتۇر بىر خىل ياتلىشىش بار — ئۇ ئۆمەر-نىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئۇنىڭ-غا يالۋۇرۇپ ئۆزرە سوراشقا باشلىدى، كېيىن بولسا ھۆڭرەپ يىغ-لىۋەتتى.

— مەن بۇ ئاخشام يىغلايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، — لېكىن مۇنداق ئەلەملىك ياش تۆ-كۈشۈمنى ئويلىمىغان ئىدىم. مەن ئۇزۇن ۋاقىت، ئېھتىمال بىر-بىرىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدىغانلىقىمىزنى بىلەتتىم، لېكىن ئايرىلىشىمىزنىڭ مۇنداق كۆڭۈلسىز، مۇنداق ياتلىشىش بىلەن ئا-خىرلىشىشىنى ئويلىمىغانىدىم. ئۆمرۈمدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە شېرىن مۇھەببىتىمنىڭ ئىزنالىرى ئەمدى كېلىپ سىزنىڭ مانا مۇشۇ ياتـ-لىشىپ كەتكەن كۆزلىرىڭىزگە قاراش بىلەن ئاخىرلىشارمۇ! ماڭا قاراڭ، ئۆمەر! ماڭا ئاخىرقى قېتىم قاراڭ! مېنىڭ سۆيگىنىڭىز ئىكەنلىكىمنى، مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، مېنىڭمۇ سىز-نى سۆيىدىغانلىقىمنى ئەسلەڭ، مېنى تونۇمىسىز — يوقمۇ؟ مەندىن نېمىشقىدۇر گۇمان قىلىۋاتقاندەك، قىلمىغان گۇناھىمغا ئىقرار بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇرىسىز، سىزگە نېمە بولغانلى-قىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. قەلبىم دەرد ـ ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئۇنى ئەركىلىتىپ قۇچاقلاشقا ئۇرۇندى، لېكىن جاھان چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— ياق، بۇنىڭ بىلەن مېنى تىنچلاندۇرالمايسىز، چۈنكى جىسمىمىزمۇ شۇ گەپلەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ، يا بۇ گەپلەرنىڭ يال-غانلىقىنى پاش قىلالمايدۇ. سىزگە نېمە بولدى؟ قېنى، ئېيتىڭچۇ؟!

— جاھان، ئەزىزىم! كەل، تاڭ ئاتقۇچە بۇ توغرىسىدا ھېچ

نەرسە دېيىشمەيلى!

— ئەتە مەن بۇ يەردە بولمايمەن. خان تاڭ سەھەردە سەمەرقەنتتىن كەتمەكچى.

— قەيەرگە؟

— بۇنى بىلمەيمەن. كەشكىمۇ، بۇخاراغىمۇ ياكى تېرمىزغىمۇ، بۇ سىزگە بەرىبىر؟! پۈتۈن سارايدىكىلەر ماڭىدۇ، جۈملىدىن مەنمۇ.

— سەمەرقەنتلىك ھامامىنىڭكىدە قالىمەن دېسەڭچۇ؟

— كاشكى، گەپ باھانە تېپىشتا بولسا! مەن سارايدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن. ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا. مەن بۇ ئورۇننى ئەگىلەش ئۈچۈن ئون ئەر كىشىدىن ئارتۇقراق تەر تۆككەن. ئەمدى ئۇنى ئەبۇ تاھىرنىڭ بېغىدىكى شىپاڭدا ئۆتىدىغان كۆڭۈل خۇشلۇقىغا تېگىشمەكچى ئەمەسمەن.

— ئەجەبا گەپ پەقەت كۆڭۈل خۇشلۇقىدا بولسا! سەندىن ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولۇشۇڭنى سورىماقچىمەن! — دېدى ئۆمەر ئويلاپمۇ تورماستىنلا.

— ھەمراھ؟ ھەمراھلىققا بىرەر ئىش يوققۇ، ئاخىر! — جاھان بۇ گەپنى توز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتتى، بىراق ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا ئىلگىرىكىدەك مۇلايىملىق يوق ئىدى.

ئۆمەر ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلاپ، شىۋىرلىدى:

— ھېچبولمىسا، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشكە تىرىشقىنىمىزدا ئىدى، ۋاقتىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماي، مۇنداق ئەخمەقانە تالاش — تارتىشقا چەك قويغان بولاتتۇق. ھەربىر دەقىقىسى تاغدەك ئالتۇنغا تەڭ بولغان خۇشلىنىش پەيتىدە، مۇھىمى كەلگۈسىمىز توغرۇلۇق ئويلىشىمىز لازىم بولغان بىر پەيتتە ئەخمىقانە گەپلەر بىلەن كۆڭلىمىزنى رەنجىتىپ ئولتۇرۇپتىمىز؟!

ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى، ئەمما يېشىنى جاھانغا كۆرسىتىش نىيىتى يوق ئىدى. بىراق، جاھان بۇنى سېزىپ قېلىپ، بىردىن ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ گەپ باشلىدى:

— سىز مەندىن يازمىلىرىڭىزنى پىنھان تۇتۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن كۆز ياشلىرىڭىزنى يوشۇرالمايسىز. مەن بۇ كۆز ياشلىرىڭىزنى كۆرۈشنى خالايمەن. مەيلى، ئۇلار مېنىڭ كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ كەتسۇن، مەيلى، ئۇلار مېنىڭ مەڭزىلىرىمدە ئىز قالدۇرۇپ ئېقىپ چۈشسۇن، مەن لەۋلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ تۇزلۇق تەمىنى تېتىپ كۆرۈشنى خالايمەن...

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىشكە، شۇ پېتى نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمۇشقا تەييار ھالدا كىيىملىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ يېشىشكە باشلىدى. قايناق كۆز ياشلار بىلەن ئوت ئالغان ئىككى ياشنىڭ شېرىن كېچىسى باشلاندى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان بۇ يالقۇن قاتتىق ئەۋج ئالماقتا ئىدى... ئۇلارنى ئارامبەخش ھېس - تۇيغۇلار قازىنىدا قورۇيتتى. پاكار شىرە ئۈستىدىكى قۇم سائەتنىڭ قۇملىرى پۈتۈنلەي ئېقىپ تۈگىدى. شېرىن ھېس - تۇيغۇلار پەسكويغا چۈشۈپ، پەلىلداۋاتقان چوغلا قالدى. بۇ چوغلار ھاسىراپ نەپەس ئېلىۋاتقان ئىككى ياشنىڭ لەۋلىرىدە مەمنۇنىيەت ۋە ۋىسال شادلىقىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئۆمەر جاھانغىمۇ ياكى ئۇلارنى مۇنچىلىك ھاياجانغا سالغان تەقدىرگىمۇ، ئەيتاۋۇر مۇراجىئەت قىلىپ پىچىرلىدى:

— بىزنىڭ بەس - مۇنازىرىمىز ئەمدى باشلىنىدۇ.

جاھان كۆزلىرى يۇمۇق ھالدا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ھالسىز بىر ھالەتتە ئىلتىماس قىلدى.

— مېنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئويغىتىۋېتىڭ!

بۇ كۈنى ئۆمەر قول يازمىسىغا يېڭى رۇبائىيسىنى يېزىپ قويدى:

دىلىم بولغان ئىدى بىر گۈزەلگە زار،
ئۇ ئۆزگە بىر يەردە غەمگە گىرىپتار.
مەن ئۇندىن ئۆزۈمگە دورا ئىزلىسەم،
نە قىلاي، تېۋىپنىڭ ئۆزىمۇ بىمار.

# ئون بىرىنچى باب

كۇشان ــ تۈز سەھراسى ئايىغىدىكى يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان، پاكار ـ پاكار ئۆيلۈك كىچىككىنە بىر شەھەر. كارۋانلار ۋاتۇر تاغلىرىدىن ئىسپاھان چېگرىسىغىچە كېزىپ يۈرگەن لەنتى قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، كارغاس كۆھ تەرەپتىكى يىراق يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال بۇ كىچە شەھەردە توختاپ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىۋالدى.

كۇشان ئاساسەن لاي ۋە كېسەكتىن قۇرۇلغان شەھەر، بۇ يەرگە قەدەم باسقان ساياھەتچى سىلىقراق سىۋۇالغان ياكى بېزەلگەن بىرەر قۇرۇلۇشنى ئىزدىسىمۇ، بىكار ئاۋارە بولىدۇ. بىراق سەمەرقەنتتىن باشلاپ باغدادقىچە بولغان نۇرغۇن مەسچىتلەر، ساراي ياكى مەدرىسلەر دەل مۇشۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان، يېشىل ۋە ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىپ تەييارلانغان كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن. ئىنگلىزلار چىنىنى «چىن (جۇڭگو)» نامى بىلەن ئاتىغىنىدەك، پۈتۈن مۇسۇلمانلار شەرقىي كاھىشنى ئاددىيلا قىلىپ «كۇشى» ياكى «كۇشانىي» دەپ ئاتاشقا باشلىغانىدى.

شەھەر مەركىزىدىكى خورمىلار سايىسىغا ئاددىي بىر كارۋانساراي جايلاشقان. سارايىنىڭ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ھويلىلىرىنى ئوراپ تۇرغان تامنىڭ بۆلۈكلىرىدا كۆزىتىش مۇنارلىرى بار بولۇپ، تاشقىرىقى ھويلا مېھمانلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى ۋە يۈكلىرى ئۈچۈن ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان ئۆيلەردىن ئىبارەت. ئىچكىرى ھويلا بولسا، ھۇجرا ئۈچۈن ئاجرىتىلغان. ئۇمەر ئۇلاردىن بىرىنى ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن ئىجارە ئالماقچى بولدى. بىراق، كارۋانساراي خوجايىنى ئىسپاھاندىن بىر باي سودىگەرنىڭ ئوغۇللىرى ۋە خىز-

مەتكارلىرى بىلەن كەلگەنلىكىنى، بۈگۈن ئاخشام بوش ھۇجرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىزىملىك خاتىرىسىنى كۆر-ستىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى ھويلا ۋارقىراپ - جار-قىراۋاتقان خىزمەتكارلار، ئات - ئۇلاغلار بىلەن تولغانىدى. ئۆمەر قىش بولغىنىغا قارىماستىن كېچىنى ئوچۇقچىلىقتا ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق، كۈشانىنىڭ چايانلىرىنىڭ ئۇنىڭ كاھىش-لىرىدىنمۇ مەشھۇرراق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئەجابا بىر ئاخشام پاناھلىنىشقا كىچىك بىر بۇلۇڭمۇ تې-پىلمىسا؟ — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ.

كارۋانساراي خوجايىنى گەدىنىنى قاشلىدى، قاراڭغۇ چۈشۈۋا-تاتتى. ئۇ بىر مۇسۇلماننى بۇنداق ھالەتتە قالدۇرۇشنى ئۆزىگە خوپ كۆرمىدى بولغاي:

— بۇلۇڭدىكى ھۇجرىدا بىر تالىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭغا دەپ باقسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

ئۇلار شۇ ھۇجرىغا مېڭىشتى. خوجايىن يېپىق ئىشىكنى چې-كىپ ئولتۇرمايلا ئاچتى. ئىچكىرىدە پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىدا كىمنىڭدۇر ئوقۇۋاتقان كىتابىنى ئالدىراپ - تېنەپ يو-شۇرغىنىنى كۆرۈندى.

— بۇ ھۆرمەتلىك كىشى سەمەرقەنتتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى يولغا چىققان، مەن ئۇنى كېچىنى بىللە ئۆتكۈزەرسىلەر، دەپ باشلاپ كىردىم، — دېدى خوجايىن.

ھۇجرىدىكى يىگىت قارىماققا بۇ گەپكە قارشىدەك كۆرۈنسە-مۇ، كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماي، خۇش چىراي بىلەن قولىنى كۆك-سىگە قويۇپ، يەڭگىل تەزىم قىلدى.

ئۆمەر ھۇجرىغا كىرىپ سالام بەردى ۋە ئۆزىنى قىسقىلا تو-نۇشتۇردى:

— نىشاپۇرلۇق ئۆمەر بولىمەن.

بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ ھۇجرىدىكى يىگىتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ

كەتتى ۋە دەررۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:
— ھەسەن ئىبن ئەلى سەبباھ، كامدە تۇغۇلغانمەن، رەيدە تا-لىپ ئىدىم، ئىسپاھانغا كېتىۋاتىمەن.
ھەمراھىنىڭ ئۆزىنى مۇنداق تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشى ئۆمەر-گە بىر ئاز ئارتۇقچە تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يالغۇز يىگىت ئۆمەرگىمۇ ئۆز سەپىرىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە تەپسىلىيرەك سۆز-لەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. لېكىن ئۆمەر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا جىمغىنە تامغا يۆلىنىپ ئول-تۇرغىنىچە، بۇ تۇرقى كىچىك، بوغداي ئۆڭ يىگىتكە تىكىلىپ سۈكۈتتە تۇردى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى تېخى ئەمدىلا كۆتۈرۈ-لۈشكە باشلىغان، بېشىدا چىڭ ئورالغان قارا سەللە، كۆزلىرى بولسا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە پولتىيىپ چىققاند-ىدى.
تالىپ كۈلگىنىچە قۇۋلۇق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— كۇشان تەرەپلەردە ئۆمەر ئىسىملىك كىشىلەر ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ يۈرۈشى كېرەك.
ئۆمەر ئۆزىنى تولىمۇ ھەيران قالغاندەك كۆرسەتتى. بىراق ئۇ كىنايىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. پەيغەمبەرنىڭ ئىككىنچى ۋارىسى، شىئەلەر مەزھىپىنىڭ باشلىقى ئەلىنىڭ نەسەبەتلىرىگە قارشى چىققان ۋە شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان خە-لىپىنىڭ ئىسمىمۇ ئۆمەر ئىدى. ھازىرقى پەيتتە پارسلارنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى سۈننىيلەر مەزھىپىدە بولسىمۇ، شىئەلەرنىڭ تە-رەپدارلىرى كام ۋە كۇشان ئۆلكىلىرىدە ئاز - تولا تېپىلاتتى. ھەر يىلى بۇ ئۆلكىلەردە خەلىپە ئۆمەرنىڭ ھالاك بولغان كۈنىنى كۈل-كىلىك بىر ھالدا خاتىرىلىشەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئايالالر يا-سىنىپ - تارىناتتى، ھەر خىل شىرىنلىك ئىچىملىكلەر ۋە قورۇ-تۇلغان پىستىلەرنى تەييارلىشاتتى. باللار بولسا ئۆگزىلەردىن يو-لۇچىلار ئۈستىگە ئىدىشلاردىكى سۇلارنى چېچىپ، خۇشال چۇرقى-رىشىپ: «ئۆمەرنى خۇدا قارغىسۇن!» دەپ تۇۋلىشاتتى. ئادەملەر

لايدىن ياسالغان ئۆمەر سىياقىدىكى كىچىك قورچاقنى كۆتۈرۈشۈپ مەھەللە كوچىلىرىدىن ئۆتۈشەتتى. «نامىڭ ئۆمەر بولغىنى ئۈچۈن سېنىڭ جايىڭ دوزاختا بولسۇن، چۈنكى سەن ئەڭ رەزىل ئادەملەر-نىڭ رەھنەماسى، ۋىجدانسىز، زوراۋان ھۆكۈمدار ئىدىڭ!» دەپ قو-شاق قېتىشاتتى. كام ۋە ئىسپاھانلىق موزدۇزلار ئۆزلىرى تىككەن ئۆتۈكنىڭ چەمىگە «ئۆمەر» دەپ يېزىپ قويۇشقا ئادەتلەندى. قېچىر ئىگىلىرى ھايۋانلىرىنى ئۆمەرنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ تىللايتتى. ئۇۋچىلار ئوقياسىدىن ئاخىرقى ئوقنى ئۈزگەندە: «بۇ ئۆمەرنىڭ يۈ-رىكىگە سانجىلسۇن!» دەپ قويۇشاتتى.

ھەسەن بۇ ئىشلارنى ئۈنچىلىك تەپسىلىي بىلمىسىمۇ، بىر-نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەردى. ئۆمەر ئانچە ياقتۇرمى-غاندەك ئاھاڭدا سۆز قاتتى:

— مەن ئىسمىم ئۈچۈن يولۇمدىن، يولۇم ئۈچۈن ئىسمىمدىن ۋاز كېچىدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمەن.

ئوتتۇرىغا سوغۇق سۈكۈنات چۈشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قا-رىماسلىققا تىرىشاتتى. ئۆمەر كىيىملىرىنى يېشىپ ئۇخلاشقا ھا-زىرلاندى. شۇ چاغدا ھەسەن يەنە گەپ باشلىدى:

— بۇ ئادەتلەرنى ئەسلىتىپ، ئېھتىمال، سېنى خاپا قىلىپ قويغاندۇرمەن. مەن بۇ جايلاردا ئىسمىڭنى بىرەرسى سوراپ قالغاندا ئېھتىيات قىلىشىڭنى ئەسكەرتمەكچىمەن، خالاس. گەپلىرىمنى كۆڭلۈڭگە ئالما. كىچىكىمدە بۇنداق مۇراسىملارغا مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم قاتناشقان، لېكىن چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا باشقىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان بولدۇم. مەن مۇنداق چۈشەنچىلەرنىڭ ئە-قىللىق كىشىلەرگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبە-رىمىزنىڭ نەسىھەتلىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەت-تىم. بىراق سەن سەمەرقەنتتە ياكى باشقا بىرەر جايدا كۈشانلىق ھۈنەرۋەن شىئەلەر تەييارلىغان سىرلىق كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن مەسچىتلەرگە مەپتۇن بولۇپ تۇرغىنىڭدا، دەل شۇ مەسچىتلەرنىڭ مەزىنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېگىز مۇنبەرلىرىدىن تۇرۇپ، شىئە مەز-

ھېيدىكى دىيانەتلىك كىشىلەرگە لەنەت ئوقۇشىدۇ. قېنى ئېيت-
قىنچۇ، بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەقىدىلىرىگە ماس كېلەمدۇ؟
ئۆمەر قەددىنى بىر ئاز رۇسلاپ ئۇنىڭغا قارىدى.
— مانا بۇ ساغلام پىكىرلىك كىشىنىڭ گېپى بولدى، — دېدى
ئۇ.
— مەن ساغلام مۇلاھىزىلىك كىشى بولۇشنىڭمۇ، ئەخمەقانە
ئىش قىلىشنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، كېيىن ئادەملەرنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتۇشنى، ئۇلارغا يېقىشنىمۇ ياخشى بىلىمەن. لېكىن
ھەمراھلىقتا كەلسەك، ئۆزىنى ياخشىراق تونۇشتۇرۇشنى خالىماي-
دىغان ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇشنىڭ ئىلاجىنى تا-
پالمايۋاتىمەن.
— ماڭا ئىلتىپاتسىز مۇئامىلە قىلىشتا ئىسمىمنىڭ ئۆزى
يېتەرلىك بولدىغۇ! ئەگەر ئۆزۈمنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغىنىمدا،
كىم بىلسۇن، يەنە نېمىلەرنى دېگەن بولاتتىڭكىن - تاڭ؟
— ئېھتىمال، بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولاتتىم؟ خەلىپىنىڭ
ئۆمەرنى قانچىلىك سۆكۈشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما، ماتېماتىكا
ئىلمىنىڭ بۈيۈك ئەللامەسى، مۇنەججىم، پەيلاسوپ ئۆمەرنى ئىز-
زەت - ھۆرمەت قىلماق لازىمدۇر.
ئۆمەرنىڭ ئورنىدىن قوزغالغىنىنى كۆرگەن ھەسەن مەمنۇن-
لۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:
— سەن ئادەملەرنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسمىدىن تونۇش مۇم-
كىن، دەپ ئويلامسەن؟ ئادەمنى قارىشىدىن، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن،
مىجەز - خۇلقىدىن ۋە گەپ - سۆزلىرىدىنمۇ تونۇش مۇمكىن. ئى-
شىكتىن كىرىشىڭ بىلەنلا، سېنى ئىززەت - ھۆرمەتكە ئادەتلىنىپ
قالغان، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان كىشىلەردىن ئىكەنلى-
كىڭنى بىلىۋالغان ئىدىم. سەن ئىسمىڭنى ئېيتقان چاغدىلا، ئې-
سىمگە نىشاپۇرلۇق بىرلا ئۆمەر كەلگەنىدى.
— ئەگەر مېنى ھەيران قالدۇرماقچى بولساڭ، ئېيتىپ قوياي،
بۇنىڭغا ئېرىشتىڭ، سەن كىم؟

— ساڭا ئىسمىمنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ساڭا ھېچ نەرسىنى ئۇقتۇرمايدۇ. مەن كاملىق ھەسەن سەبباھ بولىمەن، خالاس. ئەگەر ئۇن يەتتە يېشىمدىلا دىن، پەلسەپە، تارىخ ۋە يۇلتۇزلارغا ئائىت پۈتكۈل ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققىنىمنى دېمىسەم، باشقا ھېچ نەرسە بىلەن ماختىنالمايمەن.

— ئىنسان ھېچقاچان ھەممە كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگىتەلمەيدۇ، ئۆگىنىش لازىم بولغان بىلىملەر ھېلىغىچە تىقىلىپ يېتىپتۇ.

— مېنى سىناپ كۆر.

ئۆمەر سۆھبەتدىشىنىڭ بۇ گېپىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا ئەپلاتون، ئېۋكلىد، پورفىرىي، پتولېمىي، دىئوسكورىد، گالىن، ئەل رازى ۋە ئىبن سىنانىڭ تېبابەت ئىلمىدىن، كېيىن قۇرئاندىكى ئايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەرھلىرى ھەققىدە سوئال بېرىشكە باشلىدى. ھەسەن سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئېنىق ۋە ئىخچام، ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان، ئېتىرازغا ئورۇن قالدۇرمايدىغان دەرىجىدە جاۋاب بەردى. تاڭ ئاتقاندىمۇ ئۇلار تېخى ئۇخلىمىغان، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ سېزىشمىگەن ئىدى. ھەسەن ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن روھلىنىپ كەتكەن، ئۆمەرنىڭ سۆھبەتدىشى ھەققىدىكى قارىشى خېلى ئۆزگىرىپ قالغان ئىدى.

— بۇنچە كۆپ بىلىملەرنى ئۆزلەشتۇرگەن كىشىنى ھازىرغىچە ئۇچراتمىغانىدىم. شۇنچە مول بىلىمىڭ بىلەن ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

ھەسەن خۇددى قەلبىدىكى يوشۇرۇن سىرنى بىلىۋالغاندەك، ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن نەزەر تاشلىدى، كېيىن خاتىرجەم ھالدا، كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ جاۋاب بەردى:

— مەن نىزامۇل مۇلكنىڭ سارىيىغا كېتىۋاتىمەن، ئېھتىمال، ئۇ ماڭا بىرەر مۇۋاپىق ئىش تېپىپ بېرەر.

سۆھبەتدىشىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە لال بولغان ئۆمەر گويا ئۆزى ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك سارايسىمىگە چۈشۈپ قال-

دى، لېكىن يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە قالغان كىچىككىنە ئە-
شەنچسىزلىك بۇ كىشى بىلەن ئالدىراپ ئاپاق - چاپاق بولماسلىق-
قا، ئۇنى ئۆزىدىن بىرئاز يىراقراق تۇتۇشقا ئۈندىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۇلار سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇپ
يولغا چىقتى. ئىككىيلەن ئاتتا يانمۇيان مېڭىپ، ئۆزلىرى ياقتۇر-
غان ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن تۇرۇپ پارچە، تۇرۇپ ئەرەبچە
مىساللار كەلتۈرۈپ، پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. بەزىدە ئوتتۇرىدا
تاسادىپىي تالاش - تارتىشلار چىقىپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇ تالاش -
تارتىشلار دەررۇ ئۆز يەكۈنىنى تاپاتتى. دىنىي ئېتىقاد توغرۇلۇق
گەپ بولغاندا ھەسەن روھلىنىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتەتتى. مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، سۆھبەتدىشى-
نىمۇ ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئۆمەر بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا
گۇمان بىلەن تىڭشىلىپ، پىكىرلىرىگە باھا بېرىشكە ئالدىرىماي،
ئەتەي بۇ ھەقتە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلاتتى.

شۇ دەقىقىلەردە ئات ئۈستىدە ئويچان كېتىۋاتقان ئۆمەرنىڭ
خىيالىغا تۆۋەندىكى رۇبائىي كەلدى:

ئەزەل سىرىنى بىلەلمەسمىز نە سەنۇ، نە مەن،
بۇ مۇشكۇل، ھەل قىلالماسمىز نە سەنۇ، نە مەن.
پەردە ئارقىسىدا ئاخىر، بۇ گەپلىرىمىز،
پەردە يوقالسا، قالماسمىز، نە سەنۇ، نە مەن.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئۇلار ئىسپاھانغا يېتىپ كەلدى.

# ئون ئىككىنچى باب

«ئىسپاھان ــ نىسپىي جاھان، دۇنيانىڭ يېرىمى!» دېيىشىدۇ بۇگۇنكى پارسلار. بۇ سۆز ھەييام ياشىغان دەۋردىن كېيىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، مىلادىيە 1074 ـ يىللاردا يېزىلغان، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلاردىن: «ئۇنىڭ تاشلىرى قوغۇشۇندەك يالتىراق، مايسىلىرى كۆپكۆك، ھاۋاسى شۇنچىلىك ساپ ۋە ئارامبەخشكى، ئامبارلاردىكى ئاشلىقلا ھەرگىز قۇرت چۈشمەيدۇ، گۆشلەر بۇزۇلمايدۇ» دېگەن تەرىپ سۆزلىرىنى ئوقۇش مۇمكىن. ئىسپاھان دېڭىز يۈزىدىن 5000 قەدەم ئېگىزلىككە جايلاشقانلىقى راست. بۇ دەۋرلەردە ئىسپاھاندا ئاتمىش نەچچە كارۋانساراي، ئىككى يۈزدەك پۇل ئالماشتۇرۇش ئورنى، نۇرغۇن ئۈستى يېپىق بازارلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستاخانىلىرىدا ھۈنەرۋەنلەر يىپەك ۋە پاختىدىن يىپ ئىگىرەتتى. گىلەملىرى، گەزماللىرى، ئاسما قۇلۇپلىرى يىراق ـ يىراقلارغا ئاپىرىلىپ سېتىلاتتى. ئۇنىڭ ئەتىرگۈللىرى ھەر خىل رەڭدە ئېچىلاتتى. بۇ يەردىكى مولچىلىق ۋە پاراۋان تۇرمۇش تىللاردا داستان ئىدى. پارس زېمىنىدا ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغان بۇ شەھەر ئەمەل، بايلىق ھەم بىلىم ھېرىسمەنلىرىنى ھەر قاچان ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن.

بىز بۇنى «شەھەر» دېدۇق. ئەسلىدە بۇ يەردە گەپ مۇئەييەن بىر شەھەر ھەققىدە ئەمەس، چۈنكى ئىسپاھان دەپ ئاتالغان شەھەر ئەمەلىيەتتە يوق. ئەكسىچە، پۈتۈن ۋادا شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە قىزىقارلىق بىر رىۋايەتمۇ بار: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رەيلىك بىر ياش سەيياھ ئىسپاھان شەھىرىنىڭ سېپىللىرىنى تونجى بولۇپ كۆرۈش ئۈچۈن كارۋاندىن ئايرىلىپ، ئات چاپتۇرغىنىچە

ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. ئۇ بىرنەچچە سائەت يول بېسىپ، «زايەندە رۇد — ھاياتلىق دەرياسى»دىن ئۆتۈپ، پاكار تاملار بىلەن ئورالغان بىر مەنزىلگە يېتىپتۇ. بۇ جاي خېلىلا چوڭ بولسىمۇ، رەڭگە نىسبەتەن كىچىكرەك تۇيۇلۇپتۇ. يىگىت شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قاراۋۇللاردىن بۇنىڭ قايسى شەھەر ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— بۇ — جاي شەھىرى، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

ساياھەتچى يىگىت بۇ شەھەرگە كىرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، غەربكە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئېتى خېلى چارچاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى قامچىلاپ يول يۈرۈۋېرىپتۇ. ئاخىرى، يولدىن ئېزىپ جاي ۋە رەڭگە قارىغاندا بىرئاز چوڭراق يەنە بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ياشانغان بىر يولۇچىدىن بۇنىڭ قايسى شەھەرلىكىنى سوراپتۇ.

— بۇ يەھۇدىيە، — دەپتۇ ئۇ.

— بۇ يەردە يەھۇدىيلار ياشامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەيياھ.

— ھەئە، ئاز - تولا بار، بىراق كۆپ قىسىم ئاھالىسى سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش مۇسۇلمانلاردۇر. بۇ يەرنىڭ «يەھۇدىيە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بىر چاغلاردا نەبۇشادانەزەر ئىسىملىك پادىشاھ ئىسرائىلىيىدىن ھەيدەپ كەلگەن يەھۇدىيلارنى مانا شۇ يەرگە جايلاشتۇرغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بىر پادىشاھنىڭ خوتۇنى يەھۇدىي بولۇپ، بۇ ئايال ئۆز قوۋمىدىكى ئادەملەرنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ جايلاشتۇرغان. بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىر خۇدا بىلىدۇ.

يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى بىلگەن ياش سەيياھ يەنە يولغا چۈشمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بوۋاي سوراپتۇ:

— بۇ ئېتىڭ بىلەن قەيەرگە بارماقچىسەن، ئوغلۇم؟

— ئىسپاھانغا.

بوۋاي قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ:

— ئىسپاھان دېگەن شەھەر مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ساڭا

ھېچكىم ئېيتمىغانمىدى؟

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇ پارس زېمىنىدىكى ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ گۈزەل شەھەر ئەمەسمىدى؟ بىر چاغلاردا پارت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ئەرتەبەنىنىڭ پايتەختى بولغانلىقىمۇ يالغانمۇ؟ ئۇنىڭ كىتابلاردا ئاجايىب - غارايىب تەسۋىرلەنگىنىچۇ؟

— كىتابلاردا نېمە دەپ يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ياشاۋاتقىنىمغا 70 يىل بولدى، ھازىرغىچە پەقەت باشقا يۇرتلۇقلارنىڭلا ئىسپاھان ھەققىدە سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىدىم.

ئەلۋەتتە، بوۋاي بىر ئاز ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئىسپاھان خېلى ۋاقىتلارغىچە شەھەر نامىنى ئەمەس، ئۆلكە نامىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئۆلكىدە بىر - بىرى بىلەن ئارىلىقى سائەتلىك مۇساپىگە جايلاشقان جاي ۋە يەھۇدىيە شەھەرلىرى مەۋجۇت بولغان. پەقەت 16 - ئەسىرگە كەلگەندىلا بۇ ئىككى شەھەر بىرلىشىپ، ھەقىقىي چوڭ بىر شەھەرگە ئايلانغان. ئۆمەر ياشىغان دەۋرلەردە بولسا، شەھەرلەر تېخى بىرلەشمىگەن، پەقەت ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نەچچە ئون مىل ئۇزۇنلۇقتىكى مۇداپىئە سېپىللىرى بار ئىدى.

* * *

ئۆمەر بىلەن ھەسەن جاي شەھىرىگە كەچقۇرۇن يېتىپ كېلىپ، ئىراخ دەرۋازىسى يېنىدىكى بىر كارۋانسارايغا جايلاشتى، خېلىلا چارچىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ئۆتمەيلا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئەتىسى ئۆمەر باش ۋەزىرنىڭ قوبۇلىغا يول ئالدى. پۇل ئالماشتۇرغۇچىلار مەيدانىدا ھەر مىللەتتىن بولغان ساياھەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر تەڭگىنىڭ قىممىتىنى ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئەتراپىغا توپلانماقتا. ئۇلار تەڭگىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى مەخسۇس تارازىلاردا ئۆلچىشەتتى. كىرمان، نىشاپۇر ياكى سېۋىل دىنارلىرىنى چىشلەپ، دېھلى رۇپىيىلىرىنى پۇراپ كۆرۈشەتتى، بۇخارا دەرھەملىر-

نىڭ ئىغىرلىقىنى قولىدا دەڭسەشتى ياكى كونستانتىنوپولنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن پۇللىرىنى كۆرۈپ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرەتتى.
نىزامۇل مۇلكنىڭ قوبۇلخانىسى بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ئىشىكلىرى ئالدىدا كاناي - سۇنايچىلار قاتار تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىر كۈندە ئۈچ قېتىم باش ۋەزىر شەرىپىگە كاناي - سۇنايلىرىنى چېلىش ئىدى. ئەمما مۇنداق دەبدەبىگە قارىماستىن، ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ھەممە ئادەم كىرىشى مۇمكىن ئىدى، ھەتتا ھەق - ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان ئەڭ بىچارە تۇل خوتۇنمۇ قوبۇلخانىغا كىرىپ، سەلتەنەتنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك كىشىسى، يەنى باش ۋەزىر بىلەن كۆرۈشۈشى، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئېيتالىشى مۇمكىن ئىدى.
نىزامۇل مۇلكنىڭ ئەتراپىدا قاراۋۇل ۋە مۇلازىملار تەق بولۇپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار قوبۇلغا كەلگەن ھەربىر كىشىنىڭ كىملىكىنى سوراپ سۈرۈشتۈرەتتى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ھەيدەپ چىقىراتتى. ئۆمەر بوسۇغىدا توختاپ، قوبۇلخانىغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ تاملىرى گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. ئۆمەر قوبۇلخانىدىكىلەرگە تارتىنىپراق سالام بەردى. رەڭگارەڭ كىيىنگەن كىشىلەر ۋەزىرنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. ۋەزىر بولسا بىر تۈرك سانغۇنى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانىدى. نىزامۇل مۇلك كۆزىنىڭ قىرىدا كەلگەن يېڭى مېھمانغا نەزەر تاشلىدى، ئۇنى تونۇپ، سەمىمىي كۈلۈپ قويدى ۋە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈزىگە، پېشانىسىگە سۆيدى.
— سېنى كۈتكەن ئىدىم. ۋاقتىدا كېلىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەتتىم. ساڭا ئېيتىدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، — دېدى ئۇ شادلىنىپ ۋە ئۆمەرنى قولىدىن تۇتۇپ ئالاھىدە بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇلار قېلىن تېرە ياستۇق ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى.
— مېنىڭ جىق گەپلىرىم سېنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن.

بىراق ئۈمىد قىلىمەنكى، گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە
پۇشايمان قىلمايسەن.
— نىزامۇل مۇلكنىڭ ئاستانىسىدىن ئۆتكەن بىرەر كىشى بۇ
ئىشىدىن پۇشايمان قىلغانمۇ؟
— بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ۋەزىر قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ، —
مەن بەزىلىرىنىڭ ئابرۇيىنى راسا كۆتۈرىمەن، بەزىلىرىنى بولسا
يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن. ھەر كۈنى ئادەملەرنى ھاياتلىق ياكى
ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن. ئىشلىرىمغا خۇدا گۇۋاھ ۋە ئۇ ماڭا مانا شۇ
كۈچ - قۇدرەتنى راۋا كۆرگەن. ياراتقان ئىگەم ئالەم خوجايىنلىقى-
نى دەسلەپ ئەرەبلەرگە بەردى. ئۇلار بۇ ھۆكۈمرانلىقنى ئەمدى
تۈرك سۇلتانلىرىغا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. تۈرك سۇل-
تانلىرى بولسا بۇ ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇشنى پارس ۋەزىرگە —
كەمىنىگە تۇتقۇزۇپ قويۇشتى. مەن باشقىلاردىن بۇ ھاكىمىيەتنى
ئېتىراپ قىلىشنى، ھۆرمەتلىشنى تەلەپ قىلىمەن. سەندىن بول-
سا، مەۋلانە ئۆمەر، مېنىڭ ئارزۇلىرىمنى ھۆرمەت قىلىشىڭنى
سورايمەن. ھە، باشقۇرۇش زىممەمگە چۈشكەن بۇ بۈيۈك سەلتەنەتنى
ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ پاراۋان، ئەڭ مۇستەھكەم ۋە دۇنيادىكى ئەڭ
مەدەنىيەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىدىمەن. بۇ
سەلتەنەتنىڭ ھەربىر ۋىلايىتى، ھەربىر شەھىرىنىڭ ساپ دىل،
خۇدادىن قورقىدىغان، ئاجىز - بىچارىلەرنىڭ دەرد - ھالىغا يېتە-
دىغان كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشىنى، بۆرە بىلەن قوينىڭ
بىر - بىرىدىن قورقماي بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ جەم-
ئىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ ئارزۇلىرىم بىلەنلا چەكلىنىپ
قالغىنىم يوق، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىمەن. ئەتە شە-
ھەر ئايلانساڭ، يېتىم - يېسىرلارنى پاناھلاندۇرۇش ئورنى، يەر قې-
زىۋاتقان، قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈۋاتقان، ھەرخىل كەسىپ بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقان نۇرغۇن مېھنەتكەشلەرنى كۆرىسەن. يېتىمخانىلار،
مەسچىتلەر، كارۋانسارايلار، قەلئەلەر، ئوردا سارايلىرى قۇرۇلۇۋا-
تىدۇ. پات ئارىدا ھەربىر چوڭ شەھەردە مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتى-

لىدىغان «نىزامىيە مەدرىسى» لىرى قۇرۇلىدۇ. باغدادتا مۇنداق مەدرىسە ئاللىقاچان ئىش باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ لايىھىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن سىزدىم، ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆزۈم بېكىتتىم، ئۇلارغا ئەڭ بىلىملىك مۇددەرىسلەرنى تاللىدىم، ھەربىر تالىپقا يىللىق تەمىنات توختاتتىم. سەن ھېلى بۇنى كۆرىسەن، بۇ سەلتە- نەت ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش مەيدانىغا ئايلانغۇسى. ئۇ قەد كۆتۈرۈۋاتى- دۇ، كېڭىيىۋاتىدۇ، گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزگە راۋا كۆرگەن ئەڭ ياخشى زامان مۇشۇ يەردىن باشلىنىۋاتىدۇ.

ئۆيگە سېرىق چاچ بىر خىزمەتكار تەزىم قىلغىنىچە كىرىپ، كۈمۈش پەتنۇستا مۇزدەك ئۈزۈم شەربىتىدىن ئىككى كاسا كەلتۈر- دى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن بىرىنى ئېلىپ، سۈپسۈزۈك شەربەتنى ھوزۇر- لىنىپ سۈمۈردى. ۋەزىر يەنە بىر كاسىدىكى شەربەتنى بىر كۆتۈ- رۇپلا ئىچىۋەتتى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭدىن خۇرسەنمەن!

ئۆمەر ۋەزىرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتىغا مۇۋاپىق جاۋاب بەر- مەكچى بولدى، بىراق ۋەزىر قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى توختاتتى:

— مېنى خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىما. مەن پەقەت يارات- قۇچىغا ھەمدۇ سانا ئېيتقانلىقىم ئۇچۇنلا قۇدرەتلىكمەن. بىراق، مەۋلانە ئۆمەر، سەلتەنەت قانچىلىك كاتتا، ئاھالىسى قانچىلىك باي، دۆلەتمەن بولسىمۇ، ھامان ئەقىللىق ئادەملەر كەملىك قىلى- دىكەن. مۇنداقلا قارىغاندا ئادەملەر كۆپ. ئەمما مەن كۆپ ھاللاردا جۇغلىغان كۈچ - قۇدرىتىمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، دانىش- مەنلەرگە بەكرەك موھتاجلىقىمنى ھېس قىلىمەن. ناماز ۋاقتىدا مەسچىتلەردە، بازارلاردا، ھەتتا ئوردىدىمۇ ئەتراپىمدىكىلەرگە نەزەر سېلىپ، ئۆزۈمدىن سورايمەن: «ئەگەر مانا شۇ ئادەملەردىن ئەقىل - پاراسەت، ساداقەتمەنلىك ۋە ساپ دىللىقنى تەلەپ قىلسام، پۇتكۇل ياخشى سۈپەتلىرىنى ماڭا نامايان قىلىشىنى سورىسام، ئۇلار نېمە قىلىشاركىن؟» مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن. ئۇلار بۇ تەلىپىمنى

ئۆگىنىپ بولغان ھامان، بىردەمدىلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولۇشى مۇم-
كىن. شۇنداق، مەۋلانە ئۆمەر، مەن بۇ جەھەتتە يالغۇزلۇق قىلىۋا-
تىمەن. ئۇردىدىمۇ، سارايدىمۇ كارغا كەلگۈدەك ئادەم يوق. دېمەك،
بۇ شەھەردە، بۇ سەلتەنەتتىمۇ مۇنداق ئادەملەر مەۋجۇت ئەمەس. مەن
دائىم ئۆزۈمنى بىر قولدا چاۋاك چېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.
شۇڭا ساڭا ئوخشاش ئادەملەرنى سەمەرقەنتتە بولسىمۇ چاقىرىپ
كېلىشتىن ئېرىنمەيمەن. ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەكېلىش ئۈچۈن ھەتتا
سەمەرقەنتكىچە پىيادە بېرىشقىمۇ تەييارمەن.

ئۆمەر ئاستاغىنە «خۇدا ساقلىسۇن!» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى،
لېكىن ۋەزىر ئۇنى جىم بولۇشقا ئىشارە قىلىپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:

— ئارزۇلىرىم، ئىزگۈ نىيەتلىرىم مانا شۇلار. مەن بۇ ھەقتە
ساڭا كېچە - كۈندۈز سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن، لېكىن، سېنىڭ
پىكرىڭنىمۇ ئاڭلىماقچىمەن. دېگەنلىرىم سېنى ئازراق بولسىمۇ
قىزىقتۇردىمۇ؟ ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەن بىلەن ھەم-
كارلىشىشقا رازى بولامسەن؟ مەن مانا شۇنى بىلىشنى خالايتتىم.

— پىلانىڭىز تولىمۇ ئاجايىپ، خەيرلىك ئىكەن، ماڭا ئىشەن-
گەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر، — دېدى ئۆمەر قىزغىنلىق بىلەن.

— ھەمكارلىق ئۈچۈن مەندىن نېمىلەرنى كۈتىسەن؟ مەن ساڭا
گەپنى ئوچۇق ئېيتقاندەك، سەنمۇ كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىن. نېمە-
نى خالىساڭ، شۇنى ھازىر قىلىمەن. كەمتەرلىك قىلىپ، ۋاقىتنى
بىھۇدە سوزما! — دەپ كۈلدى ۋەزىر.

ئۆمەرنىڭ چىرايىدا ھاياجانلىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— مەندە بىرەرسىنىڭ ياردىمىدە ئىلمىي ئىشلىرىمنى
داۋاملاشتۇرۇشتىن باشقا نىيەت يوق. ئۈمىد قىلىدىغىنىم - يار-
دەمگە ئېرىشىش، ئاچ - يالىڭاچ قالماسلىقتۇر، خالاس، — دېدى
ئۇ.

— سېنىڭ تورۇشۇڭ ئۈچۈن ئىسپاھانىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆيى-
لىرىدىن بىرىنى ئاجرىتىمەن. مانا بۇ ساراي قورۇلۇۋاتقاندا مەن

ئاشۇ ئۆيدە تۇرغان. ئۇنىڭ باغ - ۋارانلىرى، غۇلاملىرى، خىزمەتكارلىرى ۋە چۆرە ئاياللىرى — ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ. خىراجىتىڭگە دۆلەت خەزىنىسىدىن ئون مىڭ دىنار مائاش بەلگىلەيمەن. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھەر يىلى يىل بېشىدىلا ئۇنى ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىشىدۇ. سېنىڭچە قانداق؟ يېتەرلىكمۇ؟

— ئېھتىياجىمدىن خېلىلا ئارتۇق. بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى نېمە قىلىشىنىمۇ بىلمەيمەن، — ئۆمەر بۇ سۆزلەرنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن تۇزلا ئېيتتى، بىراق ۋەزىر ئۇنىڭدىن رەنجىگەندەك بولدى:

— بۇ پۇللارغا ئۆزۈڭگە كېرەكلىك كىتابلارنى سېتىۋالىسەن، مەيگە قانىسەن، ياخشى كۆرىدىغان قىزىڭغا زېبۇ زىننەت ئېلىپ بېرىسەن، ئېشىپ قالسا كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىسەن ياكى مەككىگە سودا كارۋىنى ماڭدۇرۇپ، ئۆز نامىڭغا بىرەر مەسچىت سالدۇرىسەن!

ئۆزىنىڭ مال - دۇنياغا نىسبەتەن بىپەرۋالىقى ھەم ئىزگۇ نىيەتلىرىنىڭ ۋەزىرگە ياقمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۆمەر بىرئاز غەيرەتكە كەلدى:

— مەن ئۇسكۇنىلەر تولۇق بولغان كاتتا بىر رەسەتخانا قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن قۇياش يىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشنى ئويلاپ يۈرەتتىم.

— ھەممىسى تەييار بولىدۇ! كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ بۇ ئىشقا كېرەكلىك مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىلىدۇ. سەن رەسەتخانا ئۈچۈن مۇۋاپىق جاي تاللاشقا كىرىشكىن، بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا رەسەتخانا سېلىنىپ پۈتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەسمۇ؟ دەۋەرگىن؟

— خۇدا ھەققى، ئالىيجانابلىقىڭىزغا قايىلمەن. باشقا ھېچقانداق نەرسىگە موھتاج ئەمەسمەن.

— ئەمىسە، مەن سەندىن بىرنەرسىنى ئىلتىماس قىلسام بولامدۇ؟

— شۇنچە ئىلتىپاتلىرىڭىز ئالدىدا ھەرقانداق ئىلتىماسىڭىز -
نى بەجا كەلتۈرۈش مەن ئۈچۈن شەرەپتۇر.
ۋەزىر ئۆز ئىلتىماسىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:
— مەن سىزنى ئۇچۇق كۆڭۈل، سەزگەر، لېكىن ئەقىللىق، ئېغىر - بېسىق، ھەققانىيەتچىل، ھەرقاچان راست - يالغاننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ بىلىمەن. شۇڭا زىمەڭگە ئەڭ نازۇك بىر ۋەزىپىنى يۈكلىمەكچىمەن.
ئۆمەر ئەڭ ئېغىر ئىلتىماسنى ئاڭلاشقا تەييارلاندى، لېكىن ئاڭلىغىنى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى:
— مەن سىزنى ساھىبخەبەر — خەۋەرچىلەرنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىمەكچىمەن.
— ساھىبخەبەر؟ ئىشپىيونلارنىڭ باشلىقى بولامدىم؟
— ياق! دۆلەت مەلۇماتخانىسىنىڭ باشلىقى بولىسەن. بىراق، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىما. گەپ ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى كۆزىتىش، مۆمىن مۇسۇلمانلارنى پاراكەندە قىلىپ ئۇلارنى مەخپىي كۆزىتىش توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. سەلتەنەتتىكى كىچىككىنە پارىخورلۇق، كىچىككىنە ئادالەتسىزلىكلەرمۇ ھاكىمىيەت نەزەرىدىن چەتتە قالماسلىقى ھەم گۇناھكارلار باشقىلارغا ئىبرەت بولغىدەك دەرىجىدە جازالىنىشى شەرت. بىرەر قازى ياكى ھاكىمنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشىنىڭ قانداق قىلغاندا ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ بۇنى بىزنىڭ ئايغاقچىلىرىمىز ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. چۈنكى ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچىلار ھېچقاچان شىكايەت قىلىشىپ كەلمەيدۇ.
— شۇ ئايغاقچىلىرىڭىزنىڭ قازى، ھاكىم ياكى ئەمىرلەرگە سېتىلىپ، ئۇلارغا يانتاياق بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟
— سېنىڭ ۋەزىپەڭ دەل شۇنداق مال - دۇنياغا سېتىلمايدىغانلارنى تېپىپ، ئۇلارغا ئۆز بۇرچىنى تونۇتۇشتۇر.
— ئەگەر شۇنداق ئادەملەر بار بولسا، ئۇلارنى ھاكىم، قازى-

لىقىا تەيىنلەش ئاسان ئەمەسمۇ؟

بۇ خىل ساددا پىكىر نىزامۇل مۇلكنىڭ قۇلىقىغا خۇددى مەسخىرىدەك ئاڭلاندى. ئۇ تاقەتسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى:

— بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشنى خالىمايمەن، ساڭا پەقەت تەكلىپىمنى ھەم سەندىن كۈتىدىغانلىرىمنى ئېيتتىم. بارغىن، تەكلىپلىرىمنى ئويلىنىپ خاتىرجەملىك بىلەن «ماقۇل» ياكى «ياق» دېگەن جاۋابنى ئەقىل تارازىڭغا سېلىپ ئۆلچەپ كۆر-گەندىن كېيىن، ئەتە جاۋابىڭنى ئېلىپ ھۇزۇرۇمغا كەل.

# ئون ئۈچىنچى باب

شۇ كۈنى ئۆمەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلاپ كۆرۈشكە ھالى قالمىغانىدى. ئۇ ۋەزىرنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ، بازارنىڭ ئاۋات، تار كوچىلىرىنى بويلاپ، مىغ - مىغ ئادەملەر، ئات - ئۇلاغلار ۋە مەر - مەر گۈمبەز ئاستىدا تۈرلۈك شېرىن شەربەتلەرنى تىزىپ قويۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ سودا قىلىۋاتقان قەندالەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا كېزىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە يوللارنىڭ ھەربىر قەدىمى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئادەملەر ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى پىچىرلاشقاندەك، سېتىقچى ۋە خېرىدارلار بولسا نىقابلىنىپ ئويۇنغا چۈشۈۋاتقان مەيخور رەققاسلاردەك تۇيۇلاتتى. ئۆمەر قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، بەزىدە ئوڭغا، بەزىدە سولغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى، تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قېلىشىدىن خۇدۇكسىرەيتتى. بىر چاغدا ئۇ جاڭگالغا ئوخشاش ئوچۇق مەيدانغا چىقىپ قالدى. قۇياش نۇرى ئۇنى قامچىلىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ئۇنىڭغا جەننەتتە دوزاخنىڭ باشلىقى بولۇشنى تەكلىپ قىلدىمۇ؟ بۇ تەكلىپكە قانداق جاۋاب بەرسە بولاركىن؟ «ياق» دېسە، باش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزى بىلەن بارىدۇ؟ كېيىن بۇ شەھەردىن قايسى يۈزى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ؟ ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بازار ئايلىنىۋاتقاندا، ئوڭ تەرەپتىكى مەيخانا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى ۋە شۇ تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، قۇم سېپىلگەن پەلەمپەي ئارقىلىق پەستكى نەم، قاراڭغۇ ئۆيگە كىر-

دى. ئىشكتىن كىرىشتىكى يەرگە سۇ سېپىلگەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ۋاقىتلىق شىرە ۋە رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىگىزلەر سېلىنغانىدى. ئۆمەر شۇلاردىن بىرىگە جايلىشىپ، كام شارابىدىن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا سىرلىرى چۈشۈپ، گىرۋەكلىرى ئۇچۇپ كەتكەن كىچىك كوزىدا مەي كەلتۈردى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغان هالدا، مەينى ئۇزاققىچە هۇزۇرلىنىپ سۈمۈردى.

شۇئان خىيالىغا بىر رۇبائىي كەلدى:

قىش ئۆتۈپ، كېلىدۇ باهار ساداسى،
يېتەر ئۆمەرنىڭ هەم ئىنتىهاسى.
غەم يېمە، مەي ئىچكىل، هەكىم دەپتۇكى —
جاهان غېمى زەهەر، شاراب داۋاسى!

بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر پىكىر چاقماقتەك ئۇرۇلدى. ئېهتىمال، شۇنىڭ ئۈچۈن مانا بۇ پاسكىنا مەيخانىغا كېلىشى زۆرۈر بولغاندۇ. بۇ پىكىر ئۇنى مانا شۇ يەردە، مانا مۇشۇ شىرەنىڭ ئالدىدا تۆتىنچى قېتىم كۆتۈرۈلگەن قەدەهنىڭ ئۈچىنچى ئوتلىمىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ شاراب هەققىنى تۆلىدى. ئاز ـ تولا چاي پۇلى قالدۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن، مەيدان بوشاپ، كوچا قاسناقلىرىدىكى ئېغىر دەرۋازىلارمۇ يېپىلغان ئىدى. ئۆمەر ئۆزى چۈشكەن كارۋانسارايغا قايتىش ئۈچۈن ئايلانما كوچىلاردىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ خانىسىگە كىرگەندە، هەسەن ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغان، ئۇنىڭ يۈزى جىددىي ۋە هارغىن كۆرۈنەتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن گۇمانلار، سوئاللار تۇغۇلاتتى، لېكىن بۇلارغا جاۋاب بېرىشكە مادارى يوق ئىدى. ئۇ بىر قارارغا كەلگەن ئىدى ۋە بۇ قاراردىن قايتىشنى خالىمايتتى.

قەدىمكى كىتابلاردىن بىر رىۋايەتنى ئوقۇش مۇمكىن. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا پارسلىق ئۈچ مەشهۇر كىشى ياشاپ

ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئۈچ خىل ئىش بىلەن داڭ چىقارغانمىش؛ ئۆمەر ھەييام دۇنيانى كۆزىتىش بىلەن، نىزامۇل مۇلك دۇنيانى باشقۇرۇش بىلەن، ھەسەن سەبباھ بولسا، دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىش بىلەن. ئۇلار نىشاپۇردا بىرگە ئوقۇغان دېگەن گەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بىراق بۇ ھەقىقەتتىن يىراق. چۈنكى نىزامۇل مۇلك ئۆمەردىن 30 ياش چوڭ. ھەسەن بولسا مەدرىسىنى نىشاپۇردا ئەمەس، رەيدە، كېيىن ئانا يۇرتى كامدا ئوقۇغان. بۇنى ھەييامنىڭ رۇبائىيلار قول يازمىسىنىڭ ھاشىيەلىرىگە يېزىلغان ۋەقەلەر شەرھلىرىدىنمۇ بىلىۋېلىش مۇمكىن. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەشھۇر ئۈچ كىشى بىرىنچى قېتىم ئىسپاھاندا، تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەييامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نىزامۇل مۇلكنىڭ ھوزۇرىدا ئۇچراشقان.

نىزامۇل مۇلك سارىيىنىڭ كىچىك خانىسىدا قانداقتۇر ۋاراقچىلارنى ئوقۇش بىلەن بەند ئىدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلىغان ئۆمەرنى كۆرۈپلا، تەكلىپىنىڭ قوبۇل كۆرۈلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— دېمەك، پىلانلىرىم سىزنى ئۆز پېتى قالدۇرۇپتۇ - دە! — دېدى ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن.

ئۆمەر ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشنى خالىمىسىمۇ، ئېنىق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى سەزدى:

— پىلانلىرىڭىز ناھايىتى ئېسىل. مەن ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. بىراق، زىممەمگە يۈكلىمەكچى بولغان ۋەزىپىڭىز... گەپ كىملەرنىڭدۇر ئارقىسىدىن يوشۇرۇن مەلۇمات توپلاش، كېيىن ئۇلارنى پاش قىلىش، جازالاش ھەققىدە بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنداق ئىشلارغا لاياقەتسىز ئادەممەن. مەن بىرىنچى قېتىم يوشۇرۇن مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن ئايغاقچىغا ھېچكىمگە تىنماسلىقنى بۇيرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغىمۇ، ماڭىمۇ مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆيۈمدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغان ئادەملەردىنمەن. ھە، مېنىڭ ئادەملەرگە، دۇنياغا، ۋەقە - ھادىسىلەرگە بولغان قارىشىم مۇتلەق باشقىچە،

شۇنداقلا بۇ تەبىئىتىمنىڭ سىزگە ياقماسلىقىدىن قورقىمەن.

— قارارىڭىزنىڭ قەتئىيلىكىدىن مەمنۇنمەن، — ۋەزىر خېلىغىچە جىمىپ قالدى.

— دۆلىتىمىزدە ئۆمرىنى ئىلىمگە بېغىشلايدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىمۇ پايدىسىز بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بوپتۇ، كېلىشتۇق. ساڭا نېمىنى ۋەدە قىلغان بولسام شۇ، يىللىق مائاش، ئۆي، رەسەتخانا ھەممىسى ئورۇندىلىدۇ، مەن چىن كۆڭلۈمدىن بەرگەن ۋەدەمدىن ھەرگىز يېنىۋالمايمەن. سېنى ئىشلىرىمغا ياردەمچى قىلىۋېلىشنى خالايتتىم. ئەمدى بىزدىن كېيىن يېزىلىدىغان تارىختا: «نىزامۇل مۇلك زامانىدا ئۆمەر ھەييام ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولدى، ئۇ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقماي، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالىدى» دېگەن قەيتلەر قېلىشتىن خۇرسەن بولىمەن. خالاس.

— كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتلىرىڭىزغا لايىق سىزگە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيمەنمۇ؟ — ئۆمەر بىرئاز توختاپ قېلىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەل ئىككىلەندى، - ئېھتىمال، رەت قىلىش جاۋابىم ئارقىلىق ئاغرىغان كۆڭلىڭىزنى ئۆزۈم يېقىندا ئۇچراتقان بىر ئادەمنى سىزگە تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق ئالالارمەن؟ ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى، بىلىمى، چاققانلىقى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۇنى خەۋەرچىلەرنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىگە ئىنتايىن مۇناسىپ دەپ ئويلايمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ تەكلىپنى ئۇمۇ جان دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ماڭا رەيدىن ئىسپاھانغا سىز بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىدە كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

— قارىغاندا مەنسەپ تۇتۇشقا ئامراق بولسا كېرەك، — دېدى نىزامۇل مۇلك گۇمان بىلەن، — تەقدىر ماڭا دائىم شۇنداقلارنى يولۇقتۇرىدۇ. ناۋادا، مەن بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنى تاپسام، ئۇنىڭدا كۆپىنچە ماڭا كېرەك بولغان خىسلەتلەر يوق بولۇپ چىقىدۇ، يەنى، دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ، ئەكسىچە، كىمنىڭدۇر مەن تەكلىپ قىلغان مەنسەپكە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى

سەزسەم، ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسى مېنى ئەنسىزلىككە سالىدۇ.
ئۇ چارچىغان ۋە تەكلىپكە كۆنگەندەك سورىدى:
— ئۇ كىشىنىڭ ئىسىم - شەرىپى نېمە؟
— ھەسەن ئىبنى ئەلى سەبباھ، مەن سىزگە ئۇنىڭ كاملىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن.
— شىئەلەردىنمۇ؟ غەيرىي دىنلارنى، مەزھەپلەرنى يامان كۆر - سەممۇ، بۇ نەرسە مېنى پاراكەندە قىلمايدۇ. مېنىڭ كۆپ قىسىم مۇلازىملىرىم ئەلىنىڭ ئىزباسارلىرى، ئەڭ ياخشى نۆكەرلىرىم — ئەرمەنلەر، خەزىنىچىلىرىم — يەھۇدىيلاردۇر. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇلاردىن ئىشەنچ ۋە ئىلتىپاتلىرىمنى ئايىمايمەن، مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغانلىرىم — ئىسمائىلىيلاردۇر. سېنىڭ دوستۇڭ، مۇبادا شۇ مەزھەپتىن بولۇپ قالسىچۇ؟
— بۇنى بىلمىدىم، لېكىن مەن ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل- گەن، ئۇ ھويلىدا كۈتۈۋاتىدۇ. ئىجازەت بەرسىڭىز چاقىرىپ كىرد- مەن. ئۆزىڭىز ئۇنىڭدىن ھەممىنى سوراپ بىلىۋېلىشىڭىز مۇم- كىن.
ۋەزىرنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆمەر چىقىپ ھەسەننى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھېچقانداق ئەنسىزلىك كۆرۈنمەيتتى. ئەكسىچە، ھەييام جىددىيلىشىپ، بويۇن تومۇرلىرىنىڭ تارتىشۋاتـ- قانلىقىنى سەزدى.
— بۇ يىگىت ھەسەن سەبباھ، بۇنداق چىڭ يۆگەلگەن سەللە- لىك يەنە بىر باشتا ئۇنىڭ بېشىدىكىدەك بىلىم بولمىسا كېرەك،
— دېدى ئۇ ھەمراھىنى ۋەزىرگە تونۇشتۇرۇپ.
ۋەزىر كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قارىدى:
— مانا ئالىملىقنىڭ ئۆزگىچە بەلگىسى، يېڭىچە سەللە ئوراش! «ئالىملارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرغان ھۆكۈمدار ئەڭ ياخشى ھۆكۈمدار» دېيىشىدۇ، توغرىمۇ!
— ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرغان ئالىملارنى بولسا ئەڭ ناچار ئالىم، دېيىشىدۇ، — جاۋاب بەردى ھەسەن.

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىشتى. بۇ كۈلكە ئۇلارنى بىرئاز يېقىنلاشتۇرغاندەك بولدى، لېكىن بۇ كەيپىيات ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ۋەزىر قاشلىرىنى ھىمىرىپ، پارسلارغا خاس خا-تىرجەملىك بىلەن ھەسەنگە قىلىدىغان ئىشلارنى، ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، بۇ سۆزمەنلىكنىڭ تەسىرىدىن تېزراق قۇتۇلۇشقا ئالدىرىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سۆھ-بەتنىڭ دەسلەپكى جۈملىسىدىلا ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭ بىر يەردىن چىقمۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. ئۆمەر ئۇلارغا تەسىر يەتكۈز-مەسلىك ئۈچۈن ئاستاغىنە چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەسەن سەبباھ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ساختا سودى-گەرلەر، ساختا دەرۋىشلەر ۋە ساختا زىيارەتچىلەر نىقابى بىلەن ئاي-غاقچىلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بول-دى. ئۇلار سالجۇقىيلار دۆلىتىنى چالا قويماي كېزىشەتتى. بىرەر ساراي، ئۆي ياكى بازاردا ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلىرى دىڭ تۇرمىغان جاي قالمىغان ئىدى. پىتنە ـ پاساتلار، سۇيىقەستلەر، نارازى-لىقلار... ھەممىسى ھەسەنگە مەلۇم قىلىنىپ، ئۇلار يوشۇرۇنچە پاش قىلىناتتى ياكى ئىبرەت سۈپىتىدە قاتتىق جازالىناتتى.

دەسلەپكى چاغلاردا ۋەزىر مۇنداق زۆرۈر ئىشلاردىن تەپسىلىي خەۋەردارلىقىدىن پەخىرلىنىپ يۈردى. ئۇ شۇ كەمگىچە بۇ ئىشنىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن مەلىكشاھقا كەم-تەرلىك بىلەن ماختىنىپمۇ قويدى. مەلىكشاھنىڭ ئاتىسى ئالپ ئارسلان ئوغلىغا دائىم مۇنداق سىياسەتتىن ۋاز كېچىش لازىملى-قىنى ئۇقتۇرغان. شۇ سەۋەبلىك سۇلتان ۋەزىرنىڭ بۇ ئىشىغا ئاز-چە قىزغىن ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. «ئەگەر سەن مەملىكىتىمىزدە ئايغاقچىلارنى كۆپەيتسەڭ، ـ دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى ئالپ ئارسلان، ــ ھەقىقىي دوستلىرىڭ ئۆزلىرىنى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلەر دەپ ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم ياشايدۇ. بۇنىڭغا ھەسەت قىلغانلار بولسا، ھەتتا دۈشمەنلەرنىڭ ئايغاقچىلىرىنى سې-

تىۋېلىپ، ئۇلار توغرۇلۇق يامان مەلۇماتلارنى ئەكېلىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سەن ئاستا ـ ئاستا يېقىن دوستلىرىڭ ھەققىدە كۆڭۈلسىز مەلۇماتلارنى ئاڭلاشقا باشلايسەن. ئەگەر سەن بۇ مەلۇماتلارغا ئىشەنسەڭ، بۇ ــ دۈشمەنلىرىڭنىڭ كۈتكىنىدەك بولىدۇ. چۈنكى پايلاقچىلىق ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، نەيزىدەك ئېتىلىۋەرسە، ئەلۋەتتە بىرەرسى نىشانغا تېگىدۇ. شۇڭا ئىشەنچ دەرۋازىلىرىڭ دوستلىرىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي يېپىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى دۈشمەنلىرىڭ ئىگىلەشكە باشلايدۇ. سادىق دوستلىرىڭدىن ئايرىلساڭ، سېنىڭ قانچىلىك كۈچ ـ قۇدرىتىڭ قالىدۇ؟»

سۇلتانغا ئايغاقچىلار باشلىقىنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك ياكى كېرەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ھەرەمخانىدىكى بىر «بۇزغۇنچى ئايال»نىڭ پاش قىلىنىشى يېتەرلىك بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەسەن سەبباھ سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسىگە ئايلاندى. بىر چاغلاردا ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچى ھېسابلانغان نىزامۇل مۇلك بۇ يېڭى ھەمكارلىقنىڭ سايىسىدا قېپقالدى. ئۇلار ــ ئىككى ياش يىگىت بىرلىشىپ، قېرى ۋەزىر ئۈستىدىن كۈلۈشەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ ئەرمەكلىرى، بولۇپمۇ سۇلتان ئۆز يېقىنلىرى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرىدىغان جۈمە ئاخشاملىرىدىكى زىياپەتلەردە ئەۋجىگە چىقاتتى.

ئادەتتە زىياپەتنىڭ بىرىنچى قەدىمى ناھايىتى تەرتىپلىك ئۆتەتتى. بۇ چاغدا نىزامۇل مۇلك سۇلتاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە، شائىرلار، ئالىملار بولسا سۇلتاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. زىياپەت تۈرلۈك تېمىلاردىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر بىلەن باشلىنىپ، ھىندى قىلىچلىرىنىڭ يەمەن قىلىچلىرىدىن ئەۋزەللىكى، ھەتتا ئارىستوتېل تەلىماتلىرىغىچە مۇھاكىمە قىلىناتتى. بىراق، سۇلتان بۇ قېتىم تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. ۋەزىر چىقىپ كېتىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى. تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كەتكەنلەرنىڭ ئورنىنى سازەندىلەر

بىلەن ئۇسسۇلچىلار ئىگىلىدى. قەدەھلەر ئۇتتۇرىدا يەنە ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇنداق بەزمىنىڭ زېرىكىشلىك ياكى جۇشقۇن بولۇشى سۇلتاننىڭ كەيپىياتىغا باغلىق بولاتتى. بەزىدە بەزمە تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلاتتى. ناخشىچىلار غىجەك، سۇناي ۋە تارىغا جور بولۇپ، سۇلتان ياخشى كۆرىدىغان، نىزامۇل مۇلك ھەققىدىكى كۈلكىلىك قوشاقلارنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئەقىل - پاراسەتتە، سالاھىيەتتە ئۆز ۋەزىرىدىن ئۇستۇن تۇرۇش قولىدىن كەلمىگەن سۇلتان ئۇ-نىڭدىن ئۆچىنى ئەنە شۇنداق ئالاتتى. «ئاتا» دەپ چاقىرىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئاتاۋنى تارتىپ قويۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلى-قىنى ئۇنىڭ ناخشىنى ئاڭلاپ بالىلارچە زوق بىلەن چاۋاك چېلىۋات-قانلىقىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

ھەسەن سۇلتاننىڭ ئۆز ۋەزىرىگە بولغان ئۆچلۈكىنى قوزغاش-تا قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولدى. خوش، نىزامۇل مۇلكتىن ئۇنىڭ نېمىسى ئارتۇق؟ نېمە، ئۇ بەك ئەقىللىقمۇ ياكى بىلىملىكمۇ؟ ھەسەن سۇلتاننى ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشى مۇم-كىن! ئۇ سۇلتاننىڭ تەختى ۋە ھاكىمىيىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن ماختىنامدۇ؟ كېرەك بولسا، ھەسەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ئىشلارنى قىلالايدىغۇ! ئەممىسە ئۇ سۇلتانغا سا-دىقلىقى بىلەن ماختىنامدۇ؟ ئۆزىنى ئەڭ سادىق كىشىدەك كۆرسى-تىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدۇ. بۇ ئەڭ ئاسان ئىش. بولۇپمۇ، دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەمنىڭ لەۋزىدىن بۇ نەرسە ھەقى-قەتكە ئوخشاش چىقىۋېرىدۇ!

ھەسەن مەلىكشاھنىڭ تەبىئىتىدىكى ھەممىگە مەلۇم بولغان خەسىسلىكىنى نەزەرگە ئېلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. سۇلتان بىلەن بولىدىغان سۆھبەتلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋەزىرنىڭ خىراجەتلىرى، ئۆزى ياكى ئۇنىڭ يېقىنلىرى توغرىسىدا بولاتتى. ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى كىيگەن ھەربىر كىيىم يېڭى - يېڭى غەيۋەتلەرگە سەۋەب بولاتتى. نىزامۇل مۇلك كۈچ - قۇدرەتنىمۇ،

سالاپەتلىك كىيىنىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. ھەسەن ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تەن ئالاتتى. ئۇ بۇنىڭغا ئىرىشىش ئۈچۈن ھېچ نەرسىدىن تەپتارتمايتتى.

دەرۋەقە، ئۇ سۇلتاننىڭ ئۆچمەنلىكىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئەمدى ئوت يېقىپلا كۈچلۈك يانغىنغا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىنىلا كۈتەتتى. ئەلقىسسە، مۇنداق پۇرسەت شەنبە كۈنلىرىدىن بىرىگە توغرا كەلدى. سۇلتان دائىملىق جۇمە بەزمىسىدىن كېيىن، ئەتىسى چۈشكە يېقىن بېشىدىكى ئاغرىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ھەسەندىن، نىزامۇل مۇلك تەرىپىدىن ئەرمەن قوشۇنىدىكى نۆكەرلەرگە 60 مىڭ دىنار تارقىتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، كەيپىياتى تېخىمۇ بۇزۇلدى، غەزەپتىن ئۆزىنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي قالدى. بۇ خەۋەر، ئەلۋەتتە ھەسەننىڭ ئايغاقچىلىرى تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن ئىدى. نىزامۇل مۇلك سۇلتانغا دۆلەتنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنى ئىچىدە كىچىككىنە نارازىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى تەمىناتقا ئىگە قىلىش لازىملىقىنى، ئۇلارغا باشقىلارغا قارىغاندا ئون ھەسسە ئارتۇق مائاش بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. بىراق، مەلىكشاھ خەزىنىدىكى ئالتۇنلىرىنى «سېخىيلىق» بىلەن بۇنداق سورۇغاندا ھېچ نەرسە قالمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ يېڭى نارازىلىقلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋەزىرنى سىلكىۋەتتى.

— ياخشى ھۆكۈمەت، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — ئالتۇنلىرىنى يامان كۈنلەر ئۈچۈنمۇ قالدۇرۇپ قويۇش لازىملىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك!

بۇ سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلىۋاتقان نىزامۇل مۇلكنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن گەپكە ئارىلاشتى:

— مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىز ئەمدىلا مۇستەھكەملىنىۋاتقان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا خەلىپە ئۆمەرنىمۇ خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى ئورۇنسىز خەجلەشتە ئەيىبلىگەن ئىدى. شۇچاغدا ئۆمەر ئۇلارغا

مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «بۇ ئالتۇنلار خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئىنايىتى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر خۇدا بىزگە باشقا ئىنايەت ئاتا قىلمايدۇ، دەپ ئىشەنسىڭىزلەر، ئۇلارنى ھەرگىز خەجلىمەڭ، مەن بولسام، خۇدانىڭ بىزدىن ئۆز ئىنايەتلىرىنى مەڭگۈ ئايىمايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىمەن ۋە مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن ساندۇقۇمدا بىرەر تەڭگە قالمىغۇچە خەجلەۋې-رىمەن».

لېكىن شۇتاپتا مەلىكشاھنىڭ خەلپە ئۆمەرگە ئەپسۇسلىنىش نىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى ھەسەن ئۇنىڭ كالللىسىغا باشقا بىر پى-كىرنى سىڭدۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۇ كەس-كىن پەرمان چۈشۈردى:

— دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ نېمىلەرگە سەرپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ھېسابات - مەلۇماتىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. خوش، بۇ ھېساباتنى قاچان تەييارلاپ بېرەلىسىز؟

نىزامۇل مۈلك روھى چۈشكەن ھالدا جاۋاب بەردى:

— بۇنداق ھېسابات تەييار بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا خېلى ۋاقىت كېرەك.

— سىزگە قانچىلىك ۋاقىت كېرەك، مەۋلانە؟

ئۇ ۋەزىرنى بىرىنچى قېتىم «ئاتا» ئەمەس، «مەۋلانە» دەپ ئاتى-دى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئاددىي كىشىلەرگە ئىشلىتىلمەيدىغان بۇ ھۆرمەت نامى، سۇلتاننىڭ ئۇنىڭدىن ئىخلاسى قايتقانلىقىنى، ئەمە-دى ئۇنىڭغا «ئاتا» سۆپىتىدە ئىلتىپات كۆرسىتىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مۇنداق ئىلتىپاتسىزلىقتىن رەنجىگەن ۋەزىر چۈشەن-دۈردى:

— ئېنىق مەلۇماتلارنى توپلاش ئۈچۈن ھەربىر ۋىلايەتكە بىر-دىن نازارەتچى ئەۋەتىشكە، خېلى ئۇزۇنغىچە ھېساب - كىتاب قى-لىشقا توغرا كېلىدۇ. تەڭرىنىڭ پاناھىدىكى سەلتەنەتىڭىز تولىمۇ كەڭدۇر. شۇڭا مۇنداق ھېساب - كىتابنى تۈگىتىشكە ئاز دېگەندە-مۇ ئىككى يىل كېتىدۇ.

شۇ چاغدا ھەسەن تەنتەنىلىك قىياپەتتە سۇلتانغا يېقىنلاشتى:

— ئەگەر ھۆكۈمدارىمىز ماڭا ئىجازەت بېرىپ، دۇۋاندىكى بارلىق ھۆججەتلەرنى كەمىنىگە تاپشۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرسە، كەمىنە بۇ ھېساباتنى قىرىق كۈن ئىچىدە تەييار قىلىشقا ۋەدە بېرەتتىم.

ۋەزىر جاۋاب بېرىشكە ئۈرۈندى، بىراق، سۇلتان قولىنى شىلتىپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىشىككە كېتىۋېتىپ، ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى:

— ناھايىتى ياخشى، ھەسەن. دۇۋانغا بارغىن. بارلىق كاتىپلار ئىختىيارىڭدا بولىدۇ. ئۇ يەرگە سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز ھېچكىم كىرەلمەيدۇ ۋە قىرىق كۈندىن كېيىن گۇناھكارلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!

# ئون تۆتىنچى باب

ھەممىلەن پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى ھاياجان بىلەن كۈتەتتى. ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىزىدىن چىقىشقا باشلىدى. كىشىلەر ھەربىي قوشۇنلارنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزئارا ئۇرۇش ـ تالاش بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا باشلىدى. نىزامۇل مۈلك ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇنلىرىنى ئىسپاھاندىكى ھەرقايسى مەھەللىلەرگە جايلاشتۇرۇۋېتىپتىمىش، دېگەندەك مىش ـ مىشلار تارقالدى. بازارلاردا ماللار ئۆكسۈشكە باشلاندى. ئاساسلىق بازارلارنىڭ، بولۇپمۇ، زەرگەر بازىرىنىڭ دەرۋازىلىرى چۈشتىن كېيىنلا تاقىلىدىغان بولدى. دىۋان مەھكىمىسى ئەتراپىدىمۇ ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكى ئېنىق سېزىلىپ تۇراتتى. باش ۋەزىر ئۆز مەھكىمىسىنى ھەسەنگە بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولسىمۇ، چارباغنىڭ چېتىگە جايلاشقان تۇرالغۇسىنى ھەقىقىي ھەربىي ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نىزامۇل مۈلكنىڭ تولۇق قوراللانغان خاس ياساۋۇللىرى ھوشيارلىق بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى.

مۇنداق ئەنسىز ۋەزىيەتتە ھېچكىم ئۆمەردەك قىيىن ئەھۋالدا قالمىغان بولسا كېرەك. ئۇ بىر ـ بىرىنى يەۋېتىشكە تەييار تۇرغان رەقىبلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈشنى، ئۇلارنى ياراشتۇرۇشنى ئويلايتتى. نىزامۇل مۈلك ئۇنى ئۆز ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىشنى توختاتمىغان بولسىمۇ، ھەر بىر ئۇچرىشىشتا ئۇ «سوۋغا قىلىنغان زەھەرلىك يىلان»نى يۈزىگە سېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. ھەسەن بولسا، دىۋان مەھكىمىسىدە ھۆججەتلەرگە كۆمۈلگەن ھالدا، سۇلتانغا ۋەدە قىلىنغان ھېساباتنى تەييارلاش بىلەن بەند ئىدى، كېچىلىرىمۇ بىر

توپ سادىق كىشىلىرى بىلەن شۇ يەردە قونۇپ قالاتتى.

بەلگىلەنگەن مۇددەتكە ئۈچ كۈن قالغاندا، ئۆمەر قانداقلا بولمىسۇن ئاخىرقى قېتىم يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان كۆلپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىيىتىدە ھەسەننىڭ يېنىغا كېلىپ، قاراۋۇلدىن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزۈشنى ئۆتۈنۈپ سورىدى. بىراق، ئۇنىڭغا، ھەسەننىڭ دىۋاننىڭ زورۇر ھېسابات ئىشلىرى بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن قوبۇل قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۆمەر تاشقىرىدا سەيلە قىلغاچ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىغا چوقۇم كىرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا، قىپقىزىل كىيىم كىيگەن سۇلتاننىڭ ھەرەم ئاغىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ يېنىك شىۋىرلىدى.

— مەۋلانە ئۆمەر، ئىلتىماس، مەن بىلەن يۈرسىڭىز، سىزنى كۈتۈشمەكتە.

ئۆمەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇستى يېپىق ئۇزۇن كارىدور ۋە بىرنەچچە پەلەمپەيدىن ئۆتۈپ قانداقتۇر بىر باغقا چىقىپ قالدى. ھەييام بۇ يەردە مۇنداق باغنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. باغدا تۇزلار مەغرۇرلۇق بىلەن قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۆرۈكلەر غۇچچىدە چېچەكلىگەن، بىر تەرەپتە فونتان سۈيى شىلدىرلاپ ئېتىلىپ تۇراتتى. ئۇلار فونتاننىڭ ئارقىسىدىكى پارقىراپ تۇرغان پاكار ئىشىككە يېتىپ كەلگەندە، ھەرەم ئاغىسى ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. ئۆمەر تاملىرىغا مەخمەل گىلەملەر ئېسىلغان كەڭ خانىغا كىردى. ئۆينىڭ تۆرىدە گۈمبەز سىمان ئايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكىرىسى پەردە بىلەن توسۇپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدە بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ پەردە مىدىرلىدى.ئۆمەر ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشىك يېپىلدى. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، پەردە ئارقىسىدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بۇنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئايرىم تۈركچە سۆزلەرنىلا چۈشىنەتتى. ئايال تۆۋەن ئاۋازدا، لېكىن تېز گەپ قىلاتتى،

ئايرىم سۆزلەر بوراندا قىياغا ئۇرۇلغان سۇدەك قۇلاققا قاتتىق تېـ-
گەتتى. ئۆمەر ئاڭلاۋاتقان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيتتى. ئا-
يالنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن پارسچە ياكى ئەرەبچە سۆزلەش-
نى، ھېچبولمىسا ئاستىراق سۆزلەشنى ئىلتىماس قىلىشنى
ئويلايتتى. بىراق پەردە ئارقىسىدا سۆزلەۋاتقان ئايالنىڭ سۆزىنى
بۆلۈشتىن ئەنسىرەيتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تو-
گىشىنى كۈتۈش نىيىتىگە كەلدى. شۇئان توساتتىن باشقا بىر ئا-
يالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— مېنىڭ خوجايىنىم، سۇلتاننىڭ رەپىقىسى تۇركان خاتۇن
بۇ ئۇچرىشىشقا كەلگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈ-
رۈۋاتىدۇ.

بۇ جۈملىلەر پارسچە بولۇپ، ئۆمەر بۇ ئاۋازنى مەھشەر كۈنـ-
ىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئىچىدىنمۇ تونۇۋالغان بولاتتى. ئۇ ھايا-
جاندىن ۋارقىرىۋەتتى. بىراق بۇ ۋارقىراش شادلىق ۋە ھەسرەت ئا-
رىلاشقان بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەندى:

— جاھان!

جاھان پەردىنى قايرىپ يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى، بىراق
ئۇنى يېقىنلاشماسلىققا ئىشارە قىلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خوجايىنىم دىۋان مەھكىمىسىدىكىلەر ئارىسىدا پەيدا بول-
غان زىددىيەتتىن تەشۋىشكە چۈشتى. زىددىيەت بولسا بارغانسېرى
كۈچەيمەكتە. ئەھۋال مۇنداق كېتىۋەرسە قان تۆكۈلۈشى مۇمكىن،
ھەتتا سۇلتاننىڭ ئۆزىمۇ قاتتىق بىسەرەمجان بولماقتا. ئۇ ھازىر
ئاران تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھىل مىجەز بولۇپ قالدى.
پۈتۈن ھەرەم سۇلتاننىڭ قەھرى - غەزىپىدىن تىترەۋاتىدۇ. مۇنداق
ھالەت ئۇزۇن داۋاملاشماسلىقى كېرەك. خېنىم سىزنىڭ رەقىبلەر-
نى بىر - بىرى بىلەن كېلىشتۈرۈشكە بىھۇدە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىد-
ىن خەۋەردار. ئۇ بۇ ئىشتا سىزگە ئامەت تىلەيدۇ. بىراق ئىش-
نىڭ پۈتۈشىگە مەلۇم جەريان، ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىد-
ىدۇ.

ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللىدى. جاھان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۇركان خاتۇننىڭ پىكرىچە، بۇ زىددىيەتنىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ھەر ئىككى رەقىبنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ، باش ۋەزىرلىككە ئەڭ راستچىل، خەلقنى تىنچلاندۇرالايدىغان، ئاق كۆڭۈل ئادەمنى تەيىنلەش مۇۋاپىق. سۇلتانمۇ بۇ زىددىيەتنى تىنچ ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى تاپالمايۋاتىدۇ. خېنىمنىڭ پىكرىچە، سۇلتاننىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق شۆھرەتپەرەس، غەيۋەتچىلەردىن تولۇق ۋاز كېچىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تەدبىرلىك، دانىشمەن، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى قويۇش كېرەك. سۇلتاننىڭ سىزگە نىسبەتەن ھۆرمىتى تولىمۇ يۇقىرى ۋە ئاغىچىمىزمۇ ئۇنىڭدىن باش ۋەزىرلىككە سىزنى تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلماقچى. سىز بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنسىڭىز سارايدىكى كەسكىن ۋەزىيەت پەسەيگەن بولاتتى. لېكىن، خېنىم بۇ مەسلىھەت بىلەن سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىشتىن بۇرۇن، سىزنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى.

ئۆمەر تەكلىپنى ئاڭلاپ بىر پەس گاڭگىراپ قالدى، كېيىن كەسكىن خىتاب قىلدى:

— خۇدا ھەققى، جاھان! مېنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماقچىمۇسەن؟ مېنىڭ قوشۇنغا بۇيرۇق بېرىشىمنى، ئەمىرلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىمنى، بەخۋاش قۇللارنى جازاغا تارتىشىمنى كۆرۈشنى خالامسەن؟ سەندىن ئۆتۈنەي، مېنى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇپ بېرىشسۇن!

— قۇلاق سېلىڭ، ئۆمەر! سىزنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رايىڭىز يوقلۇقىنى بىلىمەن. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز باش ۋەزىرلىك مەنسىپىدە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇش، خالاس. ئەمەلىيەتتە ئىشلارنى باشقىلار بېجىرىدۇ.

— ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سەن باش ۋەزىر، خېنىم بولسا ھەقىقىي سۇلتان بولماقچى، شۇنداقمۇ؟ سەن شۇنى خالاۋاتامسەن؟

— خوش، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ سىز بولسىڭىز داۋاملىق ئىززەت - ھۆرمەت ئىچىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىسىز، سىزگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك؟

تۇركان خاتۇن تۇركچە نېمىلەرنىدۇر تەكىتلىدى. جاھان ئۇنى پارسچىغا ئۆرۈدى:

— خېنىم دەيدۇكى، سىزدەك ئادەملەر سىياسەتتىن يۈز ئۆ-رۈگەنلىكى ئۈچۈن مەملىكىتىمىز ياخشى باشقۇرۇلماي قالغانمىش. ئۇ ۋەزىرلىككە خاس ھەممە زۆرۈر خىسلەتلەرنىڭ سىزدە بارلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭغا ئېيت، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇشقا مەندىكى خىس-لەتلەر مۇتلەق توغرا كەلمەيدۇ. ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىش ئۈچۈن كىشى ئۆزىنى ئۇنتۇشى، باشقىلارنىڭ غېمى بە-لەن ياشىشى كېرەك. بىراق ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرۇش ئۇ-چۇن، ئادەملەرنىڭ ئەڭ بېخىلى، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلى-مايدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەڭ يېقىن دوستلىرىغىمۇ يۈز - خا-تىرە قىلمايدىغان بولۇش كېرەك. مەن بۇنداق قىلىشنى خالىماي-مەن.

ئۆچرىشىش نەتىجىسىز بولدى. ئۆمەرنىڭ رەت قىلىش جاۋابى بىلەن ئىككى ئايالنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش پىلانى بەربات بولدى.

نىزامۇل مۇلك بىلەن ھەسەن ئوتتۇرىسىدىكى ئاياۋسىز زىددى-يەتلەرنىڭمۇ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى تېپىلماي قېلىۋەردى.

بەلگىلەنگەن كۈندە سارايدىكى ۋەزىيەت ناھايىتىمۇ ئەنسىز ئىدى. ئۇ يەرگە ھازىر بولغان 15 نەپەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئە-مەلدارلار جىمجىتلا ئولتۇرۇشۇپ، بىر - بىرىنى يوشۇرۇنچە كۆزد-ىتىشەتتى. ھەتتا ھەردائىم روھلۇق يۈرىدىغان سۇلتان مەلىكشاھمۇ ئادىتى بويىچە بۇرۇتلىرىنى سىلىغىنىچە، يېنىدىكى خاس مەھرىمى بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات - پات بىر -بىرى بىلەن جەڭگە كىرىشكە تەق بولۇپ تۇرغان ئىككى رەقىبكە

بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ قويۋاتتى. كونىراپ كەتكەن قارا كۆڭلەك كىيگەن ۋە قارا سەللە ئورىغان، ساقىلى ئادەتتىكىدىن ئازراق قويۇلغان ھەسەن ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ ھارغىنلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، پات - پات نىزامۇل مۇلككە ئوقتەك قادىلىپ قاراپ قويۋاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر باغلام قەغەزنى كۆتۈرۈۋالغان كاتىپى تەييارلىنىپ تۇراتتى.

مويسىپىتلارغا خاس ھۆرمەت يۈزىسىدىن نىزامۇل مۇلك جايىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك تۇرقىدىن بىرەر ئەنسىرەش ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكى قوڭۇر رەڭدە، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان، يۈزلىرىمۇ قەغەزدەك ئاق، ئەمما قاراشلىرى تېتىك، ھەتتا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئىككى ئوغلى ئەتراپىدىكىلەرگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ، ئاتىسىنى ھىمايە قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشاتتى. سۇلتاننىڭ يېنىدا تۇرغان ئۆمەر خىجالەتتىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي ئازابلىناتتى، خىيالىدا رەقىبلەرنى مۇرەسسە قىلىدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى ئويلايتتى، لېكىن ئۇلارنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا ئىشەنچى يوق ئىدى.

— بۈگۈن خەزىنىمىزنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى تولۇق ھېساباتنى تەييارلاشقا ۋەدە بېرىلگەنىدى، تەييار بولدىمۇ؟ — سورىدى مەلىكشاھ.

— ۋەدەمگە بىنائەن ھېساباتنى تەييارلاپ كەلدىم، ئالەمپاناھ، — دېدى ھەسەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ. كېيىن كاتىپىغا بۇرۇلدى. كاتىپ چاققانلىق بىلەن چىگىلگەن قەغەزلەرنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ، بىر ۋارىقىنى ھەسەنگە ئۇزاتتى. ئۇ ھېساباتنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ھېساباتنىڭ دەسلەپكى بەتلىرى ئادەت بويىچە، سۇلتان ۋە سەلتەنەتىنىڭ روناق تېپىشى، سالامەتلىكى ۋە بايلىقىنى، غەلىبىلىرىنى ئۇلۇغلىغۇچى مەدھىيىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھازىر بولغانلار تاقەتسىزلىك بىلەن ئاساسىي مەسىلىنى كۈتەتتى. ئاخىر، ئۇ دەقىقىلەرمۇ يېتىپ كەلدى.

— مەن ھەربىر ۋىلايەت، ھەربىر شەھەردىن دۆلەت خەزىنە-
سىگە كىرگەن كىرىملەرنىڭ ئېنىق ھېسابىنى قىلدىم. شۇنىڭدەك
دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، قولغا كىرگۈزۈلگەن
ئولجىلارنىمۇ ھېسابلاپ چىقتىم. ئەمدى مەن بۇ ئالتۇنلارنىڭ
قانداق سەرپ قىلىنغانلىقىنى...

ھەسەن ئەتەي تامىقىنى قىرىپ قويدى، كاتىپنىغا ئوقۇپ بولغان
ۋاراقنى ئۇزىتىپ، يەنە بىرىنى ئالدى ۋە ئوقۇش ئۈچۈن كۆزىگە يې-
قىن ئەكەلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۆزىچە گەپ - سۆزسىز قىمىرلايت-
تى. ئارىغا جىمجىتلىق چۆشتى. ئۇ ۋاراقنى كاتىپنىغا ئۇزىتىپ،
كېيىنكىسىنى ئالدى. بۇ جەريان بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى.
ھەسەن ھودۇقۇپ - ئېسەنگىرەپ قالغان بولۇپ، ئالاقزادىلىكتىن
كۆزلىرى چەكچىيىپ كېرەكلىك بەتنى ئىزدەيتتى، لېكىن تاپال-
مايتتى. قوبۇلدىكىلەر ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىنى سۈكۈت
ئىچىدە كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى.

سۇلتان ئورنىدىن بىر قوزغىلىۋالدى. ئۇ تاقەتسىزلىنىشكە
باشلىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ بىز سېنى كۈتۈۋاتىمىز! — دېدى ئۇ.

— ئالەمپاناھ، لازىملىق بەتنى تاپالمايۋاتىمەن. ئۇلارنى تەرتىپ
بويىچە تەييارلىغانىدىم. مەن ئىزدەۋاتقان ۋاراق چۈشۈپ قالغان
ئوخشايدۇ، ئۇنى ھازىرلا تاپىمەن.

ئۇ تىت - تىت بولغان ھالدا يەنە ۋاراقلارنى ئاختۇرۇشقا باش-
لىدى.

نىزامۇل مۇلك ئېلتىپاتلىق ئاھاڭدا سۆز قېتىشنى لازىم تاپ-
تى:

— بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ياش دوستىمىز بۇنىڭغا ھو-
دۇقمىغاي، مۇنداق كۈتۈپ تۇرغاندىن كۆرە، مەن ھېساباتنىڭ كې-
يىنكى بەتلىرىنى ئاڭلاشنى تەكلىپ قىلىمەن.

— بەرھەق، ئاتا. كېيىنكىسىنى ئاڭلايمىز.

قوبۇلخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سۇلتاننىڭ ۋەزىرنى

يەنە «ئاتا» دەپ ئاتىغانلىقىغا گۇۋاھ بولدى. بۇ ئۇنىڭغا يەنە ئىلتىپات كۆرسىتىلىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرەتتى. ھەسەننىڭ كېيىنكى بەتنىمۇ تاپالماي، ھاياجان ھەم ۋەھىمىدىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغانلىقىدىن پايدىلانغان ۋەزىر يەنە گەپ قاتتى:

— يوقالغان شۇ ۋاراقنى قويۇپ تۇرساق، سۇلتاننى ساقلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەن بۇرادىرىمىز ھەسەنگە بىرەر چوڭ شەھەر ياكى ۋىلايەتنىڭ خىراجەتلىرى توغرىسىدىكى ھېساباتمەلۇماتنى ئوقۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلماقچىمەن.

سۇلتان باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى. ۋەزىر يەنە داۋام قىلدى:

— مەسىلەن، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان مەۋلانا ئۆمەر ھەييامنىڭ يۇرتى نىشاپۇر ۋە ئۇنىڭ ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە قانچىلىك باج تاپشۇرغانلىقىنى بىلىشكە بولامدۇ؟

— ھازىرلا، — دېدى ھەسەن ۋە تىزلىنىپ، قەغەزلەر ئارىسىدىن كېرەكلىك بەتنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ئىشتا كۆزى پىشقان ئادەمدەك ئىشەنچ بىلەن 34 - بەتنى — نىشاپۇر ھەققىدىكى مەلۇماتنى ئىزدىدى، بىراق تاپالمىدى.

— بەت جايىدا يوق! ئۇ يوقاپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئوغرىلىشىپتۇ! مېنىڭ قەغەزلىرىمگە بىرسى قول تەگكۈزۈپتۇ، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

نىزامۇل مۇلك ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكشاھقا يېقىن كەلدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەگەر ھۆكۈمدارىمىز قىيىنچىلىقلارنى، مۇمكىن بولىدىغان ۋە مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ساددىق، ئابرۇي - ئېتىبارلىق خىزمەتكارلىرىغا نىسبەتەن ئىشەنچىنى يوقاتمىغىنىدا ئىدى، بىر نادان شەيتاننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، بۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ۋە كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى.

مەلىكشاھنىڭ بۇ ئىشقا چوڭ بىر ھىيلە ئارىلاشقانلىقىغا ئال-

لىقاچان كۆزى يەتكەن، بىراق مەسىلىنىڭ شۇنداق ھەل بولۇۋاتقان-لىقىنى ئۇنى قانائەتلەندۈرگەنىدى. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، نىزا-مۇل مۇلك ھەسەننىڭ كاتىپلىرىدىن بىرىنى سېتىۋېلىپ، ھەقىقىي ھېساباتى مەلۇماتلىرىنى يوقىتىۋېتىشنى، ھەممىنى ئالماشتۇرۇۋې-تىشنى بۇيرۇغان ۋە نەتىجىدە، رەقىبىنىڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە تەييارلىغان پاش قىلىش ھېساباتىنى يوققا چىقارغان.

پىتنە - ئىغۋا ئىرىشتا ئەيىبلىنىۋاتقان ھەسەن يىغلامسىراپ، گەپ قىلىشقا ئۇرۇناتتى، بىراق ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەن دەپ ھې-سابلاۋاتقان ۋە باش ۋەزىرنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەستە تەييارلانغان بۇ ئورۇنۇشنىڭ بەربات بولغىنىدىن غەزىپى تاشقان سۇلتان ھەممە ئەيىبنى ھەسەنگە ئارتىپ قويدى. شۇ ۋاقىت-نىڭ ئۆزىدىلا ھەسەننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، ياساۋۇللارغا ئۇنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى.

— بۈيۈك ھۆكۈمدارىمىزنىڭ رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەسەن سەبباھ بۇ ئىشنى بىجىرىشتە، ئېھتىمال، ئالدىراقسانلىققا يول قويغان ياكى ئىشەنچىڭىز ئۇنى ھودۇقتۇرۇ-ۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، مۇشۇ كەمچىلىكى ئۈچۈن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ سىزگە ياكى ھاكىمىيىتىڭىزگە زىيانلىق بىرەر ئې-غىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن.

ئۆمەر شۇنداق دەپ تىلى گەپكە كەلمەي قالغان، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆلتۈرگان ھەسەننىڭ گۇناھىنى يېنىكلەتمەكچى بولدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قوغۇشۇن قۇيۇلسۇن، تېزدىن تۆمۈر قىزدۇرۇپ كېلىنسۇن! — بۇيرۇدى سۇلتان.

ئۆمەر ئۆزى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ئادەمنىڭ يا ئۆلتۈرۈلۈ-شىگە، ياكى كور قىلىنىشىغا يول قويالمايدىغانلىقىنى سېزىپ، يە-نە مۇرەسسەگە چۈشتى:

— ئالەمپاناھ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ئىلاجى بولمىغان بۇ ياش يىگىتكە بۇنداق

جازانى لايىق كۆرمىسىڭىز!

— سەن مەۋلانا ئۆمەر، ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، ئەڭ ئىنسابلىق ۋە دانا ئادەم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم قارارىمىزنى ئۆزگەرتىمەن. ھەسەن سەبباھ بۇ دۆلەتتىن سۈرگۈن قىلىنسۇن، ئۇنىڭ قەدەملىرى بۇ تۇپراققا قايتا تەگمىگەي!

بىراق ھەسەن بۇ يەرلەرگە يەنە كېلىدۇ. ئۇ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قايتىپ كېلىدۇ. ئۆمەرنىمۇ كەلگۈسىدە ئاجايىپ ئۆچرىشىشلار، مۇدھىش قىسمەت كۈتمەكتە ئىدى.

# ئىككىنچى كىتاب

## قاتىللار جەننىتى

جەننەتمۇ، دوزاخمۇ ئۆزۈڭسەن ئۆزۈڭ...

— ئۆمەر ھەييام

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible] **[illegible]** [illegible]
[illegible]
[illegible]

---

[illegible]

# ئون بەشىنچى باب

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى. بۇ يەتتە يىل ئۆمەر ئۈچۈن، سەلتەنەت ئۈچۈن تىنچلىق ۋە پاراۋانلىق يىللىرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرى بولدى.

باراڭ ئاستىدا كاتتا داستىخان تۈزۈلگەن. داستىخان ئۈستىدە شىرازىنىڭ ئەتىۋارلىق ئاق مۇسكەت شارابى تولدۇرۇلغان ئۇزۇن بويۇنلۇق كوزا ۋە بىللۇر قەدەھلەر تۇراتتى. يازنىڭ راھەتبەخش كېچىلىرى ئۆمەر ئۆز شىپاڭىدا سۆيۈملۈك يارى بىلەن شۇنداق بەزمە قۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار بۇ بەزمىلەرنى ئەڭ كۈچسىز شارابلارنى ئېتىپ كۆرۈشتىن باشلايتتى، كېيىن داستىخانغا ھەرخىل مېۋىلەر، تاڭسۇق تائاملار، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇ، سىركىلەنگەن بېھى تارتىلاتتى. يېنىك شامال سېرىق تاغدىن چېچەكلەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى. جاھاننىڭ قولىدىكى ئۇد تارىلىرىدىن تارىلىۋاتقان شوخ كۈيلەر بۇ ھىدلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. كۆڭلى ۋىسال ۋە كۈي ساداسىدىن يايراۋاتقان ئۆمەر ھۇزۇر بىلەن شاراب سۈمۈردى. جاھان ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ، داستىخاندىكى ئۈزۈملەرنىڭ ئەڭ قىزىلى ۋە سەر خىلىدىن بىر تال ئېلىپ ئۆمەرنىڭ ئاغزىغا سالدى. بۇ ئاشىقلار تىلىدا «مېنى تېزراق سۆي» دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. ئۆمەر جاھاننىڭ يۈز - كۆزلىرىگە، لەۋلىرىگە بىر ئەمەس، نۇرغۇن سۆيدى. قوللار، تەنلەر بىر - بىرى بىلەن چىرماشتى. توساتتىن چۆرە ئايال كىرىپ قالدى. ئۇلار ئالدىرىماي بىر - بىرىنىڭ قۇچاقلىرىدىن چىقىشىپ، يەنە قەدەھلەرنى قولىغا ئېلىشتى. جاھان شاراب كەيپىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئەگەر ئاللاھ ماڭا يەتتە مەرتەم ئۆمۈر بەرگىنىدە، ئۇنىڭ
بىرىنى ھەر ئاخشىمى مۇشۇ شىپاڭ ئاستىدا سىز بىلەن جەم بو-
لۇش بەختى ئۈچىدە شاراب ئىچىپ ئۆتكۈزگەن بولاتتىم.

— مەن ئاللاھ نەچچە قېتىم ھاياتلىق بەرسە، مەيلى ئۇ بىر،
ئۈچ ياكى يەتتە بولسۇن، ھەممىسىنى خۇددى ھازىرقىدەك سەن بە-
لەن مانا شۇنداق شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، چاچلىرىڭ-
نى سىلاپ ئولتۇرۇشقا بېغىشلىغان بولاتتىم.

ئۇلار توققۇز يىلدىن بېرى بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى بەك
ئىزدىشەتتى، لېكىن تۆت يىلدىن بېرى ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ يا-
شاۋاتقىنىغا قارىماي، دۇنيا قاراشلىرى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ھا-
مان باشقا - باشقا ئىدى. جاھان ئايال بولسىمۇ، دەۋرنىڭ بۈيۈك
ئەكابىرلىرىدىن بولۇشقا ئىنتىلەتتى ۋە بۇنىڭدىن ھەرگىز خىجىل
بولمايتتى. ھەتتا بۇ جەھەتتە ئاز - تولا ئۇتۇقلارغىمۇ ئېرىشكەن،
جۈملىدىن ئۇ مەلىكىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سىردىشىغا ئايلانغان
ئىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى ھەرەمخانىدىكى غەيۋەتلەرگە قاتنىشاتتى،
سارايغا كىرىۋاتقان ۋە چىقىۋاتقان پۈتكۈل يېڭىلىقلاردىن، مۇھەببەت
ماجىرالىرى، بېرىلگەن ۋەدىلەر، كىملەرگىدۇر تەييارلىنىۋاتقان
ئوغىلاردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ مۇنداق مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقىدىن
روھلىناتتى، تىنىمسىز پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، كەچقۇرۇنلىرى
ئۆمەرنىڭ ھۇزۇرىدىكى شېرىن مۇھەببەت قوينىغا قايتاتتى. ئۆمەر
بولسا ھاياتنىڭ رەڭدارلىقىدىن، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن
ۋە ئىلىمدىن زوقلىنىپ لەززەت ئېلىپ ياشايتتى. ئۇ تولىمۇ كې-
چىكىپ ئويغىناتتى. ئەتىگەنۋى «باش ئاغرىق» شارابىنى ئىچىپ،
ئىشىغا ئولتۇراتتى، يازاتتى، ھېسابلايتتى، سىزاتتى، ئۆچۈرەتتى
ۋە يەنە يازاتتى. پۈتكەن شېئىرلىرىنى مەخپىي قول يازمىسىغا
كۆچۈرەتتى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا چەكسىز راھەت، ئۆز -
ئۆزىدىن قانائەتلىنىش تۇيغۇسىنى بەخش ئېتەتتى. ئۇ كېچىلىرى
كۆپ ۋاقتىنى ئۆيى يېنىدىكى تۆپىلىككە قۇرۇلغان رەسەتخانىدا
ئۆتكۈزەتتى. رەسەتخانىدىكى ھەممە ئەسۋابىنى ئۆزى ياساپ، ئۆزى

قورغان ئىدى. جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بۇ رەسەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن بىرلا باغنى كېسىپ ئۆتسە كۇپايە ئىدى. ئۇنى كۆپىنچە بىرقانچە مۇنەججىملەر ئارىسىدا كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىسپاھاندىكى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلى ئەنە شۇ رەسەتخانىنى قۇرۇش، ئەسۋابلىرىنى تەييارلاش بىلەن ئۆتتى. دەل شۇ يىللاردا ئۇنىڭ مەشھۇر كالېندارى بارلىققا كەلدى. بۇ كالېندار ھىجرىيە 458 ـ يىلى سەۋر ئېيىنىڭ بېشىدا، يەنى مىلادىيە 1079 ـ يىلىنىڭ 21 ـ مارت كۈنىدە تەنتەنىلىك ھالدا پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلاندى. شۇ يىلى ھەييام كالېندارىغا ئاساسەن پۈتۈن پارس زېمىنىدا نەۋرۇز بايرىمى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى، دەپ ئېلان قىلىندى ۋە بۇ بايرام بېلىق يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن، قوي يىلىنىڭ قوياشلىق كۈنلىرىگە كۆچۈرۈلدى. دەل شۇ يىلدىن باشلاپ قوياش كالېندارى (شەمسىيە)، يۇلتۇز كالېندارىغا توغرا كەلمەي قالدى. شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1081 ـ يىلىنىڭ ئىيۇن ئېيىدا ئىسپاھانلىقلار يېڭى كالېندار بويىچە ئۈچىنچى يىلدا ياشاۋاتاتتى. بۇ كالېندار رەسمىي تۈردە «مەلىكشاھ كالېندارى» دەپ ئاتالسىمۇ، كوچىلاردا ۋە ھەتتا ئايرىم رەسمىي ھۆججەتلەردە «ئۆمەر ھەييام زامانىنىڭ پالانى يىلىدا» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاش ياكى ئوقۇش مۇمكىن ئىدى. بۇ ــ 33 ياشلىق ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەلۋەتتە ئۇنى بۇنچىلىك ئەزىزلىگەن زامان ئەربابلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى زوراۋانلىققا، جەبر ـ زۇلۇمغا بولغان چوڭقۇر غەزەپ ـ نەپرەتنى بىلمەيتتى.

ئۆزىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان جاھاننى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولدىكىن؟ بىزنىڭچە، بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھاياتتىن بالا ـ چاقىسىز ئۆتۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. جاھان ئۆزىدىن ئەۋلاد قالدۇرماسلىققا، پەرزەنت تەربىيىسىگە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىققا، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن

ياشاشقا قەتئىي نىيەت قىلغان ئاياللار تېپىلىدىن ئىدى. ئۆمەرمۇ سۈرىيىلىك شائىر ئابدۇلئەلىنىڭ «مەن ئۆزۈمنى دۇنياغا كەلتۈرگەنلەرنىڭ گۇناھى تۈپەيلى ئازاب چېكىۋاتىمەن، ئەمدى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ھېچكىم ئازاب چەكمىسۇن» دېگەن سۆزىنى ئۆزىگە شوئار قىلىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ئادەمگە، ئىنسانىيەتكە مېھرى يوق دېگىلى بولمايتتى. ئۇ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بېكارغا يازمىغان بولسا كېرەك: «قاچانكى ھايات سېنى ھالىڭدىن كەتكۈزسە، سەن پۈتۈن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك زۇلمەتتە قېلىشىنى خالىساڭ، يامغۇردىن كېيىن سىرلىق تاۋلىنىۋاتقان مايسىلارنى، ئۇيقۇدىن ئويغىنىۋاتقان مەسۇم گۆدەكنىڭ بىگۇناھلىقىنى ئويلا!». ئۇ ئۆزىچە ئەۋلاد قالدۇرۇشنى خالىمىغانىكەن، بۇ ئاشۇ زاماندىكى ھاياتنىڭ ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكى ھاياتقا مۇتلەق ماس كەلمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل رۇبائىيلىرىدا زامان كۈلپەتلىرىدىن نالە قىلىدۇ:

كەلمەك مەندىن بولسا كەلمەستىم بىردەم،
كەتمەك مەندىن بولسا، كەتمەس ئىدىم ھەم.
بەك بەلەن بولاتتى بۇ غەمخانىگە،
كەلمىسەم، تۇرمىسام، ھەمدە كەتمىسەم!

ئۇلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشقا ئىنتىلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى ھەرخىل بولسا كېرەك. جاھان ئۆز تەبىئىتىدىكى شۆھرەتپەرەسلىك ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۆمەر بولسا، ئۇلارغا بېپەرۋالىقىدىن قىينىلىپ ياشايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرىسىز ياشىيالمايتتى. مەملىكەتتىكى پۈتكۈل ئەر - ئاياللار ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشاتتى، «بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى تۇغماس بولسا كېرەك» دېگەندەك پىتنە - ئىغۋا تارقىتاتتى. لېكىن ئۇلار بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى پىسەنتىگە ئالماي، بىر ئۆمۈر شېرىن ۋە لەززەتلىك ھايات كەچۈرۈشكە قەسەم قىلىشقانىدى، لېكىن بۇنىڭمۇ چەك - چېگرىسى باردەك قىلاتتى. كۆپ ھاللاردا جاھان ئۆمەر-

نىڭ ئالدىدا بىرەر ھەسەتخورنىڭ گېپى بىلەن ئىش قىلاتتى، بەزەن
ئۆز پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئۇنىڭغا سۆزلەپمۇ بېرەتتى. جاھان
بۇنداق گەپلەرنىڭ ئۆمەرگە ياقمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بىراق
ئۆمەر ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋەتلەرگە ئورۇن قالدۇرماي، ئۇن -
تىنسىز ئولتۇراتتى. دەرۋەقە، ئۆمەر ساراي ھاياتىغىمۇ ئارىلىشىپ
تۇراتتى، لېكىن ئۇ يەردە ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشتىن نومۇس
قىلاتتى، ھەر خىل پىتنە - پاساتلارغا ئارىلىشىشتىن يىرگىنەتتى.
شۇنداقتىمۇ، ساراي مۇنەججىملىرى ۋە تېۋىپلىرىنىڭ يۈرىكىنى
ئەلەم ۋە ھەسەتتىن پۇچىلاپ، جۇمە كۈنلىرى سارايدا ئۆتكۈزۈلىدى-
غان زىياپەتلەرگە قاتنىشاتتى، ئۇ يەردە كېسەل بولۇپ قالغان ئە-
مىرلەرگە تۈرلۈك مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى، مەلىكشاھقا ئاتاپ تۈز-
گەن تەقدىرنامىسىنى[1] تەقدىم قىلاتتى. ئاددىي ئىنسان سۈپىتىدە
سۇلتانمۇ ھەر كۈنى «نېمە قىلىش كېرەك ۋە نېمە قىلىش مۇمكىن
ئەمەس»لىكىنى بىلىشكە تولىمۇ قىزىقاتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا ئاتاپ
تۈزگەن بېشارەتلەردە: «ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىدە سىزگە بىر يۈلتۈز
زىيانكەشلىك قىلىدۇ، شۇ كۈنى سارايدىن چىقماسلىقىڭىز كېرەك.
ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە قان ئالدۇرماڭ ھەم سۈيۈق دورا ئىچمەڭ،
ئاينىڭ 10 - كۈنىدە سەللىڭىزنى بېشىڭىزنىڭ سول تەرىپىدىن
ئورىشىڭىز لازىم. ئاينىڭ 13 - كۈنىدە خوتۇنىڭىزغا يېقىنلاشماس-
لىقىڭىز لازىم» دېگەندەك كۆرسەتمىلەرنى بېرەتتى، سۇلتانمۇ بۇ
سۆزلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ھەر ئاينىڭ ئا-
خىرىدا نىزامۇل مۇلكمۇ ھەيیامدىن يېڭى ئاي ئۈچۈن ئۆز تەقدىر-
نامىسىنى ئالاتتى ۋە ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ كۆرسەتمە-
لەرگە سۆزسىز رىئايە قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ
ئۆمەرنىڭ مۇنەججىملىك بېشارەتلىرىدىن پايدىلىنىش بەختىگە مۇ-
يەسسەر بولغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. سۇل-
تاننىڭ مۇلازىملىرى، قازىكالان، خەزىنىچىلەر، ھەربىي قوشۇن
ئەمىرلىرى، بايلار، سودىگەرلەر ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندى. ئۆ-

---

① تەقدىرنامە — بېشارەتنامە، پالنامە.

مەر ئۇلارغا تېگىشلىك پالنامە تەييارلاش ئۈچۈن ھەر ئاينىڭ ئا-
خىرقى ئون كۈنىدە كېچىلىرى خېلى ۋاقىت ئاجرىتىشقا مەجبۇر
بولاتتى. باي كىشىلەر ئۆمەرگە مۇراجىئەت قىلسا، پۇلى ئازراقلىرى
ئادەتتىكى مۇنەججىملەرنىڭ ئالدىغا بېرىشاتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى
يۇمۇپ، قۇرئاننى تەۋەككۇلگە ئېچىپلا بارمىقىنى تەگكۈزگەن جۈم-
لە ئارقىلىق پال ئاچىدىغان پالچىلارنىڭ بېشارەتلىرىدىن بىرئاز
ئەرزان چۈشەتتى. ئايرىم كەمبەغەل ئاياللار بولسا، بىرەر ئىشقا قول
تىقىشتىن بۇرۇن ئادەملەر توپلانغان جايلاردىن بىرىگە بېرىپ ۋە ئۇ
يەردە ئاڭلىغان بىرىنچى جۈملىلەرنى توغرا يول كۆرسەتكۈچى بې-
شارەتتەك قوبۇل قىلىشىپ، تېگىشلىك خۇلاسىلەرنى چىقىراتتى.
— تۇركان خاتۇننىڭ يېڭى ئايلىق تەقدىرنامىسى تەييارمۇ؟ —
سورىدى جاھان شۇ كۈنى كەچتە.
— ئۇنى بۈگۈن كېچە تەييارلايمەن. بۈگۈن كېچە ھاۋا ئوچۇق،
پۈتكۈل يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرۇپتۇ. رەسەتخانىغا بارىدىغان
چاغ بولدى، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا خىزمەتكار ئايال كىرىپ
كەلدى.
— دەرۋازا ئالدىدا بىر دەرۋىش بىر كېچە تۈنەشكە رازىلىق
سوراۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.
— بولىدۇ، ئۇنى پەلەمپەينىڭ ئاستىدىكى كىچىك ھۇجرىغا
باشلا، كەچلىك غىزانى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىل، — دېدى ئۆ-
مەر.
جاھان ئۆيگە يات ئادەمنىڭ كىرىشىگە تەييارلىنىپ، يۈزىگە
چۈمبىلىنى تارتتى. بىراق خىزمەتكار ئايال يالغۇز قايتىپ كىردى:
— ئۇ ھۇجرىدا ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ خەتنى
بەردى، — دەپ قولىدىكى خەتنى ئۆمەرگە ئۇزاتتى.
ئۆمەر خەتنى ئوقۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
— ئۇ كىشى كىم ئىكەن ؟ — سورىدى جاھان.
— مەن ھازىر قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئۆمەر ئۇنىڭغا
جاۋاب بەرمەستىن ۋە خەتنى يىرتقىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ تېز-

لىكتە ھۇجرىغا كىرىپ، ئىشىكنى دەررۇ تاقىدى، ئۇ نۇرغۇن شۇب-ھە - گۇمانلار بىلەن مېھمانغا بىردەمقىچە تىكىلىپ قالدى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى - دە، سورىدى:

— ئىسپاھاندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن، نىزامۇل مۇلكنىڭ ئا-دەملىرى سېنى ھەممە يەردە ئىزدەپ يۈرۈشىدىغۇ؟

— سېنىڭ ئېتىقادىڭنى ئۆزگەرتكىلى كەلدىم، — دېدى مېھ-مان تەكەللۇپسىزلا.

ئۆمەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ مېھماننىڭ ئەقىل - ھوشىنىڭ جايىدا ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى ئىدى، بىراق مېھ-مان كۆلەتتى، ئۇنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك، كۆشان كارۋان سارىيىدىكىدەك ئۇنسىز ۋە يېقىمسىز ئىدى.

— خاتىرجەم بول، سېنىڭ ئېتىقادىڭنى ھەممىدىن كېيىن ئۆزگەرتىشكە نىيەت قىلغانمەن. دېمەك، تېخى ۋاقتىم بار. بۈگۈن مەن بىر قونالغۇغا موھتاج. سۇلتاننىڭ مېھمىنى، باش ۋەزىرنىڭ دوستىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەنە قەيەردە ئىشەنچلىكرەك جاي بار؟

— ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان نەپرىتى ماڭا بولغان دوستلۇقىدىن كۈچلۈكرەك. سەن مېنىڭ كۆلبەمدە ئەزىز مېھمان، بىراق، ئەگەر ئۇلار سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭنى بىلسە، مېنىڭ يېقىنچىلىقىم سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالمايدۇ.

— ئەتە مەن بۇ يەردىن يىراققا كېتىمەن.

ئۆمەر ئۇنىڭدىن رەنجىگەنلىكىنى يوشۇرمىدى.

— سەن ۋەزىردىن ئۆچ ئېلىشقا كەلگەنسەن؟

مېھمان ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك كۆرسىتىپ، جاۋاب بەردى:

— مەن ئۆز قەدىر - قىممىتىم ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا ئەرزى-مەيدىغان ئادەم. بىراق مەن تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چەك قو-يۇش نىيىتىمدە.

ئۆمەر تونۇشىغا سىنچىلاپ تىكىلدى: ئۇ قارا سەللىسىنى چاڭ - توزان ۋە قۇياش نۇرىدا رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن ئاق سەللىگە ئۆز-گەرتىپتۇ، ئۇستىۋېشىدا كۆزۈمسىز يۇڭ چەكمەن.

— سەن ماڭا ناھايىتى ھاكاۋۇر ئادەمدەك تۇيۇلۇۋاتىسەن. ھال-
بۇكى مەن ھازىر مەملىكەتتىن سۈرگۈن قىلىنغان، ھەممە يەردە
تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن، جەندە - كۇلا كىيىپ ئۆيمۇئۆي
يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دەمەشقتىن
ھىراتقىچە سوزۇلغان قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بىلەن تۇتۇشۇشقا
تەييارلانغان ماختانچاق بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتىمەن، خالاس.
— سەن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتىسەن. مەن
كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمەن. پات
ئارىدا سالجۇقىيلارغا قارشى قايتا ئۇيۇشقان، باتۇر ۋە قۇدرەتلىك
يېڭى ئېتىقاد غايىسىنىڭ پەيداكارلىرى كۆرەش باشلايدۇ. بۇ قۇد-
رەتلىك كۈچ سېنىڭ سۇلتانىڭنىمۇ، باش ۋەزىرىڭنىمۇ ۋەھىمىگە
سېلىپ تەۋرىتىپ قويغۇسى. سەن بىلەن مەن تۇغۇلغاندا ئىسپاھان
باغداد خەلىپىسىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پارسىي شىئەلەر-
نىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. بۈگۈن بولسا، پارسلار تۈركلەرنىڭ خىز-
مەتكارلىرىغا، سېنىڭ دوستۇڭ — پارس مىللىتىنىڭ يارىماس ۋە-
كىلى نىزامۇل مۇلك بۇ كەلگۈندىلەرنىڭ ئەڭ سادىق غالچىلىرىدىن
بىرىگە ئايلاندى. كېچىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئەتىسى ئەمەلىيەتكە ئاي-
لىنىدىغىنىغا نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟
— زامان ئۆزگىرىپ كەتتى، ھەسەن. ھاكىمىيەت، كۈچ-
قۇدرەت تۈركلەرنىڭ قولىدا، پارسلار مەغلۇب بولغان. بەزىلەر
نىزامۇل مۇلككە ئوخشاش غالىبلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ
يۈرۈۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ماڭا ئوخشاش كىتاب ۋە ئىلىم بىلەن
كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرۈۋاتىدۇ.
— كىملەردۇر كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار بۈگۈن
ئازدۇر، لېكىن ئەتە - ئۆگۈن ئۇلارنىڭ سانى يۈزلەپ، مىڭلاپ كۆ-
پىيىدۇ. تېخى كۆرىسەن، ئۇلار كۆپ سانلىق، ھېچ نەرسىدىن تەپ-
تارتمايدىغان، قەتئىي ۋە يېڭىلمەس قوشۇنغا ئايلىنىدۇ. مەن ئۇلار-
نى مانا شۇ كۆرەشكە باشلىغۇچى، دەۋەت قىلغۇچى، يەنى، يېڭى ئې-
تىقادنىڭ جارچىسىمەن. مەن چوقۇم پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ چىقى-

مەن. يېڭى ئېتىقادقا ئىشەندۈرۈشتە ياراتقان ئىگەم ماڭا مەدەت بېرىدۇ. مەن بۇ چىرىگەن، يارىماس ھاكىمىيەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلماقچىمەن. بۇنى ساڭا — قاچانلاردىدۇر ھاياتىمنى ساقلاپ قالغان ئادەمگە ئېيتىۋاتىمەن، ئۆمەر! پات ئارىدا دۇنيادا شۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇكى، ئادەملەر ئۇنى بىردەمدىلا چۈشىنەلمەيدۇ، لېكىن سەن ئۇنى چۈشىنىسەن، نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەيسەن. سەن بۇ كونا دۇنيانى كىمنىڭ تىترىتىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ قانداق تۈگەيدىغانلىقىنى بىلىسەن.

— مەن سېنىڭ ئېتىقادىڭدىن ياكى كۈچ - قۇدرىتىڭدىن گۇمانلانمىدىم، لېكىن تۈرك سۇلتانىنى ھىمايە قىلىپ، پارس ۋەزىرى بىلەن ئۆچەكەشكىنىڭنى ئويلاۋاتىمەن.

— خاتا چۈشىنىپ قالما، ئۆمەر. مەن سەن ئويلىغاندەك ئىپلاس ئادەم ئەمەس.

— مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم. بىراق، تەبىئىتىڭدىكى ئايرىم نۇقسانلارنى تەكىتلەۋاتىمەن، خالاس.

— بۇ گەپلىرىڭ ئۆتمۈشۈمدىن خەۋەرسىز قالغىنىڭدىندۇر. دەسلەپكى ئۇچرىشىشىمىزدا ئۇنى ساڭا ئېيتىپ بەرمىگىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. ئەگەر ساڭا ھەقىقىي ئۆتمۈشۈمنى سۆزلەپ بەرسەم، كۆز قارىشىڭنىڭ ئۆزگىرىشى شۈبھىسىزدۇر. مەن ئاددىي شىئە ئائىلىسىدە چوڭ بولغان. ئاتا - ئانام ئىدىيەمگە: «ئىسمائىلىيلار ئەڭ رەزىل، ئەڭ دەھرىي ئادەملەر» دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىگەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمائىلىيلاردىن بىر كىشى بىلەن ئۇزاق مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئەنە شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم ئېتىقادىمغا دەز كەتتى. ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ، قايتا ئۇچراشماسلىققا، سۆھبەتلەشمەسلىككە قەتئىي قارار قىلدىم. تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدىم. كېسىلىم شۇنداق ئېغىر ئىدىكى، «يەيدىغان رىزقىم تۈگىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلايتتىم. شۇ چاغدا كۆزۈم يۇمۇلۇپ بىر چۈش كۆردۈم، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى سەزدىم ۋە كۆڭلۈمدە بىر نىيەت

پەيدا بولدى. «ئەگەر ساقىيىپ كەتسەم ئىسمائىلىيلارنىڭ ئېتىقادى-
غا ئۆتۈمەن» دېدىم. مەيلى ئىشەن ياكى ئىشەنمە، كۆندىن - كۈنگە
ئەھۋالىم ياخشىلىنىشقا باشلىدى. مەندىن ئاللىقاچان ئۈمىدىنى
ئۈزگەن ئاتا - ئانام توساتتىن تۈزىلىپ كېتىشۋاتقىنىمنىڭ سەۋەب-
نى چۈشىنەلمەي ھەيران قېلىشتى. كېيىن مەن گېپىمدە تۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ئۆتۈشكە قەسەمياد قىلدىم. ئارىدىن ئىككى
يىل ئۆتۈپ، ئۇلار ماڭا دەسلەپكى تاپشۇرۇقنى بەردى. مەن نىزامۇل
مۇلكنىڭ سارىيىغا جايلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەل-
تۈرۈشۈم، دىۋان مەھكىمىسىدە بىرەر مەنسەپنى ئىگىلەپ، ئىسما-
ئىلىيلاردىن بولغان بۇرادەرلىرىمىزگە ياردەم بېرىش چارىلىرىنى
ئىزدىشىم لازىم ئىدى. شۇ نىيەتتە رەيدىن ئىسپاھانغا يول ئالدىم.
يولدا، كۇشان شەھىرىدە بىر كارۋانسارايدا توختىدىم. كىچىك
ھۇجرىغا يوشۇرۇنۇپ، باش ۋەزىر مەھكىمىسىگە قانداق كىرىش
پىلانىنى تۈزۈپ، بېشىم قېتىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ھۇجرامنىڭ
ئىشىكى ئېچىلدى، ئالدىمدا سەن — ئاللاھ تەرىپىدىن پىلانلىرىم-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن مەشھۇر ئۆمەر پەيدا
بولدى.

ئۆمەر ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى:

— نىزامۇل مۇلك سېنى «ئىسمائىلىيلاردىنمۇ؟» دەپ سورى-
غاندا، «ئۇنداق بولمىسا كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

— سەن خاتا سۆزلىمىدىڭ، چۈنكى مېنى بىلمەيتتىڭ. مانا
ئەمدى ھەممىنى بىلىۋالدىڭ، سەن مېنى غىزاغا تەكلىپ قىلغانمى-
دىڭ؟ — دېدى ئۇ بىرئاز ئوڭايسىز سۈكۈناتتىن كېيىن.

ئۆمەر ئىشىكنى ئېچىپ خىزمەتكار ئايالنى چاقىردى ۋە ئۇ-
نىڭغا غىزا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق قىلىپ يەتتە يىلدىن بۇيان دەرۋىش سىياقىدا دۇن-
يا كېزىپ يۈرۈپسەن - دە؟

— ھەئە، مەن كۆپ جايلاردا بولدۇم. ئىسپاھاندىن چىقىپ
كېتىشۋاتقىنىمدا نىزامۇل مۇلكنىڭ ئادەملىرى ئىزىمغا چۈشتى.

مەن ئۇلارنى كام شەھرىدە ئاداشتۇرۇۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇ يەردىمۇ دوستلىرىم پاناھلىق بەردى. كېيىن رەي شەھرىگە كېلىپ بىر ئىسمائىلىيىنى ئۇچراتتىم. ئۇ ماڭا قاھىرەگە بېرىپ، ئۆزى تەلىم ئالغان دەۋەتچىلەر مەكتىپىدە ئوقۇشۇمنى مەسلىھەت بەردى. دەمەشققە بېرىش ئۇچۇن پۈتۈن ئەزەربەيجاننى ئايلىنىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كەلدى. مەن قاھىرە تەرەپكە ئىچكى يوللار بىلەن ئۆتۈشنى ئويلىغانىدىم، بىراق، قۇددۇس ئەتراپىدا تۈركلەر ۋە مەغرىبلىكلەر ئوتتۇرىسىدا داۋملىشىۋاتقان ئۇرۇش مېنى كەينىمگە قايتىپ، بېيرۇت، سەئىد، تىر ۋە ئەكر ئارقىلىق كېمىدە يول يۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. مېنى ئىسكەندىرىيەدە دەۋەتچىلەرنىڭ ئالىي رەئىسى ئەبۇ داۋۇت باشچىلىقىدىكى مەخسۇس كىشىلەر ئەڭ مەرتىۋىلىك ئەمىر سۈپىتىدە كۈتۈۋالدى...

خىزمەتكار ئايال كىرىپ، داستىخانغا تائام تىزىلغان قاچىلارنى قويدى. ھەسەن ئۇ چىقىپ كەتكۈچە ئۆزىنى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندەك تۇتتى، كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن قاھىرەدە ئىككى يىل تۇردۇم. بىز دەۋەتچىلەر مەكتىپىدە نەچچە ئون كىشى ئىدۇق، لېكىن پەقەت بىر توپ كىشىلەرلا فاتىمىيلار چېگرىسىنىڭ سىرتىدا ھەرىكەت قىلىشقا بەلگىلەنگەن ئىدۇق.

ھەسەن بۇ گەپلەرنى ئاساسىي مەقسەتلىرىنى تولۇق بايان قىلماستىن، قىسقىلا ئېيتتى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۇرلۇك مەنبەلەردىن بۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مەقسەت ۋە ۋەزىپىلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. جۈملىدىن تەلىم جەريانى ئىككى ئالاھىدە جايدا تەشكىل قىلىناتتى، يېڭى ئېتىقادنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشلىرى ئۆلىمالار تەرىپىدىن «ئەل ئەزھەر» مەدرىسەسىدە ئوقۇتۇلاتتى، دەۋەتچىلەر سېپىنى كېڭەيتىش ئۇسۇللىرىدىن بېرىلىدىغان ساۋاقلار خەلىپە سارىيىدا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. فاتىمىيلار سارىيىنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئۆلىماسى، يەنى، دەۋەتچىلەر باشلىقىنىڭ ئۆزى تالىپلارغا ئىشەنچ ۋە ئېتىقادنى شەكىللەندۈرۈش سەنئىتىدىن، دۇنيا

قاراشنى ئۆزگەرتىشنىڭ سىرلىرىدىن، ئادەملەر كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ساۋاق بېرەتتى. ئەنە شۇ باشلىقنىڭ ئۆزى دەۋەتچىلەر ئۆچرىشىشىدا ئىشلىتىشكە تېگىشلىك مەخپىي سۆز-لەرنى ئۆگىتەتتى. ھەربىر دەرسنىڭ ئاخىرىدا تالىپلار بىر - بىر-لەپ باشلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىناتتى. باشلىق ئىمام شەخسەن ئىمزا قويغان مەخسۇس ھۆججەتنى ئۇلارنىڭ بېشىدىن چۆرۈپ، شاگىرتلىرىنى مۇقەددەس دەۋەتكە روھلاندۇراتتى. شۇنىڭدىن كې-يىن ئاياللار ئۈچۈن نىسبەتەن قىسقىراق مەشغۇلاتلار باشلىناتتى.

— مەن مىسىردا ئۆزۈمگە كېرەكلىك ھەممە بىلىملەرنى ئە-گىلىدىم، — دېدى مېھمان گېپىنى خۇلاسىلاپ.

— بىر كۈنى سەن ھەممە بىلىملەرنى ئون يەتتە يېشىڭدا ئۆ-گىنىۋالغانلىقىڭنى ئېيتىپ ماختانمىغانمىدىڭ؟ — كىنايە قىلدى ئۆمەر.

— مەن ئون يەتتە ياشقىچە بىلىم توپلىدىم، كېيىن شۇلارنىڭ ياردىمىدە ئېتىقادنى ئۆگەندىم، قاھىرەدە بولسا ئېتىقادنى ئۆگىتىش ئىلمىنى ئىگىلىۋالدىم.

— ساڭا ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆزۈڭگە قانداق تارتىسەن؟

— مەن ئۇلارغا ئۇستاز تۇتماي ئېتىقادنى ئۆگىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىمەن. قاچانكى بىز «لائىلاھە ئىللەللاھ»، يەنى «خۇدادىن ئۆزگە ياراتقۇچى يوق» دېگىنىمىزدە، شۇنىڭغا ئۇلاپلا «مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ»، يەنى «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئەلچىسى» دېگەن كەلىمىنى ئېيتىمىز. خوش، نېمىشقا شۇنداق قىلىمىز، سەن بۇنى چۈشىنەمسەن؟ بۇ بىزگە خۇدانىڭ يەككە-يېگانىلىقىنى، بۇ ھەقىقەتنى بولسا قايسى ئۇستازنىڭ ئۆگەتكەنلى-كىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، بۇ ئۇستاز ئاللىقاچان دۇنيادىن كەت-كەن. بىز ئۇنىڭ راستتىنلا مەۋجۇت بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ھەدىسلىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ مەنمۇ خۇددى سەندەك ئەپلاتۇننى، ئارستوتېلنى ئوقۇغان، لېكىن مەن بۇ مەسىلىدە ئىسپاتقا موھتاج.

— قانداق ئىسپات؟ بۇ مەسىلىدە ساڭا يەنە قانداق ئىسپات كېرەك؟
— سىلەر سۈننىيلەر ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ ھېچقانداق ئىسپات كېرەك ئەمەس. سىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ھېچقانداق ئىزباسار قالدۇرمىغان، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئارىسالدىلىق-تا قويۇپ، دۇنياغا ئەڭ كۈچلۈكلەر، ئەڭ ھەييارلار ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن دەپ دۇنيادىن كۆز يۇمغان، دەپ ئويلايسىلەر. بۇ قىپقىزىل بىمەنىلىكتۇر. بىز ئىسمائىلىيلار بولساق، خۇدانىڭ رەسۇلىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن ئۇنىڭ سىرلىرىنى ساقلىغۇچى، ئۇنىڭ غايىلىرى-نى داۋام ئەتكۈزگۈچى ۋارىس قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. بۇنى ئىمام ئەلى، ئۇنىڭ كۈيئوغلى، ئۆزىنىڭ نەۋرىسى، يەنى ئۇ-كىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئەلىمۇ ئۆزىگە ۋارىس قال-دۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ھەقىقەتەنمۇ ئىماملار سۇلالىسى مەۋ-جۇت. ئۇلار ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى ھەقىقەت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.
— سېنىڭ گەپلىرىڭدىن شىئەلەرنىڭ باشقىلاردىن نېمە ئۇ-چۇن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم.
— مەن ۋە ئاتا-ئانام ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ. ئۇلار ماڭا ھەقىقىي ئىمام دۇنياغا كەلگۈچە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىداپ، سەۋر قىلىپ ياشاشنى، ئۇ تۇغۇلغاندا ئاندىن يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىلىدىغانلىقىنى، ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆگەتتە-تى. مېنىڭ ئېتىقادىم بولسا، كۈتۈشنى ئەمەس، ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىشنى، بۇ دۇنياغا ھەقىقىي ئىمامنىڭ كېلىشىنى بار ئاماللار بىلەن تېزلىتىشنى ئۆگىتىدۇ. مەن يېڭى ئىمامنىڭ دۇنيا-غا كېلىشى ئۇچۇن يەر يۈزىنى بارلىق توسۇق ۋە قالايمىقانچى-لىقلاردىن تازىلايمەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز ھەدىسلىرىدە مەن توغرۇلۇق ئەسلىتىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟
— ئەجەبا سەن، كامىلىق ھەسەن ئىبن سەبباھ ھەققىدىمۇ؟

— سەن ھەدىسلەردىن «كاملىق بىر ئىنسان دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئادەملەر ئۆتكۇر نەيزە ئەتراپىغا توپلانغاندەك، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا باشلايدۇ. قۇدرەتلىك بورانلارمۇ ئۇلارنى تارقىتىۋېتەلمەيدۇ. ئۇلارغا خۇدانىڭ ئۆزى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ھەق يولدا ھەرقانداق جەڭدىنمۇ تەپتارتمايدۇ ۋە ھەرگىز يېڭىلمەيدۇ» دېگەن كەلىمىنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟

— مەن بۇنداق ھەدىسنى بىلمەيمەن. چۈنكى مەن ھەقىقىي ھەدىسلەرنى ئوقۇيمەن.

— ياق، سەن كۆڭلۈڭگە ياققان ھەدىسلەرنى ئوقۇيسەن، خالاس. شىئەلەر توپلىغان ھەدىسلەر بولسا، ئەڭ ھەقىقىيلىرىدۇر.

— سەن راستىنلا ئاشۇ ھەدىسنىڭ سەن توغرۇلۇق ئېيتىلغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟

— پات ئارىدا سەنمۇ بۇنىڭغا گۇمان قىلمايسەن.

# ئون ئالتىنچى باب

شۇنداق قىلىپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن بۇ ئادەمنىڭ دۇنيا بو-
يىچە يېڭى دەۋەت ـ تەشۋىقاتىغا بېغىشلانغان ئەل كېزەرلىك ھاياتى
باشلاندى. ئىنىم تاپماس بۇ دەۋەتچى پۈتۈن ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار
رايونىنى كېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن ھەممىلا يەردە —
بەلختە، مەرۋەدە، قەشقەر ۋە سەمەرقەنتلەردە ئۇ ئۆز تەشۋىقاتلىرىدا
ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى نەقىل كەلتۈ-
رۈپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتەتتى. ئۆز مەزھىپىنىڭ يې-
ڭى ـ يېڭى شاخچىلىرىنى تەشكىللەيتتى. ھەربىر شەھەر ياكى يې-
زىدا ئۇ ئۆزىدىن كېيىن ئىشەنچلىك بىرەر ۋەكىل قالدۇراتتى ۋ
ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ تەۋەلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا دائىم تەييار
تۇرىدىغان، جەبر ـ زۇلۇمدىن سەۋر قاچىلىرى تولۇۋاتقان پارسلار-
دىن، تۈركلەردىن، ئەرەبلەردىن، شىئە ياكى سۈننىيلەردىن ئەڭ
جەڭگىۋارلىرىنى توپلاپ، ھەسەن تەرەپدارلىرىنىڭ سېپىنى كۈندىن
ـ كۈنگە ئۇلغايتاتتى. ئۆلىمالار ئۇلارنى «باتىنىلار» يەنى «مەخپىي
كىشىلەر»، دەھرىيلەر دەپ ئاتاپ، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇشقا لەنەتلەر
ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ۋائىزلار مۇنبەرلەردە كىمكى ئۇلارغا قوشۇل-
سا، ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا غىزالانسا، قودا بولسا، ئۇلارغا
خۇدانىڭ لەنەتلىرى ياغىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش —
چاڭقاپ ياتقان باغنى سۇغارغاندەك ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى
جۆشەندۇرۇشكە باشلىدى. ئىسمائىلىيلارغا قارشى ھەرىكەت بارغان-
چە كۈچىيىپ، ئەمدىلىكتە سۆزدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈش باشلاندى.
سەۋاھ شەھىرىدە بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ناماز ۋاقتىدا باشقىلار-
دىن ئايرىلىپ ئالاھىدە ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر گۇرۇھ كىشىلەر

ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ دەسلەپتە ئىسمائىلىيلاردىن 18 كىشى قولغا ئېلىندى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چېقىمچىلىق قىلغان ھېلىقى ئىماممۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. نىزامۇل مۇلك ئەمدى كەسكىن جازا تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئىسمائىلىيلار تەرەپدارلىرىدىن بولغان ياغاچچى قاتىللىقتا ئەيىبلىنىپ، پۇت - قوللىرىدىن تۆت تەرەپكە تارتىلىپ قەتلە قىلىندى. ئۇنىڭ جانسىز تېنى بازار كوچىلىرىدا سۆرەپ سازايى قىلىندى. ئىسمائىلىيلارنىڭ نەشاپۇرنىڭ جەنۇبىدىكى كائىن شەھىرىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ دەسلەپكى غەلىبىسىنى بىر تارىخچى شۇنداق يېزىپ قالدۇرغان ئىدى: «مەسچىت ئىمامى ئىسمائىلىيلار تەرىپىدىن يوق قىلىنغان بىرىنچى دۈشمەن، ياغاچچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بولسا، ئۇلارنىڭ سېپىدىكى بىرىنچى يوقىتىش بولدى».

بىر كۈنى كائىندىن يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر توپ نەقابلانغان قوراللىق كىشىلەر نۇرغۇن يۈك بىلەن كىرماندىن كېلىۋاتقان ئالتە يۈز كىشىلىك سودىگەر ۋە ساياھەتچىلەر كارۋىنىنىڭ يولىنى توستى. كارۋانبېشى ئۇلارنى قاراقچىلار دەپ ئويلاپ كۆچ سىنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن گەپ ئۇنىڭدا بولمىغاچقا، يول توسقۇچىلار ساياھەتچىلەرنى بىر يېزىغا ئاپىرىپ، بىرنەچچە كۈن داۋامىدا ئۇلارنى ئۆز مەزھىپىگە ئۆتۈشكە دەۋەت قىلدى.

بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا قەسەمياد قىلغانلار قويۇپ بېرىلدى، رەت قىلغانلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ھادىسە بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئىسمائىلىيلارنىڭ ئۆز كۈچىنى سىناپ كۆرۈشتىكى دەسلەپكى سىنىقى ئىدى. ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە مەزھەپلەر كۈرىشى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. بۇ كۈرەشتىن زەخمەت يەتمىگەن بىرمۇ شەھەر، ۋىلايەت ياكى كوچا قالمىدى. شۇنداق قىلىپ، سالجۇقىيلار ئورناتقان «تىنچلىق دەۋرى»نىڭ قۇيرۇقى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ قالايمىقانچىلىقلار سەمەرقەنتنىمۇ چەتتە قالدۇرمىدى. بىر تارىخچىنىڭ

تەكىتلىشىچە: «شەھەردە يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ئاسا-
سىي سەۋەبچىسى قازىكالان ئەبۇ تاھىر ئىدى».
بىراق ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى.
دەرۋەقە، نويابىرنىڭ سالقىن بىر كۈنىدە، ئۆمەرنىڭ كونا
دوستى ئەبۇ تاھىر بالا - چاقىلىرى ۋە روزىغارى بىلەن كۆچۈپلا
ئىسپاھانغا كىرىپ كەلدى. ئۇ شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا ئۆزىنى
ئۆمەر ھەييامنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.
ئۆمەرمۇ ئۇنى ئۆيىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا تېگىش-
لىك ئىززەت - ئىكراملارنى كۆرسىتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بول-
دى. ئادەت بويىچە ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئەبۇ تاھىر
كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ ئۆمەردىن ئىلتىماس قىلدى:
— مەن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تېزراق نىزامۇل مۇلككە
يەتكۈزۈشۈم كېرەك.
ئۆمەر قازىنىڭ ھېچقاچان مۇنداق تىت - تىت بولغىنىنى
كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ دوستىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ ئېيتتى:
— ئەھۋال راستىنلا شۇنداق جىددىي بولسا، باش ۋەزىر بىلەن
بۈگۈن كەچتىلا ئۇچرىشايلى.
— مەن سەمەرقەنتتىن يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولدۇم.
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ كې-
يىنكى يەتتە يىل ئىچىدە شۇنچىلىك قېرىپ كەتكەن ئىدىكى، يۈ-
زىنىڭ قېنى قاچقان، ساقاللىرى ئاقىرىپ، پەقەت ئۇزۇن قارا قاش-
لىرىلا سۇرلۇك بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر كۆڭۈلنى خاتىرجەم قى-
لىدىغان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. قازىكالان ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىپ، سەللىسىنى تۈزىگەچ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— يۈزىدە تاتۇقى بار ھېلىقى موللا ئېسىڭدىمۇ؟
— مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئۇ ئادەمنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ
قالاي؟
— سەن ئۇنى ئەرزىمەس بىر گۇمان بىلەن كىشىلەرنى دەھ-

رىيلىكتە ئەيىبلەپ، قۇتراپ يۈرگىنىنى ئەسلىيەلەمسەن؟ ئاشۇ لە-
نەتگەردى ئۈچ يىلدىن بېرى ئىسمائىلىيلار مەزھىپىگە ئۆتۈۋېلىپ،
ئىلگىرى مۇسۇلمانچىلىقنى قانداق ھىمايە قىلغان بولسا، ئەمدى
يېڭى ئېتىقادىنىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇنداق ھىمايە قىلىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭغا نۇرغۇن شەھەرلىكلەر ئەگەشتى. ئۇ كوچىلارنىڭ ھەقىقىي
خوجايىنىغا ئايلاندى. بازارلاردىكى سودىگەرلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر-
بىر سۆزى قانۇن. مەن مۇشۇ مەسىلە سەۋەبلىك بىرنەچچە قېتىم
خانىنىڭ ئالدىغا كىردىم. سەن ناسىرخاننى بىلىسەن، ئۇ غەزىپى
تېز كېلىپ، تېز يانىدىغان ئادەم. خۇدا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەن-
نەتتە قىلسۇن، مەن ئۇنى ھەربىر نامىزىمدا ئەسلەيمەن. ھازىر ھا-
كىمىيەت ئۇنىڭ جىيەنى ئەھمەدنىڭ قولىدا. ئۇ بېلى بوش، كەل-
گۈسىنى ئويلىمايدىغان ياش يىگىت. مەن ئۇنىڭغا قايسى تەرەپتىن
ياندىشىشنى بىلمەي ئاۋارە بولدۇم. ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم ئىس-
مائىلىيلار پەيدا قىلىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلار ھەققىدە ئېيتىپ،
دەھرىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەسلىھەت بەردىم. ئۇنىڭغا ۋەزى-
يەتنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ
بېرىشكە تىرىشتىم، لېكىن گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ،
سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىۋەردى، گەپلىرىمنى بىپەرۋالىق بى-
لەن خۇشياقمىغان قىياپەتتە ئاڭلىدى. خانىنىڭ كەسكىن ھەرىكەت
قىلىشىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ھۇزۇرۇمغا ھەربىي باش-
لىقلارنى چاقىردىم. ئۇلاردىن ئىسمائىلىيلارنىڭ ھەرىكىتىنى قات-
تىق نازارەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئىشەنچلىك كىشىلەردىن
ئۈچ كىشى تاتۇق چىراي موللىنى كۆزىتىشكە قويۇلدى. مېنىڭ
مەقسىتىم ئىسمائىلىيلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار-
نى دەلىل - ئىسپاتلىرى بىلەن توپلاپ خانغا يەتكۈزۈپ، بولۇۋاتقان
ۋەقەلەرگە ئاقىلانە بىر تەدبىر قوللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئىدى.
بىر كۈنى ئادەملىرىم ئىسمائىلىيلارنىڭ باشلىقىنىڭ سەمەرقەنتكە
كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— كىمنى، ھەسەن سەبباھنىمۇ؟

— دەل شۇ. ئادەملىرىم ئۇلار يىغىلىدىغان غەتفار مەھەللىسىدىكى ئەبدەك كوچىسىنىڭ ئىككى بېشىغا پىستىرما قويدى. ئۇ يىغىلىشتىن دەرۋىش قىياپىتىدە كىيىنىپ چىقتى. ئادەملىرىم تېزلىكتە ئۇنىڭ بېشىغا تور خالتا تاشلاپ تۇتۇۋالدى ۋە ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنى قولغا چۈشۈرگىنىمدىن خۇشاللىنىپ، ھايالشىمايلا سارايغا ئېلىپ كەلدىم. خان تۇنجى قېتىم قىزىقىشىنى بىلدۈرۈپ ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىلدى. ھەسەن سەبباھ ئۇنىڭ قوبۇلىغا كىرىشى بىلەنلا خان ھەممە ئىشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ يىرگىنچلىك دەھرىي بىلەن يالغۇز قېلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇ سادىر قىلغان گۇناھ ۋە رەزىللىكلەرنى ئەسكەرتسەممۇ، بارچە ھەرىكەتلىرىم زايە كەتتى. ئۇ شەخسەن ئۆزى بۇ دەھرىينى توغرا يولغا سېلىشنى خالاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممەيلەننى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ساراي ئەمەلدارلىرى پات - پات ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئەتىگىنى جايناماز ئۈستىدە بىللە ناماز ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈشتى.

ئەبۇ تاھىر بادام شەربىتىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، شۈكرانە ئېيتتى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەمەرقەنتنىڭ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمدارى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋەلىئەھدىنىڭ ئىسمائىلىيلار مەزھىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەن ئېلىشىمىزدىن باشقا ئىلاجىمىز قالمىدى. ئەلۋەتتە ئۇ بۇنى رەسمىي ئېلان قىلىشتىن چۆچۈيتتى، ئۆزىنى ھەقىقىي ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك تۇتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارايتتى. تېز ئارىدا ساراي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىسمائىلىيلار ئىگىلەشكە باشلىدى. ھەسەننى تۇتۇشتا جان پىدالىق كۆرسەتكەن ھەربىي باشلىقلار تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كەينى - كەينىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. مېنىڭ شەخسىي قوروقچىلىرىممۇ تاتۇق

يۈزىنىڭ ئادەملىرىگە ئالماشتۇرۇلدى. مۇنداق ۋەزىيەتتە مەن نېمە قىلالايتتىم. شۇڭا زىيارەتچىلەرنىڭ بىرىنچى كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام قىلىچىنىڭ ئىشەنچلىك ھىماتچىلىرى نىزامۇل مۇلك ۋە مەلىكشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆمەر ئەبۇ تاھىرنى باش ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ باردى. ئۇ مېھماننى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

مېھماننىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان نىزامۇل مۇلكنىڭ كەيپىياتىدا تەشۋىش ئالامەتلىرى زاھىر بولدى ۋە بىردىن جىم بولۇپ قالغان قازىدىن سورىدى:

— سەمەرقەنتتىنىڭ ھەم بىزنىڭ بېشىمىزغا يېغىۋاتقان بۇ كۈلپەتلەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ سېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن كىشىنىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ.

— ئۆمەر ھەيياممۇ؟

— باشقا كىم بولاتتى؟ مەن ھەسەن سەبباھنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا ئېرىشكىنىمدە، دوستۇڭ — مەۋلانا ئۆمەر ئۇنىڭ جېنىغا ئارا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول قويمىغانىدى. ئەمدى ئۇ بىزنىڭ ئىسمائىلىيلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالالارمىكىن؟

قازى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئېسەنگىرەپ قالدى. ۋەزىر خۇرسىنىپ قويدى ۋە بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن يەنە سورىدى:

— نېمە قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايسەن؟

بۇ سوئالغا ئەبۇ تاھىرنىڭ جاۋابى تەييار ئىدى. ئۇ جاۋابنى ئاستاغىنە، بىراق تەنتەنىلىك ئېلان قىلدى:

— سالجۇقىيلارنىڭ بايرىقى سەمەرقەنت ئۈستىدە لەپىلدەيدىغان پەيت كەلدى!

ۋەزىرنىڭ يۈزى بىر ئاز ئېچىلغاندەك بولدى. بىراق تېزلا

جىددىي تۇس ئېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— بەللى، ئاغزىڭغا ئالتۇن، مەن سۇلتانغا ئۆزۈمدىن بېرى سەلتەنەتنىڭ ماۋەرائۇننەھرگىچە سوزۇلۇشى لازىملىقىنى، ئالەمدە تەڭدىشى يوق سەمەرقەنت ۋە بۇخارا بىزنىڭ تەسەررۇپىمىزدا بولۇشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىم پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ. مەلىكشاھ بۇ ھەقتە ئاڭلاشنىمۇ خالىمايۋاتىدۇ. خاننىڭ قوشۇنلىرى كۈچسىزلىنىپ قالدى، ئەمىرلەر خېلىدىن بېرى مائاش ئالمىدى. قەلئەلەرمۇ ۋەيرانە ھالغا كېلىپ قالدى.

— ئەمىسە نېمىشقا ئارقىغا سۆرەيسىلەر؟ ياكى مەلىكشاھمۇ ئاتىسى ئالپ ئارسلاننىڭ بېشىغا چۈشكەن قىسمەتتىن قورقۇپ، دەريادىن ئۆتۈشتىن چۆچۈۋاتامدۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

قازى باشقا سوئال بېرىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ ۋەزىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

— سۇلتان يا دەريادىن، يا دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن قورقمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر ئايالدىنلا قورقىدۇ.

— تۈركان خاتۇندىنمۇ؟

— ئەگەر مەلىكشاھ ماۋەرائۇننەھر زېمىنلىرىغا كۆز قىرار-تىپ، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتسە، بۇ ئايال ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىر تۆشەكتە ياتماسلىقتا، ھەرەمنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن. سەمەرقەنت ئۇنىڭ ئانا يۇرتى، ناسىرخان ئاكىسى، ئەھمەد بولسا ئۇنىڭ جىيەنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. ماۋەرائۇننەھر ئۇنىڭ ئائىلىۋى سۇلالىسىغا تېگىشلىك مەملىكەت. ئەگەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن تىكلەنگەن سەلتەنەتكە دەز كەتسە، مەلىكەنىڭ ساراي ئاياللىرى ئارىسىدىكى ئورنىمۇ تەۋرىنىدۇ ۋە بىر كۈنى مەلىكشاھنىڭ ۋەلىئەھدى بولىدىغان ئوغلىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنىمۇ بىكارغا كەتكۈزگەن بولىدۇ.

— لېكىن، ئۇنىڭ ئوغلى تېخى ئاران ئىككى ياشقا كىرگەن

گۆدەكقۇ؟

— بۇ توغرا، ئۇ گەرچە گۆدەك بولسىمۇ ئانىسى — مەلىكە ئوغلىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى كېرەك.

— ئەگەر مەن سۆزىڭىزنى توغرا چۈشەنگەن بولسام، — خۇلاسە قىلدى قازى، — سۇلتان سەمەرقەنتنى قولغا كىرگۈزۈش ھەققىدىكى پىكىرگە ھەرگىز رازى بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— مەن شۇنداق دەۋاتقىنىم يوق. بىراق، سۇلتاننى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش چارىلىرىنى ئىزدىسەك بولىدۇ. لېكىن تۇركان خاتۇن-نىڭ نازۇ كەرەشمىلىرىدىن ئۈستۈن كېلىدىغان مۇھىمراق ئامال تېپىش قىيىن.

قازى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىگە قارشى قويۇلغان دەلىلنىڭ بۇنچىلىك نازۇكلۇقىنى سېزىپ، ئەدەپ بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— سىزگە ئېيتقان گەپلەرنى سۇلتانغىمۇ ئېيتىپ، ھەسەن سەبباھ تەرىپىدىن تەييارلىنىۋاتقان پىتنە - پاساتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسەم، شۇلارنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولماسمۇ؟

— ياق! — دېدى ۋەزىر كېسىپلا. ئۇ ئۆز مېھمىنىنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاجايىپ بىر پىلان پىشىپ يېتىلىۋاتقان ئىدى. بۇنى سەزگەن قازىمۇ تاقەت بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى.

— گەپ مۇنداق، — دېدى ۋەزىر مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئەتە سەن سۇلتان ھەرەمخانىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ھەرەم ئا-غىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتىسەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا سەمەرقەنتتىن كەلگەنلىكىڭنى، تۇركان خاتۇنغا ئۇنىڭ ئائىلىسى ھەققىدىكى يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگىنىڭنى مەلۇم قىلىسەن. سە-مەرقەنت شەھىرىنىڭ قازىكالانى، سۇلالىنىڭ ئۇزۇن يىللىق خىز-مەتكارىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلسە مەلىكىنىڭ سېنى قوبۇل قىل-ماسلىققا ئىلاجى يوق.

قازى باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللىدى. ۋەزىر داۋام قىلدى:

— تۈركان خاتۇنىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا ئىسمائىلىيلار تەرىپىدىن سەمەرقەنت ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان كۆلپەتلەرنى، خەۋپ - خەتەرلەرنى ئېيتىسەن، بىراق، ئەھمەدخاننىڭ سەبباھ بىلەن بولغان سۆھبىتى توغرۇلۇق تىنمايسەن. ئەكسىچە ھەسەن سەبباھنىڭ پۈتۈن سارايىنى ئۆز مەزھىپىگە ئۆتكۈزگەنلىكىنى، مەلىكىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى ۋە پەقەت ئاللاھنىڭلا ئۇنىڭغا مەدەت بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىسەن. يەنە مېنىڭ ئالدىمغا كىرگەنلىكىڭنى، مېنىڭ ساڭا ئېتىبار بەرمىگەنلىكىمنى، ھەتتا سۇلتانغا بۇ گەپلەرنى ئېيتماسلىقىقا ئۈندىگەنلىكىمنى قوشۇپ قويىسەن.

ئەتىسى بۇ تەدبىر ھېچبىر قىيىنچىلىقسىزلا ئەمەلگە ئاشتى. تۈركان خاتۇن مەلىكشاھنى سەمەرقەنت شاھىنى ئىسمائىلىيلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتقۇزۇشقا كۆندۈرۈشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. دەسلەپ بۇ ئىشقا ئۆزىنى قارشىدەك كۆرسەتكەن نىزامۇل مۇلك بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە غەيرەت - شىجائەت بىلەن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ھىيلە بىلەن تەشكىل قىلىنغان بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق نىزامۇل مۇلك ماۋەرائۇننەھرنى سالجۇقىيلارنىڭ سەلتەنىتىگە قوشۇۋېلىشنى ۋە سەمەرقەنتنى ئىسمائىلىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى مەغلۇب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغان ئابرۇيي - ئىناۋىتىنى قايتىدىن تىكلەشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلىشى لازىم ئىدى. ئايغاقچىلىرى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ھەسەننىڭ پائالىيىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، لېكىن ھەسەنمۇ، ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ دەسلەپكى توقۇنۇشۇشلاردىلا قويۇق تۇتقۇزماي كۆزدىن يوقىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ باش ۋەزىر، سۇلتان ۋە مەلىكىنىڭ

ئىسمائىلىيلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، جەڭگە كىرىشىش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدەيتتى. سەمەرقەنتنى قولغا كىرگۈزۈش بولسا، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى خىيالىغىمۇ كەلمىگەن زور ئىمكانىيەتلەردىن بىرى ئىدى.

مىلادىيە 1089 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىدە پىللار، مەنجانىقلار بىلەن قوراللانغان 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ قوشۇننى ئاتلاندۇرۇشقا سەۋەب بولغان پىتنە ـ پاساتلارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ، ئۇ ھەرقانداق قوراللىق كۈچلەر ئورۇنلىشى تېگىشلىك بولغان ئاساسىي ۋەزىپە — ئورۇش ۋە قىرغىنغا ئاتلانغان ئىدى. دەسلەپ ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا بۇخارا قولغا كىرگۈزۈلدى. قوشۇنلار سەمەرقەنت دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، مەلىكشاھ ئەھمادخانغا يېقىن دوستى سۈپىتىدە مەكتۇپ يېزىپ: «ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتنى دەھرىيلەرنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىشقا كەلگەنلىكىنى» مەلۇم قىلدى. خان بولسا ئۇنىڭغا: «مەن ھەزرىتى ئالىي قېرىنداشىمىزدىن ھېچنېمە ئىلتىماس قىلمىغانىدىم» دېگەن مەزمۇندا سوغۇق مۇئامىلىدە جاۋاب ئەۋەتتى. مەلىكشاھ ئۇنى ئوقۇپ ھەيران قالدى. باش ۋەزىر بولسا بۇ جاۋابتىن قىلچە ئەجەبلەنمەستىن دېدى:

— خان بۇ خەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يازمىغان. كىمدۇر بىرى ئۇنى مەجبۇرلىغان. بىز بۇ جاۋابقا ئېتىبار قىلماي، ئۆز ۋەزىپىمىزنى بېجىرىشىمىز لازىم.

نېمىلا بولسۇن، شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن لەشكەرلەر ھېچقانداق ئولجىسىز ئارقىغا قايتىشنى خالىمايتتى. ئەمىرلەرنىڭمۇ قۇرۇق قول قايتىشقا رايى يوق ئىدى. بىرىنچى كۈنىلا قەلئە ياساۋۇللىرىدىن بىرىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئىستېلاچىلار شەھەرگە يوپۇرۇلۇپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. قوشۇن شەھەرنىڭ غەربىنى ئىشغال قىلدى. ھىمايىچىلار بولسا كېش دەرۋازىسى ئەتراپىدىكى جەنۇبىي بازارغا چېكىندى. ئاھالىنىڭ بىر قىسمى سۇلتاننىڭ قوشۇنلىرى تەرەپكە ئۆتتى. چۈنكى سالجۇقىيلار ئۇلارنى ئو-

زوق ـ تولۇك بىلەن تەمىنلەپ، تورلۇك تاللاپەتلەردىن ساقلاپ، ئۇلارنى خانغا قارشى كۆرەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسىلا ئەھمەدخان تەرەپتە قالدى. دەھشەتلىك جەڭ ئىككى ھەپتە داۋام قىلدى. بۇ قېتىمقى سوقۇشنىڭ سالجۇقىيلار پايدىسىغا ھەل بولۇشىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى. گۇمبەزلىك مەھەللىدە بىر دوستىنىڭكىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئەھمەدخانمۇ كۆپ ئۆتمەيلا تۇتۇۋېلىندى. ئىسمائىلىيلار مەزھىپىنىڭ پوتكول باشلىقلىرىمۇ قولغا چۈشتى، پەقەتلا ھەسەن سەبباھلا يەر ئاستى يوللىرى ئارقىلىق قېچىپ كەتتى.

نىزامۇل مۇلك تەنتەنە قىلاتتى، لېكىن سۇلتان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تەرىپىدىن ئۇزلۇكسىز كەمسىتىلىپ كېلىنگىنى ھامان ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ باراتتى. مەلىكشاھ بولسا، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانمىسىمۇ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىدىن، ئالدانغانلىقىدىن غۇرۇرى ئازابلىناتتى. ئۇ ھەتتا قوشۇنلىرىغا ئەنئەنىۋى غەلىبە زىياپىتى بېرىشتىنمۇ باش تارتتى.

— بۇ قانداق بېخىللىق ـ ھە! — دېيتتى نىزامۇل مۇلك ئۆز تەرەپدارلىرىغا.

ھەسەن سەبباھ بولسا ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن قىممەتلىك ساۋاق ئالدى: ئۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ، شۇ كەمگىچە ئىنسانىيەت بىلمىگەن، ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئوخشىمايدىغان دەھشەتلىك بىر جەمئىيەت «ئاسسىنلار» تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

# ئون يەتتىنچى باب

ئالامۇت ــ دېڭىز يۈزىدىن ئالتە مىڭ قەدەم ئېگىزلىكتىكى، قىيالار ئۈستىگە جايلاشقان، ئەتراپى تاقىر تاغلار، سىرلىق كۆللەر بىلەن ئورالغان، تىك يار ۋە تار جىلغىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم قەلئە. كۆپ سانلىق قوشۇن بۇ جايغا تار جىلغىلار ئارقىلىق پەقەت بىر ئادەم - بىر ئادەمدىن ئۆمىلەپ چىقالىشى مۇمكىن، خالاس. ئەڭ كۈچلۈك تاش ئاتار مەنچاناقلارمۇ ئۇنىڭ مۇستەھكەم تاش سېپىلىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان، مۇستەھكەم توساقلارنىڭ يەنە بىرى ــ شاھرۇد دەرياسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەلۋە ئېقىنلىرىدىن ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ. باھاردا ئەلبۇرس چوققىلىرىدىكى قارلار ئېرىگەندە شىددەتلىك ئېقىن ئۆز يولىدىكى تاش - تۇپراق ۋە دەرەخلەرنى قومۇرۇپ ئېقىتىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا دەرياغا يېقىنلاشقان، ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدا چېدىر قۇرغان لەشكەرلەرنىڭ بېشىغا مىڭلاپ كۈلپەتلەرنىڭ يېغىشى ھېچ گەپ ئەمەس. ھەر كۈنى كەچتە دەريادىن، كۆللەردىن قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلىدۇ، پاختىغا ئوخشاش قويۇق ئاق بۇلۇتلار يۇقىرىغا ئۆرلەپ، قىيالارنى بېلىگىچە قاپلىۋالاتتى. بۇنداق چاغدا قەلئە كىشىدە بۇلۇتلار ئۈستىگە قۇرۇلغاندەك تەسىر بېرەتتى. ئالامۇت ئاھالىسىگە ئۆز ئۆيلىرى خۇددى بۇلۇتلار دېڭىزىدىكى كىچىك ئارالدەك تۇيۇلاتتى. پەستىن قارىغاندا بۇ قەلئە دېۋىلەرنىڭ ماكانىغا ئوخشايتتى. يەرلىك شېۋىدە «ئالامۇت» سۆزى «بۈركۈت تاپقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ھۆكۈمدار ئۆز تەسەررۇپىدىكى چېگرا - پاسىللارنى ياخشى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېگىز تاغ ئۈستىگە قەلئە قۇرماقچى بولغانىكەن. ئۇ قول-

دىكى كۆندۈرۈلگەن بۇركۇتنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ، بۇركۇت قايسى قىياغا قونسا شۇ جايغا قەلئە قۇرۇشنى نىيەت قىپتۇ. بۇركۇت كۆكتە خېلى ۋاقىت پەرۋاز قىلىپ، كېيىن ئەڭ ئېگىز قىيانىڭ بىرىگە قونۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆكۈمدار قەلئە قۇرۇش ئۈچۈن، بۇركۇت قونغان قىيا ئۈستىنى ئەڭ مۇۋاپىق جاي، دەپ ئويلاپ قۇ- رۇلۇشنى باشلاپتۇ.

ھەسەن سەبباھمۇ ئاشۇ ھۆكۈمداردەك ئىش قىلدى. ئۇ ئۆزىگە سادىق ئادەملەرنى بىر جايغا توپلاش، ئۇلارنى تەربىيەلەپ بىرلەش- تۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق جاي ئىزدەپ پۈتۈن پارس زېمىنىنى كې- زىپ چىققان ئىدى. سەمەرقەنتتىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇ چوڭ شەھەرلەردە قارارگاھ تەسىس قىلىشنىڭ مۇقەررەر ھالدا سالجۇقىيلار بىلەن توقۇنۇشقا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ رەقىبلىرىگە نىسبەتەن پايدا بىلەن نەتىجىلىنىدىغان- لىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ قو- لى يەتمەيدىغان، بېسىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان، شۇ يەردە تۇرۇپ ھەممە ياقتىن ئۆز پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بې- رىدىغان بىر قارارگاھ كېرەك ئىدى.

ماۋرائۇننەھر شەھەرلىرىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن ئۇلجا بايراقلار ئىسپاھان كوچىلىرىدا تەنتەنىلىك رەۋىشتە نامايان قىلى- نىۋاتقاندا، ھەسەن سەبباھ ئالامۇت قەلئەسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. يەر يۈزىنىڭ ئىنسان قەدىمى يەتمەس بۇ بۇلۇڭى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جايىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇ قەلئەگە يىراقتىن نەزەر تاشلاپلا جاھان كېزىپ يۈرۈپ ئاخىرى مانا شۇ جايدا مەقسەتكە يې- تىپ، مانا شۇ يەردە ئۆز سەلتەنەتىنى بەرپا قىلىشقا ئىشەندى. شۇ چاغدا ئالامۇت باشقا قەلئەلەرگە ئوخشاش سالجۇقىيلارنىڭ ھەربىي ئىستىھكاملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يەردە نەچچە ئون لەشكەر، ھۇ- نەرۋەن، دېھقانلار ئۆز ئائىلىسى بىلەن ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. نىزامۇل مۇلك تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قەلئە باشلىقى بولسا مەھدى ئەلەيۇت دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ مەملىكەتتە يۈز بېرىۋاتقان قالايمى-

قانچىلىقلاردىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۆزىنىڭ سوغىرىش ئىرىقلىرى ۋە ياڭاق، ئۈزۈم، ئانار پەرۋىشى بىلەن بەند ئىدى.
ھەسەن ئۆز ھەرىكىتىنى شۇ يەرلىك سادىق ئادەملىرىنى قەلئەگە كىرگۈزۈپ، قەلئەدىكىلەرنى يېڭى ئېتىقادقا ئىشەندۈرۈشتىن، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، دەۋەتچىلەر خوجايىنىغا ھەممە كىشىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەلئەگە بىمالال كېلىۋەرسە بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ھەسەن ئادىتى بويىچە قەلئەگە دەرۋىش كىيىمى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ قەلئەنى تولۇق ئايلىنىپ ھەممە يەرنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ چىقتى. قەلئە باشلىقى مېھماننى ئەۋلىيادەك كۈتۈۋالدى ۋە كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇش مۇمكىنلىكىنى سورىدى.
— ماڭا مانا مۇشۇ قەلئە كېرەك، — دېدى ئۇ.
قەلئە باشلىقى مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۆزىچە، بۇ دەرۋىش كىشى چاقچاقچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ مېھمىنى چاقچاق قىلمىغان ئىدى.
— مەن بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغىلى كەلدىم. ئەمدى قەلئەدىكى ھەممەيلەن مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدۇ!
بۇ گەپ، ئادەم ئىشەنمەيدىغان دەرىجىدە راست ئىدى. ئاشۇ دەۋر تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئىسمائىلىيلاردىن قالغان ھۆججەتلەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلار بۇ گەپلەرنىڭ ھەرگىزمۇ ئەپسانە ئەمەسلىكىگە ئىشەندى.
ئەمدى ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ داۋامىغا قايتايلى:
بۇ سۆھبەت 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئىنىقراقى 1090 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىردە بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئاسساسىنلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەن سەبباھ — 166 يىل داۋامىدا تارىختا ئەڭ دەھشەتلىك ئىز قالدۇرغان دىنىي مەزھەپنىڭ باشلىقى — بۇ قەلئەنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆز قارارگاھىغا ئايلاندۇرۇشقا

قەتئىي نىيەت قىلغانىدى. مانا ئۇ شۇ تاپتا قەلئە باشلىقىنىڭ ئال-
دىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ گېپىنى تەكرارلىماقتا:

— مەن ئالامۇت قەلئەسىگە ئىگىدارلىق قىلىش ئۈچۈن كەل-
دىم.

— بۇ قەلئە ماڭا سۇلتان تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان. قەلئەگە
خوجايىنلىق قىلىش ئۈچۈن مەن ئاز - تولا پۇل خەجلىگەن.

— قانچە؟

— ئۈچ مىڭ ئالتۇن دىنار!

ھەسەن سەبباھ قولىغا قەغەز ئالدى ۋە «ئالامۇت قەلئەسى ئۈ-
چۈن مەھدى ئەلەيۇتقا ئۈچ مىڭ ئالتۇن دىنار بېرىلسۇن. خۇدا بىز-
نى قوللىسۇن. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ھىمايىچىمىزدۇر» دەپ ياز-
دى.

قەلئە باشلىقى ساراسىمەدە قالدى. ئۇ قوپال توقۇلغان يۇڭ
چەكمەن كىيگەن بۇ دەرۋىش ۋەدە قىلغان شۇنچە كۆپ مىقداردىكى
پۇلنى كىمدىن ئېلىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئىدى. لېكىن
ئۇ دەمگەھىن شەھىرىگە كېلىپلا ئۈچ مىڭ ئالتۇن دىنار پۇلنى
ئانچە قىينالمايلا ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

ئالامۇت قەلئەسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئىسپاھانغا يېتىپ كەلگەندە ھېچكىم بۇنىڭدىن ئارتۇقچە خەۋپسىرىمىدى. ساراي ۋە شەھەردىكىلەر كۆپرەك باش ۋەزىر بىلەن سۇلتان ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان قارىمۇقارشىلىقلاردىن تەشۋىشلىنەتتى. ئۆز ئاكىسىغا تەۋە ئەلگە ھەربىي يۈرۈش باشلاشقا سەۋەبچى بولغان باش ۋەزىرنى تۈركان خاتۇننىڭ كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. ئۇ تەسىرى مەلىكشاھتىن بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان باش ۋەزىردىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. «ئاتىسى يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمغاندا 18 يېشىدا قالغان سۇلتان ئەمدىلىكتە 35 يېشىدا، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى مۇستەقىل ھەل قىلىشى مۇمكىن بولغان چاغدىمۇ يەنە يېتەكچىگە موھتاج بولسا، بۇنداق سۇلتان سۇلتان بولالامدۇ؟ دۆلەت باشقۇرۇشنى باشقىلار تۇتۇۋېرىسە بۇ كۆلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ سۇلتانغا ئۆزىنىڭ سەلتەنەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ۋاقتى يەتمىگەنمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتى مەلىكە. «سەمەرقەنتكە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈش ئارقىلىق نىزامۇل مۇلك ئۆز ھوكۇمدارىنى ئالدىمىدىمۇ؟ بۇ يۈرۈش ۋەزىرنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن بولغانلىقى ۋە بۇ يۈرۈشنىڭ سۇلتاننى پۈتۈن خەلقئالەم ئالدىدا قورچاق سۇلتان سۈپىتىدە شەرمەندە قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟»

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر كۆڭۈلسىز ۋەقە سۇلتاننى بۇ مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئۈندىدى ۋە ئىككىلىنىپ يۈرگەن مەلىكشاھنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇۋەتتى. نىزامۇل مۇلك نەۋرىلىرىدىن بىرىنى مەرۋ شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىن-

لىگەن ئىدى. بۇۋسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ۋە ناھايىتى تەلەپچان بۇ ياش ھاكىم بىر كۈنى خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدىلا ياشاد-غان تۈرك ئەمىرلىرىدىن بىرىنى قاتتىق ھاقارەتلىدى. غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان ئەمىر كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا مەلىك-شاھقا شىكايەت قىلىپ كەلدى. غەزىپى ئۆرلىگەن سۇلتان شۇ ھا-مان نىزامۇل مۇلككە تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى: «ئەگەر سەن مېنىڭ ۋەزىرىم بولساڭ، ماڭا بويسۇنۇشۇڭ ۋە قېرىنداشلى-رىڭنىڭ يېقىن ئادەملىرىمنى ھاقارەتلىشىنى توسۇشۇڭ لازىم. ئە-گەر ئۆزۈڭنى مەن بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ، سەلتەنەتكە ئۆزۈڭنى شېرىك دەپ ئويلاۋاتقان بولساڭ، قەتئىي بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇرمەن».

سۇلتاننىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرى تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن مەكتۇپقا نىزامۇل مۇلكمۇ دەررۇ تېگىشلىك جاۋابنى ئاغزاكى ئېيە-تىپ ئەۋەتتى: « بېرىپ سۇلتانغا، مېنىڭ ئۇنىڭ سەلتەنەتىگە سۆزسىز شېرىك ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ مەندىن ئايرىلغان ھالدا بۇنداق قۇدرەتلىك دۆلەتنى ھەرگىز بەرپا قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيە-تىڭلار! ئۇ ئاتىسى دۇنيادىن ئۆتكەندە پۇتكۇل ئىشلارنى كىمنىڭ باشقۇرغانلىقىنى، تەخت دەۋاسى قىلغانلارنى كىمنىڭ بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى، بارلىق ئىسيانچىلارنى جازالاپ، ئۇنى تەختكە كىم-نىڭ ئولتۇرغۇزغانلىقىنى ئۇنتۇمىسۇن! دەل مەن بولغاچقىلا ئۇ يەر يۈزىنىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىش بەختىگە مۇيەسسەر بول-دى، يەنە كېلىپ سۇلتانلىق تاجىنىڭ تەقدىرىنىڭ مېنىڭ قەلە-مىمنىڭ ئۇچىغا باغلانغانلىقىنىمۇ ئېيتىڭلار!»

سۇلتاننىڭ مۇلازىملىرى دەھشەتتىن ھەيران بولۇپ قېلىش-تى. نىزامۇل مۇلكتەك دانىشمەن بىر ئادەم سۇلتاننىڭ پۈتكۈل ئىلتىپاتلىرىدىن قۇرۇق قالدۇرىدىغان ۋە سۆزسىز ئۆزىنىڭ ئۆلۈ-مىگە سەۋەب بولىدىغان مۇنداق گەپلەرنى ئېيتىشقا قانداق پېتىن-دىكىن؟ ياكى ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى ئۇنى بۇ نادانلىققا باشلىدىمى-كىن؟

شۇ كۈنى پەقەت بىرلا كىشى باش ۋەزىرنىڭ ئىمىشقا مۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى. بۇ ئۆمەر ئىدى. ئىزامۇل مۇلك ئۈنىڭغا بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۆزىنى چىدىغۇسىز بىر ئاغ-رىقنىڭ قىيناۋاتقانلىقىنى، شۇڭا كېچىلىرى ئۇخلىيالمايۋاتقانلى-قىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈندۈزى ئىشلەشكە تەسىر يەتكۈ-زۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ شىكايەت قىلغانىدى. ئۆمەر ئۇنى خېلى ئۇزۇن تەكشۈرۈپ، سوئال سوراپ، ئۇنى ساقايتقىلى بولمايدىغان سەراتان كېسىلىنىڭ چىرمىۋالغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك ئۆمرىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى. ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ئاغرىق تۇتقان بىر كېچىسى، ئۆمەر ۋەزىرنىڭ كېسىلىگە مۇناسى-ۋەتلىك راست گەپنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم قالدى؟— سورىدى ۋەزىر ئۆمىد-سىزلىنىپ.

— بىرنەچچە ئاي.

— ئاغرىق داۋاملىشىۋېرەرمۇ؟

— مەن سىزگە ئاغرىقنى پەسەيتىدىغان دورا تەييارلاپ بېرە-شىم مۇمكىن، لېكىن ئۇنىسىڭىز، بېشىڭىز گاراڭ بولۇپ، پەقەت ئىشلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— ھېچبولمىغاندا يازالارمەنمۇ؟

— ياق، ھەتتا ئۇزۇنراق سۆھبەتمۇ قۇرالمايسىز.

— بولمىسا، ئاغرىققا چىداشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوتتۇرىدا ئۇزۇن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ۋەزىر ئاغرىق-تىن تولغىناتتى.

— سەن ئۇ دۇنيادىن قورقامسەن، ئۆمەر؟

— ئىمىشقا قورقاي، ئۆلۈمدىن كېيىن يا ئازاب، يا كۆلپەت بولمىسا؟

— قىلغان گۇناھلىرىمچۇ؟

— گۇناھلىرىڭىز قانچىلىك كۆپ بولسا، رەھىمدىل خۇدانىڭ-مۇ كەرەمى كەڭ.

ۋەزىر بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— مەنمۇ خېلى كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدىمغۇ. مەس-چىت، مەكتەپلەر قۇردۇم. دەھرىيلەرنى ئايىماي جازالىدىم.

ئۆمەرنىڭ ئۇندىمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش-نى داۋاملاشتۇردى:

— يۈز يىل، مىڭ يىللاردىن كېيىن مېنى ئادەملەر ئەسلە-شەرمىكىن؟

— كىم بىلسۇن؟

ۋەزىر دوستىنىڭ چىرايىدىكى ئىشەنچسىزلىكتىن نارازى بولغاندەك دېدى:

— سەن: «ئۆمەر — بۇ بىر كۆيۈۋاتقان ئوت، ئۇ ئۆچۈپ كۇل-گە ئايلانغاندا، شامال بۇ كۇللەرنى قانداق سورۇسا، زامانلارنىڭ ئۆ-تۈشىگە ئەگىشىپ ئەۋلادلارمۇ شۇنداق ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ» دېگەن ئىدىڭغۇ؟ ئەجەبا، نىزامۇل مۈلكىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلىساڭ؟

ئۇ ئېغىر، چىڭقىلىپ نەپەس ئالاتتى. ئۆمەر بولسا هامان ئوي-چان هالەتتە جىم تۇراتتى.

— سېنىڭ دوستۇڭ ھەسەن سەبباھ پۈتۈن ئالەمگە مېنى: «تۈركلەرنىڭ ئەڭ يارىماس يانتايىقى» دەپ جار سالدى. بىزدىن كې-يىنكىلەر بۇ گەپلەرگە ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئەجەبا، مېنى ئۆز قەۋمىنى ساتقان ئادەم سۈپىتىدە ئەسلىشەرمۇ؟ 35 يىل داۋامىدا ئۆزۈم يالغۇز سۇلتانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز ھۆ-كۈممىنى ئۆتكۈزگەنلىكىمنى كىشىلەر شۇنچە ئاسان ئۇنتۇپ كې-تەرمۇ ؟ غالىب دۈشمەن سۇلتانىنىڭ باش ۋەزىرى سۈپىتىدە بۇنىڭ-دىن ئارتۇق نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ سەنمۇ بۇ گەپلەرنى ئىنكار قىلال-مىساڭ كېرەك ـ ھە؟ سەن شۇڭا جىم ئولتۇرىسەن!

ئۇ چۈشكۈن قىياپەتتە داۋام قىلدى:

— 74 يىللىق ئۆمرۈم كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ. قانچە ئۇ-مىدسىزلىكلەر، ئەپسۇس ـ نادامەتلەر بولسۇنكى، بۇنىڭدىنمۇ باش-

قىچىرەك ياشاشنى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن كۆڭۈللىرىم ئارقىدا قالدى!
ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ، لەۋلىرى تىترىدى:
— چوڭ گۇناھكار سەن ئۆزۈڭ، ھەييام! دەل سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن ھەسەن سەبباھ پۈتۈن ئالەمنى بۇلغاپ يۈرىدۇ.
ئۆمەرنىڭ قەلبىدىكى غەلىيان ئۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب بېرىشكە ئۇندەيتتى، بىراق ئۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا مۇنۇلار چۇقان كۆتۈرەتتى: «ھەسەن ۋە سىز بىر - بىرىڭلاردىن قېلىشمايدىغان رەزىل ئادەملەرسىلەر. چۈنكى سىلەر بىرەر ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلغان ئىكەنسىلەر، بۇ ئىشلار مەيلى مەملىكەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولسۇن ياكى يېڭى ئىمامنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن بولسۇن، ھامان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئاپەت بولدى. سىلەر غەلىبىنىلا كۆزلەپ، يولۇڭلاردا ئۇچرىغان ھەر قانداق ئادەمنى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتىڭلار. مەن ئۈچۈن بولسا، ھاياتتا مېنى قىزىقتۇرىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە كۈندىن - كۈنگە خۇنۇك كۆرۈنىۋاتىدۇ. ئۇ گۈزەل، لەززەتلىك بولىدىغانلىقىغا قارىماي، بارغانسېرى جازىبىدارلىقىنى يوقىتىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئىش ئادالەتسىزلىكتۇر.» ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۇدۇلۇك ئېيتىشقا ئىنتىلەتتى، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆمەرنىڭ پايانىغا يېتىپ، ئازاب چېكىۋاتقان ۋەزىرنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە سۆزلىرىنى ئېيتىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.
ئاخشامقى بۇ سۆھبەتتىن كېيىن نىزامۇل مۇلك ئۆز تەقدىرىنى تەن ئېلىپ، پات ئارىدا كۆزى يۇمۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاشقا باشلىدى. ئۇ دۆلەت ئىشلىرىدىن تولۇق قول ئۈزۈپ، پۈتكۈل ۋاقتىنى «سىياسەتنامە» ناملىق كىتابىنى تاماملاشقا قاراتتى. بۇ ئەسەر پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىدا دۆلەت باشقۇرۇش ھەققىدىكى بىردىنبىر دەستۇر بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئەھمىيىتى بىلەن ئۆزىدىن تۆت ئەسىر كېيىن غەربتە ماكياۋېللى

تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق كىتابتىن قېلىشمايتتى. «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» سىياسەتتىن پۈتۈنلەي كۆڭلى قالغان، بارلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولسا، «سىياسەتنامە» شۆھرەت-لىك سەلتەنەتنى بەرپا قىلغان دانىشمەن كىشىنىڭ تەڭداشسىز تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەسەن سەبباھ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئىز-دەپ يۈرگەن مۇستەھكەم قەلئەسىگە ئىگە بولغان كۈنلەردە، سەلتە-نەتنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك كىشىسى نىزامۇل مۇلك ئۆز نامىنى تارىخ-تا قالدۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە قولاققا ياقىدىغان سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي پاكىتنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋە ئەمدىلىكتە سۇلتانغا ياقماي قېلىشتىن قىلچە قورقماس بولۇپ قالغان ئىدى. تارىخچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇ ھەتتا ۋاپا-تىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تەنتەنىلىك بولۇشىنى كۈتۈپ ياشىغان، دەر-ھەقىقەت، ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆلۈمگە سازاۋەر بولغان ئىدى...

مەلىكشاھ ۋەزىرىنىڭ ھوزۇرىدىن قايتقان مۇلازىملارنىڭ سۆز-لىرىنى ئاڭلاپ قولاقلىرىغا ئىشەنمىدى:

— ئۇ راستتىنلا ئۆزىنى مېنىڭ شېرىكىم، مەن بىلەن بارا-ۋەر دېدىمۇ؟

مۇلازىملارنىڭ قايغۇلۇق قىياپەتتە باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆ-رۈپ، ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئېرىسىگە پاتمىغان بۇ كىشىنى قوزۇققا ئولتۇرغۇزىدىغانلىقىنى، قىيما - چىيما قىلىدىغانلىقىنى، تىرىك تۇرغۇزۇپ مىخلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تۇركان خاتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، نىزامۇل مۇلكنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلى-دىغانلىقىنى ئېيتىشقا ئالدىرىدى.

ئەمدى ۋەزىرگە سادىق كۆپ سانلىق لەشكەرلەرنىڭ نارازىلى-قىنى قوزغىمايدىغان ئۆلۈم چارىسىنى ئويلاپ تېپىشلا قالغانىدى. تۇركان خاتۇن بىلەن جاھاننىڭ بۇ ھەقتە ئۆز پىلانلىرى بار ئىدى:

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەن سەبباھمۇ نىزامۇل مۇلكنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە ئىكەن. مەلىكشاھنى بارچە گۇمانلاردىن خالىي قالدۇرغان ھالدا، نېمىشقا ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەسلىك كېرەك؟

قىسقىسى، سۇلتاننىڭ سادىق لەشكەرلىرىدىن بىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئالاموت قەلئەسىگە قوشۇن ماڭدۇرۇلدى. يۈزەكى قارىغاندا، قوشۇن ئەۋەتىشتىكى مەقسەت ئىسمائىلىيلارنىڭ قەلئەسىنى ئىشغال قىلىش بولسىمۇ، ئەسلىدە ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرماستىن، باش ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەسەن سەبباھ بىلەن كېلىشىۋېلىش نەزەردە تۇتۇلغانىدى. ئىشلارنىڭ ھەممىسى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئالدىن پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاشۇ دەۋر ھۆججەتلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ھەسەن سەبباھ ئادەملىرىنى يىغىپ: «قايسىڭلار بۇ مەملىكەتنى نىزامۇل مۇلكتەك رەزىل ئادەمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەييار؟» دېگىنىدە، ئەررانى ئىسىملىك بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئالاموت ھۆكۈمدارى ئۇنى ئۆزىتىشۋېتىپ: «بۇ يىرگىنچلىك ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تىنچ، پاراۋان زامانلار باشلىنىدۇ» دېگەن.

شۇ چاغلاردا نىزامۇل مۇلك ئۆيىدىن سىرتقا چىقمايتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغاچقا، بۇرۇن ئەتراپىدا خۇشامەت قىلىپ ھالى قالمايدىغان يېقىنلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىن يولىماس بولغانىدى. پەقەت ئۆمەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراشلىق سادىق سەركەردىلەرلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. نىزامۇل مۇلك ئاساسلىق ۋاقتىنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، يېزىشنى تاكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە داۋاملاشتۇراتتى. بەزىدە ئۆمەردىن ئۇلارنى ئوقۇپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلاتتى. ئۆمەر بەتلەرنىڭ ئايرىم جايلىرىنى ئوقۇپ، يېنىك كۈلۈپ قوياتتى، بەزىدە ئاچچىقى كەلگەندە چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى. بارلىق بۈيۈك كىشىلەرگە ئوخشاش نىزامۇل مۇلكمۇ ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىدا ئۆزىگە ياقمىغان ئايرىم كىشىلەر ئۈستىدىن كۈلۈشتىن، ئۇلارغا ئۆتكۈر تەنقىد نەيزىسىنى سانجىپ ئۆتۈشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندى. جۈملىدىن، «پەردە ئارقىسىدا ياشايدىغان خوتۇنلار» دەپ ئاتالغان قىرىق ئۈچىنچى بابتا ئۆمەر مۇنۇلارنى ئوقۇدى: «قەدىمكى زامانلاردا بىر مەلىكىنىڭ ئىرىگە — پادىشاھقا تەسىرى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىكەنكى، ئۇنىڭ ئەرزىمەس ئىشلار ئۇچۈن قىلغان قەغىشلىكىمۇ نۇرغۇن كېلىشمەسلىك ۋە غەلىيانلارغا سەۋەب بولىدىكەن. قىسسىدىن خۇلاسە شۇكى، زامانىمىزدىمۇ مۇنداق ئادەم ۋە ھالەتلەر كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈلۈۋاتىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازانماقنى ئويلىسىڭىز، خوتۇنلار ئېيتقان گەپنىڭ تەتۈرىنى قىلىشنى ئۇنتۇماڭ».

نۆۋەتتىكى ئالتە باب ئىسمائىلىيلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن يەكۈنلەنگەنىدى: «مەن بۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئىسمائىلىيلاردىن ئېھتىيات قىلىشىنىڭ لازىملىقى ئۈچۈن يازدىم. بۇ دىنسىزلار سۇلتاننىڭ يېقىن ئادەملىرىنى، ئەمەلدارلارنى بىردىن - ئىككىدىن ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندا، ناغرا - سۇنايلىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىغاندا ھەممە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلىشقا باشلىغاندا، بۇ سۆزلىرىمنى يادىڭلارغا ئېلىڭلار. مەملىكەت ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا قالغاندا، ھۆكۈمدارلار ئالدىن مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزى ھۆكۈمدارىمىزنى ۋە سەلتەنەتىمىزنى يامان قىسمەتتىن ساقلىسۇن».

كۇنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مۇلازىم ئۇنى سۇلتاننىڭ باغداد سەپىرىگە تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ۋەزىر بۇ تەكلىپتە ئۆزىنى قانداق قىسمەتنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىسىمۇ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن رازىلىق بىلدۈردى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ ۋىدالىشىش ئۈچۈن ھەييامنى چاقىرتتى:

— مۇنداق ھالەتتە سىز ئۆزۈن سەپەرگە چىدىيالمايسىز، —

دېدى ھەييام.

— ئەمدى مەن ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بىلگىنىكى، مېنى يول ئۆلتۈرمەيدۇ.

ئۆمەر نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. نىزامۇل مۇلك ئۇنى ئا-تىلارچە قۇچاقلاپ خوشلاشتى ۋە ئۆزىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان سۇل-تانىنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدى.

سۇلتان بىلەن ۋەزىر ئۆزئارا سۆھبەتلەشكەندە بىر - بىرىگە ئالىي ھۆرمەت، ئىززەت - ئىكرام ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىشەتتى، ئۆلۈم ھەققىدىمۇ پىكىرلىشەتتى. ئۇلار ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان جايغا قاراپ يول ئالغاندا، مەلىكشاھ ئۆز «ئاتا»سىدىن بىرئاز دۇ-دۇقلاپ سورىدى:

— يەنە قانچىلىك ياشايمەن دەپ ئويلايسەن؟

— ناھايىتى كۆپ، تولىمۇ ئۇزۇن، — جاۋاب بەردى ۋەزىر ھېچ ئىككىلەنمەستىن.

سۇلتان ئاچچىقلاندى:

— ئالدىمدا ئۆزۈڭنى مۇنچىلىك مەغرۇر تۇتما! ئۇزاق ياشاشنى خالىساڭ، ئاۋۋال خۇدادىن تىلە. بۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن سۆزلە-گىچە، «بۇنى پەقەت خۇدا بىلىدۇ» دېسەڭ بولمامدۇ؟

— بۇنداق جاۋاب بېرىشىمنىڭ سەۋەبى بار. ئۆتكەن كېچە بۇ ئىش مېنىڭ چۈشۈمدە ئايان بولدى. مەن چۈشۈمدە پەيغەمبىرىمىز-نى كۆردۈم. خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. مەن پەيغەمبىرىمىزدىن قاچان يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمىدىغانلىقىمنى سورىدىم ۋە خۇشال-لىنارلىق جاۋاب ئالدىم.

— قانداق جاۋاب؟ — مەلىكشاھ تاقەتسىزلەندى.

— پەيغەمبىرىمىز ماڭا: «سەن ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىسەن، سەن ئاز بولمىغان ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدىڭ. سېنىڭ ھاياتلىقىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا مەن ئۆلۈم ۋاقتىنى ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىغا بېرىمەن» دېدى. مەن: «قانداق ئا-دەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈم كۈنىنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدۇ؟ ئىنسان ھامان

كۆپرەك ياشاشنى خالايدۇ، ھەتتا ناھايىتى ئۇزاق ياشىدى دېگەندىمۇ
يەنىلا ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ۋەھىمە يەيدۇ.
ئۆلۈم ھارپىسىدا ئۇ بەربىر ئەجەل ۋەھىمىسىگە چۈشىدۇ. شۇڭا
مەن ئېنىق مۇددەت بەلگىلەشنى خالىمايمەن» دېدىم. ئاخىرى مەن
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزدىن بىرلا تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلىشنى
سورىدىم. مەن ئۇنىڭدىن ھۆكۈمدارىم مەلىكشاھنىڭ ئۆلۈمىنى
كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىمنى تىلىدىم. ئۇنىڭ مېنىڭ كۆز ئال-
دىمدا چوڭ بولغانلىقىنى، مېنى «ئاتا» دەپ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى
ئېيتتىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ، قايغۇ - ھەسرەتتە ياشاشنى
خالىمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۇم. «كېلىشتۇق، — دېدى پەيغەمبە-
رىمىز، — سەن سۇلتاندىن قىرىق كۈن بۇرۇن يورۇق دۇنيانى
تەرك ئېتىسەن».
مەلىكشاھنىڭ يۈزى داكىدەك ئاقىرىپ كەتتى. ئەسلي نىيە-
تىنى ئاشكارىلىۋېتىش دەرىجىسىگە يەتتى. نىزامۇل مۇلك مىيە-
قىدا كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— مانا كۆرۈۋاتىسەن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ھەرگىز مەنمەن-
لىك قىلمىدىم. بۈگۈنمۇ ئىشەنچىم كامىلكى، تېخى ئۇزاق ياشاي-
مەن.
شۇ چاغدا سۇلتان نىزامۇل مۇلكنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن
ياندىمۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمىز. بىراق، بۇ نىيەت ئۇنىڭ پۈتۈن
پىكىر - خىيالىنى چىرمىۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى: چۈش — ئە-
شىنىش قىيىن بىر بېشارەت بولسىمۇ، نىزامۇل مۇلكنىڭ ھاياتى
قىل ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئەتراپىغا يىغىلغان يې-
قىن سەركەردىلىرى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۈستىگە قول-
لىرىنى قويۇشۇپ، ئەگەر خوجىسى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قاتىللىرى-
نىڭمۇ سۆزسىز ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىشكەنى-
دى.

# ئون توققۇزىنچى باب

شۇ زامانلاردا سالجۇقىيلار ھاكىمىيىتى دۇنيادىكى ئەڭ قۇد-رەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. شۇ قۇدرەتلىك سەلتە-نەتنىڭ تىزگىنىنى ئەڭ شىجائەتلىك ئاياللارنىڭ بىرى — تۈركان خاتۇن ئۆز قولىغا ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتمۇقات پەردىلەر بىلەن توسۇلغان ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئېرى — سۇلتان ئىختىيارىدىكى ھەربىي قوشۇنلارنى ئاسىيانىڭ ئۇ بۇلۇڭىدىن بۇ بۇلۇڭىغىچە يۈرۈشكە سالاتتى، پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنى، ھاكىم ۋە قازىلارنى شەخسەن ئۆزى تەيىنلەيتتى، ھەتتا خەلىپىگىمۇ يولىيورۇق ئەۋەتەتتى. پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئەڭ رەزىل ئۆكتىچى، دەپ تونۇ-لىدىغان ئالامۇت ھۆكۈمدارى ھەسەن سەبباھ بىلەنمۇ يوشۇرۇن كې-ڭەش ئېلىپ بېرىشتىن تەپ تارتمايتتى. ئۇ ھەتتا ھەربىي قو-شۇنلارغىمۇ ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن رەنجىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىغان ئايرىم ئەمىرلەرگە مەلىكە كەس-كىن ئاھاڭدا: «سەلتەنەتىمىزدە پەقەت ئەركەكلەر جەڭ قىلىشىدۇ، بىراق ئاياللار ئۇلارغا كىم بىلەن جەڭ قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرى-دۇ!» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەسلىي نەسەبى قەشقەرلىك بولغان، سە-مەرقەنتتە تۇغۇلغان ۋە ئاكىسى ناسىرخاندەك، قېنىغا باشقا قان ئارىلاشمىغان، شۇ سەۋەبلىك قىپچاقتىن يا ئەرەب، ياكى پارسلار-غا خاس ئالامەت سېزىلمەيدىغان بۇ ئايال سۇلتان مەلىكشاھنىڭ بىرىنچى خوتۇنى ئىدى. توققۇز ياشلىق شاھزادىگە نىكاھلاپ بەر-گەندە ئۇ ئون بىر ياشتا ئىدى. يۈزى ئېچىلمىغان مەلىكە ئېرىنىڭ قىران بىر ئەركەكتەك چوڭ بولۇشىنى سەۋر قىلىپ كۈتتى. ئۇ بالا شاھزادىنىڭ ئېگىكىدە پەيدا بولغان دەسلەپكى تۈكلەرنى مېھىر

بىلەن سىلىدى. شاھزادىنىڭ ئۇنىڭ ئەركىلەشلىرىدىن ئويغىنىۋات-قان ھېسسىياتلىرىدىن ئۇيىلىپ، قىزىرىپ سەكرەپ كەتكەنلىرى-دىن زوقلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ـ كۆڭگە ئۆسۈپ، مۇسكۇللىرى تو-لۇۋاتقانلىقىنى، يۈزى يۇمىلاقلىنىپ كەلگەن، كۆكلى يۇمشاق بۇ يە-گىتنىڭ ئازراقلا ئىلتىپات بىلەن ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئىتائەت قى-لىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەلىكە، تېخى ياش بولۇشىغا قارىماستىن ئاياللارغا خاس بارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن سىناپ كۆرۈشكە باشلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ئېرىنىڭ ئەڭ ئەزىزلەيدىغان ئەركە خوتۇنى بولۇشقا ۋە ئۇنى ئۆز خاھىشى بو-يىچە ئىش قىلدۇرۇشتا ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغان بىرىنچى مەلىكە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. شاھزادە ئۇۋدىن، مۇسابىقە يا-كى ھەر تۈرلۈك يىغىلىش ـ زىياپەتلەردىن مەست ـ ئەلەس قايت-قىنىدا ياكى نىزامۇل مۇلكىنىڭ ھوزۇرىدا بولغان، ئۇنىڭ ئۆچۈن زېرىكىشلىك ۋە ئېغىر بىلىنىدىغان سۆھبەتلەردىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەندە پەقەت تۈركان خاتۇننىڭ قۇچىقىدا ئارام ئالاتتى. ئۇ كىرگەن پېتى خوتۇنىنىڭ يۇزىدىكى يىپەك چۈمبىلىنى قوپال-لىق بىلەن ئېلىپ تاشلايتتى. مۇنداق قوپاللىققا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بېرىدىغان مەلىكىنىڭ يۇزلىرىگە يۈزىنى ياقاتتى. بۇ-نىڭدىن زوقلىنىۋاتقان، ئۆزىنى خۇشال كۆرستىۋاتقان خوتۇنىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا گۆدەك بالىدەك ئەركىلەيتتى. ئۆزىنىڭ جاسارەتلىكلىكى، قەھرىمانلىقى ھەققىدە كۆپتۈرۈپ ماختىناتتى. مەلىكە ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى ماقۇللاپ، ئۇنى تەڭداش-سىز پالۋان دەپ ماختايتتى، ھەرقانداق خۇيلىنىش ۋە قوپاللىقلى-رىغا ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ياش سۇلتاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغىنىۋاتقان شەھۋانىي نەپسىنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بە-لەن ئاستا ـ ئاستا ئۇلغايتاتتى. مۇنداق ھىيلىنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشكەن ياش سۇلتان خوتۇنىغا بەئەينى ئاچ بۆرىدەك تاشلىناتتى، ئېغىر جىسمى بىلەن ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالاتتى. مەلىكە بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بېرىپ، ھاسىراۋاتقان يىرتقۇچقا

ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرەتتى. ئەنە شۇنداق چاغدا
ئۇنى مۇنداق لەززەتنىڭ ئۆزاق مەنزىللىرىگە يېتەكلەش سەنئىتىدە-
مۇ بىلەتتى. كېيىن ئۇ نەپسى ئارام تاپقان «ئاچ بۆرە»نىڭ يۈز -
كۆزلىرىنى، تەر باسقان بويۇنلىرىنى مېھرى بىلەن سىلايتتى.
شاھزادە بولسا كۆزلىرىنى مۇشۇكتەك يۇمۇپ، قارنى تويغان يىرتـ-
قۇچتەك بوشىشىپ ئارام ئالاتتى. دەل شۇنداق پەيتلەردە مەلىكىنىڭ
ھەرقانداق ئارزۇ - ئىستەكلىرى سۆزسىز ئۆز ئىجراسىنى تاپاتتى.
مەلىكە بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن شاھزادىگە ھەر خىل لەتىپىلەر-
نى، شېئىر - قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئاياللار ئىشلىتىشى
مۇمكىن بولغان مېھىر ۋە ھىيلە - مىكىرلەرنىڭ ھەرخىل ئۇسۇل-
لىرىنى ئىشقا سالاتتى. ياش سۇلتان ئۇنىڭ قۇچىقىدا ھەرگىز زې-
رىكمەيتتى ھەم خوتۇنىغا ھەر كېچىسى بىللە بولۇشقا ۋەدە بېرەتـ-
تى. ھەقىقەتەنمۇ ياش سۇلتان تۇركان خاتۇننى باللارچە مېھىر ۋە
ئامراقلىق بىلەن ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە
شۇ ھېسسىياتىغا سادىق بولۇپ كەلگەنىدى. مەلىكە ئېرىنىڭ ئۆزى
تەلەپ قىلغان ھەرقانداق ئىشنى رەت قىلالمايدىغانلىقىنى ياخشى
بىلەتتى. دېمىسىمۇ، سەلتەنەتتىكى ھەرقانداق قارار، ھەرقانداق
يۈرۈش ۋە يېڭى يۇرت - شەھەرلەرنى بېسىۋېلىش پىلانلىرى پەقەت
مەلىكىنىڭ ئىختىيارى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشاتتى. بۇ سەلتەنەتتە ئۇ-
نىڭ بىردىنبىر رەقىبى — ئۇنىڭغا قارشى چىقىۋاتقان، ئۇنىڭ يې-
غىرىغا تېگىۋاتقان بىرلا كىشى — باش ۋەزىر نىزامۇل مۇلك ئى-
دى. مانا ئۇ شۇ كەمدە — مىلادى 1092 - يىلدا ئۆز رەقىبىنى يەر
بىلەن يەكسان قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

شاھلارنىڭ مەلىكىلىرىنى ھەممىلا ئىشلىرىدىن خۇرسەن بو-
لۇپ ياشايدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ياق! ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق
تۇرمۇش غېمى بولىدۇ. تۇركان خاتۇن يالغۇز قالغان چاغلىرىدا يا-
كى ئۆز مەسلەكدىشى جاھان بىلەن قالغاندا ھاياتتىن داد ئېيتىپ
ياش تۆكەتتى. بۇ ياشلار باللىرى ھەققىدە، تەخت ۋارىسلىقى ھەق-
قىدە قايغۇرۇۋاتقان ئانىنىڭ — مەلىكىنىڭ كۆز ياشلىرى ئىدى.

ئۇ ئۆز تەقدىرىنى قارغايتتى. ئەمما، ھېچكىم ئۇنى «قانائەتسىزلىك قىلماڭ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى مەلىكشاھ تەرىپىدىن تەخت ۋارىسلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنى پۈتكۈل ھەربىي يۈرۈشلەرگە، ساياھەت ۋە يىغىلىش - مۇراسىملىرىغا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باراتتى، بۇ ئوغلى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئۇنى ئەركىلىتەتتى، ھەممىگە كۆز - كۆز قىلاتتى. ئۇنىڭغا تەسەررۇپىدىكى بارلىق ۋىلايەتلەرنى كۆرسە- تىپ، كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ھۆ- كۈمران بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. «ھېچقانداق بىر سۇلتان ئۆز ئوغلىغا مۇنداق بۈيۈك سەلتەنەتنى مىراس قالدۇرغان ئەمەس!» دەيتتى ئۇ ئوغلىغا. شۇنداق چاغلاردا تۈركان خاتۇن ئۆز تەقدىرىدىن رازى بولۇپ قالاتتى. گۈلگۈن چېھرىدىكى قايغۇ - ھەسرەت كۆ- لەڭگىلىرىمۇ قاياقلارغىدۇر غايىب بولاتتى. بىراق، ۋەلىئەھدى تۇ- يۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئېغىر چىدىغۇسىز قىزىتما ئازابى ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغانىدى. تېۋىپلارنىڭ ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان پۈتكۈل ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار- غا كەتتى. ياش شاھزادە ئىككى كېچە جان تالىشىپ، ئاخىرى بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. «ئۇنىڭغا يامان كۆز تەگكەن ياكى زەھەر بېرىلگەن» دەپ گۇمان قىلىشتى. تۈركان خاتۇن ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرۇپ، ئەلەملىك كۆز يېشى قىلدى. ئاخىرى، ۋاقىت ئۇنى بەزلەپ يەنە ئۆزىگە كەلتۈردى. مۇسىبەت كۈنلىرى ئا- خىرلاشقاندا، ئۇ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى قولغا كەلتۈردى. مەلىكشاھمۇ پۈتۈن ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببە- تىنى يېڭى تەخت ۋارىسىغا بېغىشلاشقا باشلىدى. توققۇز ياشلىق شاھزادىگە «شاھىنشاھ، سەلتەنەت تايانچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ بە- رىنچى ھېمايىچىسى» دىگەندەك دەبدەبىلىك ناملارنى بېرىشكە باش- لىدى.

«يامان كۆزلەر» ۋە بەختسىزلىك يېڭى تەخت ۋارىسىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمىدى. ئۇمۇ خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاش گۇمانلىق قىزىتما

ئىسكەنجىسىدە جان تەسلىم قىلدى. تۈركان خاتۇن ئەمدى ئا-خىرقى — ئۈچىنچى ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىش ئۈچۈن پۈت-كۈل تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى خېلىلا تەسكە توختىدى. چۈنكى شاھزادە تېخى ئەمدىلا بىر يېرىم ياشتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكشاھنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدىن يەنە بويىغا يېتىۋاتقان ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىر چۆرە ئايالدىن تۇغۇلغان، بىراق ئوغۇللار-نىڭ ئەڭ چوڭى بولغان بەركيارۇق ئىسىملىك شاھزادە، سۇلتاننىڭ ئانا جەمەت تۇغقىنى بولغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئىدى. بېشىنىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ ياكى ھەقىقىي سۇلتان نەسەبىدىن بولغىنى ئۈچۈن-مۇ بۇ شاھزادە تەخت ۋارىسى بولۇشقا ھەقلىق ئىدى. تۈركان خاتۇن تۇساتتىن چىققان بۇ تۇساقنى قانداق ئېلىپ تاشلاشنى بىلەلمەي باش قاتۇراتتى. ئىككىلا تەرەپتىن سالجۇقىي ھېسابلانغان بۇ شاھزادىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىغا نىزاملۇلمۇلكمۇ باش قوشقا-نىدى. باش ۋەزىر مەملىكەتتە يۇز بېرىۋاتقان بۇنداق تالاش - تار-تىشلارنى ئادىل ھەل قىلىشقا ئۇرۇناتتى. سۇلالىدە ۋارىسلىق تۈزۈ-مى ئورنىتىشنى تەكىتلەپ، سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشى لازىملىقىنى رەت قىلىپ بولمايدىغان دەلىللەر بە-لەن ئىسپاتلاپ، مەلىكنىڭ يارىسىغا تۇز سېپەتتى، لېكىن ۋەزىر-نىڭ پۈتكۈل ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. مەلىكشاھ سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ گېپىنى يەردە قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. تۈركان خا-تۇن: «ئەگەر ئوغلۇم تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەنمىسە، باشقا ھېچكىمنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىمەيسىز!» دېگەن تەلەپنى قويدى.

شۇنداق قىلىپ، مەلىكشاھمۇ ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاشلا ھېچكىمنى تەخت ۋارىسلىقىغا تەيىنلىمەي ياشاشقا نىيەت قىلدى. بىراق، تۈركان خاتۇن بۇنىڭلىق بىلەن قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئول-تۇرىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى ئاخىرقى بىر ئوغ-لىنى ئامان - ئېسەن قاتارغا قوشۇش ۋە ئۇنى ھامان بىر كۈنى

تەختكە چىقىرىش خىيالى بىلەن ياشاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بارلىق غەم - قايغۇلارنىڭ سەۋەبچىسى نىزامۇل مۇلك، دەپ قارايتتى ھەمدە تىنىمسىز ھالدا ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلىش - نىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئۇ ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىنى تېز - لىتىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سالاتتى، بۇ يولدا نە پىتنىلەردىن، نە دوق - پوپوزىلاردىن، ھەتتا ئاساسىنلار بىلەن مەسلىھەت - مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىشتىنمۇ باش تارتمايتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئەنە شۇ مەقسەتتە باغداد سەپىرىگە سۇلتان بىلەن بىللە چىققانىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنغىنىنى ئۆز كۆزى بە - لەن كۆرگۈسى بار ئىدى.

بۈگۈن نىزامۇل مۇلكنىڭ ئاخىرقى قېتىم داستىخاندا ئولتۇ - رۇشى بولدى. رامزاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئەمەلدارلار، ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە ئەمىرلەر ئېپتارغا يىغىلدى، ئېپتارلىق داستە - خىنى كەڭ چېدىر ئىچىگە راسلانغانىدى. مەشئەل يورۇقىدا كۈمۈش پەتنۇسلاردا قورۇلغان تۆگە، قوي، توخۇ گۆشلىرى تارتىلدى. كۈن بويى روزا تۇتۇپ، قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن 60 مېھماننىڭ قوللىرى بىراقلا داستىخانغا سوزۇلدى. تەبىئىيلا پەيدا بولغان جىمجىتلىقتا پەقەت لوقمىلارنى ئىشتىھا بىلەن چايناپ يەۋاتقان ئېغىزلارنىڭ شاپىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قورساقلار بىرئاز ئارام تاپقاندىن كېيىن، ھەر كىم ئۆز تاۋىقىدىكى گۆشلەرنىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى كېسىپ ئېلىپ، بىر - بىرىگە ئۇزىتىشىپ، ئۆزئارا ئىلتىپات كۆرسىتىشلەر باشلىنىپ كەتتى.

نىزامۇل مۇلك بەك ئاز يېدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسى ئادەتتىكىدىن بەكرەك كۈچىيىپ، ئىچى ئۆرتىنەتتى، كىمدۇر بىرى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇۋاتقاندەك تۇيۇلات - تى، داستىخان ئالدىدا قەددىنى زورمۇزور تىك تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەلىكشاھ ئۆزىگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ سۇنۇلۇۋاتقان گۆش پارچىلىرىنى ئىشتىھا بىلەن چاينايتتى، پات - پات ۋەزىرگە قاراپ قويياتتى، پىكىر - خىيالىنى بەند قىلىۋالغان

مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ، تىنىمسىز بىر نەرسە چاينايتتى. ئۇ بىردىنلا قولىنى تاۋاققا ئۇزىتىپ خېلى چوڭ بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ ۋەزىرگە سۇندى. نىزامۇل مۇلك گۆشنى رەھمەت - تەشەككۇر بىلەن ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم يېدى. لېكىن، سۇلتان ۋە ئاسساسىنلار تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىنىڭ كانىيىدىن گۆش ئۆتمىدى، دېمىسىز؟...

ئىپتار تۈگىگەندە ئەتراپنى تۈن قاراڭغۇسى قاپلىغانىدى. بىرىنچى بولۇپ مەلىكشاھ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ۋەزىرىنىڭ ئۇزايدىن كۆرگەن ئازاب - ئوقۇبەت ۋە دەرد - ئىزتىراپلارنى تېزراق تۈركانغا سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. باشقىلارمۇ قوزغىلىشتى، قوللىرىغا تايىنىپ زورىغا ئولتۇرغان نىزامۇل مۇلكمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چېدىرى يېقىنلا يەردە بولۇپ، چېدىرىغا بىر ئامال قىلىپ بېرىۋالسا، قېرى مومىيى ئۇنىڭغا مەلھەم دورىلارنى ئىچۈرۈپ، ئاغرىق ئازابىنى بىرئاز بولسىمۇ يەڭگىللىتىشى مۇمكىن. چېدىرغا بېرىش ئۈچۈن يۈز قەدەم مېڭىش كېرەك. سۇلتاننىڭ چېدىرى ئەتراپىدا خىزمەتكارلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاياللارنىڭ يېنىك كۈلكە ئاۋازلىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. يول ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق تۇيۇلاتتى، پۇتلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئاران ئىلگىرىلەيتتى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەچچە ئون خوشامەتچىلەر پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى، بىراق، ئەمدىلىكتە سۇلتاننىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان بۇ قۇدرەتلىك، ئەمما شۇ دەقىقىدە تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان قېرىغا غەمخورلۇق قىلىدىغان بىرەرمۇ ئادەم تېپىلمايتتى.

قاياقتىندۇر ئۇچىسىغا يىرتىق چەكمەن كىيگەن، ئېگىزرەك بىر قارا گەۋدە ئاللىقانداق دۇئالارنى گۇڭۇلداپ ئوقۇغىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. ۋەزىر ئۇنى تىلەمچى دەپ ئويلاپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى ۋە ھەميېنىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۈچ تىللانى ئۇزاتتى. قاراڭغۇدا ئۆتكۈر تىغ پارقىراپ كەتتى. ۋەزىر ئۇنىڭ قولىنى

كۆتۈرگىنىنىلا كۆرگەنىدى. ئۇ پىچاق تىغىنىڭ ئاۋۋال كىيىمگە، ئاندىن بەدىنىگە سانجىلغىنىنى سەزدى. قورقۇنچتىن ئۇنى چىقىمەدىمۇ ئەيتاۋۇر، يۈزىدە بىردەملىك ھەيرانلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپ، ئاخىرقى قېتىم چوڭقۇر بىر تىنىدى. ئۇ يەرگە يىقىلىۋېتىپ، بېقىنىدىن پىچاقنىڭ سۇغۇرۇۋېلىنغانلىقىنى سەزدى ۋە تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتىلغان: «بۇ ساڭا ئالامۇتتىن سوۋغا!» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدى؛ بىر چاغدا تەرەپ - تەرەپتىن كىملەرنىدۇر چاقىرىشلار ئاڭلاندى. قاتىلنى چېدىرلار ئارىسىدىن تۇتۇۋېلىشقانىدى. ئەنسىزلىكتە كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بوغۇزىغا پىچاق سۇرۇۋەتتى. كېيىن قاتىلنىڭ جانسىز تېنىنى پۈتىدىن سۆرىشىپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئۈستىگە تاشلىۋېتىشتى.

ئەينى چاغلاردا ئالامۇت قەلئەسىدىن سىرتقا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان كۆپلىگەن ئاسساسىنلار ئەنە شۇنداق ھالاك بولاتتى. بىراق ئەمدى ئۇلار قاتىللىق قىلغاندا ھېچ يەرگە قاچماستىن تىك تۇرۇپ، ھاياتتىن مەردانىلەرچە كۆز يۇمۇشقا ئۆگىتىلىشكە باشلىدى. «بىزگە دۈشمەنلىرىمىزنى يوق قىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، — دەپ ئۆگىتەتتى ئۇلارغا ھەسەن، — بىز قاتىل ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز، بىز بۇ ھۆكۈمنى پۈتۈن خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا ئىجرا قىلىپ، ھېچكىمدىن، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغانلىقىمىزنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز بىر كىشىنى ئۆلتۈرسەك، شۇ ئارقىلىق مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە سالىمىز. ئەمدى بىزگە پەقەت ئۆلتۈرۈش بىلەن ۋەھىمە سېلىشلا يېتەرلىك بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەردانىلىك بىلەن ئۆلۈشنىمۇ بىلىشىمىز لازىم. ئۆلۈمگە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ، ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش شەرەپتۇر. مۇنداق ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە بىزگە نىسبەتەن ھۆرمەت ئويغىتىدۇ ۋە ئىشىمىزغا خەيرخاھلىق قىلىدىغانلارنى كۆپەيتىدۇ، سېپىمىزگە قاتناشقۇچىلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. مەردانىلەرچە ئۆلۈش، ئۆلتۈرۈشتىنمۇ مۇھىمراقتۇر. بىز ئۆزىمىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن

ئۆلتۈرىمىز، ئۆز سېپىمىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈزلىنىمىز. غەلىبە قىلىش ئاساسىي مەق-سىتىمىزدۇر. ئۆزىمىزنى پىدا قىلىشىمىز بولسا، غەلىبىنى تېز-لىتىش يولىدىكى بىر ۋاستىمىزدۇر، خالاس.»

شۇنىڭدىن بۇيان بۇنىڭغا ئوخشاش قاتىللىقلار كۆپىنچە جۈمە نامىزى ۋاقىتلىرىدا مەسچىتلەردە، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىدىغان بولدى. ۋەزىرلەر، شاھزادىلەر ۋە ئەمەلدارلار بىر توپ مۇھاپىزەتچى - ياساۋۇللار بىلەن يۈرۈشكە ئادەتلەندى. بىراق ئۆل-تۈرۈش - قەستلەشلەر يەنىلا داۋاملىشىۋېرەتتى. كىشىلەر مۇنداق قاتىللىقلارنى ھەم قورقۇنچ ھەم قىزىقىش ئىچىدە تاماشا قىلاتتى. ئالامۇت قاتىللىرى ھەممىلا يەردە، خىلمۇخىل قىياپەتلەردە پەيدا بولاتتى، تېخى مۇھاپىزەتچىلەر ئارىسىدىنمۇ تېپىلاتتى. قاتىل ھەممە ئادەمنىڭ پۈتكۈل خىيالى ناماز بىلەن بەند بولغان پەيتتە قول سالاتتى، ئەجىلى توشقان كىشى شۇ ھامان يەرگە يىقىلاتتى. قاتىل بولسا جايىدىن مىدىرلىماي، ئۆگىتىلگەن دۇئاسىنى ئوقۇ-غىنىچە ئۆزىنى تۇتۇشقا كىرىشكەن ياساۋۇللار بىلەن خالايىققا مەغرۇر كۆلۈمسىرىگىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئالامۇت خوجايىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆلتۈرۈلگەن ھەربىر ئەمەلدارنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان يېڭى ئەمەلدارنىڭ ئېتىقادى ئىسمائىلىيلارنىڭ ئېتىقادىغا ئۆزگە-رەتتى. شۇ تەرىقىدە ھەربىر قاتىللىق ئۇلارنىڭ سېپىگە ئونلاپ، يىگىرمىلەپ ئادەملەرنى قوشاتتى.

مۇنداق دەھشەتلىك قاتىللىقلارنى سادىر قىلغۇچىلار نەشە، ئەپيۇنخۇمار كىشىلەردۇر دېگەن گەپمۇ بار. «دېمىسىمۇ، ئۆلۈمگە مەغرۇر تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ بارىدىغان مۇنداق كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنى بۇنىڭدىن باش-قىچە يەنە قانداق سۈپەتلەش مۇمكىن؟» دېيىشەتتى بۇ پىكىر تە-رەپدارىدىكىلەر. بولۇپمۇ، ماركوپولونىڭ خاتىرىلىرى بۇ پىكىرنىڭ غەربتە كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. مۇسۇلمان دۇنيا-سىدا ئۇلارنى بەزىدە «گەششىيان»، يەنى «نەشە چەككۈچىلەر» دەپمۇ

ئاتايتتى. ئېهتىمال بۇ پىكىر ئۇلاردىن نەپرەتلەنگۈچىلەر تەرىپىدىن
ئويلاپ تېپىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئايرىم شەرقشۇناسلار «ئاسسا-
سىن» سۆزى نۇرغۇن ياۋروپا تىللىرىدا ئىشلىتىلىدىغان «ئۆلتۈر-
گۈچى، قاتىل» سۆزىدىن ئېلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ئەمە-
لىيەت بۇنىڭدىن باشقىچە بولسا كېرەك. ئالاموت قەلئەسىدىن تې-
پىلغان ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەسەن ئۆز تەرەپدارلىرىنى
«ئاسساسىيۇن»، يەنى «يېڭى ئېتىقاد ئاساسلىرىغا سادىقلار» دەپ ئا-
تاشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. نەتىجىدە چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن
توغرا چۈشىنىلمىگەن بۇ سۆز «گەشەشىيۇن» نەشەخۇمارلار مەنە-
سىدە تەلقىن قىلىنغان. دەرۋەقە، ھەسەن سەبباھ تۇرلۇك گىياھ،
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئادەمنى
روھلاندۇرغۇچى خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى بىلگەن ۋە تۇرلۇك ئۆ-
سۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردىن دورا ياساپ، كېسەل بو-
لۇپ قالغان سەپداشلىرىنى داۋالىغان. مەسىلەن، ئۇ كەشىپ قىلغان
بىر دورا تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلار-
نىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتكەن. بۇ دورا ھەسەل، يا-
ڭاق تالقىنى ۋە كاشىنچە ئۆسۈملۈكىنىڭ شەربىتىدىن ئارىلاشتۇ-
رۇلۇپ تەييارلانغان. شۇنداق قىلىپ، ھەسەن سەبباھ ئۇستا تېۋىپ-
مۇ بولغان. ئىسمائىلىيلارغا تاقىلىدىغان پۈتكۈل مەلۇماتلارغا قا-
رىماي شۇنى تەن ئېلىش لازىمكى، ئاسساسىنلارنى روھلاندۇرىدىغان
بىردىنبىر كۈچ ئۇلاردىكى مۇستەھكەم ئېتىقادلا بولغان، خالاس.
مۇنداق ئېتىقاد ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن تەشكىللەنگەن مەش-
غۇلاتلار ۋە تەربىيە، ۋەزىپىلەرنى ئېنىق بەلگىلەش، شۇنىڭدەك قات-
تىق تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئارقىلىق شەكىللەندۇرۇلگەن. بۇ جەمئى-
يەتنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدارى، جەمئىيەتنىڭ پۈت-
كۈل تەرتىپ ـ قائىدىلىرى ۋە سىرلىرىنى ئۆزى رويابقا چىقارغان
ھەسەن سەبباھ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ يۇقىرى مەرتى-
ۋىلىك ئۆلىمالار يىغىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈچى ئۇنىڭ ئورۇنبا-
سارلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، شەرقىي پارس،

خوراسان، كوھىستان ۋە ماۋەرائۇننەھردە، ئىككىنچىسى، غەربىي پارس ۋە ئىراقتا، ئۈچىنچىسى، سۈرىيىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئىككىنچى قاتاردا بىۋاستە مەيدانغا چىقىپ پائالىيەت قىلىدىغان «رەفىق»لەر تۇراتتى. ئۇلار ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل تەلىم ئالغان ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشلەر بولۇپ، قەلئە - شەھەر ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە جەمئىيەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىكلىرى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەرتىۋىلىك دەۋەتچىلەر سېپىگە تاللىنىشلىرى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ كېيىنكى قاتاردا «لەسسەك» دەپ ئاتىلىدىغان، جەمئىيەتكە يېڭى قوبۇل قىلىنغانلار تۇراتتى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئاددىي ئەزالىرى بولۇپ، بىرەر جىددىي ئىشقا ياكى مەخسۇس تەلىم ئېلىشقا لاياقەتسىز ئەزالار ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالامۇت ئەتراپىدا ياشايدىغان پادىچىلار، ئايالار ۋە قېرىلار كۆپ ئىدى. جەمئىيەتكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلارنى «مۇجىبلەر» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ مەقسەت ۋە ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ساۋاقلارنى ئالاتتى ھەمدە قابىلىيەتلىرىگە ئاساسەن «رەفىقلەر»دىن بولۇپ يېتىشىشى، چوڭقۇرراق بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ئالامۇتقا ماڭدۇرۇلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەن سەبباھنىڭ ھەقىقىي قۇدرىتىنى نامايان قىلغۇچى «پىدائىيلار — جېنىنى پىدا قىلىدىغانلار» بولۇپ يېتىشەتتى.

ئالامۇت ھۆكۈمدارى ئادەتتە شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئېتىقادى ئەڭ چىڭلىرىنى، چاققان ھەم چىدامىلىقلىرىنى، شۇنداقلا ئوقۇشتا لاياقەتسىزلىرىنى «پىدائىيلار» سېپىگە قوشمايتتى. ھەسەن «پىدائىيلار»نى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. ئوقۇش ئىشلىرىدا خەنجەر سانجىش ئۇسۇللىرى، خەت توشۇغۇچى كەپتەرلەردىن، مەخپىي سۆزلەردىن لايىقىدا پايدىلىنىش، ئالامۇت بىلەن تېز ۋە يوشۇرۇن ئالاقە ئورنىتىش سىرلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىتىلەتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلارغا يەرلىك شېۋىدە سۆزلىشىش، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن تىلدا بىردەكلىك ھاسىل قىلىش، يات ئا-

دەملەر بىلەن ئارىلىشىش، بۇنىڭ ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەپ-تىلەپ، ئايلاپ مەقسەتكە ئىنتىلىش، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە پەرۋا قىلماسلىق، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق پەيتنى كۈ-تۈش، ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ماھىر ئۇۋچىدەك ھە-رىكەت قىلىش، دۈشمەن ماڭىدىغان يوللارنى، دۈشمەننىڭ كىيە-نىشىنى، ئادەتلىرىنى، ئۆيىدىن چىقىش ۋە كىرىش ۋاقىتلىرىنى بىلىۋېلىش، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن پائالىيەت سىرلىرى ئۆگىتىلەتتى. مەلۇم بىر ھۆججەتتە بايان قىلىنىشىچە، بەلگىلەنگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى نەپەر «پىدائىي» ئىككى ئايغىچە پۈرسەت كۈتۈپ، ناسارالارنىڭ چېركاۋىدا راھىب قىياپىتىدە ھەرىكەت قىلغان. نەشىخورلۇققا بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ قولىدىن مۇنداق ئىشلارنىڭ كېلىشىگە ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟ ھە-سەن سەبباھ قورۇپ چىققان بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم خىسلەت — ئېتىقادقا سادىقلىق ۋە ئۆلۈم-گە پىسەنت قىلماسلىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەسەن سەبباھ تا-رىختىكى ئەڭ دەھشەتلىك جەمئىيەت — «ئاسساسىنلار جەمئىيە-تى»نى بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەسىر ئاخىرىدا ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيدىغان، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا بەل باغلىغان يېڭى بىر كۈچ پەيدا بولدى. بۇ — ئۆلتۈرۈلگەن باش ۋەزىرگە سادىق نىزامىيە تە-رەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاسساسىنلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىرغىن قىلىشقا كىرىشتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئۇسۇللىرى ئىس-مائىلىيلارنىڭكىدەك دەھشەتلىك ۋە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە ۋەھىمىلىك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئىسمائىلىيلار سېپە-نىڭ ئاستا - بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

# يىگىرمىنچى باب

غەزەپلەنگەن كىشىلەر قاتىلنىڭ جانسىز تېنىنى ئۇياق - بۇ-ياققا سۆرەپ يۈرگەن پەيتتە، نىزامىيەنىڭ بەش نەپەر ئادىمى نىزا-مۇل مۇلكىنىڭ تېخى سوۋۇشقا ئۈلگۈرمىگەن جەسىتى ئەتراپىغا يە-غىلدى. ئۇلار قىسقا ۋاقىت جىم تۇرۇشقاندىن كېيىن، ئوڭ قوللى-رىنى ئالدىغا سوزۇشۇپ، بىر ئېغىزدىن قەسەم ئىچىشتى:

— تىنچ ئۇخلاڭ، خوجايىن، سىزنىڭ بىرمۇ دۈشمىنىڭىز بۇ دۇنيادا تىرىك قالمايدۇ!

نىزامۇل مۇلكىنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپ ئىدى. لېكىن كىمدىن باشلاش كېرەك؟ ئۇلار پىچىرلىشىپ، بىرىنچى نومۇرلۇق نىشانىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتى. بۇ مەسىلىدە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىر يەردىن چىقتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى يەنە ئالدىغا سوزۇلدى. جەسەت ئالدىدا تىزلىنىپ، قەسەملىرىنى يەنە تەكرارلىدى، ئاندىن ۋەزىر-نىڭ كېسەللىكتىن ئورۇقلاپ كەتكەن، ئەمما ئۆلۈمدىن ئېغىرلى-شىپ قالغان جەسىتىنى كۆتۈرۈشۈپ، تۇرالغۇسى تەرەپكە ئېلىپ كېتىشتى. ئاياللار ئالدىغا چاپان توپلىشىپ مۇسىبەت يىغىسىنى باش-لىۋەتكەنىدى. جەسەتنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ نالە - پەريادى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، تۈن قاراڭغۇسىنى بېسىپ كەتتى. بىرەيلەن قاتتىق ئاۋازدا ئۇلارغا ئېيتتى:

— قىساس ئېلىنمىغۇچە ھېچكىم يىغلىمىسۇن!

ۋەھىمىگە چۈشكەن ئاياللار بىردىنلا يىغىدىن توختاپ، ئۇ دۇنياغا يول ئالغان ۋەزىرنىڭ جەسىتىگە تىكىلىپ قېلىشتى. بىر-دەمدىن كېيىن ئۈزلىرىنى باسالماي، يەنە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلى-دى.

جەسەتنىڭ يېنىغا سۇلتان يېتىپ كەلدى. دەسلەپكى چاقىرىشلار ئاڭلانغاندا ئۇ تۇركان خاتۇننىڭ ھوزۇرىدا ئىدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە كەتكەن خىزمەتكار ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى.

— سۇلتانىم! قاتىل باش ۋەزىرنى پىچاقلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى سىزگە قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

سۇلتان بىلەن تۇركان خاتۇن ئۈن - تىنسىزلا بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىشتى. كېيىن مەلىكشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزۇن قارا جۇۋىسىنى كىيدى ۋە تۇركان خاتۇننىڭ سىنئەينىكى ئالدىدا بىردەم توختاپ، ئۇستىۋېشىنى كۆزەتتى ھەم چىرايىغا قايغۇلۇق تۈس بېرىپ، ۋەزىرىنىڭ جەسىتى ياتقۇزۇلغان چېدىرغا ماڭدى. ئاياللار ئۇنىڭغا «ئاتا»سىنى كۆرۈش ئۈچۈن يول بېرىشتى. ئۇ مېيىتنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تۇركان خاتۇننىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا قايتتى.

مەلىكشاھ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندى. باش ۋەزىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئەمدى سەلتەنەت تىزگىنىنى سۇلتان ئۆز قولىغا ئالىدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى، ئەمما ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. باش ۋەزىرىنىڭ ئاتىلارچە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىدىن قۇتۇلغان سۇلتان پۈتۈنلەي بالىلارچە ئۆز بېشىمچىلىققا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. سارايدىكى كېڭەش، مۇھاكىمىلەر ۋە ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىشلار پۈتۈنلەي توختاپ قالدى. ئۇ كۈندۈزلىرى چەۋگەن ئوينايتتى ياكى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. كېچىلىرى بولسا ئولپەتلىرى بىلەن ئىچىشۋازلىق قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھەتتا باغداد خەلىپىسىگە مەكتۇپ يېزىپ، باغدادنى ئۆزىنىڭ قىشلىق ئوردىسى قىلماقچى بولغانلىقىنى، خەلىپىنىڭ باشقا شەھەرگە كېتىشى ياكى باشقا يەردىن تۇرالغۇ تېپىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەم-

بەرلەر ئەۋلادىدىن بولغان ۋە ئۈچ يېرىم ئەسىردىن بېرى ئەجداد-لىرى باغدادتا ياشاپ كەلگەن خەلىپە ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئاي مۆھلەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

37 ياشقا كىرگەن، تەخمىنەن دۇنيانىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمران بولغان سۇلتاننىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تۈركان خاتۇن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن مەلىكشاھ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشتىن يانمىدى. تۈركان خاتۇن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ يەكگىلتەكلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. نىزامۇل مۇلكىنىڭ ئە-مەلدارلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئەمىرلەر ۋە باشقا مەن-سەپدارلار ئەمدى ئۆز ئىشلىرىنى تۈركان خاتۇن ئارقىلىق پۈتتۈ-رۈشكە باشلىدى. سۇلتان بولسا تۈركان خاتۇن تەرىپىدىن پىلانلان-غان ھەرقانداق ئىشقا مەست - مۇغەررەق ھالدا رازىلىق بىلدۈرۈ-ۋېرىدىغان بولدى.

مىلادى 1092 - يىلىنىڭ 18 - نويابىر كۈندە مەلىكشاھ باغدادنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چاتقاللىقتا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئاتقان ئوق ئىككى تال ئوقتىن پەقەت بىرىلا نىشانغا تەگمىدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ مەرگەنلىكىنى، مەرگەنلىكتە تەڭداشسىزلىقى-نى تەرىپلەپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئوقۇدى. ئوۋ قىزغىنلىقى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئەمدى ئۇ ئادەملىرىگە تائام ھازىرلاشنى بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار تېزلا تائام ھازىرلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئوۋلانغان ھايۋانلار سو-يۇپ تازىلىنىپ زىخقا تارتىلدى. پىشۇرۇلغان گۆشلەرنىڭ ئەڭ ياغ-لىق يەرلىرى سۇلتاننىڭ تاۋىقىغا قويۇلدى. سۇلتان گۆشنى ئىك-كى قوللاپ تۇتۇپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ كۈچلۈك شاراب تولدۇرۇلغان قەدەھنى قانماي سۈمۈرەتتى، خىزمەتكارلار ئوۋدا دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان، سىركىلەنگەن مېۋىلەردىن كاسىلدىتىپ چىشلەپ زاكۇسكا قىلاتتى. بىردىن ئۇ-

نىڭ ۋۇجۇدىنى ئىچ ـ باغرىنى يېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك ئاغرىق تۇتۇپ كەتتى. سۇلتان ئاغرىقتىن ۋارقىرىۋەتتى. كۆپچىلىك قورقۇنچتىن تىترەشكە باشلىدى. مەلىكشاھ تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ، شاراب قۇيۇلغان قەدەھنى ئاتتى، ھەلقۇمىدىكى نەرسىنىڭ ھەممىنى قۇسۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئىككى پۈكۈلۈپ يانداۋرۇشقا باشلىدى. ئەتراپىدا تۇرغان بارلىق ساراي ئەمەلدارلىرى، نۆكەرلەر ۋە خىز-مەتكارلار ئۇنىڭ تىرىك قېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشۈپ ساراسىمە ئىچىدە تىترىشەتتى. ئۇنىڭ شارابىغا كىم تەرىپىدىن زەھەر سې-لىنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىم بىلسۇن، سىركىلەنگەن مېۋىلەر زەھەرلەنگەنمۇ ياكى قورۇلغان گۆشمۇ؟ لېكىن ھەممەيلەن-نىڭ خىيالىدا بىر پىكىر كېزەتتى: باش ۋەزىرنىڭ ئالەمدىن ئۆت-كىنىگە 35 كۈن بولغانىدى. نىزامۇل مۇلك ئۆزىنىڭ سۇلتاندىن كەم دېگەندە 40 كۈن بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. دەرۋەقە ئۇنىڭ قىساسچىلىرى ھۆكۈمنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئا-شۇرۇشقان ئىدى.

تۇركان خاتۇن پاجىئە يۈز بەرگەن جايدىن بىر سائەتلىك مۇ-ساپىگە جايلاشقان سۇلتان ئوردىسىدا تۇراتتى. تېخى تىرىك، بىراق پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەن سۇلتاننى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كې-رىشتى. تۇركان خاتۇن كۆپچىلىككە چېدىردىن تېز چىقىپ كې-تىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ يېنىدا جاھان، ئۆزىنىڭ سادىق كىشىلە-رىدىن ئىككى ـ ئۇچى ۋە سۇلتاننىڭ تومۇرىنى تەكشۈرۈۋاتقان ساراي تېۋىپىلا قالدى.

— سۇلتان تۇزۇلۇپ كېتەرمۇ؟ — سورىدى تۇركان خاتۇن تېۋىپتىن.

— سۇلتاننىڭ تومۇر سوقۇشى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋې-تىپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ھايات شامىنى ئۆچۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق! — دېدى تېۋىپ.

— ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا، بۇنى مەھكەم ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ! — ئۇنىڭ ئاۋازى تۇل قالغان ئايالنىڭ ئەمەس،

بەلكى سەلتەنەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاۋازىدەك ياڭرىدى، — بۇ چېدىردا تۇرغانلاردىن باشقا ھېچكىم سۇلتاننىڭ ئالەمدىن ئۆت- كەنلىكىنى بىلمىسۇن! ئۇنى سورىغانلارغا سۇلتاننىڭ ئەسلىگە كې- لىشىنىڭ ناھايىتى تەسلىكى سەۋەبلىك دەم ئېلىشى لازىملىقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرمەسلىكىنى ئېيتقاندىن باشقا گەپ قىلماڭ!

شۇنداق قىلىپ، سالجۇقىيلار سەلتەنەتىدە تۇركان خاتۇننىڭ چاقماقتەك تېز ئاخىرلاشقان قانلىق دەۋرى باشلاندى. تېخى مە- لىكشاھنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىماستىنلا ئۇ بىر تۈركۈم سادىق ئەمەلدارلارنى ئەمدىلا تۆت ياشتىن ئاشقان ئوغلى سۇلتان مەھمۇدقا مەڭگۈ سادىق بولۇش توغرىسىدا قەسەم ئىچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىگە مەكتۇپ يوللاپ، مەلىكشاھنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە سۇلتاننىڭ ئورنىغا مەھمۇد- خاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى ماقۇللاشنى سورىدى. بۇنىڭ بەدىلى- گە خەلىپىنىڭ باغدادتا قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى، خەلىپىنىڭ نا- مىنىڭ سەلتەنەتنىڭ بارلىق مەسچىتلىرىدە خۇتبىگە قوشۇلىدىغان- لىقىنى تەكىتلىدى. ساراي ئەھلى ئىسپاھانغا قاراپ يولغا چىققاندا مەلىكشاھ ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى، ئەمما تۇركان خاتۇن بۇنى كۆپچىلىكتىن يەنىلا سىر تۇتۇۋاتاتتى. سۇلتاننىڭ جەسىتى ئالتە ئات قوشۇلغان، ئۈستىگە چېدىر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھارۋىدا ئېلىپ مېڭىلغان بولۇپ، مۇنداق ئەھۋالدا جەسەت ئۇزۇنغا بارمايلا سېسىپ كېتىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ- ڭا، تۇركان خاتۇن ئۇنى تېزراق كۆزدىن يىراق قىلىشقا ئالدىرىدى. شۇنداق قىلىپ، «بۈيۈك سۇلتان، قۇدرەتلىك شاھەنشاھ، مەغرىب ۋە مەشرىق ھۆكۈمدارى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم تىغى، دۇنيا ۋە دىنىنىڭ پەخرى، بارچە غەلىبىلەرنىڭ ئاتىسى، ئاللاھ تەرىپىدىن تە- يىنلەنگەن خەلىپىنىڭ مۇستەھكەم تايانچىسى» مەلىكشاھنىڭ جە- سىتى كېچىدە يوشۇرۇنچە يول چېتىگە كۆمۈلدى. كېيىنچە ئۇنىڭ قەبرىسىنى ھېچكىم، ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالمىدى.

تارىخچىلار بۇ ھەقتە: «شۇنداق قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ ناھا-يىتى ئېچىنىشلىق ۋە شەرمەندىلەرچە ئۆلگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، يىغا-زار قىلىشمىغانلىقىنى» ھەيرانلىق ئىلكىدە يېزىشقانىدى.

سۇلتاننىڭ غايىب بولغانلىقى تېز ئارىدىلا ھەممىگە ئاشكارا بولۇپ كەتتى. بىراق، تۈركان خاتۇن تولىمۇ يېنىكلىك بىلەن ئۆ-زىنى ئاقلايتتى: «مۇنداق ۋەزىيەتتە، — دەيتتى ئۇ، — مېنىڭ بە-رىنچى ۋەزىپەم سۇلتاننىڭ ئۆلۈمىنى دۈشمەنلەرگە بىلدۈرمەسلىك ئىدى. چۈنكى ئاساسىي قوشۇن ۋە ساراي ئەھلى پايتەختتىن يىراقتا ئىدى». ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۆز ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ۋە سەلتەنەت تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن ۋاقىتنى ئۇتۇش ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ھۆج-جەتلىرىدىمۇ دەل مۇشۇنداق پىكىرلەر ئېيتىلغان. جۈملىدىن، سەلتەنەت قوشۇنى ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئۇنى، «تۈركان خاتۇن قوشۇنلىرى»، ئىسپاھان ھەققىدە بولسا، «تۈركان خاتۇن پايتەخ-تى» دېگەن جۈملىلەردىن بۇنى بىلىش مۇمكىن. ھۆججەتلەردە بالا سۇلتاننىڭ نامى مۇتلەق ئۇچرىمايدۇ ۋە زۆرۈر تېپىلغان جايلاردا ئۇنى، «تۈركان خاتۇننىڭ ئوغلى» دەپ زىكىر قىلىدۇ، خالاس. تۈر-كان خاتۇننىڭ مۇددىئالىرىغا قارشى چىقالايدىغان، ئۇنىڭ كۈچلىگە ۋەھىمە سالالايدىغان بىردىنبىر قۇدرەتلىك كۈچ نىزامۇل مۇلك تە-رەپدارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىنغۇچىلار تىزىملىكىدە تۈركان خاتۇن مەلىكشاھتىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى ۋە ئۇلار سۇلتاننىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان 13 ياشلىق بەركيارۇقنى تەختكە چىقىرىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇلار ياش شاھزا-دىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تۇرلۇك مەسلىھەتلەرنى بې-رىشەتتى. ئاقىۋەت، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تۈركان خاتۇننىڭ قوشۇنلى-رىغا قارشى جەڭگە كىرگۈزۈشكىمۇ مۇۋەپپەق بولۇشقانىدى. دەس-لەپكى ئېلىشىشتا غەلىبە ياش شاھزادىگە مەنسۇپ بولدى. نەتىجىدە مەلىكىنىڭ قوشۇنلىرى ئىسپاھان قەلئەسىگە بېكىنىشكە مەجبۇر

بولدى. بىراق، تۈركان خاتۇن قامال ھالىتىدىمۇ يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالمىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە كېيىنكى چاغلاردا پۈتۈن پارس زېمىنىدا مەشھۇر بولۇپ كەتكەن مىلىك بىر خىل ھەييارلىقلاردىن پايدىلىنىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئۇ كۆپ قېتىم ۋىلايەت ھاكىملىرىغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى: «مەن تۇل قالدىم، مېنىڭ كىچىك ئوغلۇم ئاتا تەربىيىسى-گە ۋە ئۇنىڭ نامىدىن سەلتەنەتنى باشقۇرۇشقا يارايدىغان ئاتىغا موھتاج. بۇ ۋەزىيىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا سەندىنمۇ مۇۋا-پىقراق بىر ئادەم تاپالمىدىم، تېزراق قوشۇنلىرىڭ بىلەن ھوزۇ-رۇمغا يېتىپ كەل، مەن ساڭا خوتۇن بولۇشقا تەييارمەن، تېزراق ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولۇڭغا ئال!». چاقىرىق تولىمۇ ئىشەنچ-لىك ئىدى. سۇرىيىدىن، ئەزەربەيجاندىن ئەمىرلەر قوشۇن باشلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ شەھەرنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇشقا قۇربى يەتمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا تۈركان خاتۇننىڭ بىرەر ئاي-دىن ئارتۇقراق دەم ئېلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

تۈركان خاتۇن دەل شۇنداق مەزمۇندا ھەسەن سەبباھقىمۇ مەكتۇپ ئەۋەتتى: «نىزامۇل مۇلكنى يوقىتىش تەكلىپىنى سىزگە مەن بەرگەنىدىم ھەم ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزۈم بىر قوللۇق ئىمكا-نىيەت ياراتقانىدىم. بۈگۈن سىزنى سەلتەنەت پايتەختى ئىسپاھاننى ئىگىلەشكە تەكلىپ قىلماقچىمەن. مەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن-كى، ئادەملىرىڭىز بۇ يەردە بەك كۆپ، نېمىشقا ئۇلار تا ھازىرغىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشىدۇ؟ ئۇلارنى ئەمدى ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇڭ. ئۇلار نۇرغۇن مال - دۇنياغا، قورال - ئەسلىھەلىرىگە ئە-گە بولىدۇ ھەم ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا يېڭى مەزھەپكە دەۋەت ئې-لىپ بارالايدۇ».

مەكتۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ-زۇن يىللاردىن بېرى يوشۇرۇن يۈرگەن يۈزلىگەن ئىسمائىلىيلار نىقابلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئوچۇق - ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. يېڭى مەزھەپكە كىرگۈچىلەرنىڭ سانىمۇ كۈندىن - كۈن-

گە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئايرىم مەھەللىلەردە ئۇلار تۈركان خاتۇن-نى ھىمايە قىلىدىغان قوراللىق گۇرۇھ تەشكىل قىلىشقىمۇ مۇ-ۋەپپەق بولۇشتى.

تۈركان خاتۇننىڭ ئاخىرقى ھىيلىسى تېخىمۇ پۇختا ۋە ھەي-يارلارچە پىلانلانغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىر قىسمى بەركىيارۇقنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشىپ، تۈركان خاتۇندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى، شە-ھەر ئىچىدە قالغان قوشۇننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلانغانلى-قىنى، ئەگەر شاھزادە ئۆزلىرىگە باش بولۇپ شەھەرگە كىرسە، بۇ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭغا شەپە بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا تۈركان خاتۇن ۋە ئۇنىڭ گۆدەك ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، شاھزادىنىڭ يالغۇز ئۆزىلا تەخت ئىگىسى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. 1094 - يىلى ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بالا — تەخت دەۋاسى قىلغۇچىغا بۇ تەكلىپ تولىمۇ مۇناسىپ بىلىندى. بىر يىللىق مۇۋەپپەقىيەتسىز قامالدىن كېيىن، قوشۇنلارنىڭ يار-دىمىگە تايانمايلا شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈش نەقەدەر ياخشى ئامەت - ھە! ئۇ ئىككىلەنمەيلا بۇ تەكلىپكە رازىلىق بىلدۈردى ۋە شۇ ئاخشىمىلا ئۆز يېقىنلىرىغىمۇ سەزدۇرمەستىن ئوردىدىن چىقىپ، تۈركان خاتۇن ئەمىرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قارشىلىقسىزلا ئې-چىلغان كەھاب دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىپ كەلدى. شاھزادە ئەتەي خۇشال كەيپىياتتا كېتىۋاتقان ئەمىرلەرنىڭ قورشاۋىدا دادىل قەدەملەر بىلەن ئىچكىرىگە كىردى. ئۇ ئۆز جاسارىتىگە، مۇۋەپپە-قىيەت قازىنىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ باراتتى. ئە-مىرلەر ئۇنىڭ مۇنداق مەغرۇرلۇقىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشسى-مۇ، ئۇ سەممىيلىك بىلەن ئۇلارنى جىم بولۇشقا ئۈندەيتتى. ئۇلار بولسا، يالغاندىن يېرىم كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، يەنە قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى. شاھزادە ھەمراھلىرىنىڭ شۇملۇقىنى تۇي-غاندا ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنى باغلاپ، كۆزى ۋە ئېغىزىنى ئېتىپ، مازاق قىلغىنىچە ھەرەمخانا

ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئويغىنىپ كەتكەن ھەرەم ئاغىسى ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە يۈگۈردى. تۈركان خاتۇن ئەمدى تەخت دەۋاسى قىلغان ئۆگەي ئوغلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرەمدۇ ياكى كۆزلىرىنى كور قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنەمدۇ، ئۆز ئوغلىنىڭ رەقىبىنىڭ تەقدىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئىختىيارى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ھەرەم ئاغىسى غۇۋۋا يورۇتۇلغان ئۇزۇن دەھلىزنى بويلاپ ئىچكىرىگە كىرىۋاتقاندا، بىردىن ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان ۋە ياردەمگە چاقىرىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەنسىزلىككە چۈشكەن ئەمىرلەر ھەرەمخانىغا كىرىش چەكلەنگەنىگە قارىماي، بوسۇغىدىن ئاتلاشتى. ئۇلار ھودۇققىنىدىن، ئېسەدەپ يىغلاپ كېلىۋاتقان قېرى خىزمەتكار ئايالنى يىقىتىۋەتتى. ئايال ئۇلارغا، ھازىرلا كىمدۇر بىرىنىڭ تۈركان خاتۇننى ياستۇق بىلەن تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ ئارىدا ھەرەمخانا خىزمەتكارلىرىدىن بىرىنىڭ غايىب بولغانلىقى مەلۇم بولدى. خىزمەتكار ئايالنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىرنەچچە يىل بۇرۇن نىزامۇل مۇلك تەرىپىدىن ھەرەمخانا خىزمەتكارلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

تۈركان خاتۇن تەرەپدارلىرى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارى — تۈركان خاتۇن ئۆلتۈرۈلدى. بىراق، ئاساسلىق دۈشمەنىنىڭ تەقدىرى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئوردا نىزامىيە تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان پەيتتە، ئۇلارمۇ دۈشمەنىنىڭ قورشاۋغا بۇيرۇق بەرگەن باشلىقىنى ئەسىرگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئۇنى نېمە قىلىشاركىن؟ ھازىرچە بۇنى ھېچكىم ھەل قىلالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ كۈنلەردە جاھان گۆدەك سۇلتانىنىڭ ئانىسى سۈپىتىدە تۈركانىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا قالادىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشاتتى ۋە مۇنداق چاغدا پەقەت جاھانلا قەتئىي قارارغا كېلىشتە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ شۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ نېمىلەرگە قادىر ئىكەنلىكىنى مەردانىلارچە ئىسپاتلاپ كەلگەنىدى. بىراق، تۈركان خاتۇننىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ بارلىق ئوي - خىياللىرىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ كىمدىن مەسلىھەت سوراش مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، ئۆمەردىن - دە. بولمىسا، كىمگىمۇ مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن؟

ئۆمەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگىنىدە جاھاننى تۈركان خاتۇننىڭ ئورنىدا، پەردىلەر ئارىسىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، چاچلىرىنى يەلكىسىگە يېيىپ ئولتۇرغان ھالدا كۆردى. ئۈستىۋېشىغا شاھانە كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن، بېشىغا چىرايلىقىنە كىچىك سەللە ئوراپ قويۇلغان گۆدەك سۇلتان ئۇنىڭ يېنىدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى، ئازراق چېچەك ئىزى بار قىزىل يۈزىدىكى كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق بولۇپ، ئەپتىدىن ناھايىتى زېرىككەنلىكى چىقىپ

تۇراتتى.

ئۆمەر جاھانغا يېقىنلاشتى، مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ قول-لىرىنى، يۈزلىرىنى سىلاپ پېچىرلىدى:

— تۈركان خاتۇننىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىنى تېخى ھازىرلا ئاڭلىدىم. مېنى ھۇزۇرۇڭغا چاقىرىپ بەك ياخشى قىپسەن.

جاھان چاچلىرىنى سىلاۋاتقان ئۆمەرنىڭ قوللىرىنى يېنىك-كىنە ئىتتىرىپ دېدى:

— سىزنى ماڭا تەسەللى بەرسۇن دەپ چاقىرمىدىم، ئەكسىچە، مۇھىم بىر مەسىلە ئۈچۈن مەسلىھەتىڭىزنى ئالماقچىمەن.

ئۆمەر بىرقەدەم كەينىگە داجىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنى-چە، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— بەركىيارۇق ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئىدى، ھازىر ئۇ مۇشۇ سارايي ئاستىدىكى زىنداندا. ئەمىرلىرىمىز ئۇنىڭ تەقدى-رىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. كۆپچىلىك ئۇنى ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنى بېرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرگەنلەر بۇ پىكرىنى قەتئىي تەلەپ قى-لىشماقتا. ئەگەر ئۇ تىرىك قالسا، ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەھۋالغا قې-لىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان بۇ ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەشمەك-تە. باشقىلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ناتوغرا قىلمىشلىرىنى ياش شاھزادە ئەپۇ قىلار دېگەن ئۈمىدتە ئۇنى تىرىك قالدۇرۇپ، قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ تەختكە چىقىرىشنى، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات كۈتۈشنى ئەۋزەل كۆرمەكتە. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر، نىزامىيە تەرەپدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسىر سۈپىتىدە تى-رىك پېتى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇشنى تەكلىپ قىلىشماقتا. ئېيتىڭە ئۆمەر، بىز قايسى يولنى تۇتساق بولار؟

— پەقەت شۇنى سوراش ئۈچۈنلا مېنى قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ئايرىپ ھۇزۇرۇڭغا چاقىرغانمىدىڭ؟

جاھان چۈشكۈن بىر قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى.

— بۇ مەسىلە سىزگە ئانچە جىددىي تۇيۇلمىدىمۇ؟ مېنىڭ ھا-

ياتىم، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى، شەھەرنىڭ، سەلتەنەتنىڭ كەلگۈسى مۇشۇ مەسىلىنىڭ قانداق ھەل قىلىنىشىغا باغلىق. ئېيتىڭە، سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن ئايرىلىشىڭىزغا مۇشۇ مەسىلىمۇ كەملىك قىلامدۇ؟

— ھە، بۇنداق ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن مېنى ئاۋارە قىلىشىڭىزنى خالىمايمەن.

ئۆمەر ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، بىراق تاشقىرىغا چىقماي، ئىشىك تۈۋىدىن يېنىپ جاھانىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەر دائىم ئىشنى قىلىپ بولۇپ مەندىن مەسلىھەت سورايسىلەر، ئەمدى مەن قانداق مەسلىھەت بېرەي؟ ئەگەر مەن ئۇلارغا شاھزادىنى قويۇپ بېرىشنى مەسلىھەت بەرسەم، بىر كۈنى كېلىپ ئۇنىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇماسلىقىغا كىم كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ مۇبادا مەن ئۇلارغا شاھزادىنى گۆرۈ سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەت بەرسەم، ئۇلارنىڭ تەرەپدارىغا ئايلىنىپ قالمايمەنمۇ؟ ياخشىسى، ماڭا مۇنداق ئايىغى چىقماس جاڭجاللاردىن يىراقراق تۇرۇشقا ئىمكان بەر، جاھان، ساڭمۇ شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەن.

— ئۆمەر جاھانغا ئېچىنىش نەزەرى بىلەن تىكىلدى ۋە داۋام قىلدى:

— بىر تۈرك سۇلتانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى ئولتۇرسا، بىر ۋەزىرنىڭ ئورنىغا يەنە باشقىسى چىقسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ خۇدا ھەققى، جاھان، ئۆمرۈڭنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى ئۆزئارا جېدەللىشىۋاتقان بۇ ياۋايىلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈشكە قانداق چىدايسەن؟ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى بوغۇزلاشلىرىغا، ئۆلتۈرۈشلىرىگە ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇلاردىن يىراقراق تۇرساڭ، قۇياشنىڭ نۇرى ساڭا كەم چۈشەرمىدى؟ شاراب لەززىتى ياخشى تېتىماي قالارمىدى؟

— ئاستىراق گەپ قىلىڭ ئۆمەر، بالىنى قورقۇتىۋەتمەڭ، ئېھتىيات قىلمايمۇ بولمايدۇ، تامنىڭمۇ قۇلىقى بارلىقىنى ئۇنتۇپ

قالماڭ.

بىراق ئۆمەر گېپىنى كەسكىن داۋام قىلىۋەردى:

— سەن مېنى مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن چاقىرغانمىدىڭغۇ؟ مەن ئەمدى ساڭا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتاي: سەن بۇ تەختنى، بۇ سارايىنى، بۇ كۆلپەت ئۇۋىسىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ چىقىپ كەت! ئارقاڭغا قارىما، ھېچكىم بىلەنمۇ ۋىدالاشما، نەرسە - كېرەكلىرىڭنىمۇ يىغىشتۇرما، كەل، قولۇڭنى ماڭا بەر، ئۆيىمىزگە كېتىمىز. سەن ئۆز شېئىرلىرىڭنى يازىسەن، مەن بولسام يۇلتۇزلىرىمنى كۆزىتىشنى داۋام قىلدۇرىمەن. ھەر ئاخشىمى سەن ھوزۇرۇمغا كېلىپ مېنى مەپتۇن قىلىۋېرىسەن، خۇشبۇي شاراب روھىمىزنى كۆتۈرىدۇ. ئىككىمىز بىر بولۇپ، بۇ مىسكىن ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇيمىز، ئۇنىڭ دەھشەتلىرىنىمۇ، ئىپلاسلىقلىرىنىمۇ، قانلىرىنىمۇ كۆرمەيمىز!

جاھاننىڭ كۆزلىرى نۇرسىز باقاتتى:

— ئەگەر مەن بىگۇناھ سەبىي قىز بولغىنىمدا ئىدى، ئېھتىمال تەكلىپىڭىزگە رازىلىق بېرەتتىم، لېكىن ئەمدى بەك كېچىكتىم، تولىمۇ يىراققا كېتىپ قالدىم. مۇبادا نىزامۇلمۇلكىنىڭ ئادەملىرى ئىسپاھانىنى ئىگىلىسە، ئۇلار مېنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ تىزىملىكىدىكى مۇھىم دۈشمەن.

— نىزامۇلمۇلكىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى مەن ئىدىم. مەن سېنى قوغدىيالايمەن. ئۇلار ئۆيۈمگە مېنى خوتۇنۇمدىن جۇدا قىلىش ئۈچۈن كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئۆمەر! سىز ئۇ ئادەملەرنى بىلمەيسىز. ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالىدا پەقەت بىرلا مەقسەت، يەنى قىساس ئېلىشلا بار، خالاس! ئۇلار بىر چاغلاردا سىزنىڭ ھەسەن سەبباھنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىنىڭىزنى ئەيىبلىگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلار سىزنى جاھاننى يوشۇرۇپ قويغانلىقتا ئەيىبلەيدۇ ۋە سىزنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— مەيلى، نېمە بولسا بولار، بىز ئۆيىمىزدە بىللە بولىمىز،

ئەگەر تەقدىر مېنى سەن بىلەن بىللە دۇنيادىن كۆز يۇمۇشقا مەج-
بۇر قىلسا، بۇنىڭغا رازىمەن!
جاھان ئورنىدىن قوزغالدى:
— مەن رازى ئەمەس. ئۆز تەرەپدارلىرىمنىڭ جەسەتلىرى بىـ-
لەن تولغان مۇشۇ سارايدا قالىمەن. چۈنكى بۇ شەھەر شۇ تاپتا مېـ-
نىڭ قولۇمدا، مەن ئاخىرقى دەقىقىلەرگىچە كۈرەش قىلىمەن ھەم
ئۆلسەممۇ سۇلتان سۈپىتىدە ئۆلىمەن!
— سۇلتانلارنىڭ قانداق ئۆلگىنىنى كۆرۈۋاتسەنغۇ، ئاخىر!
زەھەرلىنىپ ئۆلمەكچىمۇ ياكى بوغۇلۇپ ئۆلمەكچىمۇ سەن؟ ئىنسان
زاتى دېگەن باشقىچە شەرەپلىك ئۆلۈم تېپىشىمۇ مۇمكىنغۇ!
ئۇلار خېلىغىچە بىر - بىرىگە ئۈنسىز تىكىلىپ قېلىشتى،
كېيىن جاھان ئۆمەرگە يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزىنى باستى،
بىر لەھزە ئۆمەرنىڭ يەلكىسىگە ئېسىلىپ تۇردى. ئۆمەر ئۇنى ئۆ-
زىدىن نېرى ئىتتىردى. مۇنداق ۋىدالىشىش ئۇنىڭغا ياقمايۋاتقان
ئىدى. ئۇ جاھانغا ئاخىرقى قېتىم يېلىندى:
— جاھان! ئەگەر ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەتنى ئازراق بولسى-
مۇ قەدىرلىيەلىسەڭ، مەن بىلەن ماڭ، بۇ كولپەت ئۆۋىسىدىن كې-
تەيلى. بىزنى ئايۋىنىمىزغا سېلىنغان ۋىسال داستىخىنى كۈتۈۋا-
تىدۇ. بىزنى سېرىق تاغلاردىن كېلىۋاتقان مەيىن شامال ئەركىلەت-
سۇن! ئىككى سائەتتىن كېيىن، ھەر ئىككىمىز بەخت شادلىقىغا
چۆمۈمىز. بىزنى ۋىسال قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋاتىدۇ. مەن خىزمەت-
كار ئايالىلارغا، ئىسپاھاندا ھۆكۈمدار ئالماشمىغۇچە بىزنى ئويغات-
ماسلىقنى تاپىلايمەن...

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

شۇ ئاخشىمى ئىسپاھاندا دەسلەپكى ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ يېقىملىق ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى، لېكىن كوچىلار ئادەمسىز، پۈتۈن شەھەر قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك ئىدى. ئۆمەر بۈگۈن دۇنيا غېمىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك رەسەتخانىسىغا بېكىنىۋالدى. ئادەتتە ئۇ رەسەتخانىغا كىرىپ پايانسىز ئاسمانغا تىكىلگەن چاغلىرىدا پۈتكۈل غەملىرىنى ئۇنتۇيتتى، خىيالى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن باغلىق مۇئەممالار بىلەن بەند بولاتتى، يۇلتۇزلارغا تولغان كائىنات قەھرىدىن بەختلىك ياشاشنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى ئىزدەيتتى. بىراق، بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەم - غۇسسە، دەرد - ئەلەم ئۇنى ئېغىر تاشتەك ئېزەتتى، ئاسماندا چاراقلاۋاتقان يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمەيتتى. «ئەجەبا يۇلتۇزلارمۇ ماڭا تەسەللى بېرەلمىسە»، — ئۆكۈندى ئۇ. «قەيەردىن تېپىش مۇمكىن ئاشۇ بەختلىك ھاياتنى!» ئۇ غەمكىن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ، دەرد - ئەلەمنى شاراب بىلەن بېسىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ قاراڭغۇ ھۇجرىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، قوللىرى خىيالىدا جانلىنىۋاتقان جاھانغا سوزۇلاتتى، كۆزلىرى ئەلەم ياشلىرى ۋە شارابتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن شاراب ئىچەتتى، ئەمما بۇ قەدەھلەر ئۇنىڭغا ئۆزى تارتىۋاتقان ئەلەملەردەك تېتىقسىز تۇيۇلاتتى، لەۋلىرى ئۈنسىز پىچىرلاپ، ئۆزىچە جاھان بىلەن، نىزامۇل مۇلك بىلەن، ئاللاھ بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇ بارغانسېرى بۇزۇلۇۋاتقان بۇ دۇنيانى تەۋرىتىپ تۇرغان ئاللاھتىن بۇ كۆرگۈلۈكلەرنىڭ سەۋەبىنى سورايتتى.

ئۇ پۈتۈنلەي ھالسىزلىنىپ، كەيپى ئۇچۇپ، بېشى قېتىپ،

تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى، قانچىلىك ئۇخلىغىنىنىمۇ بىلمىدى، بىر چاغدا گۈرس - گۈرس تاشلانغان قەدەم تىۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا قۇياش خېلىلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، دېرىزە پەردىسى ئارىسىدىن چۈشكەن ئۆتكۈر نۇرلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇيقۇسى بۇزۇلغان ئۆمەرنىڭ كۆزى، بوسۇغىسىدا تۇرغان ئاجايىپ گەۋدىلىك، بەدىنىنى تۈك باسقان، كۆچلۈك قوللىرى خەنجەر دەستىسىنى مەھكەم تۇتقان ناتونۇش كىشىگە چۈشتى.

ئۆمەر ئۇنىڭ بېشىدىكى كۆك شايى سەللىسىگە، ئۇستىدىكى نىزامىيە تەرەپدارلىرى كىيىپ يۈرىدىغان كالتە مەخمەل كەمزۇلىغا قاراپ، كىملىكىنى پەملىدى. شۇنداق بولسىمۇ، گېلىنى قىرىپ سورىدى:

— سەن كىم؟ ئارامىمنى بۇزۇشقا نېمە ھەددىڭ؟

— خوجام، مېنى قوبۇل قىلىڭ، مەن ئەرمەنىستانلىق ۋەرتان بولىمەن، كەمىنىڭىز نىزامۇل مۇلكنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىسى ئىدىم، ئەجەبا، مېنى بۇرۇن ئۇنىڭ يېنىدا كۆرمىگەن بولسىڭىز؟

ئۆمەر ئۇنى تونۇغان بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى ئەندىشىسى بېسىلمىدى، ئۆزىنى پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى قىينىلىپ، بويىنىغا سىرتماق سېلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، بىراق قورقۇنچىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ داۋام قىلدى:

— نىزامنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىسى، دەمسەن؟ دېمەك، ئۇنى قاتىللارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قالالمىغان مۇھاپىزەتچى سەن ئىكەنسەن - دە!

— ئۇ كېيىنكى كۈنلىرىدە ماڭا ئۆزىدىن يىراقراق تۇرۇشنى بۇيرۇغانىدى. ئۆزىنىڭ مۇنداق ئۆلۈمنى ئىزلەپ يۈرگىنىنى مەن نەدىن بىلەي. مەن ئۇنىڭ قاتىللىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرگىنىم بىلەن، يەنە باشقىسى كېلىشى مۇمكىن ئىدى. خوجامنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشقا قۇربىم يەتمىدى.

— خوش، مەندىن نېمە كۈتىسەن؟

— ئۆتكەن ئاخشام بىزنىڭ قوشۇنىمىز پۈتۈن ئىسپاھانىنى

قولىغا ئالدى. ساراي قوشۇنلىرىمۇ قارشىلىقسىز بىز تەرەپكە ئۆتتى. سۇلتان بەركىياروق قوتقۇزۇۋېلىندى. ئەمدى پۈتۈن شەھەر ئۇنىڭ تەسەررۇپىدا.

ئۆمەر سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— جاھان؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟— سورىدى ئۇ جىددىيلىشىپ.

ۋەرتان ئۇندىمەي يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى غەمكىن قىياپىتى مەردانە قەددى - قامىتىگە مۇتلەق ماس كەلمەيتتى. ئۆمەر ئۇنىڭ يەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك ھەقىقەتنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى.

— مەن بۈيۈك ئىنسان ھەييامنىڭ خوتۇنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى، ئۇنى زىيان - زەخمەتسىز ھالدا ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈشنى ئويلىغانىدىم، بىراق كېچىكىپ قالدىم. مەن يېتىپ بارغاندا سارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىكەن.

ئۆمەر مۇھاپىزەتچىنىڭ ئۈستۈۋېشىغا ئېسىلىپ، بار كۈچى بىلەن ئۇنى سىلكىشكە باشلىدى. لېكىن قامەتلىك مۇھاپىزەتچى خۇددى كىچىك بالا سىلكىگەندەك قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— سەن بۇ يەرگە مۇشۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۆمەر ئۇنى بىھۇدە سىلكىپ. مۇھاپىزەتچى بولسا خەنجەرنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ھەييامنىڭ سىلكىشلىرىگە ئىپادە بىلدۈرمەي سۈكۈت قىلىپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ يەرگە باشقا بىر ئىش ئۈچۈن كەلدىم. نىزامىيە قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى سىزنىمۇ ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. سىزنى ئوقيا بىلەن ئەمەس، بەلكى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، چۈنكى يىراقتىن ئېتىلغان يا ئوقى سىزنى پەقەت يارىلاندۇرۇشى مۇمكىن بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ماڭا يۈكلەندى.

ئۆمەر بىردىنلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىر-

قى دەملىرىنى مەردانىلىق بىلەن كۆتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. «دانىش-
مەن كىشىلەر ئۆز ئۆلۈمىنى ئەنە شۇنداق قارشى ئېلىشقان، —
ئويلايتتى ئۇ، — ياق، ئۇ رەھىم - شەپقەت تىلەپ، ئۆز قاتىلىغا
يېلىنمايدۇ!». ئۇ جاھاننىڭ قىسمىتىنى ئويلاپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى-
نىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. كۆڭلىدە ئۆلۈمنى
مەردانە قارشى ئېلىشقا نىيەت قىلدى.

— خوتۇنۇمنى ئۆلتۈرگەنلەرگە مىڭ لەنەتلەر بولسۇن! ئۇلار
ئەمدى مېنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىم، ئىلاھىم ئۇلارمۇ بىر كۈ-
نى قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇلغان ھالدا جازاسىنى تاپسۇن! مەن سىلەر-
گە ئۆلۈم تىلەيمەن. دېمەك، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار، بۇنىڭ-
غا ئەرزىيمەن!

— خوجام، مەن بۇنداق پىكىردە ئەمەس. بىز ئۆز خوجىمىز
ئۇچۇن قىساس ئېلىشقا قەسەم ئىچكەن سەركەردىلەر بەش كىشى
ئىدۇق. تۆت كىشى سىزنى ئۆلسىكەن دەيدۇ. يالغۇز مەنلا بۇ پە-
كىرگە قارشى.

— بىكارغا ئاۋارە بوپسەن، ھەمراھلىرىڭ سەندىنمۇ ئەقىل-
لىقراق ئىكەن.

— مەن سىزنى نىزامۇل مۇلكنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى دەپ
بىلىمەن. سىلەر خۇددى ئاتا - بالىدەك سۆھبەتلىشەتتىڭلار. ئۇ
خوتۇنىڭىزنىڭ تۈركان خاتۇن تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ،
سىز بىلەن بولغان ئاتىلارچە مۇناسىۋىتىنى بۇزمىغان ئىدى. ئەگەر
ئۇ تىرىك بولغىنىدا، سىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىڭىزگە يول قويمىغان،
سىز ئۇچۇن خوتۇنىڭىزنىمۇ كەچۈرگەن بولاتتى.

ئۆمەر ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ تىكىلدى:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشۈمگە قارشى بولساڭ، نې-
مىشقا بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن سېنى ئەۋەتىدۇ؟

— بۇنى مەن تەكلىپ قىلغان. ئەگەر باشقا بىرسى كەلگىنىدە
ئىدى، سىز ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىڭىز. مېنىڭ مەقسە-
تىم ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىش. ئۇنداق بولمىغاندا، مەنمۇ سىز

بىلەن مۇنچە ئۆزۈن تالىشىپ سۆھبەتلىشىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

— بۇنى ئۆز ھەمراھلىرىڭغا قانداق چۈشەندۈرسەن؟

— مەن بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماقچى ئەمەس. سىز قاياققا كەتسىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە كەتمەكچى.

— سەن بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن ئېيتىۋاتـسەنكى، گويا ئۇنى بۇرۇنلا ئويلاپ پىشۇرۇپ قويغاندەك؟

— نېمىلا دېسىڭىز مەيلى، راست گېپىم شۇ. مەن تۇرۇپلا خىيالىمغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس. باش ۋەزىرنىڭ ئەڭ سادىق خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىدىم. ئەگەر ئاللاھ ماڭا رۇخسەت قىلغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ قەددىمنى تىك تۇتۇپ باراتتىم. ئۆزۈمدىن بىرى، ئەگەر خوجام كۆز يۇمسا، يا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا، ياكى ئورنىغا ئولتۇرغان كىشىگە خىزمەت قىلماسلىقا ۋە قىلىچ بىلەن ھەپىلىشىدىغان بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈش نىيىتىدە يۈرەتتىم. بىراق ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى مېنى بۇ نىيىتىمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. مەلىكشاھنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغانلارنىڭمۇ بىرى مەن، بۇنىڭدىن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايمەن. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزغان مەنىۋى ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە باش قوشتى ۋە بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى. مەن بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى جىنايەتچى دەپ ھېسابلىمايمەن. بىراق مەن ھېچقاچان ئايال كىشىنىڭ قېنىنى تۆكمىگەن. سەپداشلىرىم سىزنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىشقاندا، مەن بۇ ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ، ھاياتىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشكە، دۇنيا غەملىرىدىن قول ئۈزۈپ، دەرۋىش ياكى سەيياھ بولۇشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. خوجام، ئەگەر خالىسىڭىز نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تېزراق بۇ شەھەردىن كېتەيلى.

— بۇ يەردىن كېتىپ، نەگىمۇ بارارمىز؟

— سىز قايسى تەرەپكە باشلىسىڭىز، شۇ ياققا كېتىۋېرىمىز. مەن سىزگە شاگىرتلىققا كىرىپ بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇشقا رازى.

مېنىڭ قىلىچىم سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ. بىز بۇ يەرلەرگە تىنچلىق ئورنىتىلغاندىلا قايتىشىمىز مۇمكىن.

سەركەردە ئۆمەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئات ـ ئۇلاغلارنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

ئۇلار شەھەردىن ئايرىلىپ بىر سائەتلىك مۇساپىنى باسقاندا، بىر توپ كىشىلەر ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى، چۈشتىن كېيىن مەشھۇر رەسەتخانىمۇ يەر بىلەن يەكسان بولدى. شۇ كۈنى جاھاننىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان جەسىتى سارايى بېغىنىڭ تېمى ئاستىغا كۆمۈلدى، بىراق ئۇنىڭ قەبرىسى كېيىن ھېچ يەردىن تېپىلمىدى.

* * *

ئەزىز كىتابخان، ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك: سەمەرقەنت قازىكالانى ئەبۇ تاھىر ئۆمەرگە بەتلىرى ئاق بىر كىتابنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن رۇبائىيلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي شۇنىڭغا يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. ئۆمەر رۇبائىيلىرىنى يېزىپ مېڭىۋاتقان شۇ كىتابنىڭ ھاشىيەلىرىگە ئەمدىلىكتە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىمۇ يېزىپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەندى. مەن بۇ كىتابنى «سەمەرقەنت قول يازمىسى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق تاپتىم. مېنىڭچە، ئۇنى شۇنداق ئاتاشقا تولۇق ئاساسىم بار ھەم سىزمۇ بۇ ئاساسقا قوشۇلىسىز. بۇ يەردە ئەنە شۇ كىتابنىڭ ھاشىيەسىگە ئۆمەر ھەييام ئۆز قولى بىلەن يازغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى دىققىتىڭىزگە سۇنىمەن: «ئۈچ دوست پارس تاغلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈشەتتى، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئىنتايىن ياۋۇز بىر يولۋاس چىقىپ ئۇلارغا تىكىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئەڭ قېرى، بىراق ھەممىدىن دۆلەتمەن ۋە قۇدرەتلىك شەخس ئىدى، ئۇ قورقماستىن يولۋاسقا يۈزلىنىپ دېدى: — مەن بۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى، تەۋەلىكىمدە سەندەك يىرتقۇچ ھايۋانلار-

نىڭ كېزىپ يۈرۈشىگە يول قويمايمەن! — ئۇ يېنىدىكى ئىككى ئۇۋ ئىتىنى گىژ - گىژلاپ يولۋاس تەرەپكە قويۇۋەتتى. ئىتلار يولۋاسقا تاشلاندى. بىراق يولۋاس ھەر ئىككى ئىتنى تالىۋېتىپ، كېيىن ئۇلارنىڭ ئىگىسىنىڭمۇ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى.»

ھەييامنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مانا بۇ نىزامۇل مۇلكنىڭ قىسمىتى ئىدى. قول يازما ھاشىيەسىدىكى مۇنۇ قۇرلار بىزنىڭچە ئۇنىڭ ئۆز قىسمىتىگە بېغىشلانغان: «ئىككىنچى يولۇچى بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلدى: «ئاللاھ ماڭا بۇ دۇنيادا تىنچ - خاتىرجەم ياشاش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇر - ھالاۋەت ئېلىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان ئىكەن، يولۋاس بىلەن ئىتلارنىڭ جېدىلىگە ئارىلىشىپ نېمە قىلاي؟ ياخشىسى ئۇلارنىڭ غوۋغاسىغا ئارىلاشماي بۇ يەردىن ئايرىلغىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلاپ ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ گويا ھېلىقى قوترىغان يولۋاس كەينىدىن خىرىس قىلىپ يۈرگەندەك ئەنسىزلىك ئىلكىدە، ئۆچرىدىغان غار - ئۆڭكۈرلەردە، خىلۋەت كۆلبىلەردە يوشۇرۇنۇپ ياشايدىتى.»

«ئۈچىنچى يولۇچى خۇدا نامىدىن ئىش يۈرگۈزگۈچى، بىراق ئۆز مەنپەئىتى بەدىلىگە پۈتۈن ئالەمنى سېتىۋېتىشقىمۇ تەييار تۇرىدىغانلاردىن ئىدى. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە شېرىن سۆزلەر بىلەن يولۋاسنىڭ ئالدىغا باردى: — بۇ يەرلەرگە خۇش كەپسەن، ئەي ئالىي مەۋجۇدات! — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ھەمراھلىرىمنىڭ باي، دۆلەتمەنلەردىن بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ قۇدرىتىڭ ئالدىدا يەر بىلەن تەڭ بولدى. ئۇلار ئەڭ تەكەببۇر كىشىلەر ئىدى، ئەمما سەن ئۇلارنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدۇڭ. دېمەك، سەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك جانىۋار. — يولۋاس ئۇنىڭ ماختاشلىرىنى مەغرۇرلانغان ھالدا ئاڭلىدى. يولۇچى ئۇنى ئەنە شۇنداق ھىيلە بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆمۈرلۈك دوست بولۇۋالدى. شۇنىڭدىن بېرى بىرەر يىرتقۇچ بۇ ئىككى دوستقا يېقىنلىشىشقا، ئۇلارغا قارشىلىق كۆر-

ستىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.» بۇ ئۆمەرنىڭ ھەسەن سەبباھقا بەرگەن باھاسى ئىدى.

ھەسەن سەبباھ ئالاموت قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇستەھكەم، بىرەرمۇ دۈشمەن كىرەلمەيدىغان، تەڭداشسىز ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ، ئىككى جىلغا ئارىسىدىكى كىرىش ئېغىزىنى پەقەت بىر ئادەم ماڭالايدىغان دەرىجىگە كەلتۈردى. ئەمدى قەلئەنى ھېچكىم قامال قىلالمايتتى، بىراق شۇنداق بولسىمۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم ئىدى. مۇستەھكەملىكى بىلەن داڭ چىقارغان نۇرغۇن قەلئەلەرنىڭ دەل مۇشۇ يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسى سەۋەبلىك ئامالسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ھەسەن ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئىچىملىك سۇيىنىڭ قىسلىقى قەلئەنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرەپلىرىدىن بىرى ئىدى. بۈيۈك ئىسلاھاتچى بۇنىڭمۇ ئامالىنى تاپتى. ئۇ يېقىنلا يەردىن ئۆتىدىغان دەريا سۈيىنى قەلئە ئىچىگە ئەكىرىشتىن ۋاز كېچىپ، تاغلاردىن كېلىدىغان يامغۇر ۋە قار سۇلىرى بىلەن تولدۇرۇلىدىغان بىرنەچچە كۆلچەك ياساتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەلئە خارابىلىرىنى كۆرگەن كىشى ھەسەن ياشىغان ئۆيىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ سۈيى ھەرگىز ئازلىمايدىغان ھەم تېشىپمۇ كەتمەيدىغان، ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىسى بولغان بۇ كۆلچەكلەرگە قاراپ ھەيرانلىقتىن تاڭ قېلىشى مۇمكىن. ئۇزۇق ـ تۈلۈك، ياغ، سىركە، ھەسەل قاتارلىق يېمەكلىكلەر چوڭقۇر تاش قۇدۇقلار ئىچىدە ساقلىناتتى. مۇنداق ئامبارلاردىكى بۇغداي، ئارپا، دۈمبە يېغى، قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر بىر يىللىق قامالغا يېتەرلىك دەرىجىدە توپلانغان ئىدى. بولۇپمۇ، قىش قاتتىق بولىدىغان تاغ مۇھىتىدا مۇنداق غەملىمىلەرنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى.

شۇنىڭدەك قەلئەدە مۇستەھكەم تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق، ياخشى تەربىيىلەنگەن مۇنتىزىم قوشۇنمۇ بار ئىدى. قوشۇندىكى

جەڭچىلەر ھەرقانداق جەڭگە ياق دېمەي ئۆزىنى ئاتىدىغان، ئەڭ پىدائىي ئىسمائىلىيلاردىن تەشكىل قىلىنغانىدى، ئۆلۈمگە قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈزلىنەلەيدىغان بۇ جەڭچىلەر، ھەرقانداق دۈشمەنگە بىمالال قارشىلىق كۆرسىتەلەيتتى. ئاشۇ جەڭچىلەر پۈتۈن قەلئەدىكى تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى نازارەت قىلاتتى. قەلئە ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىي خىيانەتچىلەرمۇ ئۆلۈم جازاسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، مۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزام ھەممىنى ۋەھىمە ئىلكىدە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. قورقۇشنى بىلمەيدىغان جەڭچىلەر شېھىت بولسا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئۇستازلىرىنىڭ: «سىلەر بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، جەننىتى بولۇشقا يارىتىلغان، بېلىق ئۆزىنى سۇغا ئېتىشتىن قورقمىغاندەك، سىلەرمۇ ئۆلۈمدىن قورقماڭلار!» دېگەن سۆزلىرى مۇستەھكەم ئورنىشىپ قالغانىدى.

«مەن سەندەك قۇدرەتلىك ئەمەسمەن، ئەمما ساڭا كۆپرەك زىيان يەتكۈزەلەيمەن» دەپ يازغانىدى ھەسەن ۋىلايەت ھاكىملىرىدىن بىرىگە. ئۇ ئۆز قارارگاھىدا تۇرۇپ، پۈتۈن پارس ئېلىدىن ئولپان يىغاتتى. ئۇنىڭغا قولاق سالمىغان ياكى قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ بېشىغا ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمىگەن، قولىقى ئاڭلىمىغان ئاپەتلەرنى ياغدۇراتتى. ئالامۇت تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، ھەسەن سەبباھ كېيىنكى 30 يىلدا ئاران ئىككى قېتىملا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كىشىلەرگە كۆرۈنگەن. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە كونىراپ كەتكەن كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بۇ كۆرپىنى ئالماشتۇرۇشقا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇ ئەنە شۇ كۆرپىدە ئولتۇرۇۋېلىپ شاگىرتلىرىغا ساۋاق بېرەتتى، ئۆز تارىخىنى يازاتتى ۋە ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلمىغان بەڭۋاشلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قاتىللارنى ماڭدۇراتتى، يەنە شۇ كۆرپە ئۈستىدە پىكىرداشلىرى بىلەن بەش ۋاق ناماز ئوقۇيتتى.

بۈيۈك دەۋەتچى ئۆز قەلئەسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل پارس زېمىنىدا تۆمۈردەك ئىرادىسى، دەھشەتلىك جازالىرى بىلەن داڭ چىقار-

غاندى. شاگىرتلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھەربىر دەقىقىلىرى ئېنىق قا-
ئىدە ـ نىزاملار بىلەن بەلگىلەپ قويۇلغان، كۆڭۈل ئېچىش، مۇزد-
كا چېلىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ
يېنىدىن كىچىككىنە بىر نەي تېپىۋالسىمۇ، ئۇنى شۇ ھامان سۇن-
دۇرۇپ ئۇتقا تاشلاتقۇزاتتى. كىم ئەيىبلىك بولسا شۇ ئەيىبكار راسا
كالتەكلەنگەندىن كېيىن ئاندىن قەلئەدىن ھەيدىلەتتى. ھەرقانداق
كەيپ قوزغىغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن
ئىدى، بۇنىڭغا جۈرئەت قىلغان كىشى ئايىماي جازالىناتتى. كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە ھەسەننىڭ ئوغلى مەست پېتى قولغا چۈشۈپ قال-
دى، ھەسەن ئۇنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ھەم
خوتۇنىنىڭ يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن شۇ كۈنى
تاڭ سەھەردە ئوغلىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇ ۋەقەدىن
كېيىن ھېچكىم ئېغىزىغا بىر يۇتۇم شاراب ئېلىشقا جۈرئەت
قىلالمىدى.

شۇنداق، ئالاموتتىكى ئادالەت قىلىچى شەپقەتسىز ئىدى. ئېيى-
تىشلارغا قارىغاندا، ھەسەننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ قانداقتۇر
گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىدىن گۇمان قىلغان بىرى ئۇنى دادىسىغا چې-
قىشتۇرىدۇ. ھەسەن ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيلا بۇ ئوغلىنىمۇ
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەقىقىي گۇ-
ناھكار تېپىلىدۇ ۋە ئۇمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. تارىخچىلارنىڭ
يېزىشىچە، ھەسەننىڭ زىيادە قاتتىق قوللۇقى ھەم ئادالەتنى دەپ
ئۆز ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىن يانماسلىقى سەۋەب-
لىك ئاھالە ئىچىدە كەسكىن تەرتىپ ـ ئىنتىزام كۈندىلىك ئادەتكە
ئايلانغان. تۈرلۈك مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئاخىرقى ئوغلى
ئۆلتۈرۈلگەندە، ھەسەننىڭ خوتۇنىمۇ ئېرىگە قارشى چىقىشقا جۈر-
ئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قەلئەدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ئۇ ئۆز
ۋارىسلىرىغىمۇ، ئەگەر خوتۇنلىرى ئۇلارنىڭ رايىغا قارشى چىقسا،
مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، دۇنيانىڭ پۈتكۈل
لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، يېنىدا بىرەر يېقىن كىشىنىمۇ قال-

دۇرماي، تاش تاملار ئارىسىدا جاھانغا ۋەھىمە سېلىپ ياشاش — ئېھتىمال، ئۇ ئارزۇ قىلغان ھايات بولسا كېرەك.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ يالغۇزلۇق ئۇنى تاشتەك ئېزىشكە باشلىدى. قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھايا- تىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەتراپىدا ئازادە كۆڭۈل ئېچىش ئىمكانىيەتلىرىنى ھازىرلايدۇ. بىراق تاش توساقلار ئارى- سىدا ياشاشقا ئۆگىنىپ قالغان بۇ پال كۆز ئادەم ساقايماس يالغۇز- لۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ئىدى. ئۇ ھېچكىمگە كۆڭلىدىكىنى ئېيتمايتتى، خىزمەتكارلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا گاچا بولۇۋالاتتى، شاگىرتلىرى بولسا پەقەت ئۇنىڭ ساۋىقىنى تىڭشاشقا، كۆرسەتمى- لىرىگە سۆزسىز ئىتائەت قىلىشقا كۆنگەن ئىدى.

ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان ئادەملەر ئىچىدىكى پەقەت بىر كىشى بە- لەنلا دوست ياكى ئىنسان سۈپىتىدە پاراڭلىشالايدىغانلىقىنى سې- زەتتى. ئۇ كىشى بولسا ھەسەننى ياقتۇرمايدىغان ئۆمەر ھەييام ئى- دى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆمەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ مەكتۇپتا ئۇنىڭ ئۈمىدسىز- لىككە پاتقان كەيپىياتى مەغرۇر شۆھرەتپەرەسلىكلىرىنىڭ ئارقى- سىدىن مارىلاپ تۇرغاندەك ئىدى.

«بۇ يورۇق جاھاندا سۈرگۈندە ياشىغاندىن كۆرە، تېزراق ئالا- مۇتقا كەل. بىر چاغلاردا مەنمۇ سۈرگۈن قىلىنغانىدىم. ئەمدىلىكتە كۆڭلۈمگە ياقمىغانلارنى ئۆزۈم سۈرگۈن قىلىۋاتىمەن. بۇ يەرگە كەلسەڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ياشايسەن، ھېچكىم ئەزىز بې- شىڭدىن بىر تال چاچنىمۇ يۇلۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مەن بۇ يەردە غايەت زور كۇتۇپخانا قۇردۇردۇم. سەن بۇ يەردىن ئەڭ قىممەت- لىك كىتابلارنى تېپىشىڭ، ئۇلارنى مۇتالىئە قىلىشىڭ، ئەركىن ئىجاد بىلەن شۇغۇللىنىشىڭ مۇمكىن. سېنى بۇ يەردە بىر ئۆمۈر خاتىرجەم، مەئىشەتلىك تۇرمۇش كۈتمەكتە.»

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

ئۆمەرنىڭ ئىسپاھاندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇرگۈنلۇكتىكى ھاياتى باشلاندى. باغدادقا كەلگىنىدە، خەلىپە ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا ۋەز ئېيتىشىنى، ھۇزۇرىغا كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىشىنى مەنئى قىلدى. مەككىگە بارغاندا ئۇنىڭ رەقىبلىرى توپلىشىپ: «خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ھەييامۇ زىيارەتكە كەپتۇ - دە!» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. بەسرەگە كەلگەندە بولسا، شەھەر قازىسىنىڭ ئوغلى شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ شەھەردىن چىرايلىقچە تېزراق كېتىشكە مەسلىھەت بەردى. بارلىق شەھەرلەردە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە دانىشمەنلىكىنى تەن ئېلىشاتتى - يۇ، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. قەيەرگىلا بارسۇن، ئۇنىڭ ئالىملىقىنى تەن ئالغان زىيالىيلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، مۇنەججىملىك، ئەلجەبىر، تېبابەت ۋە ئىلاھىيەتكە دائىر سوئاللار بىلەن ئۇنى كۆمۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ پىكرىگە قىزىقىشاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھەرقاچان ئۆزرە ئېتىبار بىلەن ئاڭلايتتى. بىراق، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، ئۇ توغرۇلۇق بىرەر بوھتان پەيدا بولاتتى، ئۇنى ئىمانسىزلىقتا، دەھرىيلىكتە ئەيىبلىشەتتى، ھەسەن سەبباھ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئەسلىتىشەتتى ياكى بىر چاغلاردىكى سەمەرقەنتتىكىلەرگە ئوخشاش ئۇنى ئەپسۇنگەر دەپ گۇمان قىلىشاتتى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا مۇخلىس قىياپىتىدىكى ئايغاقچىلىرىنى ئەۋەتىپ، قەستەن ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىنى بۇزۇشقا، ئۇنى بىزار قىلىشقا، ئۇنى يېنىغا تارتقان كىشىلەرگە تەھدىت سېلىشقا ئۇرۇناتتى. ۋەزىيەتنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەز-

گەن ئۆمەر ئۆزىنى بىتاپ دەپ، ھېچكىمنى قوبۇل قىلماسلىققا، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ يەردىن كۆچۈپ باشقا يۇرتتىن يېڭى پاناھلىق تې- پىشقا مەجبۇر بولاتتى. يېڭى جايدىكى كۈنلىرى تېخىمۇ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتەتتى. بىرلا ۋاقىتتا ھەم ھۆرمەت، ھەم چەتكە قېقىشلار- غا چىداشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ئۆمەرنىڭ ۋەرتاندىن باشقا سادىق دوستى، يېقىن كىشىسى يوق ئىدى. ئۇ تىنىمسىز ھالدا تىنچ، خا- تىرجەم ماكان، كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان قوللىغۇچى، ئىجادىيەت بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىدىغان ئىمكانىيەت، نەپىقە ئىزدەيتتى. نىزامۇل مۇلك تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاز مىقداردىكى نەپىقە ئۇ- نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا توختاپ قالغىنى سەۋەبلىك، ئۇ شاھزادە، ھاكىملار ئۈچۈن ئايلىق تەقدىرنامە تەييارلاپ بېرىش بەدىلىگە تى- رىكچىلىك قىلاتتى. موھتاجلىق ئۇنىڭغا ئەمگىكى ئۈچۈن ياخ- شىراق ھەق سوراشنىمۇ ئۆگەتكەنىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆمەر بىر ۋەزىردىن ئۆز ئەمگىكى ھەققىگە بەش مىڭ ئالتۇن دىنار تەلەپ قىلغاندا، ۋەزىر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ماڭا ھەتتا سارايدىمۇ بۇنچىلىك مائاش بېرىلمەيدىغانلىقى- نى بىلەمسەن؟

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — جاۋاب بېرىپتۇ ئۆ- مەر خاتىرجەملىك بىلەن.

— خوش، نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ — سوراپتۇ يەنە ۋەزىر.

— مەندەك ئالىمدىن يۈز يىلدا ئاران تۆت - بەشى تۇغۇلىدۇ. سەندەك ۋەزىردىن بولسا، يىلىغا يۈزلەپ تۇغۇلۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۆمەر.

تارىخچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ھەييامنىڭ ھازىر جاۋابلىقىدىن راسا ھوزۇرلىنىپ كۈلگەن ۋەزىر، ئۇنىڭ سۆزىدىكى ھەقىقەتكە تەن بېرىپ، تەلەپ قىلىنغان مىقداردىكى ئالتۇننى تولۇق بەرگەن ئە- كەن.

براق، «ھېچقانداق سۇلتان مەندەك بەختىيار ئەمەس، ھېچقانداق گاداي مەنچىلىك بەختسىز ئەمەس» دەپ يازغانىدى ئۆمەر شۇ چاغلاردا.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. مىلادى 1114 – يىلى ئۇ خۇراسانىنىڭ قەدىمكى پايتەختى، تارىختا يىپەك گەزلىمىلىرى ۋە كۇتۇپخانىلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان، لېكىن يېقىنقى زامانلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى شۆھرىتىدىن مەھرۇم قالغان مەرۋ شەھىرىگە كېلىپ قالدى. شۇ مەزگىللەردە سۈكۈت باسقان سارايغا قايتىدىن جان كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان يەرلىك ھۆكۈمدار ئەتراپىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر كىشىلەرنى توپلاشقا كىرىشكەنىدى. ئۆمەرنى قانداق قىلغاندا ئۆز سارىيىغا جەلپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن ھۆكۈمدار، ئۇنىڭغا خۇددى ئىسپاھاندىكىدەك رەسەتخانا قۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. بۇ 66 ياشقا كىرىۋاتقان ئۆمەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىستىكى ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ تەكلىپنى بالىلارچە شادلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە رەسەتخانىنى لايىھىلەشكە كىرىشىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي باب سانجان مەھەللىسىدىكى گۈللەر ۋە ئۈجمىزارلار بىلەن ئورالغان تۆپىلىكتە يېڭى رەسەتخانا بىناسى قەد كۆتۈردى.

ئۆمەر بۇ يەردە ئىككى يىل بەختلىك ھايات كەچۈردى. ئۇ ئۆز ئىشىغا چىن ئىخلاسى بىلەن كىرىشكەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇ ھاۋارايى ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات بېرىش توغرىسىدا ئەقىلنى تاڭ قالدۇرىدىغان تەجرىبىلەرنى ئىشلىدى. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ھاۋارايىنى بەش كۈن بۇرۇن چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. شۇنىڭدەك ئۇ بۇ يەردە ئالگېبراغا ئائىت ئىلغار نەزەرىيىلەرنى تاكامۇللاشتۇردى. ئۇنىڭ ئېۋكلىدنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان گېئومېترىك نەزەرىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ياۋروپالىقلار تاكى 19 – ئەسىرگىچە ئاۋارە بولۇشتى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئۆز خاتىرىسىگە رۇبائىي پۈتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. مەرۋنىڭ ئېسىل شارابىمۇ ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىلھام بەرگەن، دەپ

تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

تەكىتلەش لازىمكى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن تۈرمۇش غەملىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ساراي تەنتەنىلىرىدە بايرام - مۇراسىملارغا، بەزمىلەرگە ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ شۇنداق سورۇنلاردا ئەھۋالغا قاراپ، بىرەر ئۆتكۈر لەتىپە ئېيتىشى ياكى شېئىر ئوقۇشى لازىم ئىدى. بۇنداق سورۇنلارغا قاتنىشىش ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى، ئۇ قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى، ئىجادىيەتنى توختاتماسلىقنى، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

شۇ يىلى قىشنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر يىرگىنچلىك ھەسەتخور ئۇنىڭ ياشلىقىدا يازغان رۇبائىيسىنى ئەسلەپ، ئۆمەرنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇ كۈنى ھۆكۈمدار، ساردىيغا توپلانغان ئەھلى دانىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ ئولتۇراتتى. توپلانغانلار بولسا ئىلاھىيەتكە دائىر بىر سوئالدا بەس - مۇنازىرە قىلىشماقتا ئىدى. «دۇنيا بۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەلرەك يارىتىلىشى مۇمكىنمىدى؟» دېگەن بۇ سوئالغا، «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىلسە، بۇ جاۋابتىن «پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھتائالا ئالەمنى كەم - كۈتىسىز ياراتمىغان» دېگەن مەنا چىقىپ، «ھەئە» دېگۈچى ئاللاھقا شەك كەلتۈرگەن، دەپ ئەيىبلىنەتتى. ئەگەر، «ياق» دەپ جاۋاب بېرىلسە، «خۇدانىڭ ئۇنىڭغا قۇربى يەتمىگەن» دېگەن مەنا چىقاتتى. خېلى ئۇزۇنغىچە مۇنازىرە قىلىشتى. ئۆمەر مۇنازىرە قىلىشقۇچىلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىگە يوشۇرۇنچە تىكىلىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى. توساتتىن بىرەيلەن ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەھسىن ئېيتقىنىچە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىنكاس بىلدۈرۈشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۆمەر جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىپ تامىقىنى قىرىشىغا، ئۇنىڭ بۇ شەھەردە ياشاۋاتقىنىدىن نارازى بولۇپ، شۆھرىتىنى كۆزىگە

سىغدۇرالماي كېلىۋاتقان شەھەر قازىسى ئورنىدىن ئىرغىدى ـ دە، قولىنى ھەييامغا شىلتىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىمىز ھەققىدە بۇ خۇداسىز ئا- دەمدىن پىكىر ئېلىش شەرتمىدى؟

ئۆمەرنىڭ كەيپى ئۇچقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىدى:

— مېنى خۇداسىز دېيىشكە قانداق ئىسپاتىڭ بار؟ ئازراق ئەقلىڭ بولسا جاۋابىمنى ئاڭلىساڭ بولاتتى!

— جاۋابىڭنى ئاڭلىشىم ھاجەتسىز:

يامانلىق قايتۇرساڭ يامانلىقىمغا،

پەرقىمىز نە بولدى، ئېيت پەرۋەردىگار!

دېگەن شېئىرنى توقۇغانكەنسەنغۇ؟ بۇنداق گەپلەرنى ئېيتقان كىشى خۇداسىز بولماي نېمە؟

ئۆمەر يەلكىسىنى قىستى ۋە خاتىرجەم جاۋاب بەردى:

— ئەگەر مەن خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسام، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلارمىدىم.

— شۇنداقمۇ! — كىنايە قىلدى قازى.

— سۇلتان ياكى قازىلارغا خۇشامەت ئاھاڭىدا گەپ قىلىش مۇمكىن، بىراق ئاللاھقا ھەرقاچان چىن كۆڭۈلدىن گەپ قىلىنىدۇ. گېپىم يالغان ئەمەستۇ، تەقسىر؟ خۇدا — بۇ ساپ ۋىجدان، ئادالەت ۋە سەممىيلىك رەمزى. ئۇ بىزنى پىكىر قىلغۇچى ئىنسان سۈپىتىدە ياراتقان، كىملەردۇر پىتنە ـ پاسات، يەنە كىملەردۇر ئىزگۇ، ساۋابلىق ئىشلار ھەققىدە پىكىر قىلىدۇ. دېمەك، مەنمۇ، سەنمۇ پىكىر قىلىمىز. مەن خۇداغا ھېچ نەرسەمنى يوشۇرماي (ھەم يوشۇرالمايمەن) ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىشىم مۇمكىن. بۇ ئىشنى سەنمۇ قىلالايسەن. ئەمما، پەقەت ياراتقان ئىگەملا كىمنىڭ قانداق پىكىر قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كەلگۈسى قىسمىتىنىمۇ شۇنىڭغا لايىق قىلىپ بەلگىلەيدۇ. پىكرىمگە رازىمۇ سەن؟ قېنى كۆپچىلىك نېمە دەيدىكىن؟

ئولتۇرغانلار باش لىڭشىتىشىپ ئۇنىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلەش-تى. قازىكالان ئەلەمدىن تولغىنىپ جايىغا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. سۆھبەتتىن مەمنۇن بولغان ھۆكۈمدار بىردىن جىددىي قىيا-پەتتە مۇنازىرىنى توختاتتى. ئۇ ئايرىم مەھەللىلەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرگەن ئەھلى دانىشلارمۇ تېزراق تارقىلىشقا ئال-دىرايتتى...

ۋەرتان بىلەن ئۆيگە قايتىۋاتقان ئۆمەر سارايدىكى پىتنە-پاساتلارغا، چېقىمچىغا، لەنەتگەردىلەرگە ۋە خۇشامەتچىلەرگە، جەم-لىمدىن بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىپ قىلىۋاتقان ئۆزىگىمۇ لەنەتلەر ئوقۇپ باراتتى.

— ياق، چىدىيالمايمەن. بۇ يەردىنمۇ رىزقىمىز ئۈزۈلدى، تا-پىنلىق. بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى ئۇ شاگىرتىغا ئۆكۈنۈش بىلەن. شاگىرتى ھەيران بولمىدى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يەتتىنچى قېتىم بۇ يەردىن كېتىش لازىملىقىنى ئېيتىپ قاقشىشى ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇ ئادەتتىكىدەك ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالدى ھەم تەت-قىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. شۇ كېچىسى ئۆمەر قول ياز-مىسىغا تۆۋەندىكى ئەپسۇس - نادامەت رۇبائىيسىنى پۈتۈپ قويدى:

ئالماشتۇر سەللەڭنى گۈلگۈن شارابقا،
ئىمانىڭ ياراشۇر ئاددىي قالپاققا.

ئۇ شېئىرنى قول يازمىسىغا يېزىپ بولۇپ، ئادىتى بويىچە ئۇ-نى ئۆز ئورنىغا — تام ئارىسىغا يوشۇردى. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئوي-غىنىپ، رۇبائىينى يەنە بىر قېتىم قايتا ئىشلەشكە تۇتۇندى. ئۇ قولىنى مەخپىي جايىغا تىقىپ، قول يازمىنى ئالدى - دە، ئۇنى ئې-چىۋېتىپ، بەت ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان ھەسەن سەبباھنىڭ مەكتۇپىغا كۆزى چۈشتى. ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ «كۆ-

شان كارۋانسارىيىدا ئۇچراتقان دوستۇڭدىن» دېگەن جۈملىنى ئو-قۇپ، مەكتۇپنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى دەررۇ پەملىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ياندىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ۋەرتان كېچىدىن بېرى چىرايى ئېچىلمىغان خوجىسىنىڭ نېمىگە بۇنچىلىك زوقلىنىپ كۈلۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ يې-نىغا كىردى.

— ئەزىزىم، بىز ئاجايىپ تەكلىپنامە ئالدۇق. بىرەيلەن بىزگە شۆھرەتلىك باشپاناھ، مول نازۇ نېمەت، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم تۇرمۇش ۋەدە قىلىۋاتىدۇ.

— بۇ ساخاۋەتلىك پادىشاھ كىم؟

— ئالامۇت پادىشاھى!

ۋەرتان چۆچۈپ كەتتى، كېيىن گۇناھكارلاردەك تۆۋەن ئاۋازدا سورىدى:

— بىراق بۇ خەت قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ مەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھەممە ئىشىكنى تاقاپ چىققان ئىدىمغۇ؟

— بولدى، بۇنى بىلىشكە بىھۇدە ئۇرۇنما. ھەممە سۇلتان ۋە خەلىپىلەرمۇ بۇ سىرنى بىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئەگەر ھەسەن بىزگە مەكتۇپ بىلەن مۇراجىئەت قىلىشنى نىيەت قىلسا ياكى جېنىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن جاللاتلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتسە، ئىشەنگىنكى، ئىشىكنىڭ ئۈچۈق بولسىمۇ، 40 دانە قۇلۇپ سېلىن-غان بولسىمۇ، ھېچقانداق پايدىسى يوق!

ۋەرتان مەكتۇپنى كۆزلىرىگە يېقىن ئەكىلىپ قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى.

— بۇ ئىبلىس، ئېھتىمال، بۇنىڭغا قادىردۇر، — دېدى ئۇ، — ئالامۇتتا سىز بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ياشىشىڭىز مۇمكىن. نېمىلا دېگەنبىلەن، ھەسەن سىزنىڭ كونا دوستىڭىزغۇ!

— بىلەمسەن، ۋەرتان، شۇ تاپتا مېنىڭ ئەڭ قەدىردان دوس-تۇم، مەرۋىنىڭ يېگىملا چىقىرىلغان شارابى! — ئۆمەر باللارچە شا-دىمانلىق بىلەن مەكتۇپنى پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ ھاۋاغا

چۆرۈۋەتتى. قەغەز پارچىلىرىنىڭ ھاۋادا پىرقىراپ ئۇچۇشلىرىنى تاماشا قىلغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھەسەن بىلەن مېنىڭ قېنىمنى بىر قازاندا قايناتسىمۇ مەڭگۈ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ مەن ئاددىي، زوقمەن بىر ھايات شەيداسى. ئۇ بولسا ئەزرائىلدەك بىر ئادەم. يادىڭدا بولسا كېرەك، مەن قاچاندۇر بىر چاغدا: «ئەگەر سەن ھاياتنى سۆيۈشنى بىلمىسەڭ، سەن ئۇچۇن قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دەپ يازغانىدىم. ھەسەن ئۆز تەرەپدارلىرىدىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنى، مۇزىكىنى، شېئىرىيەتنى، خۇش پۇراق شارابنى ۋە ھەتتا قۇياشنىمۇ تەن ئالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئالەمدىكى بارچە گۈزەللىكلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇنداق تورۇقلۇق يەنە شۇ گۈزەل ھاياتنى ياراتقان، ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ ياشاشنى ئاتا قىلغان خۇدا نامىدىن ئىش ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى چۈشەنگەنسەن، كىمنىڭ ماڭا جەننەتنى ۋەدە قىلىۋاتقانلىقىنى؟ ماڭا ئىشەنگىنكى، ئەگەر ئۇنىڭ قەلئەسى جەننەت دەرۋازىسى بولسىمۇ، مەن مۇنداق جەننەتتىن ۋاز كېچىمەن ۋە ھەرگىز بۇ ئىككى يۈزلىمىچى «خۇداگۆي»نىڭ ئالدىغا قەدەم باسمايمەن!

ۋەرتان ئولتۇرغان جايىدا چوڭقۇر ئۇيغا پېتىپ، ساقىلىنى ئەتەي قاشلاشقا باشلىدى ۋە مەيۈس ئاھاڭدا گەپ باشلىدى:

— ئۇستاز، ئەگەر شۇ قارارىڭىزدا چىڭ تۇرسىڭىز، سىزگە بىر سىرنى ئېيتىشقا مەجبۇرمەن. بىز ئىسپاھاندىن چىقىۋاتقاندا نىزامىيە نۆكەرلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزگە ئۇن - تىنسىزلا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى يادىڭىزدىمۇ؟

— ھەر دائىم بۇنىڭ سەۋەبىنى سەندىن سوراشنى ئويلايتتىم، بىراق، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا سەندىن پەقەت ساداقەت ۋە پەرزەنتلەرچە پىداكارلىقنى، مېھرىبانلىقنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆتكەن ئىشلارنى كوچىلاشنى خالىمىدىم.

— شۇ كۈنى نىزامىيە سەركەردىلىرى سىزنى قۇتقۇزغىلى كەتكەنلىكىمنى ۋە سىز بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدىغانلىقىمنى

بىلەتتى. بۇ مەن ئويلاپ تاپقان ھىيلە ئىدى، خالاس.

ئۇ بىر پەس تىنىۋېلىپ ئۆزىگە ۋە ئۇستازىغا قەدەھنى تولدۇرۇپ ئانار شەربىتىنى قۇيدى.

— سىز نىزامۇل مۇلك تەرىپىدىن يېزىلغان ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلار تىزىملىكىدە بىزگە قويۇرۇق تۇتقۇزماي كېلىۋاتقان ھەسەن سەبباھنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭىز. چۈنكى ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتە يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنىڭ، قاتىللىقلارنىڭ باش سەۋەبچىسى ئىدى. مېنىڭ پىلانىم ئادىيلا بولۇپ، ئۇنى ھەممىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكەنىدى. سىزنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا — ئالاموتقا پاناھلىق ئىزدەپ بېرىشىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. مەن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا سىز بىلەن بىللە بارسام، پۇرسەت تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مۇسۇلمانلارنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى بۇ ئىبلىسنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن خالاس قىلماقچى ئىدىم. بىراق سىز ھازىر بۇ يىرگىنچلىك قەلئەگە ھەرگىز قەدەم باسماسلىق قارارىغا كەلدىڭىز.

— شۇنداق تۇرۇپ، شۇنچە يىللاردىن بېرى نېمىشقا مەندىن بىرقەدەممۇ ئايرىلمىدىڭ؟

— دەسلەپ مەن سەۋر قىلىپ ئۇنىڭ ھوزۇرىغا يول ئېلىشقا ئىختىيار قىلىشىڭىزنى كۈتتۇم. سىز شۇ كەمگىچە 15 شەھەردىن قوغلاندىڭىز. مەن سىزنىڭ ھامان بىر كۈنى ئالاموتقا يول ئالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم. شۇنداق قىلىپ يىللار ئۆتتى. مەنمۇ ئاستا - ئاستا سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن باغلىنىپ قالدىم. سەپداشلىرىممۇ ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى ۋە نىيىتىممۇ ئاستا - ئاستا سۇنۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، سىز، ئەزىز ئۇستاز، يەنە بىر قېتىم ھەسەن سەبباھنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز.

— بولدى! ئېھتىمال، مەن سېنىمۇ بۇ نىيىتىڭ يولىدىكى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغاندۇرمەن.

— شۇنداق، مىڭ ئەپسۇسكى، ئۇمۇ ئۆز ئۆۋىسىغا ناھايىتى خاتىرجەم ئورنىشىۋالغان.

ۋەرتان ئۇستازىنىڭ ئۆزگە سىنچىلاپ تىكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر پەس جىمىپ قالدى.

— سەن پىلانىڭنى بۇرۇنراق مەلۇم قىلغان بولساڭ، ئېھتىمال، مەن سېنى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپمۇ باراتتىم.

ۋەرتان ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى:

— گېپىڭىز راستمۇ؟ — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ.

— ياق، چاقچاق قىلدىم، جايىڭدا ئولتۇر. مەن سېنىڭ ئەپ-سۇس - نادامەتلىرىڭنى بىلىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ مۇرغاب دەرياسىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، سادىر قىلغان بارچە گۇناھلىرىغا قارىماي، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قول سۇنغان بولاتتىم.

— مەن بولسام، ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ بېشىنى سۇ ئاستىغا تىققان بولاتتىم. شۇنداق بولسىمۇ سىزنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىڭىز ماڭا تەسەللى بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق ئىنسانىي پەزىلىتىڭىزنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن يېنىڭىزدا قېلىشنى ئەۋزەل كۆرگەنىدىم. مەن بۇنىڭدىن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايمەن.

ئۆمەر شاگىرتىنى باغرىغا مەھكەم باستى.

— سەن ھەققىدىكى گۇمانلىرىمنىڭ تۇماندەك تارقاپ كەتكەنلىكىدىن خۇرسەنمەن. مەن خېلىلا قېرىپ قالدىم. مەن يېنىمدا ئىشەنچلىك بىر شاگىرتنىڭ بولۇشىغا موھتاجمەن. مانا بۇ قول يازما مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك خەزىنەم. ھەسەن سەبباھ پۈتۈن دۇنياغا قارشى چىقىپ، ئۆز ئالامۇتىنى بەرپا قىلدى. مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ قەلئەسىنى مانا مۇشۇ قول يازما ئارقىلىق قۇرۇپ چىقتىم. بۇ قەلئەنىڭ ئالامۇتتىن كۆپرەك ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بۇ قول يازما مېنىڭ بىردىنبىر بايلىقىم، ئىپتىخارىم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن بەك ئەندىشە قىلىمەن.

ئۆمەر ھېچقانداق رەسمىيەتسىزلا سەممىمىي رەۋىشتە قول يازمىسىنى شاگىرتىغا ئۇزاتتى:

— سەن ئۇنى بىمالال ئوقۇشۇڭ مۇمكىن، بۇگۈندىن باشلاپ سەن ئۇنىڭ ئىشەنچلىك قوغدىغۇچىسى.

ۋەرتان ھاياجىنىنى يوشۇرالمىدى:

— مۇنداق بەختكە باشقىلارمۇ سازاۋەر بولغانمىدى؟

— پەقەت ئىككى كىشىلا قول يازما سىرلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. بىرىنچىسى جاھان، ئۇ ئەرزىمەس بىر قېپىداشتىن كېيىن ئۇنى قولىغا ئالغان، بىراق ئوقۇيالمىغان. ئىككىنچىسى ھەسەن سەبباھ، ئۇ ئىسپاھانغا كېلىشتىن ئىلگىرى بىر كارۋانسارايدا بىللە تۇرغىنىمىزدا بۇ قول يازمىدىن خەۋەر تاپقان.

— ئەجەبا سىز ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسىڭىز، ئۇستاز؟

— توغرىسىنى ئېيتسام، ئىشەنمىگەنىدىم. بىراق ئۇ بۇ قول يازمىغا رۇبائىيلىرىمنى ئالدىراش يېزىۋاتقانلىقىمنى كۆرەتتى. ئۇ قول يازمىنى رۇخسىتىمسىز ئېلىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۇنىڭغا ئوقۇشقا بېرەتتىم ۋە مەن ئۇنىڭ سىر ساقلىيالايدىغان ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم.

— شۇنداق، ئۇ سىر ساقلاشنى بىلىدىغان كىشىلەردىن. بىراق، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قو-رۇشتىن يانمايدىغان ئادەم. ئۇ دەل شۇنىڭ ئۈچۈن سىر ساقلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ۋەرتاننىڭ زېمىنىسىگە شەرەپلىك بىر ۋەزىپە: قول يازمىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش يۈكلەندى. سابىق سەر-كەردە ھۇجرىسىدا كىچىككىنە تاراق - تۇرۇق ئاڭلانسىمۇ قىلىچە-نى يالىڭاچلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ھەر قېتىم پوتكول ئۆي-لەرنى ئىنچىكە تەكشۈرەتتى، ھويلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزد-تىپ، بارلىق ئىشىكلەرنى قۇلۇپلاپ، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرەتتى ۋە چىراغ يورۇقىدا قول يازمىنى ئېچىپ، ھەربىر رۇبائىينى يادلى-ۋېلىشقا، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى مەزمۇننى چۈشىنىۋې-لىشقا، ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن يېزىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش-قا ئۇرۇناتتى.

بىرنەچچە ھاياجانلىق كېچىلەردىن كېيىن ئۇنىڭ خىيالىغا

ئاجايىپ بىر پىكىر كېلىپ قالدى. بۇ پىكىرگە ئۆمەرمۇ دەررۇ رازى
بولدى. ئۇلار رۇبائىيلار يېزىلغان بەتلەرنىڭ ھاشىيەلىرىگە قول
يازمىنىڭ يېزىلىش تارىخىنى، ئۆمەرنىڭ نىشاپۇردىكى بالىلىق
كەچۈرمىشلىرىنى، سەمەرقەنتتىكى ھاياتىنى، ئىسپاھاندىكى مەن-
لىك يىللىرىنى، ئەبۇ تاھىر، جاھان، ھەسەن، نىزامۇل مۇلك ۋە
باشقىلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ مې-
ڭىشقا كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆمەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ۋەر-
تاننىڭ قوللىرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ھايات تارىخىنىڭ دەسلەپكى سە-
ھىپىلىرى پۈتۈلۈشكە باشلىدى.

كۆپ ئۆتمەي ۋەرتاننىڭ قولى ئىشقا خېلى ئوبدانلا كېلىپ
قالدى. ئۇ پارچە ۋاراقلارغا ئۆمەر ئېيتقان ۋەقەلەرنى ئون - ئون
بەش قېتىملاپ كۆچۈرەتتى. ئۇلارنى ئۇستازىغا كۆرسىتىپ تۈزەت-
كۈزەتتى ۋە ئاخىرقى نۇسخىنى دىققەت بىلەن رۇبائىيلار يېزىلغان
قول يازمىنىڭ ھاشىيەلىرىگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرەتتى. كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە شۇم قىسمەت ئۇنىڭ بۇ شەرەپلىك ئىشىنى توختى-
تىپ قويدى.

شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆمەر ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق ئويغان-
دى. ئۇ ۋەرتاننى چاقىردى، لېكىن جاۋاب بولمىدى. «ئۇ كېچىسى
ئىشلىگەچكە چارچاپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۆ-
مەر ئۆزىچە. ئۇ شاگىرتىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماي، بېشىدىكى زى-
ڭىلداۋاتقان ئاغرىقنى بېسىش ئۈچۈن بىر يۇتۇم شاراب قۇيۇپ
ئىچتى، كېيىن قەدەھنى يەنە تولدۇرۇپ، ئۇنى قولىدا كۆتۈرگەن
پېتى باغنى ئايلىنىشقا چىقتى. ئۇ سەيلە قىلىۋېتىپ، گۈللەرنىڭ
ياپرىقىدا يالتىراپ تۇرغان شەبنەمنى زوق بىلەن تاماشا قىلدى.
ئۆزى تىككەن ئۈجمە شېخىدىن مېۋە ئۈزۈپ يېدى. ئۇ مەرۋايىتتەك
ئۈجمىلەرنى ئاغزىغا سېلىشتىن ئاۋۋال، قولىدىكى شارابتىن بىر
يۇتۇم ئىچىپ قوياتتى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئۇ ھۇجرىسىغا
قايتتى. «ۋەرتان تۇرىدىغان ۋاقىت بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ
ئەمدى چاقىرىپ ئولتۇرماي شاگىرتىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. بە-

چارە ۋەرتان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بوغۇزلانغان، قانلىرى ئاللىقاچان قېتىپ قالغان، كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. شىرە ئۈستىدىكى چىراغ ۋە سىياھدان ئوتتۇرىسىغا قانغا بويالغان خەنجەر سانجىپ قويۇلغان، خەنجەر ئاستىدا بىر ۋاراق قەغەز كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇدى: «سېنىڭ قول يازماڭ ئۆزۈڭدىن ئاۋۋال ئالاموتقا قاراپ يولغا چىقتى!»

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

ئۆمەر شاگىرتىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇردى. ئۇنىڭ قەستەن ئەپسۇسلىنىپ، ئىززەت ـ ئابرۇيى بىلەن يەرلىكىدە قويدى. شاگىرتىنىڭ ئۆلۈمى ۋە قول يازمىسىنىڭ غايىب بولۇشى ئۇنىڭ بىر دەردىگە ئون دەرد قوشتى. ئۇنىڭ قول يازمىنى قايتا يېزىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، چۈنكى ھەربىر رۇبائىيدىكى ئەڭ كىچىك ئۇرغۇمۇ ئۇنىڭ يادىدا ساقلىناتتى، بىراق، بۇ ئىشقا قولى بارمىدى. ھەربىر رۇبائىينىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەلەر، تۇيغۇلار يېڭى قول يازمىدا بەربىر ئۆز ئەسلىنى تاپالمايدىغاندەك، ئۇلار ئەسلىي قول يازما بىلەن مەڭگۈلۈك غايىب بولغاندەك تۇيۇلدى. قول يازما غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئەمدى ئۆزى توغرۇلۇق ھېچقانداق يازما مەلۇمات قالدۇرماسلىق نىيىتىگە كەلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ مەرۋدىن چىقىپ كەتتى. ياق، ئالامۇتقا ئەمەس، ئۇ يەرگە بېرىشتىن خۇدا ساقلىسۇن! ئۇ ئانا يۇرتى نىشاپۇرغا قاراپ يول ئالدى. «مۇساپىرلىق ھاياتقا چەك قويىدىغان ۋاقىت كەلدى، — ئويلىدى ئۇ ئۆزىچە، — نىشاپۇرغا كىرىدىغان قەبرەم تۆۋەن كۆلگەن، دېمەك شۇ يەردە كۆز يۇمۇشۇم لازىم!»

شۇنداق قىلىپ ئۇ نىشاپۇرغا كېلىپ، سىڭلىسى، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ كۈيئوغلى ۋە ئوغۇل ـ قىز جىيەنلىرى بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا، بولۇپمۇ قىز جىيەنى ئالاھىدە مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتەتتى. ئۆمەر كۈن بويى ئۇستازلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى، لېكىن ھېچ نەرسە ئىجاد قىلمايتتى.

بىر كۈنى ئۇ ھۇجرىسىدا ئادەتتىكىدەك ئىبن سىنانىڭ «تېبابەت قانۇنلىرى»نىڭ «بىرلىك ۋە كۆپلۈك» دېگەن بابىنى مۇتالىئە

قىلىپ ئولتۇراتتى. بىردىن ئۇ يۈرىكىدە قاتتىق سانجىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى. قولىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان چىش تازىلىغۇچنى ئوقۇۋاتقان بەتنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، قېرىنداشلىرىنى چاقىردى. ئۇ بۇ دۇنيادىكى رىزقىنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قېرىنداشلىرىغا ۋەسىيىتىنى ئېيتتى. ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىبادىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى شۇ بولدى: «ئى ئاللاھ، بىلىسەن، ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە سېنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. سېنى چۈشىنىشكە دائىر بىلىملىرىمنىڭ مېنى سەن تەرەپكە باشلىغىنى ئۈچۈن ئاجىز بەندەڭنى كەچۈر!»

ئۆمەر مىلادىيە 1048 ـ يىلىنىڭ 18 ـ ئىيۇن كۈنى تاڭ سەھەردە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1131 ـ يىلىنىڭ 4 ـ دېكابىر كۈنى 84 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياشىغان بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ يىل، ئاي خاتىرىسىنىڭ بۇنچىلىك ئېنىقلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا بۇ يەردە ئۇنىڭ مول بىلىم ساھىبى بولغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. شۈبھىسىزكى، ئۇ قاچان تۇغۇلغانلىقىنى شۇ پەيتتىكى قۇياش، مېركۇري، يۇپىتېر پلانېتلىرىنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاپ، تۇغۇلغان كۈننى ۋە سائىتىنى ئېنىق بىلىۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن بىرى بولغان نىزامى ئەرۇزىينىڭ خاتىرىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇش مۇمكىن: «مەن ئۆمەر ھەييامنى بەلختە، ۋاپاتىدىن 20 يىل ئاۋۋال كۆرگەنىدىم. ئۇ قول بازىرى يېنىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەشھۇر ئالىم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ: ‹مېنىڭ قەبرەم باھار شاماللىرى گۈللەر ھىدىنى ئۇچۇرۇپ تۇرىدىغان يەردە بولىدۇ، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا بۇ سۆزلەر ماڭا بىمەنىدەك تۇيۇلغان ئىدى. كېيىنچە مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق گەپنى ئويلىماي ئېيتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

— مەن ھەييامنىڭ ۋاپاتىدىن تۆت يىل كېيىن نىشاپۇرغا باردىم،
— دەپ داۋاملاشتۇرىدۇ ئۇ، — ئۇنىڭ روھىغا فاتىھە ئوقۇش ئۇ-
چۈن قەبرىسىگە باردىم. مېنى ئۇ يەرگە بىر بوۋاي باشلاپ باردى.
قەبرىستانلىقنىڭ سول تەرىپىدىكى باغ تاملىرى تۇۋىگە جايلاشقان
قەبرە ئۈستىدە شاپتۇل ۋە ئالۇچىلار غوچچىدە چېچەكلەپ تۇراتتى.
ئۇلارنىڭ نوتىلىرى قەبرىنى گۈللەر بىلەن ئوراپ قويغاندەك كۆر-
سىتەتتى».

تامچە سۇ دەريادا يوق بولۇپ كەتتى،
يەرگە چاڭ قونديۇ كۆمۈلۈپ كەتتى.
دۇنياغا كېلىشىڭ، كېتىشىڭ نېمە؟
بىر چىۋىن تۇغۇلدى يا ئۆلۈپ كەتتى.

مۇنداق چۈشكۈن كەيپىياتتا رۇبائىي يازغان ھەييامنىڭ ئېيت-
قىنى ئەلۋەتتە ناھەق ئىدى. ئۇ ئۆزى يازغىنىدەك «تامچە سۇ» ياكى
«چاڭ زەررىسى»دەك پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتمىدى. ئەسىرلەرنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى، رۇبائىيلىرى پۈتۈن
ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرۇشقا باشلىدى. ھەييام ھاياتىدا ئۆزىگە
ئەمەس، رۇبائىيلىرىغا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلىگەنىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ
بۇ تىلىكى ئىجابەت بولدى.

ئالامۇتتا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ۋەھىمە سې-
لىپ ياشاۋاتقان ھۆكۈمدارى ھەسەن سەبباھنىڭ ھۇجرىسىدىكى
پەنجىرىنىڭ كەينىگە قويۇلغان كىتابقا كۆزى چۈشكەن بولسا ئەجەب
ئەمەس. ئەمما ھېچكىممۇ بۇنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىل-
مەيتتى ھەم بۇ ھەقتە سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. كىتابنىڭ
بۇنداق چىڭ ساقلىنىشىنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبلىرى بولسا كې-
رەك، ئۇنىڭغا ئالەمنىڭ سىرلىرى پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ
گۇمان قىلىشاتتى، خالاس. ھەسەن سەبباھ سەل كەم 80 ياشقا كې-
رىپ ئالەمدىن كۆز يۇمغاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئورۇنباسارى

بىرنەچچە يىللاردىن كېيىنمۇ ھېلىقى پەنجىرە كەينىدىكى كىتابنى
ئېلىپ ئوقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ جايغا كىرىشكىمۇ پېتىنا-
نالمىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇ ياشىغان ئۆينىڭ تاش تاملىرىغا كۆزى
چۈشسىمۇ قورقۇنچتىن بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ تىترىشىپ
كېتەتتى. ئۇلار ئەمدىلىكتە بۇ ئادەمسىز ئۆينىڭ يېنىدىكى كوچى-
دىن خۇددى ھەسەن سەبباھنىڭ دەھشەتلىك ئەرۋاھى ئۇچراپ قا-
لىدىغاندەك، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتۈشەتتى. قەلئەدە ھېلىھەم ھەسەن
سەبباھ ئورناتقان تەرتىپ ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنغان ھايات
داۋام قىلىۋاتاتتى. دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر قىسمەت ئالامۇت ئاھالى-
سىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ قائىدىلەرنى بۇزۇش ياكى كۆ-
ڭۈل ئېچىشقا ئۇرۇنۇش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولباشچى-
سىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەر روھىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى-
نى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق غەم ـ غۇسسىلەرگە تولۇۋاتقان تاشقى دۇنيا
كىشىلىرىگە كۆرسەتمەسلىككىلىرى لازىم ئىدى. بۇنداق قاتتىق قول
تۈزۈمنى پۈتۈن قەلئە ئاھالىسى قوللىغانمۇ؟ بىزنىڭچە، ناھايىتى
ئاز سانلىق كىشىلەرلا شۇنداق قىلىشقا قوشۇلاتتى. ھەتتا ھەسەن
سەبباھنىڭ سەپداشلىرى بولغان، ئەمدىلىكتە ياشىنىپ قالغان
كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى يول قويۇشى مۇمكىن بولغان ئەڭ كىچىك
گۇناھلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈرەكلىرىنى
تۇتۇپ ياشايتتى. بىراق، مۇنداق مويسىپىتلارنىڭ سانى كۈندىن ـ
كۈنگە ئازلاپ، ھاياتقا سىنچى نەزەر سېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان
ئوغۇل ـ قىزلار ۋە نەۋرىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋا-
تاتتى. جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان، ئەمما يەنىلا كىشىنى زوقلاندۇ-
رىدىغان ھايات ئۇلارغا باشقىچە ياشاشنىڭمۇ مۇمكىنلىكىنى تونۇ-
تۇشقا باشلىدى. ئايرىم ياشلار نېمىشقا ھاياتنىڭ بارچە لەززەتلىرى-
دىن مەھرۇم بولۇپ، قاماقخانىغا ئوخشايدىغان بۇنداق قەلئەدە يا-
شاشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. بۇنى سې-
زىپ قالغان يولباشچى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا شۇنداق كۈلپەتلەرنى
ياغدۇردىكى، ئەمدى ياشلار بۇ مەسىلىنى يوشۇرۇنچە مۇھاكىمە قى-

لىشقا ئۆتتى. كۆڭۈللەرگە ئىسيان ئۇرۇقى چېچىلغان ياشلارنى،
بولۇپمۇ ئوغۇللىرىنى، ئەرلىرىنى ۋەزىپە ئۆتەشكە كەتكەنچە قايتا
كۆرمىگەن ئاياللار كۆپرەك رىغبەتلەندۈرەتتى.
ئەنە شۇنداق ئېزىلگەن، بوغۇلغان، خارلانغان ھايات قەرىدىن
قەلبىگە ئىزگۈلۈك ئۇرۇقى تىكىلگەن ياش بىر يىگىت ئېتىلىپ
چىقتى. ئۇ ھەسەن سەبباھ ئۆزىگە ئورۇنباسار قىلىپ قالدۇرغان
ئالىي رەئىسنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن
ئاسساسىنلار جەمئىيىتىنىڭ تۆتىنچى ئالىي رەئىسى بولغان، ئەم-
دىلىكتە بولسا ئۇ ئۆزى باش بولۇپ ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى
بۇزۇشقا جۈرئەت قىلغانىدى. ئۇ ھەسەن سەبباھنىڭ ۋاپاتىدىن كې-
يىنرەك تۇغۇلغان، شۇ دەۋرنىڭ قاباھەتلىرىنى، دەھشەتلىرىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرمىگەن، ئەركىن پىكىر قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئا-
دەم بولۇپ ئۆسكەن ئىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا سەبباھ ياشىغان
ئۆينى قىزىقىش بىلەن ئايلىناتتى. كۆڭلىدە پەيدا بولغان قورقۇنچ-
نى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ قەلئەنى تاماشا قىلاتتى. ئۇ 18 ياشقا
كىرگەن مەزگىلىدە قورقماستىن، كىرىش چەكلەنگەن ئۆيگە كې-
رىپ، ئۇ يەرنى تاماشا قىلغان، ئەپسانىۋى كۆلنىڭ مۇزدەك سۈيىگە
قوللىرىنى تىقىپ كۆرگەن، كېيىن سىرلىق كىتاب قويۇلغان پەن-
جىرە تەكچىسى ئالدىدا بىر پەس توختاپمۇ قالغان. ئۇ كىتابنى قو-
لىغا ئېلىپ ئوقۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ
ئىشنىڭ ئاتىسىغا مەلۇم بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تەكچىدىن
كۆزىنى ئالماي ئۆيدىن ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.
يىگىت ئويچان قىياپەتتە ئالاموت كوچىلىرىنى كېزىپ يۈرگەندە،
ئادەملەر ئۇنى يوشۇرۇن كۆزىتىشەتتى، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈ-
شۈپ، ئىنسابىغا دۇئالار قىلىشاتتى. ئۇ خۇددى سەبباھتەك ئۆزىگە
ھەسەن دېگەن لەقەمنى تاللىغان ئىدى. بىراق كىشىلەر ئۇنىڭغا
ئاللىقاچان باشقىچە لەقەم قويۇۋېلىشقانىدى.
— ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگۈچى، غەم - ئەندى-
شىلىرىمىزدىن خالاس قىلغۇچى نىجاتكارىمىز! توغرا، ئۇ بىز ئۇ-

زۇندىن بېرى كۈتۈۋاتقان نىجاتكاردۇر! ئۇ نىجاتكار!
كىشىلەر بۇ سۆزنى ئېيتىشۇۋېتىپ، پەقەت بىر كىشىدىن، جەم-
ئىيەتنىڭ ئالىي رەئىسى بولۇپ تۇرغان ھەسەننىڭ ئاتىسىدىن چۆ-
چۈيتتى. ئالىي رەئىس قەلئەدىكىلەرنىڭ بۇ خىل كەيپىياتلىرىدىن
ئاللىقاچان خەۋەردار بولۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق تۇزۇمگە لە-
نەت ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ ئەتەي ئاڭلىماسقا سالاتتى، شۇ-
نىڭدەك ئوغلىدىنمۇ قانۇن ـ قائىدىلەرنى بۇزماسلىقنى، ياشلارنىڭ
ئېڭىنى شەرىئەت قانۇنلىرىدىن چالغىتماسلىقنى تەلەپ قىلىپ،
بىر نەچچە قېتىم كايىغانىدى. رەئىس يېڭى پىكىر تەرەپدارلىرىنى
شەپقەتسىزلىك بىلەن جازالاپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويماقچى بول-
دى. ئۇ ئوغلىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن 250 يىگىتنى ئۆلۈمگە ھۆ-
كۈم قىلدى، يەنە 250 يىگىتنى قەلئەدىن سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلتۇ-
رۇلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى تاغ ئېتىكىگىچە كۆتۈرۈپ چۈشۈشكە
مەجبۇر قىلدى. يۈرىكىدە ساقلىنىپ قالغان كىچىككىنە ئاتىلىق
مېھرى رەئىسنى ھەسەن سەبباھقا ئوخشاش ئۆز ئوغلىنىڭ قاتىلى-
غا ئايلىنىش گۇناھىدىن ساقلاپ قالدى.

مىلادىيە 1162 ـ يىلى ئالامۇتنىڭ ئالىي رەئىسى ئالەمدىن ئۆ-
تۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېچبىر قىيىنچىلىقسىزلا ئىسيانكار ئو-
غۇل — ھەسەن ئولتۇردى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئالامۇت كو-
چىلىرىدا ھېچقاچان مۇنداق شاد ـ خۇراملىق كەيپىياتى كۆرۈلۈپ
باقمىغانىدى.

— بىز كۈتكەن نىجاتكار شۇمىكىن؟ ئۇ بىزنىڭ ئازاب ـ ئو-
قۇبەتلىرىمىزگە، مىسكىن ھاياتىمىزغا چەك قويارمىكىن؟ — دەپ
سورىشاتتى كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن. كىملەردۇر بۇنى تەستىقلايت-
تى، يەنە كىملەردۇر يەلكىسىنى قىساتتى. يېڭى ھۆكۈمدارمۇ جىم
ئىدى. ئۇ ئويچان ھالدا ئالامۇت كوچىلىرىنى كېزەتتى ياكى كۇ-
تۇپخانىدا ئۇزۇنغىچە كىتاب مۇتالىئە قىلاتتى. بىر كۈنى قەلئەدى-
كىلەر ئۇنىڭ تۇپتوغرا ھەسەن سەبباھ ياشىغان ئۆيگە تەرەپكە كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى زەرب بىلەن ئې-

چىپ پەنجىرە تەكچىسىگە يېقىنلاشتى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى قولىغا ئېلىپ توپا - چاڭلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئەتراپقا مەغرۇرلۇق بىلەن قارىۋېتىپ كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇردى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ يەتتە كۈنگىچە قول يازمىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، رۇبائىيلارنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا ئۇرۇندى. سەككىزىنچى كۈنى ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، پۈتۈن ئالەمۇت خەلقىنى — ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىسىنى شەھەر مەركىزىدىكى كەڭرى مەيدانغا يىغىلىشقا بۇيرۇدى.

بۇ ۋەقە مىلادىيە 1164 - يىلىنىڭ 8 - ئاۋغۇست كۈنىدە يۈز بەردى. قۇياش قەلئە ئۈستىدە چاراقلايتتى، بىراق ھېچكىم قۇياش نۇرىنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئويلىمايتتى ۋە يېتىلىقنى كۈتەتتى. مەيداننىڭ غەربىگە ياغاچتىن سۇپا ياسىلىپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە قىزىل، يېشىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك تۇغلار قادالغان، ھەممەيلەننىڭ كۆزى شۇ تەرەپكە تىكىلگەنىدى.

سۇپىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپئاق كىيىم كىيگەن يېڭى ھۆكۈمدار، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ياش، ئوچۇق چىراي، قۇياش نۇرىدا كۆزلىرى قىسىلىپ، يەرگە قاراپ كېلىۋاتقان، ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرى لالىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئۇنىڭ خوتۇنى چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ سۇپىغا چىقىشى خالايىقنىڭ قەلبىدىكى ئاخىرقى شۇبھە - گۇمانلارنى تارقىتىۋەتتى. ئەمدى ئۇلار خۇشال - خۇرام تۇۋلىشىپ قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىشقا باشلىدى:

— دەل ئاشۇ! ياشىسۇن نىجاتكارىمىز!

ئۇ سالاپەت بىلەن سۇپىغا چىقتى، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇقرالىرىغا سالام بەردى ۋە ئۇلارنى تىنچلاندۇردى. جىم بولۇپ قالغان خالايىق ئالدىدا ئۇ شۇ كەمگىچە يەر يۈزىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە، ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان، ھەممەيلەننى تاڭ قالدۇرغان نۇتۇق ئېلان قىلدى:

— ئىنسانلار، جىنلار، پەرىشتىلەر! ئىشتىڭلار! سىلەرنىڭ يې-

ڭى ئىمامىڭلار دۇئا قىلىپ بۇرۇنقى ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ! ئۇ سىلەرگە شۇ چاغقىچە رىئايە قىلىپ كەلگەن مۇ-قەددەس قانۇننىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، ئەمدى يېڭى دەۋر، ئۈي-غىنىش پەسلى باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ جەن-نەتتە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن بۇ مۇقەددەس قانۇننى ئەۋەتكەن ئىدى. سىلەر ئۇزۇن ۋاقىت ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چىداپ كەلدىڭلار ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە جەننەتتە بولۇشقا لايىق! بۈگۈندىن باشلاپ باقىي دۇنيا جەننىتىنىڭ ئىشىكلىرى سىلەر ئۈچۈن كەڭرى ئېچىلغاي! سىلەر قانۇننىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن ئازاد قىلىندىڭلار. بۈ-گۈندىن باشلاپ ئىلگىرى نېمە چەكلەنگەن بولسا شۇلارنىڭ ھەم-مىسىگە ئىجازەت بېرىلدى. نېمە مەجبۇرلانغان بولسا ھەممىسى چەكلىنىدۇ...!

شۇ دەۋر پارس تارىخچىلىرىدىن بىرىنىڭ يېزىشىچە، بۇ قارار ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئالاموت ئەھلى ئارفا ۋە نەي چېلىپ ئۇس-سۇلغا چۈشۈشكە باشلىغان ۋە سۈپىنىڭ پەلەمپەيلىرىدە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشكە باشلىغان.

ھەسەن سەبباھ قۇرئان قانۇنلىرى بىلەن جارىي قىلدۇرغان تەرتىپ - قائىدىلەرگە ئەنە شۇ تەرزدە خاتىمە بېرىلدى.

كۆپ ئۆتمەي يېڭى دەۋەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئاۋۋالقى كۈچ - قۇدرەتلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى ۋە ئالاموت قىساسچىلىرىمۇ قىل-مىشلىرىنى پۈتۈنلەي توختاتتى. قەلئەدە تىنچ ھايات ئۆز ئىزىغا چۈشتى ۋە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا پۈتۈن دۇنيانى دەھشەتكە سالغان ئىسمائىلىيلار تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دىنىي مەزھەپكە ئايلى-نىپ قالدى.

ئالاموتنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى ئاسىيا ۋە مىسىردىكى بارلىق ئىسمائىلىيلار جەمئىيەتلىرىگە ئەنە شۇ مەزمۇندىكى ئۆزى ئىمزا قويغان مەكتۇپلارنى ماڭدۇردى. بۇ كۈن بايرام سۈپىتىدە ھەر يىلى خاتىرىلىنىدىغان بولدى. بۇ بايرام ھىجرىيە ۋە ئىسكەندەر ماكىدو-نىسكىي كالېندارلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك، «ئىككى دۇنيادىكى ئەڭ

مەشھۇر ئالىم» ئۆمەر ھەييام نىشاپۇرى كالېندارى ئاساسىدا بىر كۈندە، يەنى 18 ـ ئاۋغۇستتا خاتىرىلىنىدىغان بولدى.

ياش ھۆكۈمدار، ھەييامنىڭ «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نى ئەڭ مۇقەددەس كىتاب، دەپ ئېلان قىلدى. ھۈنەرۋەنلەر كىتابنى بېزەشكە، رەسساملار بەت ئارىسىغا گۈزەل قىستۇرما رەسىملەرنى سىزىشقا كىرىشتى. ساندۇقچىلار ئالتۇن سۈيى يالىتىپ، قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەلگەن مەخسۇس ساندۇق ياساپ بېرىشتى. ئۇنىڭدىن نۇسخا كۆچۈرۈش مەنئى قىلىنغانىدى. ئۇ مەخسۇس خانىدا ئەتىۋارلاپ ساقلىنىپ، مەرتىۋىلىك كىشىلەرگىلا مەخسۇس نازارەتچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدىلا كۆرسىتىلىدىغان بولدى.

ئەنە شۇ چاغلارغىچە خەلق ئارىسىدا ھەييامنىڭ بەختىيار ياشلىق يىللىرىدا يازغان بىرقانچە رۇبائىيلىرىلا مەشھۇر ئىدى. مانا ئەمدى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرىدىغان بولدى. بەزىلەر ئۇ رۇبائىيلارغا ئۆزلىرىگە ياققان يېڭى سۆزلەرنى قوشۇپ، ئەسلىي رۇبائىيدا ئىپادىلەنگەن پىكىرنى بۇزۇۋېتەتتى. ئايرىم شائىرلار بولسا مەنىسىز شېئىرلارنى يېزىشىپ، ئۇنى ھەييامنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ قىلىۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، خەلق ئارىسىدا ئەسلىدە ئۆمەر ھەييام قەلىمىگە مەنسۇپ بولمىغان، ئەمما شۇنىڭ نامىدا ئوقۇلىدىغان ساختا رۇبائىيلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئەگەر قول يازما بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئايرىش مۇشكۈل بولاتتى.

ئالامۇت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن بىرنەچچە يىللار داۋامىدا ئاتىلاردىن بالىلارغا مىراس قېلىپ، خۇپىيانە ساقلانغان، كېيىنكى يىللاردا مۇقەددەس سانالغان بۇ كىتابنىڭ ھاشىيەلىرىگە ھۆكۈمدارلارمۇ ۋەرتانگە ئوخشاش ئۆز تارىخلىرىنى پۈتەتتى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ كىتاب مۇھىم بىر ۋەقەگە ــ ئاسساسىنلار جەمئىيىتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. كىتاب ھاشىيەلىرىگە دەۋر تارىخىنى يېزىپ مېڭىش يەنە بىر ئەسىر داۋام

قىلدى. موڭغۇل ئىستېلاچىلىرىنىڭ بۇ يۇرتلارغا باستۇرۇپ كې-
رىشى بىلەن بۇ ئەنئەنە يەنە توختاپ قالدى.

چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ
دەسلەپكى تاجاۋۇزىدىلا ئاسىياغا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈلپەتلەر
ياغدى. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ گۈللەپ ياشنىغان شەھەرلىرى: بېيې-
جىڭ، بۇخارا، سەمەرقەنتلەر يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. قولى-
غا قورال تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قىرىپ
تاشلاندى. ئاياللار بولسا ئوردا لەشكەر باشلىقلىرىغا خوتۇنلۇققا
بۆلۈپ بېرىلدى. تىرىك قالغان ھۈنەرۋەنلەر قۇل بازىرىدا سې-
تىلدى. سەمەرقەنتتە بولسا، شەھەر قازىكالانى باشچىلىقىدىكى
بىر توپ تەقۋادارلارلا چىڭگىزخانىنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ،
جېنىنى ساقلاپ قېلىشتى.

مۇنداق قىرغىنچىلىقتىن كېيىنمۇ سەمەرقەنت خارابىلىقلار
ئۈستىدە قايتىدىن قەد كۆتۈردى. كېيىنچە بۈيۈك ئەمىر تېمۇر ئۇ-
نى دۇنياۋى سەلتەنەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئەكسىچە، نۇرغۇن
شەھەرلەر مەڭگۈ خارابە ھالىتىدە قېپقالدى. جۈملىدىن بىرنەچچە
ئەسىر تەپەككۇر ـ تەرەققىيات مەركەزلىرى بولغان مەرۋ، بەلخ،
نىشاپۇر شەھەرلىرىنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولدى. ئۇلارنىڭ قاتارىغا
بىر چاغلاردا شەرق تېبابىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان رەي شەھىرىنىمۇ
قوشۇش مۇمكىن. بىرنەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن ئۇنىڭ خارابى-
لىرىدىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقتا ھازىرقى تېھران شەھىرى
قەد كۆتۈردى.

موڭغۇللار تاجاۋۇزىنىڭ كېيىنكى قەدىمى ئالاموت قەلئەسى-
نىمۇ چەتتە قالدۇرمىدى. بۇ يەردە ئۇنچىلىك كۆپ قان تۆكۈلمىگەن
بولسىمۇ، قەلئەنى قامال قىلىش ناھايىتى كۆپ ۋاقىتنى ئالدى.
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باغداد، دەمەشق ۋە يىراق پولشادىكى كىرا-
كوۋغىچە، جۇڭگونىڭ سىچۇەن ئۆلكىسىگىچە ۋەيران قىلىپ بارغان
موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇ يەردە ئۇزۇنراق توختاپ قېلىشقا مەجبۇر

بولدى. شۇنداق قىلىپ، 166 يىل داۋامىدا ھېچكىمگە تەسلىم بول-
مىغان ئالاموتلۇقلار موڭغۇللارغا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇ قاتموقات تاغلار ئارىسىدىكى بۇ يېڭىلمەس ئىستىھكامنى شەخسەن ئۆزى تاماشا قىلىشقا كەلدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قەلئەدىن ھەسەن سەبباھ دەۋرىدىن قال-غان، تېخىچە قول تەگمىگەن ئوزۇق - تۈلۈك ئامبارلىرىنى تاپقان. ھىلاكۇ لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن پۈتۈن قەلئەنى ئايلىنىپ چىق-قاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى پۈتكۈل ئىمارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاشنى بۇيرۇدى. شۇ مەزگىللەردە ئاسىيادىكى ئەڭ باي كۇتۇپخانىنىڭ بې-شىغىمۇ شۇنداق قىسمەت چۈشتى. ئۇنىڭغا ئوت قويۇشتىن بۇرۇن ھىلاكۇ ھوزۇرىدىكى 30 ياشلىق تارىخچى جۇۋەينىيگە ئۇ يەرگە كىرىپ زۆرۈر كىتابلارنى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت بېرىپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. جۇۋەينىي شۇ چاغلاردا ھىلاكۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن موڭغۇللار تاجاۋۇزىنىڭ ھەقىقىي قىممەتلىك خاتىرىسى ھېسابلى-نىدىغان «تارىخى جاھان كۇشاي»نى يېزىۋاتاتتى. ئۇ نەچچە ئون مىڭلىغان ئەتىۋارلىق كىتابلار جەملەنگەن بۇ مەشھۇر كۇتۇپخانىغا كىرگەندە، تاشقىرىدا بىرلا غالتەك هارۋا بىلەن بىر نۆكەر ۋە قو-لىدا مەشئەل تۇتۇپ ئوت قويۇشقا تەييارلانغان موڭغۇل سەركەردى-سى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر غالتەك هارۋىسىغا قاچىلىك كىتاب سىغسا، شۇنچىلىك كىتابنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا قۇربى يېتەتتى، قالغانلىرىنى دەھشەتلىك يالقۇن يۇتۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كىتابلارنى ئوقۇپ كۆرۈشكە، ھەتتا ئىسىملىرىنى يېزىۋې-لىشقىمۇ ۋاقتى يوق ئىدى.

سۈننىيلەردىن بولغان جۇۋەينىي بىرىنچى بولۇپ ئاللاھنىڭ كالاملىرى يېزىلغان قۇرئانلارنى يىغىۋېلىشقا كىرىشەتتى. ئۇ ئال-دىراپ - تېنەپ قېلىن مۇقاۋىلىق قۇرئان نۇسخىلىرىنى بىر جايغا يىغىپ، يىگىرمىگە يېقىن كىتابنى تاشقىرىغا، غالتەككە ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەنە ئىچكىرىگە كىرىپ قايسى كىتابنى تاللاشنى بىلمەي

ئالاھىدە تەرتىپ بىلەن تىزىلغان بىر كىتابلار جاۋىنىغە يېقىنلاش-
تى. ئۇ يەردىن ھەسەن سەبباھنىڭ 30 يىل جەريانىدا يالغۇزلۇقتا
يازغان ئاسساسىنلار تارىخىنى تاپتى. كېيىنچە جوۋەينىينىڭ ئۆزد-
ىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىشتا بۇ كىتابتىن بىرنەچچە باب نەقىل
ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك، يەنە ئۇ جاۋەندىن سەبباھ تەرد-
ىپىدىن يېزىلغان «يېڭى دەۋەت قانۇنلىرى» ناملىق ئەسەرنىمۇ ئېي-
لىپ قولتۇقىغا قىستۇردى. بۇ كىتاب بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىسما-
ئىلىيلار تارىخىنى بايان قىلىدىغان بىردىنبىر تارىخىي مەنبە ھېس-
سابلىنىدۇ. جوۋەينىي بۇ يەردە ھەييامنىڭ «سەمەرقەنت قول ياز-
مىسى»نىڭ ساقلانغانلىقىنى، بۇ ھەقتىكى سۆز - چۆچەكلەرنى
ئاڭلاپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغانمىدۇ؟ ئەپسۇسكى، بىز بۇ
ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيمىز. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جوۋەينىي پۇ-
تۇن ئالەمنىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنغان كىتاب جاۋەنلىرى ئالدىدا
قايسىبىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى بىلەلمەي، خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ
قالغان. ئۇنى كۇتۇۋېرىپ تاقەتسىزلەنگەن موڭغۇل سەركەردىسى
مەشئەلنى كۆتۈرگەن پېتى كۇتۇپخانىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى.
ئۇ ئالدىراش تېز بولۇشنى ئېيتىپ، بىر توپ قول يازمىلارغا ئوت
قويغان. ئۇنى سۇكۇت ئىچىدە كۆزىتىپ تۇرغان تارىخچى قوللىرىغا
قانچىلىك كىتاب سىغسا شۇنچىلىكىنى ئېلىپ تاشقىرىغا يول ئال-
دى، توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى يەردە تاشلىنىپ ياتقان مۇقاۋىسىغا:
«يۇلتۇزلار ۋە سانلار ھەققىدە ئەزەلىي سىرلار» دەپ يېزىلغان كى-
تابقا چۈشكەن. بىراق، ئۇنىڭ يەرگە ئېڭىشىپ بۇ كىتابنى ئېلىشقا
ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاسساسىنلار كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق كى-
تابلار كۇلگە ئايلاندى، يەتتە كېچە - كۈندۈز گۇرۇلدەپ كۆيدى.
دۇنيادا بىرەر قوشۇمچە نۇسخىسىمۇ قالمىغان قىممەتلىك قول ياز-
مىلار مەڭگۈلۈككە يوقالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كۇتۇپخانىدا
ئىنسانىيەت تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان نۇرغۇن تىلسىماتلارنىڭ

سىرلىرى ساقلانغان كىتابلار بولغان ئىكەن.

خېلى ۋاقىتلارغىچە ئادەملەر ھەييامنىڭ «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نىڭمۇ شۇ قېتىمقى ئوت قويۇشتا كۆيۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ يۈردى.

# ئۈچىنچى كىتاب

## مىڭ يىللىقنىڭ ئاخىرى

> تۇرساڭچۇ، ئۇخلىما ئەي غاپىل ئىنسان،
> ئالدىن كۆز يۇمغاچ، ئۇخلارسەن مەڭگۈ.
>
> — ئۆمەر ھەييام

سىرلىرى ساقلانغان كىتابلار بولغان ئىكەن.

خېلى ۋاقىتلارغىچە ئادەملەر [illegible] مىسىرلىقلارنىڭ قول يازمىسىنى [illegible] ئوت ئوزۇقىغا كۆرۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ يۈرۈشتى.

## [illegible]

[illegible]

# يىگىرمە بەشىنچى باب

بۇ يەرگىچە ئۆزۈم توغرۇلۇق ئاز سۆزلەپ، «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نىڭ ھاشىيىلىرىگە يېزىلغان بايانلار، ھەييامنىڭ ھاياتى، ئۇ تونۇيدىغان كىشىلەر، ئۇ گۇۋاھ بولغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بايان قىلدىم، خالاس. ئەمدى ماڭا موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەن بۇ ئەسەرنىڭ قانداقلارچە بىزنىڭ زامانىمىزدا قايتا پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدا بېشىمغا قانداق كۈلپەتلەرنىڭ چۈشكەنلىكى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بېرىشلا قالدى. ياخشىسى، ھېكايەمنى قانداق تاسادىپىلىقلار بىلەن قول يازمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ تاھازىرغىچە مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەنلىكىمدىن باشلاي.

باشتىلا ئىسمىمنىڭ بېنجامىن ئۆمەر لېساج ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم. ئىسمىم فرانسۇزچە بولسىمۇ، ئەمما مەن لىيۇدىۋىك XIV زامانىدا فرانسىيىدىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتكەن گۇگىناتلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ھەقىقىي ئامېرىكا پۇقراسى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىشىم لازىم. مەن قىرغاقلىرىدا ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ سۇزۇك سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان شېزاپېك تاغلىرى ئۈستىگە جايلاشقان مارىلېند ئۆلكىسىنىڭ ئانناپولى شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ فرانسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بۇ مۇناسىۋەت ئاتامنىڭ ئۇنى قايتىدىن يېڭىلىغانلىقىدىن كېيىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە يازغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇغان ئىدىم: «فرانسىيىدە ئۆسكەن ئەجدادلىرىمنىڭ دەرەخلىرى قاچقۇنلارنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن سال ياساشقا ئىشلىتىلگەن». شۇنداق

قىلىپ، ئامېرىكىلىق بولۇپ قالغان ئاتام ئەجدادلىرىنىڭ تىلىنى، يەنى فرانسۇزچىنى غەيرەت قىلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. كېيىن، شۇ زامانلاردىكى غەلىيان - توپىلاڭلارغا قارىماي، قەلبىدىكى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەجدادلىرى ماڭغان يول بىلەن ئاتلانتىك ئوكياندىن كېسىپ ئۆتۈپ، ياۋروپاغا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئانا يۇرتىغا قىلغان زىيارىتىنىڭ ۋاقتى ياخشى بولغانمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، بىلمەيمەن. ئۇ 1870 - يىلى 9 - ئىيۇل كۈنى كېمىگە ئولتۇرۇپ، نيويوركتىن ئايرىلغان ئىدى. ئۇ 18 - ئىيۇل شېربۇرۇگقا يېتىپ بارغان، 19 - ئىيۇل كەچقۇرۇن پارىژغا يېتىپ كەلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئۇرۇش باشلانغان. چېكىنىش، مەغلۇبىيەت، غالىبلارنىڭ فرانسىيىگە باستۇرۇپ كىرىشى، ئاچلىق، كوممۇنا، قىرغىنچىلىقلار يۈز بەرگەن. مېنىڭچە ئاتام ئىلگىرى بۇنچىلىك قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، لېكىن ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى خاتىرىسىدە بىر ئۆمۈر ساقلاپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇلارنى ئەسلىمەي مۇمكىنمۇ؟ قامال قىلىنغان شەھەردە ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل قىيىنچىلىقلىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇشقا تەييارلانغان تۆۋەن تەبىقە ۋەكىللىرى — ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلغان چاغدىكى غەيرەت - شىجائەتلىرىنى كۆرۈپ، ئاتامنىڭ قەلبىدىمۇ قانداقتۇر قورقۇنچ ئارىلاشقان سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئويغانغان بولسا ئەجەب ئەمەس.

كېيىنرەك ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندە، ئاتا - ئانام كۈركە توخۇ گۆشى پىشۇرۇپ كۈتۈۋېلىنىدىغان بايرام داستىخىنىدا ئولتۇرۇشۇپ، بىر ۋاقىتلار پارىژدا ئىنگلىز قاسساپتىن قىرىق فرانكقا سېتىۋالغان پىل خارتۇمىنى قانداق پارچىلاپ، پىشۇرۇپ يېگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن ئەسلىشەتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارغا ئەمدىلا چاي ئىچكۈزۈلگەن، تويى بىر يىلدىن كېيىنلا ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. بەختىگە يارىشا ئۇرۇش ئۇلارنى ئۆز قوينىدا چوڭ قىلغان بولۇپ، ئاتام ئۆز خاتىرىسىدە بۇ

توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «پارىژغا كەلگەندىن كېيىن ئەتىسىلا ئىتالىيە كوچىسىدىكى رىش قەھۋەخانىسىدا ناشتا قىلىشقا ئادەتلەندىم. مەن ‹Le Temps›، ‹Le Galois›، ‹Le Figaro›، ‹Le Presse› گېزىتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ھەر بىر خەۋەرنى ئەستايىدىل ئوقۇدۇم، ئۆزۈم چۈشىنەلمەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى مېھمانخانىغا قايتقاندا، ماڭا ناھايىتى بىلىملىك تۇيۇلىدىغان دەرۋازىۋەندىن سوراش ئۈچۈن يېنىمدىكى كىچىك دەپتەرگە يېزىۋالاتتىم. ئۈچىنچى كۈنى ئاق چاچلىق بىر كىشى كېلىپ، يېنىمدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قولىدىمۇ بىر دەستە گېزىت بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇشىنىڭ ئورنىغا ئۇ ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، مەندىن نېمىنىدۇر سوراشقا تەمشىلەتتى. ئۇزاق كۇتۇپ ئولتۇرمىدى. بىر قولى بىلەن ھاسىسىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە، مەرمەر ئورۇندۇقنى تاراقلىتىپ، خىرىلداق ئاۋازدا مېنى سوئالغا تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ مەندەك ياش ۋە تۇرقىدىن ساپمۇساق تۇرغان يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ھەربىي قىسىمغا، ۋەتەننى قوغداش جېڭىگە ئاتلانماي، بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىمنى بىلىشكە قىزىقتى. ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق بولسىمۇ، مەندىن گۇمان قىلىۋاتقانلىقى بىر قاراشتىلا سېزىلىپ تۇراتتى، نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان خاتىرەمگە گۇمان بىلەن تىكىلەتتى.

مەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا ياكى ئۇنى ئىشەندۇرۇشكىمۇ ئۇرۇنمايتتىم. چەت ئەلچە شېۋەمنى ئاڭلاپ ئۇ بىر دەمدىلا مۇلايىملىشىپ قالدى. گېزىتلەردىن نېمىلەرنى ئوقۇۋاتقىنىمغا قىزىقىپ، ئاخىرى، بۇ ‹ئۇرۇشنىڭ قوشۇنلىرىمىزنىڭ بېرلىن كوچىلىرىنى سەيلە قىلىشى بىلەن تۈگەيدۇ›غانلىقىدىن بېشارەت بەردى. پىكرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن لافېيت، بېنجامىن فرانكلىن، توكۋېل ۋە پېئىر لانفا قاتارلىق سىياسىيونلارنىڭ گەپلىرىدىن نەقىل كەلتۇردى. مەن ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىشنى خالايتتىم. ئەجەبا، ئۇ پېروسىيەلىكلەرنىڭ فرانسۇزلاردىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغان-

دۇ؟ مەن يېقىندىلا ئامېرىكىدىكى پۇقرالار ئۇرۇشىغا قاتناشقان،
ئالتانە جېڭىدە ياردار بولۇپ، ئۆيگە قايتقان ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا
قانداقلا ئۇرۇش بولسۇن، ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى كۆڭۈل ئاچىدى-
غان سەيلە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى خالايتتىم. لېكىن ئۇرۇش
قانچىلىك دەھشەتلىك بولسۇن، پۇرۇخ ھىدى بۇ دەھشەتلەرنى كە-
شىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئۆچۈرۈپ، ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.
بىراق بۇ مەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن ئۆزۈمنى
تارتتىم. مۇنازىرىلىشىشنىڭ ئورنىمۇ يوق ئىدى، چۈنكى سۆھبەت-
دىشىم پىكىرلىرىمنى ئاڭلاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، پات -
پات سۆزىدىن توختاپ، پىكرىنى ماڭا تەستىقلىتىش ئۈچۈن
«شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورايتتى، مەن، پەقەت يەلكەمنى قىسىپلا
قوياتتىم، خالاس. ئۇ تولىمۇ يېقىملىق ئادەم ئىكەن. بىز ئۇنىڭ
بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىشقا ئادەتلەندۇق. ئادەتتىكىگە ئوخشاش
مەن ناھايىتى ئاز سۆزلەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئا-
مېرىكىلىق تونۇشى» بارلىقىدىن ۋە «پىكىرلىرىمىزنىڭ بىر يەردىن
چىقىۋاتقانلىقىدىن» ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. سۆھبىتىمىزنىڭ تۆ-
تىنچى كۈنى بۇ ھۆرمەتلىك موسيېپىت مېنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ
قىلدى. ئۇ مېنىڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇشۇمغا شۇنچىلىك ئىشەنچ
قىلاتتىكى، رازىلىق بېرىشىمنى كۈتمەستىنلا پەيتۇن چاقىرىشقا
تەمشەلدى. تەن ئېلىشىم لازىمكى، ئۇنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ
قىلغىنىمدىن، كېيىن بىر ئۆمۈر خۇرسەن بولۇپ يۈردۈم. ئۇنىڭ
ئىسمى - شەرىپى شارل گوبېرت دې لىيۇسەي بولۇپ، پۇئاسسونە-
يېر كوچىسىدىكى خۇسۇسىي مېھمانخانىدا ئىجارىگە تۇراتتى،
ئىككى ئوغلى ئارمىيەدە خىزمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇ-
رىدىغان قىزى بولسا، مېنىڭ كەلگۈسىدىكى ئايالىم ئىدى».

دېمەك، شۇ ۋاقىتلاردا ئانام ئون سەككىز ياشلاردىكى مەسۇم
قىز، ئاتام بولسا، ئۇنىڭدىن نەچچە ئون ياش چوڭ نەۋقىران يىگىت
ئىدى. ئۇلار، شۈبھىسىزكى، فرانسىيىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى
ئەۋج ئېلىۋاتقان چاغلاردا تونۇشقان ۋە بىر - بىرىنى ئۇزاق ۋاقىت

يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرگەن ئىدى.

7 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ فرانسىيە ئارمىيىسى كەينى ـ كەي-نىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشقا باشلىغان ۋە ئۇرۇشنىڭ قانداق خۇلاسىلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قىزى ۋە بولغۇسى كۈيئوغلى، يەنى، ئاتام بوۋامنىڭ قايغۇسىغا شېرىك بو-لۇشقا كۆنگەن ۋە شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سەمىمىي مۇ-ناسىۋەت ئورنىتىلغان. ئۇلار بوۋاينى ئېھتىياتسىزلىقتىن خاپا قى-لىپ قويماسلىق، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قانداق گەپ قىلىش لازىملىقىنى كۆز قىسىش يولى بىلەن ھەل قىلىۋېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىكەن. بۇ ھەقتە ئاتام خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «بىرىنچى قېتىم چوڭ مېھمانخانىدا ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قېلىپ، ئوتتۇرىمىزغا خېلىغىچە ئوڭايسىز جىمجىتلىق چۈشتى. بۇ ئوڭايسىزلىقتىن خىجىل بولۇپ، ھەر ئىككىلەن كە-چىك باللاردەك قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتۇق. مەلۇم بولۇشىچە، شۇ چاغ-قىچە كۆندىلىك ئۇچرىشىشىمىز داۋامىدا بىز بىر ـ بىرىمىزگە ھېچقاچان توغرىدىن ـ توغرا گەپ قىلمىغان ئىكەنمىز. بىزنىڭ كۈلكىمىز چىن ۋە سەمىمىي بولۇپ، ئارىمىزنى تېخىمۇ يېقىنلاش-تۇراتتى، لېكىن ئۇنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئەدەپسىزلىك ئىدى. تۇنجى تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ باشلاشنىڭ مېنىڭ بۇرچۇم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە بېسىۋالغان كىتاب-نىڭ قانداق ئەسەرلىكىنى سورىدىم».

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۆمەر ھەييام مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا سىڭىپ كىرگەن بولسا كېرەك. يەنى، شۇنى تەن ئېلىشىم مۇمكىن ئىدىكى، ئۇ مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىمگە سەۋەبچى بولغان، بولغۇسى ئانامنىڭ قولىدىكى كىتاب 1867 ـ يىلى فرانسىيە ئىمپېرىيىسى نەشرىياتىدا بېسىلغان، ئىراندىكى فرانسىيە فرانسۇز تەشكىلاتىنىڭ بىرىنچى تەرجىمانى ج. ۋ. نىكولا تەرىپىدىن پارس تىلىدىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۆمەرھەييام رۇبائىيلىرى» ئى-دى. بولغۇسى ئاتامنىڭ چامادانىدىمۇ 1868 ـ يىلى ئېدۋارد فىتز

جېرالد تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۆمەر ھەيـ-يام رۇبائىيلىرى»بار ئىدى.

يەنە ئاتامىنىڭ خاتىرىلىرىگە: «بۇنى بىلگەن قىزىنىڭ سۆيۈ-نۈش ـ شادلىق ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشى ئارتۇقچە ئىدى. بىز ھەر ئىككىمىز ھايات يولىمىزنىڭ تۇتىشۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەم ئىـ-دۇق. بىراق شۇ دەملەردە ھەر ئىككىمىزنىڭ پەقەت شۇ ھەقتىلا ئويلىمايۋاتقانلىقىمىز راست ئىدى. ئۆمەر ھەييام ئالدىمىزدا گويا تەقدىرىمىزنى بىرلەشتۈرگۈچى سايىدەك پەيدا بولدىكى، بۇنى ھەر ئىككىمىز تەن ئېلىپ تۇراتتۇق. بۇنى ئىنكار قىلىش بىزگە دەھ-رىيلىكتەك، گۇناھى كەبىردەك تۇيۇلاتتى. ئەلۋەتتە، بىز شۇ دەقىـ-قىلەردە قەلبىمىزدە جۇش ئۇرۇۋاتقان بۇنداق ھېسسىياتلار توغرۇ-لۇق بىر ـ بىرىمىزگە ھېچ نەرسە دېيەلمەيتتۇق. پارىڭىمىز ئەل-ۋەتتە شېئىرىيەت، ئۆمەر ھەييام توغرىسىدا بولاتتى. ئۇ ماڭا قولى-دىكى كىتابنىڭ شەخسەن ناپالېئون III نىڭ بۇيرۇقى بىلەن بې-سىلغانلىقىنى ئېيتتى» دەپ يېزىلغان.

ئەنە شۇ دەۋردە پۈتكۈل ياۋروپا ئۆمەر ھەييامنى ئەمدىلا بايقى-غان چاغلار ئىدى. 1851 ـ يىلى بىر نەچچە مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ ماتېماتىكىغا ئائىت ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان، بۇ ھەقتىكى ماقالىلەرنى مەخسۇس ژۇرناللاردىنلا ئوقۇش مۇمكىن ئىدى. بىراق، غەرب ياكى شەرق بولسۇن، ئۆمەر ھەييام مىراسلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن مۇتلەق خەۋەرسىز ئىدى. كىـ-شىلەر ئۇنىڭ نامىنى، ئۇ ھەقتىكى بىر ـ ئىككى رىۋايەتنى، ئەس-لىيسى نامەلۇم بولغان بىر نەچچە رۇبائىيلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇنەج-جىم بولغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنىلا بىلەتتى، خالاس.

فىتز جېرالد ئىسىملىك ئانچە نامى چىقمىغان ئىنگلىز شا-ئىرى 1859 ـ يىلىدا ئۇنىڭ 75 رۇبائىيسىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغاندا، كىتاب تازا مۇۋەپپەقىيەت قا-زىنالمىدى. كىتاب 250 پارچە بېسىلغان بولۇپ، تەرجىمان ئۇلار-نىڭ بىر نەچچىسىنى يېقىن دوستلىرىغا سوۋغا قىلدى، قالغانلىرى

بېرنارد كارتېنشىنىڭ كىتاب دۇكىنىدا بېسىلىپ قالدى.

«ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» دېگەن بۇ كىتاب ھېچكىمنى قىزىقتۇرالمىدى» ــ دەپ يازغان ئىدى فىتز جېرالد ئۆزىگە پارس تىلىدىن دەرس بەرگەن ئۇستازىغا. دۇكاندار ئىككى يىل داۋامىدا كىتاب باھاسىنى بەش شىللىڭدىن بىر پېنىسقا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ئەرزىمەس باھالىق كىتابنىڭ خېرىدارلىرى ناھايىتى كەم تېپىلاتتى. ئاخىرى، كىتاب ئىككى ئەدەبىيات تەنقىدچىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار كىتابنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سېھرىي كۈچنى چۈشىنىپ قېلىشتى. شۇ كۈنى ئۇلار يەنە كىتاب دۇكىنىغا قايتا بېرىپ، دوستلىرىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئالتە پارچە سېتىۋالدى. كىتابقا خېرىدار چىققانلىقىنى سەزگەن دۇكاندار، ئەمدى ئۇنى ئىككى پېنىستىن سېتىشقا باشلىدى. شۇنى ئېيتىش ئارتۇقچە ئەمەسكى، ئەنگلىيىگە ئاخىرقى قېتىم بارغىنىمدا ئوبدانلا بېيىپ، دۇكىنىنى پىكاردىللى مەيدانىغا يۆتكىۋالغان دۇكاندار كارتېشتىن ئاشۇ كىتابنىڭ بىر پارچىسىنى 400 لىۋىر ستېرلىڭغا سېتىۋالغانمەن.

بىراق كىتابنىڭ لوندوندىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىردىنلا يۈز بەرمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پارىژدا جانابىي نىكولانىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەنقىدچى تېئوفىل گوتيې «Moniteur Universel» گېزىتىدە زور غۇلغۇلىغا سەۋەب بولغان «سىز ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدا «ھەييام كۆيلىگەن ئەركىن پىكىرگە ھازىرقى زامانىنىڭ ئەڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرىمۇ تەڭلىشەلمەيدۇ» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى. باشقا بىر تەنقىدچى ئېرنىست رېنان ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى يازغان ئىدى: «مۇسۇلمان ئەقىدىلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغان ئىرانىنىڭ ئەركىنلىك ئىستىبداتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆمەر ھەييام شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار كىشىلىرىدىن بىرى بولۇشى لازىم ئىدى». شۇنداق قىلىپ، ئانگلو ـ ساكسون

دۇنياسىدا فىتز جېرالد ۋە ئۇنىڭ: «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتابى بىردىنلا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى. ئۆمەر ھەييام نامى شۇنچىلىك مەشھۇر ئىدىكى، شەرق ھەققىدىكى پۇتكۇل تەسەۋۋۇرلار ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ تەلقىن قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەييام تەرجىمانلىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەنگلىيىدە، كېيىن ئامېرىكىنىڭ كۆپلەپ شەھەرلىرىدىمۇ ئۇنى نەشر قىلدۇرغۇچى ھەۋەسكارلار كۆپەيدى. پۇتكۇل شەھەرلەردە «ھەييام مۇخلىسلىرى» كۇلۇبى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

تەكرارلاش مۇمكىنكى، 1870 ـ يىللاردا ھەييامنىڭ نامى ئەمدىلا داڭ قازىنىشقا باشلىغان دەۋر ئىدى. «ھەييام مۇخلىسلىرى» كۇلۇبىنىڭ سانىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. بىراق بۇ كۇلۇبلارغا كۆپرەك زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشاتتى. ئۆمەر ھەييام شېئىرلىرىغا قىزىقىش شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بولغۇسى ئاتا ـ ئانامنىمۇ ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇردى. ئىككىسى ھەييام رۇبائىيلىرىنى بىللە ئوقۇپ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەن. مۇنازىرىلەر ئاساسەن «ھەييام راستىنلا شاراب ۋە مەيدىن ئىلھام ئالغانمۇ؟ نىكولا تەرىپلىگەندەك، شاراب — ھاياتنىڭ ئىلاھىي رەمزىمۇ؟ ياكى ئەكسىچە، رۇبائىيلاردا فىتز جېرالد ھەمدە رېنانلار ئېيتقاندەك، ھايات زوقى ۋە لەززىتى، يورۇق ۋە قاراڭغۇلۇقلىرى تەسۋىرلەنگەنمۇ؟» قاتارلىق ماۋزۇلاردا بولغان. بۇ مۇنازىرىلەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېڭىدىن ـ يېڭى ھېسسىيات ـ تۇيغۇلارنى ئويغاتقانلىقى شۈبھىسىز. ئاتام ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، سۆيگىنىنىڭ چاچلىرىنى سىلاۋاتقاندا، ئانامنىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئېنىق. ئېھتىمال، ئۇلار دەل شۇ رۇبائىيلارنى ئوقۇۋېتىپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقاندۇ؟ ئۇلار شۇنداق قىلىپ تۇرمۇش قۇرۇشقا ۋەدىلەشكەن كۈنلىرى، ئەگەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە، ئىسمىنى ئۆمەر قويۇشقىمۇ كېلىشىۋالغان بولسا كېرەك.

19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا تۇغۇلغان نۇرغۇن ئامېر-

كىلىقلارغا شۇ ئىسىم قويۇلغان ئىدى. مەن تۇغۇلغان 1873 ـ يىلىنىڭ 1 ـ مارت كۈنىدە بۇ ئادەت تېخى ئانچە ئۇمۇملاشمىغان ئە- دى. ئىسمىمنىڭ بۇنچىلىك غەيرىيلىكىدىن ئەجەبلەنمەسلىكىم ۋە كەلگۈسىدە خالىسام، ئاددىيلا قىلىپ «ئۆ» ھەرپىنى ئىشلىتىشىم ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام بۇ ھەرپنى ئىسىم ـ فامىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسىم ـ شەرىپىم بىز- جامىن ئۆمەر لېساج بولۇپ قالغان. مەكتەپكە بارغاندا ئۇلار ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ بېنجامىن. ئۆ. لېساج دەپ قىسقارتقان ئىدى.

دەرۋەقە ئاتا ـ ئانامدىن مىراس قالغان بۇ ئىسىم مەندە ئۆزۈمە- نىڭ مەنىۋى ئاتامغا نىسبەتەن قىزىقىش ئويغاتماي قالمىدى. ئۇن بەش يېشىمدىن باشلاپ ھەييام توغرىسىدا چىققان ھەرقانداق ئە- سەرنى كۆرۈشكە باشلىدىم. پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش- نى، بۇ زېمىنغا ئۆزۈن مەزگىللىك ساياھەتكە چىقىشنى قارار قىلد- دىم، ئىراق، بالىلىقتىكى بۇنداق ھەۋەس دەۋرىدىن ئۆتكەندىن كې- يىن، ھەييامغا ۋە ئىرانغا نىسبەتەن قىزىقىشلىرىم ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ھەققى- دىكى يېڭى پىكىرلەر سەۋەبچى بولدى دېسەم خاتالاشقان بولمايمەن. تەنقىدچىلەرنىڭ قارىشى بويىچە، فىتز جېرالد تەرجىمە قىلغان شېئىرلار ئىنگلىز تەرجىمە شېئىرىيىتىنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنە- لىرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ماڭا ئۆمەر ھەييام شېئىرلىرىدىن خېلىلا يىراقتەك تۇيۇلاتتى. كۆپ قىسىم ئەدىبلەر ھەييام يازغان رۇبائىيلارنىڭ سانى مىڭدىن ئارتۇق، دەپ ھېسابلىشاتتى. نىكولا ئۇلاردىن 400 دىن كۆپرەكىنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان ئە- دى. بۇ ساھەنىڭ يىرىك مۇتەخەسسىسلىرى ئۇلاردىن يۈز پارچىغا يېقىن رۇبائىينىڭ ئۆمەر ھەييام قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەن ئالاتتى. ئاتاقلىق شەرقشۇناسلار ئۇلاردىن پەقەت بىرنىلا ھەييام قەلىمىگە تەۋە، دېگەن يەرگىچە كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، «ساختا رۇبائىيلارنى ئەسلىيدىكىسىدىن ئايرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىد- غان، ‹ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى›نىڭ ئەسلىي قول يازمىسى مەۋ-

جوٗت بولسا كېرەك» دېگەن تەخمىنىي پىكىرلەرمۇ ئىلگىرى سۈ-رۈلدى. بىراق، بۇنداق قول يازمىنىڭ تېپىلىشىغا ھېچكىم ئىشەن-مەيتتى.

مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە ئۆمەر ھەييامدىن، ئۇنىڭ رۇبا-ئىيلىرىدىن ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىسمىدىن نارازى بولۇش ھېسسىياتىنى ئويغىتىشقا باشلىدى. ئىسىم ـ فامىلەم ئوتتۇرىسىدىكى «ئۆ»ھەرپى ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. بۇنداق كەيپىيات مېنى يەنە باللىق ئارزۇلىرىمغا قايتۇرغان ۋە پۈتكۈل ھاياتىمنى ھەييام رۇبا-ئىيلىرىنى قېزىش ئۈچۈن ئاتاشقا سەۋەب بولغان ئۇنتۇلماس بىر ئۆچرىشىش يۈز بەرگۈچە داۋام قىلدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

1895 ـ يىلىنىڭ ياز ئېيىدا فرانسىيىگە بېرىش ئۈچۈن كې-مىگە ئولتۇردۇم. فرانسىيىدە ياشاپ، 76 ياشقا قەدەم قويغان بوۋام ئانام بىلەن ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ مەكتۇپلارنى ئەۋەتتى، كۆز يۇ-مۇشتىن ئاۋۋال ھېچ بولمىغاندا مېنى ــ نەۋرىسىنى بىر كۆرۈۋې-لىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن ئوقۇشۇمنى يېرىم يولدا توختىتىپ، بوۋامنى كۆرۈش سەپىرىگە چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. سەپەر جەريا-نىدا زىمىمەمگە چۈشكەن بۇ ۋەزىپىنى ئويلاپ، بوۋامنىڭ بېشىدا يۇ-كۈنۈپ ئولتۇرىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ سوۋۇشقا باشلىغان قوللىرى-نى چىڭ سىقىدىغانلىقىمنى، شۇبىرلاپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان ئا-خىرقى سۆزلىرىنى تەستە ئاڭلايدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇرۇمدىن ئۆت-كۈزەتتىم.

بارچە خىياللىرىم بىھۇدە بولۇپ چىقتى. بوۋام شېرىبۇرۇگ پورتىدا ئالدىمغا چىققانىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنى كالىنىگى پورتىدا كۆرىمەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ھاسىدەك تىك قامەتلىك، روھلۇق، بۇرۇتى ھەيۋەتلىك، بېشىدىكى كەڭ گىرۋەكلىك شىلەپىسى بىلەن ھەممىدىن بەلەنراق كۆرۈنۈۋاتقان بوۋامنى تونۇپ، يولدا كېلىۋېتىپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئېچىنىشلىق خىياللىرىمدىن ئۇيىلىپ كەتتىم.

ئامۇروتې رېستورانىدا غىزالىنىش ئۈچۈن ئولتۇرغىنىمىزدا، ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قولۇمنى چىڭ قىسىپ، ئۇچۇق - يو-رۇق، تەنتەنىلىك ئاھاڭدا گەپ باشلىدى:

ــ جېنىم نەۋرەم، جىگەر پارەم، خېلى چوڭ يىگىت بولۇپ قاپسەنغۇ! سېنى بۇ كونا دۇنيانىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۆزۈم تونۇش-تۇرىمەن.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ خاتا قىلىپتى-
مەن، كۆپ ئۆتمەي تىنىمسىز تونۇشۇشلار باشلاندى. بىز ياش پەر-
قىمىزگە قارىماي ئاكا - ئۇكىلاردەك بىرگە يۈرەتتۇق. پەقەت
بوۋامنىڭ چاچلىرى ئاپئاق، مېنىڭ بولسا سېرىق، شىلەپمىزدىن
تارتىپ قەدەم ئېلىشىمىزغىچە بىر خىل ئىدى. ئېيتىش كېرەك-
كى، ئاياللار بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارايتتى. ھەر قېتىم شامپاڭ-
نىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ ئەپچىل ھەرىكىتىگە، مى-
جەز - خۇلقىغا يوشۇرۇنچە سەپسالاتتىم ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر ئېۋەن
تاپالماي ھەيران بولاتتىم. ئۇ يىگىتتەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرات-
تى، مەندىن تېزراق ماڭاتتى، قولىدىكى ھاسىسى ئۇنىڭ كېلىشكەن
قەددى - قامىتىگە يارىشىدىغان بېزەك ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيتتى. ئۇ
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى باھارنىڭ بارلىق چېچەكلىرىنى تېرىۋېلىش-
قا ئۇرۇناتتى. ئۇ 93 يىل ئۆمۈر كۆردى. دېمەك، ئۇ يەنە 17 قېتىم
ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى باھارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ مېنى مادلېن مەيدانىدا ياشايدىغان
دېيرانلارنىڭكىگە تاماققا باشلاپ باردى. ئاشخانىنىڭ بىر تەرىپىگە
رەتلىك قويۇلغان شىرە ئەتراپىغا ئەر - ئايال ئارتىسلار، ژۇرنا-
لىستلار، سىياسىيونلار توپلانغان ئىدى. بوۋام ئۇلارنىڭ ھەر بىرى-
گە مېنى تەنتەنىلىك ئاھاڭدا تونۇشتۇرۇپ چىقتى. مەشھۇر كىشى-
لەر توپلانغان بۇ قەسىردە پەقەت بىرلا جاي بوش تۇراتتى. كۆپ
ئۆتمەي ناھايىتى سالاپەتلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. شۇندىلا
مەن بۇ جاينىڭ ئۇنىڭغا ئاتالغانلىقىنى سەزدىم. ھەممەيلەن ئورنى-
دىن تۇرۇپ، ئۇنى ئورىۋېلىپ، خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ-
نىڭ ھەر بىر سۆزى قىزغىن قولاشقا ياكى گۈلدۈراس ئالقىشلارغا
سەۋەب بولاتتى. بوۋام ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى ئارقىسىدىن مېڭىش-
قا ئىشارە قىلدى:

— كەل، مەن سېنى ھېنرى تاغام بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي!

بوۋام مېنى ئۇنىڭ يېنىغا يېتىلەپ باردى. تاغا - جىيەنلەر
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بوۋام مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى:

— بۇ مېنىڭ ئامېرىكىلىق نەۋرەم. ئۇ سەن بىلەن ئۇچراشقانلىقىدىن چەكسىز خۇشال!

مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم. يېڭى تونۇشقان تاغام ماڭا سىنچىلاپ تىكىلىپ تۇردى — دە:

— ئۇ ئەتە مېنىڭكىگە كەلسۇن! — دېدى.

جايىمغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بوۋامنىڭ مېنى كىم بىلەن تونۇشتۇرغانلىقىنى چۈشەندىم. بوۋام ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشۇمنى بەكمۇ خالايتتى. ئۇ توغرۇلۇق ئېسىلزادىلەرگە خاس ئېغىر - بېسىقلىق ۋە غورۇر بىلەن تىنىماي گەپ قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كەلگەن مەندەك يېڭى كىشىگە ئۇنىڭ نامى ھېچ نەرسىنى بىلدۈرمەيتتى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ فرانسىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئادەملەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئۇ دېموكراتىيە دەۋرىدە ئاددىيلا ھېنرى روشېفورت دەپ ئاتالغان، سابىق پارلامېنت ئەزاسى ھەم ۋەزىر، كۆپ يىللار سۇرگۈندە ياشىغان ۋىكتور ھېنرى دې روشېفورت لىيۇساي ئىدى. ۋېرساللىقلار تەرىپىدىن يېڭى كالېدونىيە تۈرمىسىگە تاشلانغان ھېنرى روشېفورت 1874 - يىلى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە جاسارەت كۆرسىتىپ، بۇ يەردىن قېچىپ چىققان ۋە زامانداشلىرىنىڭ نەزەرىدە ئەڭ جەسۇر كىشىلەرنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغان ئىدى. ھەتتا ئېدۇئار مانې ئۇنىڭغا بېغىشلاپ: «روشېفورتنىڭ قېچىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان ئىكەن. 1889 - يىلى ئۇ لوندوندا سەرگەردانلىقتا ياشىغان بولسىمۇ، «بويسۇنماس» ناملىق تەسىرى زور ۋە ئابرويلۇق گېزىتنى چىقىرىپ، گېنېرال بۇلەنج بىلەن ھەمكارلىشىپ جۇمھۇرىيەتكە قارشى كۈرەش باشلىغان. 1895 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئومۇمىي كەچۈرۈم بىلەن سۇرگۈنلۈكتىن قۇتۇلغان روشېفورت پارىژغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئىككى يۈز مىڭ پارىژلىق زور تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالغان. ئۇ نۇرغۇنلىغان قارشى پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان ئىدى. مەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولارنىڭ

ھەممىسىنى بىلىۋالدىم. بىراق مۇھىم گەپلەردىن تېخى خەۋەرسىز ئىكەنمەن.
كېلىشىۋالغان كۈنى مەن ئۇنىڭ پىرگولېز كوچىسىغا جايلاشقان خۇسۇسىي مېھمانخانىسىغا بارغاندا، بۇۋامنىڭ سۆيۈملۈك تاغىسىنىڭكىگە قىلغان بۇ قەدەم تەشرىپىمنىڭ ئاسىيا قىتئەسىگە قىلىدىغان ئىنتايىن مۇشەققەتلىك سەپىرىم ئۈچۈن باسقان تۇنجى قەدىمىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.
— دېمەك، سىز جېنىۋۇېۋانىڭ ئوغلى، ئىسمىڭىز ئۆمەر، شۇنداقمۇ؟
— ھە، بېنجامىن ئۆمەر.
— سېنى كىچىككىڭدە كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟
ئوتتۇرىمىزدا پەيدا بولغان تاسادىپىي يېقىنلىق، قان - قېرىنداشلىق ئۇنىڭ سەنلەپ گەپ قىلىشىنى تەقەززا قىلاتتى.
— ئانامنىڭ ماڭا زوق بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، سىز شۇ مەشھۇر قېچىشىڭىزدىن كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ، سان فرانسىسكودا كېمىدىن چۈشۈپ پويىز بىلەن غەربكە ماڭغانىكەنسىز. بىز سىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نيۇيوركقا كەلگەندە، مەن ئىككى ياشتا ئىكەنمەن.
— ھە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە، شۇچاغدا بىز ئىران ھەققىدە سۆزلەشكەن. ئەنە شۇ چاغدىلا مەن سېنى بۈيۈك شەرقشۇناس بولىدۇ، دەپ بېشارەت بەرگەن ئىدىم.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەن ئۇنىڭغا باللىق چاغدىكى ئارزۇلىرىمنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنى، ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي باشقا نەرسىگە — مالىيە ئىشلىرىغا قىزىقىۋاتقانلىقىمنى، ئاتام قۇرغان دېڭىز پورتىدا قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. روشېفورت بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، قاپىقىنى تۈردى ۋە پىكرىمگە قارشى چىقىش مەقسىتىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن نەسىھەتكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ مونتېيسكيۇنىڭ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابىنى ۋە بۇ مەشھۇر كىتاب-

تىكى «قانداق قىلىپ پارىس بولۇش مۇمكىن» دېگەن ئىبارىنى، ئىران شاھى تەرىپىدىن لىيۇدېۋىك XIV نىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان جاھانكەزدى ئايال — مارى پېتىتىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆمرىنى ئىسپاھاندا سائەت رېمونت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ژان ژاك روسسونىڭ جىيەنىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى مېنىڭ ئوڭ قۇلىقىمدىن كىرىپ، سول قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتەتتى، بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى يوغان بېشىنى، قويۇق ۋە بۇدۇر چاچلىرى ئاستىدىكى كەڭ پېشانىسىنى كۆزىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدىم. ئۇ ئىنتايىن ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى. بىراق بۇنداق نۇتۇقلار ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسىگە ماس كەلمەيۋاتقاندەك، قول سىلكىپ سۆزلەش ئادىتى ئۇنىڭغا ياراشمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— مەن ئىرانغا بېرىپ باقمىغان بولسامۇ، ئۇ يەرگە ھەۋەس قىلىمەن. ئەسلىدىنمۇ مەن جاھانكەزدى ئەمەس. بىر نەچچە قېتىم قوغلاندى ياكى سۈرگۈن قىلىنغان بولسامۇ، فرانسىيەدىن كۆڭلۈم قالمىغان، لېكىن زامان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ئەمدىلىكتە بىزنى بىپەرۋا قالدۇرمايۋاتىدۇ. ئەگەر مەن بۈگۈن ئاتمىش ئەمەس، يىگىرمە ياشتا بولغىنىمدا، ھېچ ئىككىلەنمەستىن شەرقنىڭ تىلسىملىق قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتاتتىم. بولۇپمۇ، ئىسمىم ئۆمەر بولغىنىدا، بۇ ئىشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغان بولاتتىم.

مەن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ھەييامغا قىزىقماي قالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇم. پىكرىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رۇبائىيلارنىڭ ئەسلىيسىگە قارىغاندا ساختىسىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىيلىرىنى ئېنىقلاشتا ئاساس بولىدىغان نۇسخىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەتتىم. گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، توساتتىن ئۇنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. شۇندا، ئۇنىڭ نېمىگە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى، گەپلىرىمنىڭ ئۇنى نېمە ئۈچۈن روھلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ئىچىم سىقىلدى،

بۇ كەيپىياتىمنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گېپىمنى تۇگەتتىم - دە، جىم بولۇپ قالدىم.

روشېفورت كۆلۈمسىرىگىنىچە سورىدى:

— ئەگەر رۇبائىيلارنىڭ قول يازمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەندۈرەلىسەم، ھەييامغا بولغان قىزىقىشىڭ قايتا قوزغىلامدۇ؟

— ئەلۋەتتە! — دېدىم مەن ئۇنى ئىشەندۈرۈپ.

— ئەمىسە ئاڭلا! ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى پارىژدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قولۇم بىلەن ۋاراقلىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

راستىنى ئېيتسام، بۇ يېقىملىق مېنى روشېفورت ئويلىغاندەك ھەيرەتكە سالمىدى ھەم سۆيۈندۈرمىدى. چۈنكى، شۇنچە زامانلار ئىلگىرىكى قول يازمىنىڭ ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم. ئېھتىمال ئۇ ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ ۋاراقلىغان كىتاب كېيىنكى دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن بىرەر نۇسخىسىدۇر؟ بەلكىم ئۇ پارس تىلىنى بىلمىگەچكە ئاداشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن! قول يازما قانداق قىلىپ پارىژغا كېلىپ قالغان؟ ئەجەبا بۇنىڭدىن بىرەر شەرقشۇناسنىڭمۇ خەۋىرى بولمىسا؟

مەن گۇمانلىرىمنى ئوچۇق - ئاشكارا، خۇشپېئىللىق بىلەن بايان قىلدىم، گۇمانلىرىم سۆھبەتدىشىمنى يەنىمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ مېنى ئىشەندۇرۇشكە كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ بۇ گەپكە ئىشىنىشتە ئاساسلىنىشقا كېرەكلىك ئىسپاتنىڭ بولۇشىنى كۈتەتتىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە، خاتىرجەملىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئاجايىپ بىر ئىنسان بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولغان. ئۇ پولاتتەك ئىرادىسى، جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە شۈبھەسىز تارىختا نامى قالىدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن ئىدى. تۈرك سۇلتانى ئۇنىڭدىن قورققاچقا ئۇنىڭغا ھەرخىل ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. ئىران شاھى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسا ۋەھىمىدىن دىر - دىر تىترەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بۇ كىشى بىر كۈنى قانداقتۇر بىر يىغىلىشتا ئەڭ مۆتىۋەر دىن پېشىۋالىرىنىڭ ھۇزۇرىدا: «پەيلاسوپلۇق پەيغەم-

بەرلىكتەك زۆرۈر كەسىپ» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئىستانبۇلدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى شەيخ جامالىددىن. بەلكىم سەن ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

مەن يەلكەمنى قىسىپ، ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىمنى ئىپادىلىدىم.

— مىسىرلىقلار ئەنگلىيەگە قارشى كۆرەشكە ئاتلانغاندا، — داۋاملاشتۇردى روشېفورت، — دەل شۇ ئادەمنىڭ پىكرىدىن روھلانغان ئىدى. نىل ۋادىسىنىڭ پۈتكۈل دانىشمەنلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ نامى چۈشمەيتتى، ئۇنى «ئۇستاز» دەپ ھۆرمەتلەيتتى. ئەسلىدە ئۇ مىسىرلىق ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇ مەملىكەتكە پەقەت بىر قېتىملا بارغان. ئۇ ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىنغاچقا، ئۇ يەردىمۇ كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ تەسىرىدە ئىنقىلابىي گېزىتلەر نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، تۈرلۈك جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. ھىندىستان شاھىمۇ بۇ ھالدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئۇنى مەملىكەتتىن قوغلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ياۋروپاغا بېرىپ ئورۇنلاشتى ۋە دەسلەپ لوندوندا، كېيىن پارىژدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مۇرەككەپ سىياسىي ھەرىكەتكە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇ «بويىسۇنماس» گېزىتى بىلەنمۇ ئىنچىل ھەمكارلاشتى. بىز بۇ باھانىدە پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ھىندى مۇسۇلمانلىرى، مىسىرلىق يەھۇدىيلار، سۈرىيەلىك مارونىتلارمۇ بار ئىدى. بىلىشىمچە، مەن ئۇنىڭ فرانسۇزلار ئارىسىدىكى ئەڭ يېقىن دوستى ئىدىم. ئۇنى ئەڭ مەشھۇر سىياسىيونلاردىن ئېرنىست رېنان ۋە جورج كلېمانسو، ئىنگلىز سىياسىيونلىرىدىن لورد سالىسبيۇرى، راندولف شۆرشىل، ۋىلفرىد بلۇنتلارمۇ ياخشى تونۇيتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇ ھەقتىكى پۈتكۈل مەلۇماتلارنى يىغىشقا باشلىدىم.

روشېفورت تارتمىسىدىن ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«ماڭا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلاھاتچى ۋە ئىنقىلابچىلار سۈپىتىدە ئەلگە تونۇلغان، شەيخ جامالىددىن ئىسمىلىك سۈرگۈن قىلىنغان بىر كىشىنى تونۇشتۇردى. قارا، تەمكىن ۋە يالقۇنلۇق كۆزلىرى، مەيدىسىگە چۈشكەن ساقاللىرى ئۇنىڭغا سالاپەت ۋە ئالىيجانابلىق بېغىشلىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن ئىدى. ئۇ فرانسۇز تىلىدا قىيىنىلىپ سۆزلىشەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ناھايىتى مەدەنىيەتلىكلىكى بۇ كەمچىلىكلىرىنى يۇيۇپ كېتەتتى. قىياپىتىنىڭ تېتىك ۋە مۇلايىملىقى ئۇنىڭ چارچاشنى بىلمەيدىغان پائالىيەتچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بەك يېقىنلىشىپ كەتتۇق. چۈنكى مەنمۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ھەقىقىي ئىنقىلابچى ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم ئىدى».

روشېفورت ۋاراقلارنى يىغىشتۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— جامالىددىن مادلېن مەيدانى يېنىدا، سىز كوچىسىدىكى مېھمانخانىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى كىچىك بىر ئۆيدە تۇراتتى. مانا شۇ كىچىككىنە ئۆي ئۇنىڭغا گېزىت نەشر قىلىپ، ئۇلارنى خالتىلارغا قاچىلاپ، ھىندىستان ياكى ئەرەبىستانغا ئەۋەتىشكە يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر قېتىملا كىرىشكە ۋە بۇ ئۆينىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولغان ئەدىم. بىز بىرسىنىڭ ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىنغان، مەن ئۇنى بىرگە ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇللا كىرىۋەردىم. ئۆيدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان گېزىتلەر، ھەتتا كارىۋات ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان ماتېرىياللار، تورۇسقىچە تاقاشقان كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن مېڭىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە نەپەسنى قىسىدىغان دەرىجىدە بەتبۇي تاماكا ھىدى بار ئىدى.

روشېفورت جامالىددىن توغرىسىدا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تاماكىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى ھەققىدە

سۆزلىگەندە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان ھاۋانا تاماكىسىنى ئۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. روشىفورت مىيىقىدا كۈلۈپ، ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ ئۆي ئىچى مۇنداق قالايمىقان چاغدا مېنى كۈتۈۋالغانلىقى ئۈچۈن مەندىن ئۆزرە سورىدى ۋە ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان قىممەت باھالىق كىتابلارنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇقاۋىسىغا ھەل بېرىلگەن ۋە قەدىمىي قىستۇرما رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن ئۆمەر ھەييامنىڭ كىتابى دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ ماڭا بۇ كىتابنىڭ «سەمەرقەنت قول يازمىسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، كىتابتىكى رۇبائىيلار ۋە ھەر قايسى بەتنىڭ ھاشىيەلىرىگە يېزىلغان يىلنامىلەرنى شائىرنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغانلىقىنى ۋە بۇ قىممەت باھالىق تەۋەررۈك ئەسەرنىڭ قانداقلارچە ئۆزىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— يا رەببىم! — دەۋەتتىم مەن ئىنگلىز تىلىدا، ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تاغام ھېنرى مەغرۇر كۈلدى. ئۇ ئەمدى مەندىكى بىپەرۋالىق، ئىشەنچسىزلىكنىڭ پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقىنى، ھەر بىر سۆزىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىمنى سەزدى ۋە غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشكە ئالدىرىدى:

— كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شۇ ۋاقىتتا جامالىددىن ماڭا بۇ كىتاب توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېگىنىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان ئىدىم، — دېدى ئۇ جىددىيلىك بىلەن، — شۇ كەچ بىز تولىراق سۇدان ھەققىدە گەپلەشتۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قول يازمىنى قايتا كۆرمىدىم، ھەم سۈرۈشتۈرمىدىم. لېكىن مەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرەلمەيمەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ يەنە يوقىلىپ كەتكەنمىدۇ، دەپ قورقىمەن، چۈنكى جامالىددىن توپلىغان بارلىق نەرسىلەر يوقاپ كەتكەن، يىرتىپ تاشلانغان ياكى يوق قىلىنغان.

— ھەييامنىڭ قول يازمىسىمۇ شۇنداق بولغانمىدۇ؟
روشېفورت سوئالىمغا جاۋاب بەرمەستىن، ماڭا ئەپسۇسلانغاندەك تىكىلىپ قاردى ۋە يەنە سۆزلەشتىن ئاۋۋال قولىدىكى ۋاراقلارغا بىر قارىۋالدى:
— 1889 - يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىران شاھى، جامالىددىنغا «ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى غەيرىي دىندىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئورنىغا ئىرانغا قايتىش»نى ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى مەرتىۋە بېرىشنى ۋەدە قىلدى. بىراق جامالىددىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەزى شەرتلىرىنى قويدى: ئەگەر مەملىكەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئاساسىي قانۇن يۈرگۈزۈلسە، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈش چارىلىرى كۆرۈلسە ۋە باشقا بارلىق مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەردىكىدەك، ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى تەن ئېلىنسا، چەت ئەللىكلەرگە سېتىلغان بارچە مۈلۈكلەر ھەققىدىكى تەڭ ھوقۇقسىز قانۇن - قائىدىلەر بىكار قىلىنسا ئاندىن ئىرانغا قايتىش مۇمكىنلىكىنى مەلۇم قىلدى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تىلغا ئېلىنغان پۈتكۈل مەسىلىلەر بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان فرانسىيە تەنقىدچىلىرىگە ئۈزلۈكسىز ئىلھام بېرىپ تۇرغان ماۋزۇلار ئىدى. جۈملىدىن، يول قۇرۇلۇشىنى تىزگىنلىۋالغان رۇسلار ئەمدى ئىراندا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى تەشكىللەشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار تەشكىل قىلغان كازاكلار كورپۇسى پارس قوشۇنلىرىدىكى ئەڭ مۇكەممەل قوراللانغان ھەربىي كۈچ بولۇپ، بىۋاسىتە رۇس ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئىنگلىزلار بىر نەچچە تونىنا ئاشلىق بەدىلىگە بۇ مەملىكەتتىكى يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىۋېلىش، ئورمان سانائىتىدىن پايدىلىنىش ھەم بانكا سىستېمىسىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىمتىيازلارنى قولغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئاۋستىرىيىلىكلەر مەملىكەتتىكى نەرسە - كېرەك يەتكۈزۈش - توشۇش پوچتا خىزمىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. جامالىددىن شاھتىن ئۆز ئىمتىيازلىرىدىن ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان

ھەمكارلىقىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئۆز تەكلىپىگە كۆندۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. شاھ ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتكۈل تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا ۋە مەملىكەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە بەردى.

شۇنداق قىلىپ شەيخ جامالىددىن شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىراندا تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىندى. دەسلەپكى كۈنلەردە شاھ ئۇنىڭغا كاتتا ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى، ھەتتا ئۇنى ھەرەمخانىسىدىكى ئاياللار بىلەنمۇ تونۇشتۇرۇپ قويدى، بىراق ئىسلاھاتلار تېخىچە باشلانمايۋاتاتتى. ئۆلىمالار شاھقا، ئاساسىي قانۇننىڭ قوبۇل قىلىنىشى، «خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان شەرىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكى»نى، ئەگەر ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدە قانۇن چىقىرىلسا، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ شاھلىق ئابرۇيى – ئېتىبارىنى يوق قىلىدىغانلىقىنى ۋە شاھنى لىيۇدۋىك XVI نىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش كۈنگە قالدۇرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. ئۇلار يەنە، چەت ئەل مونوپولىلىرىغا چەك قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ كىرگۈزۈش زۆرۈر، چۈنكى شاھ ۋە مەملىكەت سەرمايىگە موھتاج، دەپ قاراشتى.

شۇنداق قىلىپ، شاھ مەملىكەتنىڭ تاماكا ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى ئىنگلىزلارغا 15مىڭ فوند ستىرلىڭغا سېتىپ بەردى. شەرتنامىگە بىنائەن تاماكا سانائىتىنىڭ ئېكسپورتى ۋە ئىمپورتى ئىنگلىزلارغا ئۆتۈپ كەتتى. كۆپ قىسىم ئەر – ئاياللار ۋە بالىلار تاماكا ياكى چىلىم چېكىشكە ئادەتلەنگەن بۇ مەملىكەتتە تاماكا سودىسى ئىنگلىزلارغا ناھايىتى كۆپ پايدا كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

تېھراندا بۇ قارار قوبۇل قىلىنىشى بىلەنلا، مەملىكەتتىكى سولچىل گېزىتلاردا ھەرخىل مەزمۇندىكى نارازىلىق ماقالىلىرى كۆپىيىپ، ئۇلار شاھنى ئەقلى – ھوشىنى يىغىۋېلىشقا چاقىردى. بۇنداق گېزىتلاردىن بىرى شاھقا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى چوقۇم شەيخ جامالىددىن بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىندى. بۇنىڭدىن غەزىپى ئۆرلىگەن جامالىددىن دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈ-

زوپ، تېھران ئەتراپىدىكى كونا قەبرىستانلاردىن بىرىگە بېرىپ، خىلۋەتتە ئولتۇردى. بۇ ئىراندا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دىنىي ئادەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئۆز ئەركى ۋە ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق يول تۇتۇشاتتى ۋە ئۇلار دەخلىسىز ھېسابلىناتتى. جامالىددىننىڭ بۇ ئىش - ھەرىكىتى ئۇنى قوللايدىغانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئىراننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن سەۋر قاچىسى تولغان شاھ ئۇنى مەملىكەتتىن ھەيدەپ چىقىرىشقا بۇيرۇدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: بۇ قارارغا كېلىشتە شاھ خېلى ئۇزۇنغىچە ئىككىلەنگەن. بىراق ئۇنىڭ ياۋروپاچە تەلىم ئالغان ۋەزىرى ئۇنى، «پەيلاسوپلا ئەمەس، يەنە دەھرىي بولغان جامالىددىننىڭ خىلۋەتكە چېكىنىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشىغا ھەققى يوق»لىقىغا ئىشەندۇردى. شۇنداق قىلىپ، تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر خىلۋەت خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، نۇرغۇنلىغان زىيارەتچىلەر ئارىسىدىن زوراۋانلىق بىلەن يول ئېچىپ، جامالىددىننى ھۇجرىدىن ئېلىپ چىقتى. يېرىم يالىڭاچ ھالدا قولغا ئېلىنغان شەيخ جامالىددىن مەملىكەتتىن ھەيدەلدى. ئۇنىڭ تەئەللۇقاتىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئەسكەرلەر تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىندى. شۇ كۈنى «سەمەرقەنت قول يازمىسى»مۇ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى.

روشېفورت بۇ گەپلەرنى ئېيتىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تامغا يۆلەنگىنىچە كۆچلۈك قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— ئۇ تىرىك قالدى، بىراق ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. نۇرغۇنلىغان تاۋاپچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ھەر بىر سۆزىگە زار بولۇپ تۇرغان مۇرىتلىرى ئالدىدا ھاقارەتلەنگەنلىكى ئۇنىڭغا ھار كەلدى. بۇنىڭدىن شۇنداق مۇھىم بىر خۇلاسىگە كەلدىكى: بىر ئۆمۈر جاھالەتپەرەسلىككە قارشى كۆرەش قىلغان، مىسىر، فرانسىيە، تۈركىيىدە سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولغان بۇ ئىنسان، كېيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماستىن ئاجايىپ بىر سىياسەتكە قول تىقتى. ئۇ شاھنى تەختتىن ئۆرۈۋېتىش نىيىتىدە ھەرقانداق ۋاسى-تىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى.

دەسلەپتە ئۇ ئىراندىكى ئالىي مەرتىۋىلىك ئۆلىمالارغا ئۆزۆز-دىن - ئۆزۆن مەكتۇپ يېزىپ، ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنلىرىنى غەيرىي دىندىكىلەرگە ئەرزانلا سېتىپ بېرىۋاتقان شاھقا ئۆز ئابرۇيى - ئىناۋىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشنى، ئۇ-نى بۇنداق ناتوغرا يولدىن قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ غوۋ-غالارنىڭ داۋامىنى گېزىتلاردىن سەن بىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن.

ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شىئەلەرنىڭ يول-باشچىسى جامالىددىننىڭ مەكتۇپىدىن تەسىرلىنىپ، ئاجايىپ بىر بايانات ئېلان قىلغان، ئۇنىڭدا: «ئەگەر كىمكى تاماكا چەكسە، خۇدا تەرىپىدىن بىزگە ئەۋەتىلىدىغان يېڭى ئىمامغا قارشى ئىسيان كۆ-تۈرگەن بولىدۇ» دېيىلگەن. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ دەۋەتنى ئاڭلىغان پۈتكۈل شىئەلەر تاماكا چەكمەيدىغان بولدى. چى-لىملار، ئېسىل غاڭزىلار بىر جايغا يىغدۇرۇلۇپ، سۇندۇرۇلۇپ كۆيدۇرۇلدى. تاماكا دۇكانلىرى ئارقا - ئارقىدىن تاقىلىشقا باشلى-دى، ھەتتا شاھنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى ئاياللارمۇ بۇ چەكلىمىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. شاھ ئۆزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقى-تىپ قويدى. ئۇ دىنىي ئۆلىمالارغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى «مەس-ئۇلىيەتنى بايقىماسلىقتا، تاماكا چېكىشنى چەكلەشنىڭ — مۇ-سۇلمانلارنىڭ سالامەتلىكىگە جىددىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكتە» ئەيىبلىدى. بىراق، تاماكا چېكىشكە قارشى ھەرىكەت جىددىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى. تېھران، تەبرىز ۋە ئىسپاھاندا شاۋقۇن - سۈرەنلىك نامايىشلار يۈز بەردى. مەقسەت، تاماكا سانا-ئىتىدە چەت ئەلنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا خاتىمە بېرىش ئىدى.

— بۇ ۋاقىتتا، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى روشېفورت، — جامالىددىن يەنە ئەنگلىيىگە كەلگەن ئىدى. بىز بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتۇق، راسا مۇنازىرىلەشتۇق. بۇ

قېتىم ئۇ ماڭا مەسىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ يىپ ئۇچىنى پۇتۇنلەي يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك تەسىر بەردى. ئۇ تىنماستىن «شاھنى تەختىدىن چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك» دەپ تەكرارلايتتى. ھاقارەتلەنگەن، روھى چۈشۈپ كەتكەن بۇ ئادەم ئەمدى پەقەت قىساس ئېلىش نىيىتى بىلەنلا ياشايتتى. ئۇنى تەقىپ قىلىپ ھارمايۋاتقان شاھ ئەنگلىيەگە ئاچچىقلىنىپ تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىدى:

«بىز بۇ ئادەمنى ئەنگلىيەنىڭ مەنپەئىتىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ لوندوندا پاناھلىق تاپقانلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟»

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شاھقا بۈيۈك برىتانىيىنىڭ ئەركىن مەملىكەت ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ يەردە ئەركىن پىكىر قىلغان ھەر قانداق شەخسنىڭ قانۇن تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، رەسمىي جاۋاب خەت ئەۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئامال بار جامالىددىننىڭ پائالىيىتىنى چەكلەشكە ماس كېلىدىغان چارە - تەدبىرلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا ۋە ئۇنى بۇ يەردىن تېزراق كېتىشكە مەجبۇر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جامالىددىن قەلبى دەرد - ئەلەمگە لىق تولغان ھالدا ئىستانبۇلغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئۇ ھازىر شۇ يەردىمۇ؟

— ھەئە، ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي روھى چۈشۈپ كەتكەن. تۈركىيە سۇلتانى ئۇنىڭغا كاتتا تۇرار جاي بەرگەنمىش. شەيخ ئۇ يەردە دوستلىرىنى، شاگىرتلىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىكەن. بىراق، ئۇنىڭ مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىشى چەكلەنگەن بولۇپ، يوشۇرۇن نازارەت ئاستىدا ياشاۋېتىپتۇ.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

باش ۋەزىر تۇرالغۇسىنىڭ يېنىدىكى يولتۇز توپىلىكى ئۈس-
تىگە ياغاچ ۋە مەرمەردىن قۇرۇلغان بۇ ھەشەمەتلىك قەسىر ئەمدى-
لىكتە جامالىددىن ئۈچۈن « ۋاقىتلىق زىندان»بولۇپ قالغان ئىدى،
ئۇ قېچىپ كېتەلمەيدىغان بۇ «زىندان»نىڭ ئىشىكلىرى دائىم ئو-
چۇق تۇراتتى، «مەھبۇس»قا بولسا، سۇلتان ئاشخانىسىدا پىشۇرۇل-
غان ئىسسىق تائاملار كەلتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە كېلىپ-
كەتكۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئۇلار قەسىرنى ئايلاندۇرۇپ
ئورنىتىلغان پەنجىرە تاملار ئارقىلىق مەخسۇس ئىشىكتىن كە-
رىپ، بوسۇغىدا كەشلىرىنى سېلىپ ئىچكىرىگە كىرەلەيتتى.
ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بىر ھۇجرىدىن ئىران ۋە ئىران شاھىغا لەنەت
ياغدۇرۇپ، غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتقان جامالىددىننىڭ ئاۋازى ئاڭ-
لىناتتى.

ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى ئىزدەپ، ئۈچ دۆلەت ھالقىپ، 70
سائەتلەپ پويىزدا يول يۈرۈپ كېلىشىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بېشىم-
دىكى كىچىك شىلەپەم، چەت ئەللىككە خاس كىچىك قەدەملەر بى-
لەن مېڭىشىم، تەشۋىشلىرىم — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا
خۇددى باللارچە ئىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئېھتىمال، مېنىڭ ئەن-
دىشىلىرىم، ھەتتا ئۆمەر ھەييامنىڭ قول يازمىسىمۇ بۇ مالىمان
شەرقتە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي نەرسىلەردۇر؟

ئىشىك ئالدىدا مېنى خىزمەتكار كۈتۈۋالدى. ئۇ تۈركلەرنىڭ
ئادىتى بويىچە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، فرانسۇز تىلىدا «خۇش كە-
لىسىز» دېدى ۋە مەندىن گەپمۇ سورىماي ئىچكىرىگە باشلىدى. چۈن-
كى ئادەملەر بۇ يەرگە پەقەت بىرلا مەقسەتتە، ئۇستازنى زىيارەت

قىلىش، ئۇنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاش ياكى ئۇنى تىڭ - تىڭلاش ئۇچۇنلا كېلىشەتتى. خىزمەتكار مېنى ئازادە مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى ۋە شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئۇ يەردە بىر ئايالىنىڭمۇ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا قارىماي دەپ كۆزلىرىمنى يەرگە تىكتىم. چۈنكى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا ئاياللارغا يېقىنلاشماسلىق، ئۇچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ قارىماسلىق ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن شىلەپەمنى بېشىمدىن ئېلىپلا، يەڭگىل تەزىم قىلىپ سالاملاشتىم. ئايال ئولتۇرغان جاينىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان ئىنگلىز پاسونىدىكى كرېلوغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئولتۇرۇۋېلىپ يەرگە سېلىنغان گىلەملەرنىڭ نەقىشلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. كۆزلىرىم ئاستا - ئاستا ئايالنىڭ ئايىغىغا، كېيىن ئۇنىڭ ئالتۇن جىيەكلىك ھاۋا رەڭ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىگە، يۈزىنى يېپىپ تۇرغان نېپىز يىپەك چۈمبىلىگە كۆتۈرۈلدى. توساتتىن ئۇنىڭ يىپەك تور چۈمبەل ئىچىدىكى شەھلا كۆزلىرىنىڭمۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى، كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن بىر دەقىقە كۆزلىرىمنى يەرگە تەكىپ، يەنە گىلەم نەقىشلىرىنى، مەرمەر پول بېزەكلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدىم. بېزەكلەرگە قادالغان كۆزۈم سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان كۆپۈكتەك يەنە ئۇنىڭ چېھرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ بېشىدا دائىم يات كۆزدىن ئاسرىغۇچى نېپىز يىپەك چۈمبەل بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر مەندەك چەت ئەللىك ناتونۇش ئەرنىڭ ئالدىدا جامالىنى يوشۇرمايۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا سۈزۈك بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى يان تەرەپتىن كۆرۈشۈمگە ئىمكان بېرىپ، يىراقلارغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئەگەر سېھىر - جادۇنىڭ، لاتاپەتنىڭ شولىسى بولسا، بۇ شولا، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ چېھرىدىن تاماتتى. بۇنداق گۈزەللىك ۋە لاتاپەتنى كۆرۈپ، ھوشۇمدىن ئېزىشقا تاس قالدىم. ماڭا گويا گۈزەللىك ۋە بەخت مەبۇدىسى ئۇچرىغاندەك، ھاياجاندا يۈزلىرىم تەرلەپ، قوللىرىمنىڭ مۇزلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئاھ

تەگرىم! تونجى ئۇچراتقان شەرقلىق ئايال بۇقەدەر گۈزەل ۋە لاتاپەت-
لىك بولسا ـ ھە! شائىرلارنى مەپتۇن قىلىپ كۆيلەتكەن، ماھتا-
بان، سۇمبۇل چاچ، كۆزلىرىدىن نۇر تۆكۈلىدىغان، سەرۋى قامەت،
تەبەسسۇمى بەئەينى شارابتەك كىشىنى مەست قىلىدىغان شەرق
گۈزەللىرى مۇشۇنداق بولامدىكىن؟ ئۇنىڭغا گەپ قىلساممىكىن؟
لېكىن مېھمانخانىنىڭ بۇ بۇرجىكىدە تۇرۇپ ئۇ تەرەپتە تۇرغان ئا-
يالغا گەپ قىلىش ھاماقەتلىك بولماسمۇ؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ
يېنىغا بارسامچۇ؟ ئۇنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ
چىرايىدىكى تەبەسسۇمىنىڭ يوقىلىشىنى ۋە غەزەپ بىلەن تور
چۇمبىلىنى چۇشۇرۇۋېلىشىنى تاماشا قىلساممىكىن؟

كۆزلىرىمىز يەنە تاسادىپىي توقۇنۇشتى ۋە خۇددى ئويند-
شىۋاتقاندەك ھەر ئىككىمىز كۆزىمىزنى ئېلىپ قاچتۇق. بىزنىڭ
بۇ ئويۇنىمىزنى خىزمەتكارنىڭ كىرىپ قېلىشى بۇزدى. ئۇ ماڭا
چاي ۋە تاماكا سۇندى، ئايالغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە تۈرك تى-
لىدا نېمىلەرنىدۇر دېدى. شۇندا ئايال ئورنىدىن تۇردى، يۈزىگە تور
چۇمبىلىنى تارتىپ، قولىدىكى خۇرۇم سومكىسىنى خىزمەتكارغا
بېرىپ، ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى. بوسۇغىغا يەتكەندە، توختاپ ماڭا
قارىدى ۋە مەندىنمۇ ياخشى ھەم يېقىملىق فرانسۇزچە تەلەپپۇزدا
مۇراجىئەت قىلدى:

— كىم بىلىدۇ، يەنە ئۇچرىشىپ قالامدىمىز تېخى، ئامان بو-
لۇڭ!

يا خۇش مۇئامىلىگە، يا ۋەدىگە ئوخشىمايدىغان، ئويناق تەبەس-
سۇم بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ماڭا كىنايىدىن كۆرە دەۋەتتەك
ئاڭلاندى. ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىش-
قا، ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا ئۇ ئىشىك
ئالدىدا بىر پەس توختاپ، ماڭا خەيرخاھلىق نەزەرىدە تىكىلىپ
تۇردى. قېنى ئەمدى ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاغ-
زىمغا بىرەر گەپ كەلسە ـ ھە!

قىز ماڭا سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن قارىغىنىچە ئىچكىرىگە

كىرىپ كەتتى.

دېرىزە ئالدىدا تىك تۇرغىنىمچە ھويلىدىكى دەرەخلەر ئاستىدىن مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن پەيتۇننى ئىزدەۋاتقىنىمدا، كىمنىڭدۇر ئاۋازى خىياللىرىمنى بۇزدى:

— سىزنى ساقلىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىڭ.

بۇ كىشىنىڭ جامالىددىن ئىكەنلىكىنى سەزدىم. سول قولىدا ئۆچۈپ قالغان تاماكا بار ئىدى، داكا بىلەن تېڭىلغان ئوڭ قولىنى سوزۇپ، مەن بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشتى. ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشتىم.

— ئىسمىم بېنجامىن لېساج، ھۇزۇرىڭىزغا ھېنرى روشېفورتنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن كەلدىم. — شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا ھېنرى تاغامنىڭ تەۋسىيەنامىسىنى ئۇزاتتىم. بىراق ئۇ تەۋسىيەنامىنى ئېچىپمۇ كۆرمەستىن يانچۇقىغا سالدى ۋە قوللىرىنى كەڭ يايغىنىچە مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، پېشانەمگە سۆيدى.

— روشېفورتنىڭ دوستلىرى مېنىڭ دوستلىرىم، مەن ئۇلار بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن سۆھبەتلىشىمەن.

ئۇ مېنىڭ يەلكەمدىن قۇچاقلىغىنىچە ئۇستۇنكى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىدىغان ياغاچ پەلەمپەيگە باشلىدى.

— ئىشىنىمەنكى، دوستۇم ھېنرى ساق - سالامەت. ئۇنىڭ سۇرگۇندىن قايتىشىنىڭ ھەقىقىي غالىبانە بايرام بولغانلىقىدىن خەۋەردارمەن. كۇتۇۋېلىشقا چىققان پارىژلىقلار ئۇنىڭ نامىنى توۋلاپ ئالقىشلىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر بەختلىك ھېس قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى «بويسۇنماس»گېزىتىدىن ئوقۇغانىدىم. ئۇ ماڭا بۇ گېزىتنى ئىزچىل ئەۋەتىپ تۇردى، بىراق ئۇلار قولۇمغا بەكمۇ كېچىكىپ تەگدى. ئۇلارنى ئوقۇپ، پارىژ كوچىلىرىدىكى غالىبانە شاۋقۇن - سۈرەنلەرنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن.

جامالىددىن فرانسۇز تىلىدا قىينىلىپ، لېكىن توغرا سۆزلەيتتى، تاپالماي قالغان سۆزلىرىنى بەزىدە مەن تولۇقلاپ ئېيتىپ،

ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتىم. ئېيتقان گېپىم توغرا چىقسا، ئۇ ماڭا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر بىر جۈملىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خا- تىرىسىنى ئاختۇرغاندەك باشلىرىنى، ئېڭەكلىرىنى تۇتۇپ قوياتتى.

— مەن پارىژدا قاراڭغۇ بىر ئۆيدە ياشايتتىم. بىراق ئۇ يەردىن پۈتۈن دۇنيا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ مانا بۇ قەسىردىن يۈز ھەسسە كىچىك بولسىمۇ، ماڭا تار تۇيۇلمايتتى. مەن خەلقىمدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا ئىدىم، بىراق خەلقىمنىڭ كەلگۈسى ئۈ- چۈن بۇ يەردىكى ياكى ئىراندىكى ۋاقتىمغا قارىغاندا كۆپرەك ئىشلارنى قىلالايتتىم. ئاۋازىم ھەتتا جەزائىر ۋە كابۇلدىمۇ ئاڭلى- ناتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، پەقەت ھۇزۇرۇمغا كەلگەنلەرلا ئاڭلايدۇ. ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالىمەن، بو- لۇپمۇ، ئۇلار پارىژدىن كەلگەن بولسا.

— مەن ئەسلى پارىژلىق ئەمەس. ئانام فىرانسىيىلىك، ئۇنىڭ ئىسمى فىرانسۇزچە بولسىمۇ، مەن ئامېرىكىلىق، مارلېندا ياشاي- مەن.

بۇ گېپىم ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى- كى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— 1882 - يىلى ھىندىستاندىن سۈرگۈن قىلىنغىنىمدا، قوشما شتاتلارغا بېرىپ قالغان ئىدىم. شۇ چاغدا مەنمۇ ئامېرىكا پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن. ئېھتىمال، بۇ سىزگە كۈلكىلىك تۇيۇلار. ئەگەر مەن شۇنداق قىلسام، نۇرغۇن- لىغان قوللىغۇچىلىرىم بۇنىڭدىن ھەيران قالغان بولاتتى. سەييىد جامالىددىن، ئىسلام ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئالىمى، ئۇلۇغ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ داۋامچىسى ناسىرانىي دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئىش بولاتتى. لېكىن مەن بۇنىڭدىن قىلچىلىك خىجالەت ھېس قىلمىغان بولاتتىم. بىر ۋاقىتلاردا مەن بۇ ھەقتە دوستۇم ۋىلفورد بلۇنتقىمۇ سۆزلەپ بەر- گەن ئىدىم. مېنىڭ پاكىتىم ئاددىيلا: ئىسلام دەۋرىدە زۇلۇمدىن

خالىي بولغان بىرەر بۇلۇڭمۇ تاپالمىدىم. ئىراندا بىخەتەرلىكىمنى
تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كونا جاي — خىلۋەتكە چېكىن-
دىم، بىراق شاھ لەشكەرلىرى قەدىمىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئاياغ
ئاستى قىلىپ، سۆزۈمنى تىڭشاپ تۇرغان نۇرغۇن زىيارەتچىلەرنىڭ
كۆزى ئالدىدىلا ئابرويۇمنى يەرگە ئۇردى ۋە ھېچكىم بۇنداق
زوراۋانلىققا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ،
ئىراندا بىرەر مۇقەددەس يەر، ئۇنىۋېرسىتېت ياكى ئاددىي بىر ئۆي-
دىمۇ ئۆزۈمنى زۇلۇمدىن ھىمايە قىلىدىغان جاي قالمىدى.

ئۇ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان قولى بىلەن پەستىكى شىرە ئۈس-
تىگە قويۇلغان گلوبۇسنى سىلاپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۈركىيىدىكى ئەھۋالىم بۇنىڭدىنمۇ يامان. يەنە كېلىپ،
مېنى بۇ يەرگە سۇلتان ۋە خەلىپە ئابدۇلھەمىدلەر ئۆزى تەكلىپ
قىلغان ئىدىغۇ؟ ئۇ ئۆزى ئارقا - ئارقىدىن خەت ئەۋەتىپ، مېنى
كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلغان شاھتىن خاپا ئىكەن-
لىكىنى ئېيتمىغانمىدى؟ ئەمدى ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى دەپ،
ئۆزۈمنى خاتىرجەم قىلىشىم مۇمكىن:

— ئەگەر سىلەر پۈتۈن مەملىكەتنى زىندانغا ئايلاندۇرىۋەتمە-
گەن بولساڭلار، ماڭا ئوخشاش ئەركىن پىكىرلىك كىشىلەر ياۋرو-
پادىن پاناھلىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولمايتتى. بىراق مەن ماغدۇ-
رۇمدىن كەتتىم ۋە بىر قېتىم ئالداندىم. مانا، مەن ھازىر ئىستان-
بۇلدا، سىز ئەھۋالىمنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز. مېھ-
ماندارچىلىق ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىۋاتقان بۇ يې-
رىم ساراڭ سۇلتان مېنى مۇشۇ جايدا مەھبۇس سۈپىتىدە تۇتۇپ
تۇرىۋاتىدۇ. يېقىندا مەن ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن مەكتۇپتا: «ئەگەر سىز-
نىڭ مېھمىنىڭىز بولسام، بۇ يەردىن كېتىشىمگە ئىجازەت بېرىڭ.
ناۋادا ئەسىرىڭىز بولسام، پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ زىندانغا
تاشلاڭ!» دەپ مۇراجىئەت قىلدىم. بىراق ئۇ ماڭا جاۋاب يېزىشنىمۇ
خالىمىدى. ئەگەر مەن قوشما شتاتلارنىڭ، فرانسىيە، ئاۋستى-
رىيە - ۋېنگرىيە، روسىيە ياكى ئەنگلىيىنىڭ پۇقرالىقىنى قوبۇل

قىلغان بولسام، شۇ مەملىكەتنىڭ ئەلچىسى سۇلتانىنىڭ باش ۋەزىرى ھۇزۇرىغا ئىجازەت سوراپمۇ ئولتۇرماستىن كىرىپ، يېرىم سائەت ئىچىدىلا مېنى ئازاد قىلىشقا مۇيەسسەر بولاتتى. بىراق مەن سىز-گە تەكىتلىگىنىمدەك، بىز، بۇ ئەسىرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئۆز ئەر-كىمىزنى يوقىتىپ قويغان بىچارە بەندىلەرمىز.

ئۇ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى ۋە قوشۇپ قويدى:

— مەن ھازىر سىزگە ئېيتقان پۈتكۈل گەپلەرنى گېزىتىڭىز-غا بېسىشىڭىز مۇمكىن. پەقەت سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى يېرىم ساراڭ دېگەن سۆزنى ئالماڭ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ قەسىردىن ھا-مان چىقىپ كېتىشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم. لېكىن بۇ ھازىرچە پەقەت ئارزۇ ۋە خىيال، خالاس. چۈنكى تەلتۆكۈس ئالجىغان، ۋەھ-شىي جىنايەتچى، ئىنتايىن گۇمانخور، پەقەت مۇنەججىملىرىنىڭ بېشارەتلىرىدىن باشقىغا ئىشەنمەي ياشاۋاتقان بۇ سۇلتانىنىڭ قەپە-سىدە ياشاش جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ.

— ماڭا ئىشىنىڭ، بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يېزىش نىيىتىمدە ئەمەسمەن. سىزگە ئۆزۈمنىڭ ژۇرنالىست ئەمەسلىكىنى ئېيتىشىم لازىم. جانابىي روشېفورت بوۋامنىڭ تاغىسى، ھۇزۇرىڭىزغا ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن كەلدىم. مەقسىتىم سىز ياكى ئىران توغرىسىدا ماقالە يېزىش ئەمەس.

كېيىن ئۇنىڭغا ھەييامنىڭ قول يازمىسىغا بولغان قىزىقىد-شىم، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ۋاراقلاشقا، مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىم ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ سۆزلە-رىمنى مەمنۇنىيەت ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

— مېنى چۈشكۈن كەيپىياتتىن بىر دەقىقە بولسىمۇ خالاس قىلغىنىڭىز ئۈچۈن سىزدىن مىننەتدارمەن. سىز قىزىقىۋاتقان ماۋزۇ مېنىمۇ ھەر دائىم ھاياجانغا سالىدۇ. جاناب نىكولا تەرجىمە-سىدىكى «رۇبائىيلار»نىڭ سۆز بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ دوست: نىزامۇل مۇلك، ھەسەن سەبباھ ۋە ئۆمەر ھەييام توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئۇقۇغانمىدىڭىز؟ ئۇلار ھەر جەھەتتىن بىر - بىرىدىن

پەرقلىنىدىغان بۈيۈك كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان پارسلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بەزىدە بۇ ئۈچ كىشىنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي ئۆزۈمدە باردەك ھېس قىلىمەن. خۇددى نىزامۇل مۇلكتەك قۇدرەتلىك مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرغۇم كېلىدۇ. گەرچە دۆلەتنى نان قېپى تۈرك سۇلتانى باشقۇرسىمۇ، يەنە شۇنداق دۆلەت قۇرۇش پىكرى خىيالىمدىن كەتمىدى. يەنە بەزىدە، گويا ھەسەن سەبباھتەك پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى لەرزىگە سالىدىغان، ئۆلۈمگە باتۇر شاگىرتلىرىمنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى، كېيىن نېمىشقىدۇر خىيالىدىن ۋاز كەچكەندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بەئەينى ھەييامغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى قىممەتلىك خۇشاللىقلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرىمەن ۋە شاراب، ساقىي، گۈزەل يار ھەققىدە شېئىرلارنى يازىمەن. خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا رىياكار، ساختا دىندارلاردىن نەپرەتلىنىمەن. كۆڭلۈمدە ھەييامنىڭ: «گۈزەل زېمىندا بىر كىشى كېتىۋاتىدۇ. ئۇ باي - بەدۆلەتمۇ، كەمبەغەلمۇ، خۇداگۈي ياكى دەھرىيمۇ ئەمەس. ئۇ ھېچقانداق ھەقىقەتكە خۇشامەت قىلمايدۇ، ھېچقانداق قانۇنلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ... ياپيېشىل زېمىن ئۈستىدە بىر ئىنسان كېتىپ بارىدۇ. بۇ جەسۇر، بىراق غەمكىن ئادەم كىمكىن؟» دېگەن مەنىدىكى بىر نەچچە رۇبائىيسى ئۆزى ۋە ماڭا ئاتاپ يېزىلغاندەكلا بىلىنىدۇ.

ئۇ رۇبائىينى ئوقۇپ بولۇپ، تاماكىسىنى قايتا تۇتاشتۇردى ۋە چوڭقۇر ئۇيغا پاتتى. تاماكىدىن چاچراپ چىققان كىچىككىنە بىر ئۇچقۇن بېرىپ ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۈستىگە قوندى، ئۇ ئادەتلەنگەن ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى قېقىپ چۈشۈرۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوچۇقنى ئېيتقاندا، كىچىكىمدىن تارتىپ ھەييامنى شائىر ۋە ئەركىن پىكىرلىك پەيلاسوپ سۈپىتىدە ياخشى كۆرىمەن.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تونۇلغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. رۇبائىيلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى، يەنى ھەييامنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان قول يازمىسى قولۇمغا چۈشكەندە، ئۆزۈمنى قانچىلىك بەختلىك ھېس قىلغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

— بۇ قاچان بولغان ئىش ئىدى؟

— كىتاب ماڭا بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن ھىندىستاندا ياش بىر پارس يىگىت تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمۇ شۇ مەقسەتتە ئالدىمغا كەپتىكەن. ئۇ ئۆزىنى «كىرمان شەھىرىدە تۇغۇلغان مىرزا رىزا بولىمەن، تېھراندىكى سابىق سودىگەر ۋە سىزنىڭ سادىق قۇلىڭىز» دەپ تونۇشتۇردى. مەن كۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭدىن «سابىق سودىگەر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كونا كىيىملەرنى ساتىدىغان دۇكان ئاچقان دەسلەپكى كۈنلىرىدە شاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى كېلىپ، ئون بىر مىڭ تۈمەنلىك، يەنى مىڭ دوللارلىق شايى رومال ۋە يۇڭ كىيىملەرنى سېتىۋاپتۇ. سودىلاشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى مىرزا رىزا ساتقان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى سوراپ بارغاندا، شاھزادە ئۇنىڭغا، ئەگەر يەنە پۇل سوراپ كېلىدىغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن مېنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇ چاغلاردا مەن كالكۇتتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم.

— مەن جەبىر - زۇلۇم ھۆكۈم سۈرگەن مەملىكەتتە ھالال مېھنەت بىلەن كۈن كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. دۆلەتتە ئادالەت ئورنىتىلىشىنىڭ بىرىنچى ئاملى ئاساسىي قانۇننىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟ ئەمدى مېنى بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ سادىق شاگىرتى ھېسابلاڭ. دۇكىنىمنى تاقاپ، ئائىلە ۋە مال - مۈلكىمنى تاشلاپ، ئىشىڭىزغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن يېنىڭىزغا

كەلدىم. قېنى بۇيرۇڭ، نېمە ئىش قىلىمەن؟ ھەر بىر تاپشۇرۇقـ-
ڭىزنى سۆزسىز ئورۇنداشقا تەييارمەن، — دېدى ئۇ كۆيۈنۈپ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەم ھاياجانلاندىم ھەم گەندىشىگە
چۈشۈپ قالدىم. مەن يا ئۆيىمنىڭ، يا ۋەتىنىمنىڭ تايىنى يوق ماكان-
سىز بىر پەيلاسوپ تۇرسام، يەنە كېلىپ بىرەرسىنىڭ غېمىنى يې-
يىشتىن ئەنسىرەپ ئۆيلىنىشتىنمۇ ۋاز كەچكەنمەن. مەن ھەتتا
پەيغەمبەر ياكى دىنغا دەۋەت قىلغۇچى ئىمام بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ
يىگىتنىڭ ماڭا ئەگەشمەسلىكىنى خالاپ قالدىم.

— ئازغىنە پۇلدىن ئايرىلىپ قالغاچقا دۇكىنىڭنى، ئائىلەڭنى
تاشلاپ، ماڭا ئەگىشىش ئۈچۈن ھوزۇرۇمغا كەلدىڭمۇ؟ — دېدىم
ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىش مەقسىتىدە.

بىردىن يىگىتنىڭ چىرايى سۆرۈنلىشىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ
قىلماستىن چىقىپ كەتتى. ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە قايتىپ
كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ قوينىدىن ئالتۇن ۋە قىممەت باھالىق تاشلار
بىلەن بېزەلگەن كىچىك بىر ساندۇقنى چىقىرىپ، ماڭا ئۇزاتتى.

— مانا بۇ قول يازمىغا قاراڭ، ئۇستاز، ئۇنىڭ نەرخىنى تە-
سەۋۋۇر قىلالامسىز؟

مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ
كىمنىڭ قول يازمىسى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ھاياجاندىن تىترەپ
كەتتىم.

— بۇ ھەييامنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان كىتابىغۇ! بۇ كىتاب
بىباھادۇر! — دېدىم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

— نېمە دەيدىغانسىز، ئۇ ئون مىڭ تۈمەنگە ئەرزىمدۇ؟ —
سورىدى ئۇ ھودۇقۇپ.

— بۇ بىباھا كىتاب!

— مەن ئۇنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن، ئۇستاز. ئۆتۈنۈشۈم
شۇكى، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوبدان ئاسراڭ. بۇ سوۋغا
سىزگە مىرزا رىزانى ئەسلىتىپ تۇرسۇن.

شۇنداق قىلىپ ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخـ-

سى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. قوشما شتاتلاردا، ئەنگلىيەدە، فرانسىيەدە، گېرمانىيەدە، روسسىيەدە ۋە ئىراندا ئۆي ـ ماكانسىز يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ ئۇ ھەرۋاقىت يېنىمدا بولدى. قول يازما شاھ ئابدۇل ئەزىزىم قەبرىستانلىقىدا خىلۋەتكە چېكىنگەن كۈنلىرىمدىمۇ مەن بىلەن بىللە ئىدى. دەل شۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم.

— ئۇنىڭ ھازىر قەيەردە ۋە كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — سورىدىم ھاياجىنىمنى يوشۇرالماي.

— مېنى شاھ ئەسكەرلىرى قولغا ئالغاندا، ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بىردىنبىر كىشى مىرزا رىزا بولدى. ئۇ ۋارقىراپ تۇ-رۇپ ئەسكەرلەرنى ئىمانسىزلىقتا ئەيىبلىدى، «بۇ ئۆز بېشىمچىلىقتا چەك قويۇشقا ياردەم بېرىڭلار!» دەپ تاۋاپچىلارغا يېلىنىپ يالۋۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، تۆت يىل قاماپ قويدى. قويۇپ بېرىلگەندە، ئىستانبۇلغا، يەنى مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كەلدى. ئۇ شۇنداق بىچارە ئەھۋالدا ئىكەنكى، ئۇنى فرانسىيە كېسەلخانىسىدا يېتىپ داۋالىنىشقا زورلىدىم. ئۇ شۇ يىلنىڭ نويابىر ئايلىرىغىچە داۋالاندى. مەن ئۇنى يەنە بىر ئورۇنسىز ھەرىكەتتىن سەۋەبىدىن قاماققا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېسەلخانىدا كۆپرەك تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۇرۇندۇم. بىراق ئۇ كېسەلخانىدا ئۇزۇن يېتىشنى خالىمىدى. ئۇ ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى يەنە قايتا تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتى، باشقا ھېچ نەرسە ئۇنى قىزىقتۇرالمايتتى. سەۋدايى بولۇپ قالغان كىشىلەرلا بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئەنە شۇنداق ئەستايىدىل كىرىشىدۇ.

— سىزنىڭچە، «قول يازما» ھازىرمۇ بارمىدۇ؟

— بۇ ھەقتە سىزگە پەقەت مىرزا رىزالا ئېنىق مەلۇمات بېرەلەيدۇ. ئۇ مېنى قاماققا ئالغاندا قول يازمىنى ئېلىۋالغان ئەسكەرنى تېپىشقا قاتتىق ئىشىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ھازىر قول يازمىنى تېپىپ، ئۇنى قايتا سېتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن، قايسى پۇلغا سېتىۋالىدۇ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

— ئەگەر قول يازمىنى راستتىنلا قايتا قولغا كىرگۈزۈش

مۇمكىن بولسا، پۇل مەسىلىسى مۇھىم ئەمەس! — دېدىم مەن ھەر قانداق چىقىمغا تەييارلىقىمنى بىلدۈرۈپ.

بۇ گېپىم جامالىددىننىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا قاشلىرىنى ھىمىرگىنىچە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

— قارىسام سىز بۇ قول يازمىغا بىچارە مىرزىدىنمۇ بەكرەك ئاشىق بولغاندەك تۇرىسىز. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، تېھرانغا قاراپ يولغا چىقىڭ. سىزنىڭ ئۇنى چوقۇم تاپالايدىغانلىقىڭىزغا كاپالەت بېرەلمەيمەن، ئەمما ئەستايىدىل ئىزدىسىڭىز، ئۇ يەردىن ھەييامنىڭ قول يازمىسىغا ئائىت بىرەر يېڭىلىق تېپىشىڭىز مۇمكىن.

— ئەگەر رۇخسەت ئېلىش مۇمكىن بولسا، ئەتىلا مېڭىشقا تەييارمەن.

تەلەپپۇزۇمدىكى بۇخىل قەتئىيلىك ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

— بۇنىڭ ھېچقانداق قىيىن يېرى يوق. مەن سىزگە ئىراننىڭ باكۇدىكى ئەلچىسىگە قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىمەن. ئۇ سىزگە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بېرىپلا قالماي، ھەتتا كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىۋېلىشىڭىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

ئىشنىڭ بۇنچىلىك ئاسان پۈتىدىغانلىقىنى بىلىپ، گاڭگىراپلا قالدىم. جامالىددىن بۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئىراننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىغا بۇنداق ئىلتىماسنى سۇنالايدىغانلىقىمغا ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ مېنىڭ ھەممە يەردە شاگىرتىم بار، ھەممە شەھەرلەردە، ھەر قايسى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا، ھەتتا شاھنىڭ يېقىنلىرى ئارىسىدىمۇ بار دېسەم، ئىشىنەمسىز؟ بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى لوندوندىكى ۋاقتىمدا بىر ئەرمەن دوستۇم بىلەن گېزىت نەشر قىلاتتۇق. بۇ گېزىتلەر كىچىك خالتىلارغا قاچىلىنىپ، پوچتا ئارقىلىق ئىرانغا ئەۋەتى-

لەتتى. شاھ گېزىتلەرنىڭ ئىراندا قانداق پەيدا بولۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈدى. ئۇ پوچتا مىنىستىرىنى چاقىرتىپ، بۇ گېزىتنى چېگرادىن كىرگۈزمەسلىككە بۇيرۇدى. پوچتا مىنىستىرى چېگرا-دىكى بارلىق تاموژنىلاردا گۇمانلىق دەپ قارالغان ھەر قانداق پو-سۇلكىلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ھۆزۈرىغا ئېلىپ كېلىش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەردى.

جامالىددىن غاگزىنى كۆچەپ شورىدى، كېيىن ئاغزىدىن چە-قىۋاتقان قويۇق ئىس ئۇنىڭ ياڭراق كۈلكىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى:

— بىچارە شاھ پوچتا مىنىستىرىنىڭ مېنىڭ ئەڭ سادىق شا-گىرتلىرىمدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىزنىڭ گېزىتنىڭ ئىراندا تارقىتىلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى!

جامالىددىنىڭ كۈلكىسى بېسىلماي تۇرۇپلا، مېھمانخانىغا پۆ-پۈكلۈك، قىزىل رەڭلىك كىگىز ھەج دوپپىسى كىيگەن ئۈچ مېھ-مان كىرىپ كەلدى. جامالىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كېيىن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قى-لىپ، ئەرەب تىلىدا پاراڭلاشتى. ھېس قىلىشىمچە، ئۇ مېھمانلارغا مېنىڭ كىملىكىمنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇلاردىن بىر ئاز كۈتۈپ تۇ-رۇشنى سوراپ، يېنىمغا كەلدى.

— ئەگەر تېھرانغا بېرىشقا قەتئىي نىيەت قىلغان بولسىڭىز، سىزگە بىر نەچچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىمەن. ئەتە كەلسىڭىز، ئۇلار تەييار بولىدۇ. ساياھىتىم كۆڭۈللۈك بولىدۇ دەپ ئويلاۋېرىڭ. يەنە كېلىپ، سىزدەك ئامېرىكىلىق ساياھەتچىنىڭ ھېچكىمدە گۇ-مان تۇغدۇرمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئەتىسى ئۇ قولۇمغا پېچەتلەنگەن ئۈچ پارچە كونۋېرتنى تۇت-قۇزدى. بىرىنچىسى، باكۇدىكى ئىران ئەلچىسىگە، ئىككىنچىسى، مىرزا رىزاغا قارىتىلغان ئىدى. ئىككىنچى خەتنى قولۇمغا ئېلىۋات-قاندا، ئۇ ئالاھىدە چۈشەندۈرۈش بېرىشنى لازىم تاپتى:

— مەن سىزگە بۇ ئادەمنىڭ مىجەزىنىڭ تولىمۇ چۇس ۋە
سەۋدايى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىغا
زۆرۈر تېپىلمىسا بارماڭ. ئۇ مەن ئۇچۇن ئىنتايىن قەدىرلىك، سە-
مىمىي ۋە سادىق، باشقا شاگىرتلىرىمغا قارىغاندا ئاق كۆڭۈل ئىن-
سان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەزىدە ئويلانمايلا ئىنتايىن خەتەرلىك
ئىشلارغا ئارىلىشىپ قويىدىغان ئادىتىمۇ بار.

ئۇ چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى ۋە قولىنى كەڭ كۆل رەڭ شى-
مىنىڭ يانچۇقىغا سالدى:

— مانا بۇ ئون تىللانى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ. ئۇ بىچارە ھا-
زىر بىر تىيىنغا زار بولۇپ، ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن-
دۇ. بىراق ئۇنىڭ غۇرۇرى سەدىقە سوراشقا قەتئىي يول قويمايدۇ.

— ئۇنى قەيەردىن تاپالايمەن؟

— ئەپسۇسكى، بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ھازىر ئۇنىڭ يا باشپا-
ناھى، يا ئائىلىسى، ھەتتا مال - مۈلۈكىمۇ يوق، خۇددى دەرۋىش-
لەردەك كۈن كەچۈرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ سىزگە مانا بۇ ئۇچىنچى
خەتنى تەييارلىدىم. ئادرېسى ئېنىق بولغان بۇ يىگىت مىرزا رىزا-
نىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى. ئۇ تېھراندىكى ئەڭ باي سودىگەرنىڭ ئوغلى.
گەرچە ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئار-
زۇ - ئۈمىدلىرىمىز بىلەن يېنىپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مىجەز -
خۇلقى ياخشى، ئېغىر - بېسىق، قارىماققا ئارتۇقچە غېمى يوق باي-
ۋەچچىگە ئوخشىسىمۇ، ھەر دائىم ئەڭ يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي پى-
كىرلەرنى تەشۋىق قىلىشقا تەييار. مەن ئۇنىڭغا دائىم: «مىجەز -
خۇلقىڭدا شەرقلىقلەرگە خاس ھېچ نەرسە يوق» دەپ تەنە قىلاتتىم.
ئەمما سىز ئۇنى ھەر ۋاقىت ئاددىي پارس كىيىملىرى بىلەن كۆ-
رىسىز. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئىنگلىزلارغا خاس سوغۇققانلىقنى،
فرانسۇزلارغا خاس ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىكنى، ھاكىمىيەت بىلەن دىن-
نى ئايرىشتا جانابىي كېلمانسوندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقنى
سېزىسىز. ئۇنىڭ ئىسمى پازىل. ئۇ سىزنىڭ مىرزا رىزانى تېپە-
شىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئامالىنىڭ بارچە مىرزىغا

كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۇرۇشنى تاپىلىغان. بىراق ئۇنىڭ مىرزىنى بىمەنە قىلىقلاردىن توسالماي قالارمۇ، دەپ قورقىمەن، لېكىن ئۇ مىرزىنى قەيەردىن تېپىشنى بىلىدۇ.

مەن كېتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ مەن بىلەن ئىللىق ۋە سەمىمىي خوشلاشتى.

— روشېفورتنىڭ يېزىشىچە، ئىسمىڭىز بېنجامىن ئۆمەر، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قوللىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىقىپ، — بىراق، ئىراندا پەقەت بېنجامىن دېگەن ئىسمىنىلا ئىشلىتىڭ. ھەرگىز ئۆمەرنى تىلغا ئالماڭ!

— بۇ دېگەن ھەييامنىڭ ئىسمىغۇ؟!

— 16 ـ ئەسىردىن كېيىن، پارسلار شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن بېرى ئىراندا بۇ ئىسىم چەكلەنگەن. بۇ ئىسىم سىزنىڭ دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شەرققە بارغان ھەر قانداق كىشى شەرقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىنتائەتچانلىق بىلەن ئاڭلاپ ۋە مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، يەلكەمنى قىسىپ قويدۇم. ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگىنى ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تاشقىرىغا چىققىنىمدا ئۇ مېنى يەنە توختاتتى:

— ھە راست، يەنە بىر گەپ ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. ئاخشام سىز بۇ يەردە ياش بىر قىزنى ئۇچراتقان ئىدىڭىز. قانداق، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىڭىزمۇ؟

— ياق، ئىمكانىيەت بولمىدى.

— ئۇ شاھنىڭ نەۋرىسى، مەلىكە شېرىن بولىدۇ. ئەگەر بىرەر كۆڭۈلسىز ھادىسە يۈز بېرىپ، ئالدىڭىزدىكى بارلىق ئىشكلەر يېپىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا قىسقىغىنە بىر پارچە خەت يېزىپ، مېنىڭكىدە ئۇچراتقانلىقىڭىزنى ئەسلىتىڭ. ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى پۈتكۈل قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى بىر دەمدىلا ھەل قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

ترابزان شەھىرىگىچە يەلكەنلىك كېمىدە باردىم. مەيىن شا-مالدا دېڭىز يېنىككىنە چايقىلاتتى، ئاناتولى قىرغاقلىرىدا پەقەت تۆپىلىكلەر بىلەن دەرەخلەر كۆزگە تاشلىناتتى. ۋاقتىمنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ تەرجىمانى جا-نابىي نىكولا تۈزگەن «پارسچە - فرانسۇزچە سۆزلىشىش» كىتابىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، مېنى كۇ-تۈۋالغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ تىلىدا راۋان سۆزلىشىش ئىدى. ئىراندا كۆپ قىسىم زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ فرانسۇزچە سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. دەرۋە-قە، ئۇ يەردە ئايرىم كىشىلەر ئىنگلىزچىنىمۇ بىلەتتى. بىراق، بۇ زېمىنغا كېلىپ ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى، شەھەر سىرتىنى، ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشنى نى-يەت قىلغان كىشى، ئەلۋەتتە پارس تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشى كې-رەك.

مەقسىتىم مېنى بۇ قېتىمقى قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەس-لىككە روھلاندۇراتتى، پارس تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئانا تى-لىمدىكى، يەنى لاتىن تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاشلىقىنى باي-قايتتىم. ھىندى ياۋروپا تىللىرىدىكى بۇخىل ئوخشاشلىقنى باي-قىغىنىمدا چەكسىز سۆيۈنەتتىم. ھەتتا پارسچە «خۇدا» سۆزىنىڭ ئىنگلىزچە «God»، ياكى گېرمانچە «Gott» سۆزلىرىگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىشىغىمۇ دىققەت قىلاتتىم. بۇنداق ئوخشاشلىقلارغا قارىماي، پارس تىلىغا ئەرەب تىلىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كىر-گەنلىكىنى، ھەر بىر پارسچە سۆزنىڭ ئەرەبچە ۋارىيانتىنىڭ مەۋ-

جۇتلۇقىنى سېزىپ قالدىم. كۆپ ساندىكى زىيالىيلار ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەشنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇ ئەرەبچە جۈملىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىمدانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەن بۇنداق ئادەتكە شەيخ جامالىددىنىڭمۇ رىئايە قىلىدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدىم.

دېمەك، ئەرەب تىلىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك ئىكەن، لېكىن، بۇ كېيىنكى ئىش. ھازىرچە، جانابىي نىكولا تۇزگەن سۆزلىشىش كىتابىنى ئوبدان يادلىشىم كېرەك. بۇ قوللانما ماڭا پارس تىلىنى ئۆگەتكەندىن تاشقىرى، بۇ مەملىكەتكە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر مەلۇماتلاردىنمۇ خەۋەردار قىلاتتى. مەسىلەن، بۇ كىتابتىن تۆۋەندىكىدەك دىئالوگلارنى ئوقۇش مۇمكىن ئىدى:

— ئىراندىن قانداق مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ چىقىش مۇمكىن؟

— ئىراندىن كىرمان شايى رومالللىرىنى، مەرۋايىت، بىرونىزا تاشلارنى، گىلەملەرنى، شىراز تاماكىسى، مازەندىران شايىسى، زۇلۇك، ئالۇچا دەرىخىنىڭ ياغىچىدىن تەييارلانغان غاڭزىلارنى ئېلىپ چىقىش مۇمكىن.

— ساياھەتچى سەپەر جەريانىدا ئاشپەزنى بىللە ئېلىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟

— ھەئە، ئىراندا شەخسىي ئاشپەز، ئورۇن - كۆرپە، خىزمەتكار يوق ئەھۋالدا ساياھەت قىلىش مۈشكۈل.

— ئىراندا ئىشلىتىشكە بولىدىغان پۇللار قايسىلار؟

— رۇس كوربوۋونېتسىيىلىرى، گوللاند دۇكاتلىرى. فرانسۇز ۋە ئىنگلىز پۇللىرى ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

— ھازىرقى ئىران شاھىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— نەسىرىددىن شاھ.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەڭ ياخشى شاھ ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ چەت ئەللىك مېھمانلارغا ناھايىتى مېھىر - شەپقەتلىكتۇر. ئۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، تا-

رىخنى، جۇغراپىيىنى، رەسىم سىزىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ فرانسۇزچە سۆزلىشەلەيدۇ، شەرق تىللىرىدىن ئەرەب، تۈرك، پارس تىللىرىنىمۇ بىلىدۇ.

ترابزونغا كېلىپ، ئىتالىيە مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتىم. تاماق ۋاقتىدا ئەتراپتا بولۇتقا ئوخشاش ئەگىپ يۈرىدىغان بىزەڭ چىۋىنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ جاي شەھەردىكى ئەڭ زامانىۋى مېھمانخانا ھېسابلىناتتى. مەنمۇ باشقا مېھمانلارنى دوراپ، ئازراق پۇل بېرىپ بىر يىگىتنى بۇ لەنتى چىۋىنلارنى قورۇشقا ياللىدىم. بىراق بۇ بالىغا تاماق ۋە كاۋاپ قويۇلغان داستىخان ئۈستىدە چېۋىن ئۆلتۈرۈشنىڭ ياخشى ئادەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ماڭا خېلى تەسكە چۈشتى. ئۇ بىر پەس گېپىمگە قۇلاق سالغاندەك قىلاتتى - يۇ، داستىخانغا بىرەر چىۋىن قونۇشى بىلەنلا ئۆزىنى تۇتالماي، قولىدىكى پالاقنى ئىشقا سېلىپ، داستىخان ئۈستىدىلا ئۇنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋېتەتتى.

تۆت كۈندىن كېيىن مارسېل - ئىستانبۇل - ترابزون - باتۇمى يۆنىلىشىدە قاتنايدىغان كېمىگە چىقىۋالدىم. قارا دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان رۇس پورتى باتۇمىغا كېلىپ، كاۋكاز تۆمۈر يول ترانسپورتى ئارقىلىق كاسپىي دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان باكۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. باكۇدىكى ئىران ئەلچىسى مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۈتۈۋالدىكى، جامالىددىنىنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بېرىشتىن خىجىل بولۇپ قالدىم. «ھېچكىمدە قىلچىلىك گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاددىي ساياھەتچى سۈپىتىدە سەپىرىمنى داۋام قىلدۇرساممىكىن؟» دەپ ئويلىدىم ئۆزۈمچە. بىراق، ۋىجدانىم بۇنىڭغا يول قويمىدى. «ئېھتىمال، بۇ خەتتە ماڭا مۇناسىۋەتسىز باشقا گەپلەرمۇ باردۇر، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرماسلىقتا نېمە ھەددىم». مەن ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىش نىيىتىگە كەلدىم.

— ئېھتىمال، سىزنىڭ دوستىڭىز مېنىڭمۇ دوستۇمدۇر؟ — دېدىم ئاۋازىمغا سىرلىق تۈس بېرىپ ۋە جامالىددىنىنىڭ خېتىنى

ئۈزاتتىم. ئۇ خەتنى قىزىقىش بىلەن ئاچتى ۋە شېرە ئۈستىدىكى
كۆمۈش رامكىلىق كۆزەينىكىنى ئېلىپ تاقاپ ئۇنى ئوقۇشقا باش-
لىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن توساتتىن ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ تىترەۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ خەتنى ئوقۇشتىن توختاپ، ئورنىدىن
تۇردى ۋە بۆلمىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىپ كەلدى. كېيىن، جا-
يىغا ئولتۇرۇپ خەتنى پېشانىسىگە سۈرتتى، ئۇنى ئىخلاس بىلەن
ئوقۇپ، خەتكە بىر پەس تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئورنىدىن
تۇرۇپ، مېنى خۇددى سوغا چۆكۈپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان
ئۆكسىدەك باغرىغا چىڭ باستى. كېيىن جىددىي قىياپەتكە كە-
رىپ، خىزمەتكارنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا چامادانىمنى ئېلىپ كې-
لىشنى، مېنى ئەڭ ئېسىل ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، كەچقۇرۇن
زىياپەت تەييارلاشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئەلچىخانىدا
ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئەلچى شۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ھەممە
ئىشلارنى تاشلاپ، ئۇستاز ھەققىدە، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە كەيپە-
ياتى، ئىراندىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ پىكرىنى بىلىش نە-
يىتىدە يېنىمدىن ئايرىلماي، مەن بىلەن بىرگە بولدى. يولغا چى-
قىش ۋاقتىم يېقىنلاشقان بولغاچقا، ئۇ مېنى كاۋكاز — مېركۇر
ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كېمىنىڭ بۆلمىسىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى.
بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ پەيتۇنچىسىنى ھەمراھ قى-
لىپ، مېنى قەزۋىنگىچە ئۇزىتىپ بېرىشنى ۋە مېنىڭ بارلىق
خىزمەتلىرىمنى ياخشى بېجىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

پەيتۇنچى ناھايىتى چاققان ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئاغ-
زىدىن غاڭزىسىنى بىر دەممۇ ئالماي، مېنىڭ ماتېرىياللىرىمنى
تەكشۈرۈۋاتقان بۇرۇنتلۇق تاموژنا خادىمىنىڭ يانچۇقىغا پۇل قىس-
تۇرۇپ، ئىشنى ئاسانلا تۈگەتتى. پورتتىن قەزۋىنگە بېرىشتا يەنە
بىر ئىش يۈز بەردى. يول باشقارمىسىنىڭ خادىمى بىزگە ھاكاۋۇر-
لۇق بىلەن، بۈگۈن قەزۋىنگە ماڭىدىغان پەيتۇننىڭ يوقلۇقىنى، ئە-
تە كېلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. قاپىقى يامان سارايۋەن
(ئېھتىمال، ئۇنىڭمۇ يول باشقارما خادىمى بىلەن تىلى بىردۇر)

بىزنى ئەمدىلا سارىيىغا تەكلىپ قىلاي دەپ تۇرغىنىمدا، مېنىڭ ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان ھەمراھىم بىر دەمنىڭ ئىچىدە تۆت ئات قوشۇلغان پەيتون تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

شۇنداق قىلىپ، يولغا چۈشتۇق. ساياھەتچىلەرنىڭ يول ياقىسىدىكى قەبرىلىرىگە كۆزۈم چۈشكەندە، بۇ جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنى بەزلىدىم. بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل ئىلگىرى ساياھەتچىلەر ئىرانغا پەقەت كونا كارۋان يوللىرى ئارقىلىقلا بارالايتتى. ترابزوندىن تەبرىزگىچە، كېيىن ئەرزۇرۇمغىچە بولغان جاپالىق يولنى يولۇچىلار قىرىق قېتىم دەم ئېلىپ، ئالتە ھەپتىدە ئاران بېسىپ ئۆتۈشەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا بۇ يولدىن ئۆتۈش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. كاۋكاز تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ مۇشەققەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئىراننىڭ ئىشىكلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ساياھەتچىلەر باكۇدىن ئەنزىلى پورتىغىچە كېمىدە، كېيىن بىر ھەپتىلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرسىزلا تېھرانغا يېتىپ بارالايتتى.

زەمبىرەك غەربتە ئۇرۇش ياكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ئىشلىتىلسە، ئىراندا ئۆزگىچە جازا قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن. بۇنى ئەسلىتىشىمدىكى سەۋەب — تېھران سېپىلىدىن كىرىشىمگە، زەمبىرەكنىڭ ئاغزىغا باغلاپ قويۇلغان، پەقەت چۈشۈرۈلگەن بېشىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بىچارە ئادەمنىڭ جېنى چىققۇچە، ئاپتاپتا ئاچ ۋە ئۇسسۇز ھالدا تۇرىدىكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، زەمبىرەككە يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ قويۇلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىبرەتلىك جازا شەھەر ئىچىگە كىرگەن ھەر بىر كىشىگە قانۇن - قائىدىلەرگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان دەھشەتلىك جازانى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن.

ئىران پايتەختىگە كىرىپلا دۆچ كەلگەن بۇ مەنزىرە مېنى راستىلا سەگەكلەشتۈردى. ئادەتتە شەرق مەملىكەتلىرىگە تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان ساياھەتچىلەر بۇگۇنكى كۇندە ئۆزىگە قىزىقارلىق تۇيۇلىدىغان مەنزىرىلەردىن ئۆتمۇشنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدىشىدۇ. مېنىڭ تېھرانغا كېلىشتىكى مەقسىتىم پۈتۈنلەي باشقا ئىدى. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بايلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنى جەنۇبىدىكى كەمبەغەل مەھەللىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كەڭ يوللار، ئۇلاردا كېتىۋاتقان تۈگمىلەر، رەڭگارەڭ گەزلىمىلەر بىلەن تولغان ئاۋات بازارلارنى ئىسپاھان ياكى تەبرىزنىڭ بازارلىرىغا مۇتلەق سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدىغان نەرسە ئاچ يېشىل ئىمارەتلەر ئىدى. شۇنداق، تېھران پۈتۈنلەي يېڭى شەھەر، بۇ يەردە ئۆتمۇشنىڭ ئىزلىرىنى تاپالمايسىز. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ جايلار موڭغۇللار تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان بولسىمۇ، پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن، مەشھۇر ئالىملىرى بىلەن پۇتكول ئالەمگە نامى تارالغان رەي شەھىرى بۇ جايغا تەۋە كىچىك يېزا ئىدى، خالاس. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كوجار تۈركمەن قەبىلىسى بۇ كىچىك يېزىنى ئۆزىنىڭ دائىملىق تۇرار جايى قىلىۋالدى. قىلىچنىڭ ئۆتكۈر تىغى بىلەن پۈتۈن ئىراننى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بۇ سۇلالە ئاددىي يېزىنى زامانىۋى شەھەر دەرىجىسىدىكى چوڭ پايتەختكە ئايلاندۇردى.

18 - ئەسىرگىچە مەملىكەتنىڭ سىياسىي مەركىزى جەنۇبتىكى ئىسپاھان، كىرمان ۋە شىراز شەھەرلىرى ھېسابلىناتتى. ئەسلىي شەھەرلىكلەر تېھراندا ياشايدىغان شىماللىقلارنى پارس تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆزگە ئىلمايتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئېسىش كېرەك، دەپ قارايتتى. شاھ ھەر دائىم ئىش بېجىرگەن ۋاقىتتا تىلماچتىن ئايرىلالمايتتى. ئاخىرى، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان شاھقا پارس تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئايان بولدى. ئېيتىش كېرەككى، سۇلالىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدى.

مەن تېھرانغا كەلگەن 1896 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا ئەنە شۇ ئەۋلادىنىڭ ۋەكىلى بولغان شاھ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھەر بايراقلار، قۇياش ۋە يولۋاسنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن مىللىي بەلگە بىلەن ئۆزگىچە بايرام تۈسىنى ئالغانىدى. شەھەرگە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋىلايەتلەردىن ئەمەلدارلار، چەت ئەل ۋەكىللىرى قەدەم تەشرىپ قىلغان، رەسمىي تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ كۆپچىلىكى شەھەر مېھمانخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياۋروپا ئۇسلۇبىدا قۇرۇلغان ئالبېرت ۋە پرېۋوست مېھمانخانىلىرىمۇ تەكلىپ قىلىنغانلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. مەنمۇ پرېۋوست مېھمانخانىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

دەسلەپ توپتوغرا پازىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا خەتنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مىرزا رىزانى قانداق تېپىش مۇمكىنلىكىنى سورىماقچى بولدۇم، لېكىن، ئازراق ئويلىنىپ، سەۋر ـ تاقەت قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

شەرقلىقلەرنىڭ كۆپلىگەن ئادەتلىرىنى بىلمىسەممۇ، جامالىددىنىنىڭ بۇ شاگىرتىنىڭ مېنى چوقۇم ئۆز يېنىدا بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن، جامالىددىنىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، پرېۋوست مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ قالدىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش مەقسىتىدە قېرى بىر بايتالنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئەلچىلەر كوچىسىغا جايلاشقان ئامېرىكا دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىسىغا باردىم. ئۇ يەردىن چىقىپ جامالىددىنىنىڭ سادىق شاگىرتى پازىلىنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلدىم.

ئىنچىكە بۇرۇت قويۇپ، ئۇزۇن ئاق خالات كىيىۋالغان، مەغرۇر ۋە سوغۇققان پازىل ئومۇمىي نۇقتىدىن ماڭا جامالىددىن تەس-

ۋىرلەپ بەرگەن قىياپەتكە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

بىراق بىزنىڭ تونجى ئۇچرىشىشىمىز خۇددى ياتلارنىڭ ئۇچرىشىشىدەك سوغۇق بولدى. ئۇنىڭ مىرزا رىزا ھەققىدە ناھايىتى ئىلتىپاتسىز ئاھاڭدا گەپ قىلىشى مېنى سەل بىئارام قىلىپ قويدى.

— سىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىمەن. بىراق، ئەقلىدىن ئازغان مىرزا بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. ئۇستاز ئۇ توغرۇلۇق «بۇ بىر تىرىك قالغان ئازاب - ئوقۇبەت چەككۈچى» دېگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: «يۈرىكى دەرد - ئەلەملەر بىلەن لىق تولغان بۇنداق ئادەمنىڭ تېزراق ئۆلگىنى ياخشىراق»دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىم. ئىلتىماس قىلىمەنكى، ماڭا ئۇنداق نەزەردە قارىماڭ، مەن سىز ئويلىغاندەك رەزىل ئادەم ئەمەس، بۇ ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت چەككەنكى، ئەقىل - ھوشىمۇ تازا جايىدا ئەمەس. ھەر قېتىم ئاغزىنى ئېچىش بىلەن بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشىمىزغا زىيان يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

— ئۇنى بۈگۈن قەيەردىن تاپالايمەن؟

— خېلىدىن بېرى ئۇ شاھ ئابدۇل ئەزەم مەقبەرىسىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇ باغلار، ئىمارەتلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، زىيارەتچىلەرگە شاھنىڭ شەيخ جامالىددىننى قانداقلارچە قولغا ئالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى شاھنى تەختتىن ئاغدۇرۇشقا ئۈندەپ يۈرىدۇ. ئۇستازنىڭ ئۇنىڭغا بۇ بىمەنە ماۋزۇدا گەپ قىلماسلىقىنى چەكلىگىنىگە قارىماي، سەييىد جامالىددىننىڭ يېڭى زامان ئىمامى ئىكەنلىكىنى تەكرارلاپ يۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايمەن.

— بىراق ئۇ قول يازما ھەققىدە مەلۇمات بېرەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى!

— بىلىمەن. سىزنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ باراي، لېكىن سىزلەر بىلەن بىللە بولالمايمەن.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن شەھەرنىڭ ئەڭ باي كىشىلىرىدىن بىرى

بولغان پارىلىنىڭ ئانىسى مېنىڭ شەرىپىمگە زىياپەت بەردى. ھەر قانداق سىياسىي ھەرىكەتتىن مۇستەسنا بولغان بۇ كىشى جامالىدىنىنىڭ يېقىن دوستى ھېسابلىناتتى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھۆرمەتىمنى جايىدا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، زىياپەتكە يۈزگە يېقىن مېھماننى تەكلىپ قىلغان ئىدى. سۆھبەت ئادەتتىكىدەك، ھەييام ھەققىدە باشلاندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇمىغان، ئۇ توغرۇلۇق لەتىپە ئېيتمىغان مېھمان قالمىدى. داستىخان ئۈستىدە قىزىق بەس - مۇنازىرىلەر داۋام قىلاتتى. بەزىدە بۇ مۇنازىرىلەر سىياسەتكە باغلىنىپ كېتەتتى. مېھمانلار ئەرەب، فرانسۇز، تۈرك، رۇس، ئىنگلىز مىللىتىدىن بولسىمۇ، ھەممىسى پارسچىنى سۇدەك سۆزلەيتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇلار ئارىسىدا سېپى ئۆزىدىن نادان ئادەمدەك سېزەتتىم. ئۇلار بولسا، مېنى مەشھۇر شەرقشۇناس ۋە رۇبائىينى تەتقىق قىلغۇچى چوڭ مۇتەخەسسىس دەپ تونۇشاتتى ۋە ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋېتىلگەن بۇ باھا بېشىمنى تېخىمۇ قاتۇراتتى. مەن ئاددىي بىر ھەۋەسكار، دېگەن سۆزلىرىم ئۇلارغا كەمتەرلىكتەك تۇيۇلاتتى، ئۇلار ئۇلۇغ ئالىملار شۇنداق كەمتەر بولىدۇ، دەپ كۈلۈپ قويۇشاتتى.

زىياپەت كەچقۇرۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، بىراق ساھىبخان بالدۇرراق كېلىشىمنى ئېيتىپ، بېغىنى سەيلە قىلدۇرۇش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھەر بىر پارس پۇقراسىنىڭ پارىلىنىڭ ئانىسىنىڭكىدەك كاتتا قەسرى بولمىسىمۇ، ئەلۋەتتە، بېغى بولىدۇ. قەسرىنى ماختىمىسىمۇ، پەخىر - غۇرۇرى ھېسابلىنىدىغان بېغىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماختىنىشتىن ئېرىنمەيدۇ.

مېھمانلار كەلگەن ھامان تاللار ئارىسىدا ئېقىپ تۇرغان يىلانسىمان ئېرىق يېنىدىكى ھويلىدا كۈتۈۋېلىناتتى. ئۇلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ گىلەم ياكى كۆرپىلەر ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلاتتى. خىزمەتكارلار ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا نازۇ نېمەتلەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىشاتتى. ئىرانلىقلار ئۆز باغلىرىدا مەخسۇس چىملىق بەرپا قىلىشنى ئۆ-

گەنمىگەن، شۇڭا مەندەك بىر ئامېرىكىلىقنىڭ كۆزىگە بۇ باغلار بىر ئاز چۆلدەك كۆرۈنەتتى.

شۇ ئاخشىمى راسا ئىچكۇۋازلىق بولدى. تەقۋادار مېھمانلار چاي ئىچىش بىلەنلا قانائەتلىنەتتى. چوڭ ساماۋەرنى ئۈچ خىزمەتكارنىڭ ئىككىسى كۆتۈرۈپ، بىرى چاي قۇيۇپ ھۆرمەت بىلەن مېھمانلارغا ئۇزىتاتتى. كۆپچىلىك رۇس ھارىقى، مۇسەللەس ئىچىشتى، لېكىن مەن مېھمانلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ مەست بولۇپ، قاملاشمىغان بىرەر ئىش قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. كەيپى ئېشىپ كەتكەن ئايرىم مېھمانلار تار①، داپ ۋە نەي چېلىۋاتقان سازەندىلەرنىڭ كۈيىگە تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چېلىشاتتى ياكى تەۋرىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. كېيىنرەك ياش يىگىتلەردىن تۈزۈلگەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلدۇق. مېھماندارچىلىق داۋامىدا بىرەرمۇ ئايالغا كۆزۈم چۈشمىدى.

غىزا يېرىم كېچىگە يېقىن تارتىلدى. مېھمانلار داستىخانغا تارتىلغان پىستە، بادام، ئۆرۈك ۋە تاتلىق - تۈرۈملاردىن توختىماي ئېلىۋاتاتتى. ئىسسىق غىزا تارتىلىشى — زىياپەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا ئۆي ئىگىسى ئاساسلىق غىزانى ئىلاجىنىڭ بارىچە كېيىنرەك تارتىپ، زىياپەتنى سوزۇشقا تىرىشاتتى. ئاخىرى، داستىخانغا پولۇ كەلتۈرۈلدى. پولونى يېيىش ئون مىنۇتچە داۋام قىلدى، كېيىن ھەممەيلەن قولىنى يۇيۇپ، تارقىلىشقا باشلىدى. بىز ھويلىدىن چىققاندا، دەرۋازا ئالدىدا پەيتونچىلار، پانۇس كۆتۈرگۈچىلەر توپ - توپى بىلەن ئۆز خوجايىنلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن پاژىل مېنى پەيتۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ، شاھ ئابدۇل ئەزىم مەقبەرىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىچە ئېلىپ باردى. ئۇ ئىچكىرىگە ئۆزى يالغۇز كىرىپ كېتىپ، ئۇ يەردىن ئېگىز بوي، ئىنتايىن ئورۇق، ساقاللىرى پاخپايغان، مېڭىشلىرى غەلىتە، قوللىرى توختىماي تىترەۋاتقان بىر كىشىنى باشلاپ

① تار — راۋابقا ئوخشايدىغان چالغۇ (ت).

چىقتى. ئۇزۇن، تار، ھەممە يېرىنى ياماق بېسىپ كەتكەن ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان بۇ كىشىنىڭ يەلكىسىدە رەڭگىنى يوقاتقان بىر خالتا بار ئىدى، بەلكىم بۇ يورۇق ئالەمدە ئۇنىڭ بارلىق نەرسىسى شۇ خالتىنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پۈتۈن شەرقنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى ئۇقۇۋالغىلى بولاتتى.

ئۇ مېنىڭ سەيىد جامالىددىننىڭ ئالدىدىن كەلگىنىمنى بىلگەندىن كېيىن، دەررۇ تىزلىنىپ، قوللىرىمنى تۇتۇۋېلىپ، ئىخلاس بىلەن سۆيدى، كۆزلىرىگە، كېيىن يۈزلىرىگە سۈرتۈشكە باشلىدى. پارىل ئۆزىنى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بىزدىن يىراقلاشتى.

مەن مىرزىغا ئۇستازىنىڭ خېتىنى ئۇزاتتىم، ئۇ خەتنى قولۇمدىن يۇلۇپ ئالدى. خەت بىر نەچچە بەت بولۇپ، ئۇ ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى ئۇنتۇپ ئۇنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈم قىزىقىۋاتقان مەسىلە ھەققىدە ئۇنىڭدىن سوراپ - سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پارس ۋە فرانسۇز تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ئاماللار بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى چۈشەندۈردى:

— قول يازما مەن بىلەن بىر شەھەرلىك، يەنى كىرمانلىق بىر ئەسكەرنىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇ ماڭا جۈمە كۈنى كىتابنى ئەكەلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن. ئۇنىڭغا بىر ئاز پۇل بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇلنى كىتابنى قايتا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى شۇنچە ۋاقىت ئاۋايلاپ ساقلىغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بېرىش كېرەك. مېنىڭ بولسا، بەختىمگە قارشى ئىلكىمدە بىر يارماقمۇ يوق.

مەن گەپنى سوزۇپ ئولتۇرماي سەيىد جامالىددىن ئەۋەتكەن تىللانى يانچۇقۇمدىن چىقاردىم، ئۆزۈممۇ شۇنچىلىك نىسبەتتە قوشۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. بۇنىڭدىن ئۇ قانائەتلەنگەندەك بولدى.

— شەنبە كۈنى ھۇزۇرۇمغا كەل. خۇدا خالىسا، قول يازمىنى قايتۇرۇۋالىمەن ۋە ئۇنى ئىستانبۇلغا، ئۇستازغا ئاپىرىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن قولۇڭغا تاپشۇرىمەن.

# ئوتتۇزىنچى باب

ئۇيقۇ باسقان شەھەر ئۈستىدە ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىناتتى، ھەتتا ئۈچۈپ يۈرگەن چاڭ زەررىچىلىرىمۇ قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تولىمۇ يارقىن كۆرۈنەتتى، بۇ پارس دىيارىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ چاغدا مەن چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئۆرۈك بىلەن پىشۇرۇلغان چۈجىنى يەپ، شىراز شارابىدىن ئىچتىم، كېيىن مېھمانخانىنىڭ ئايۋىنىدىكى رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن سايىۋەن ئاستىدا نەملەنگەن قول ياغلىقنى يۈزۈمگە يېپىپ ئۇخلاشقا ياتتىم.

شۇ يىلىنىڭ بىرىنچى ماي كۈنى قۇياش پېتىشى بىلەنلا شەھەرنىڭ كۈندۈزلۈك ھاياتى تۈگەپ، كېچىلىك ھاياتى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. توساتتىن كىمدۇر بىرى مەن تۇرۇۋاتقان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق تاقىلدىتىشقا باشلىدى. مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ، يالاڭ ئاياغ، چاچلىرىم پاخپايغان ھالدا يېقىندا سېتىۋالغان پارس يەكتىكىمنى يەلكەمگە تاشلىدىم - دە، ئىشىكنى ئېچىشقا ماڭدىم. ئىشىكنىڭ تاقىقىنى تەستە كۆتۈردۈم. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا پازىل ئىچكىرىگە ئالدىراش كىرىپ، ئىشىكنى دەررۇ تاقىدى.

— چاپسان بول، چارەك سائەتتىن كېيىن سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىدۇ!

پازىل ئېيتقان بۇ يېڭىلىقنىڭ ئەتە تېلېگراف ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. پازىلنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئىران شاھى ئاشۇ كۈنى جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن شاھ ئابدۇل مەقبەرىسىگە ئۆزىنىڭ بايرامغا ئاتاپ تىكىلگەن، ئالتۇن،

پېرۇز، زۇمرەتلەر قادالغان كىيىملىرىنى كىيىپ بارغان. شاھ مەقبەرىنىڭ ناماز ئوقۇلىدىغان چوڭ زالىغا كىرىپ، ھەشەمەتلىك جايناماز نى سالغان. نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن خوتۇنلىرىغا كەينىدە تۇرۇشنى ئىشارە قىلىپ، ئۈسكىلەڭ، كۆكۈش ساقال - بۇرۇتلىرى-نى سىلىغان. شۇ چاغدا شاھ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇش ئارزۇسىدى-كى بىر توپ ساراي ئەمەلدارلىرى، موللىلار، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي زالغا يوپۇرۇلۇپ كىرگەن. سىرتتا شاھنىڭ شەنىگە مەدھىيە سۆزلىرى ياڭراپ تۇرغان. ھۆكۈمدارغا ئەگىشىپ نامازغا تۇرۇش ئۈچۈن شاھنىڭ خوتۇنلىرى ئالدىغا بىر ئاز سۈرۈلگەن. ئۇلار بىلەن تەڭ دەرۋىشلەردەك كىيىنگەن، قولىدا قانداقتۇر بىر نەرسىلەر يېزىلغان قەغەز تۇتۇۋالغان بىر كىشىمۇ شاھقا يېقىنلاشقان. شاھ دەرۋىشنىڭ قولىدىكى قەغەزدىكى خەتنى ئوقۇش ئۈچۈن كۆزەينىكىنى تاقىغان. دەل شۇ پەيتتە ئوق ئاۋازى ياڭرىغان. ئېھتىمال، دەرۋىش تاپانچىنى قەغەز ئارىسىغا يوشۇرۇپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئوق ھۆكۈمدارنىڭ نەق يۈرىكىگە تەگ-كەن، «مېنى يۆلەڭلار» دېگىنىچە جايىغا يىقىلغان. بۇ قالايمىقانچى-لىقتا تۇنجى بولۇپ باش ۋەزىر ھوشىنى يىغقان ۋە: «ھېچ ئىش يوق، شاھىمىز يېنىك يارىلاندى»دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھەممەيلەننى زالدىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇغان. شاھنىڭ جەسىتىنى پەيتۇننىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا خۇددى تىرىكتەكلا ئولتۇرغۇزۇپ، شاھ سارىيىغا ئېلىپ بارغان. بۇ ئارىدا ئۇ ھۆكۈمدارنىڭ تەبرىزدىكى ئوغلىغا، يە-نى ۋەلىئەھدىگە جىددىي خەۋەر يەتكۈزۈشكىمۇ ئۈلگۈرگەن.

شاھنىڭ خوتۇنلىرى قاتىلغا ئېسىلىپ، ئۇنى تىللاپ - قار-غاپ، راسا ئۇرغان. ئاياللار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ، جۇلدۇر كېپەن قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، شاھ سارىيىدىكى كازاك قوشۇنىنىڭ قوماندانى پولكوۋنىك كازاكوۋسكىي كېلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغان ۋە سوراق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ كەتكەن. ئەڭ قىزىق يېرى، ھېلىقى تاپانچا ئۆزلۈكىدىن غايىب بولغان. ئېيى-تىشلارغا قارىغاندا، يوچۇن بىر ئايال ئۇنى يەردىن ئېلىپ، پەرەن-

جىسى ئىچىگە يوشۇرغان. ئەكسىچە، رول ئوينىغان خەت دەرھال تېپىلغان. ئەلۋەتتە، پازىل ماگا ۋەقەنى قىسقىچە بايان قىلىپ، تولۇق تەپسىلاتىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرمىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىقارغان يەكۈنى قىسقا ھەم مېغىزلىق ئىدى:

— شاھنى ھېلىقى ساراڭ مىرزا رىزا ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن جامالىددىن يازغان خەت تېپىلغان، بۇ خەتتە، سېنىڭ نامىڭمۇ تىلغا ئېلىنغان. تېزراق پارسلارغا ئوخشاش كىيىنىپ، پولۇڭنى، پاسپورتىڭنى ئال، باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرمە! تېزدىن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغىن!

شۇ چاغدا خىيالىمغا كەلگەن بىرىنچى پىكىر ھەييامنىڭ قول يازمىسى بولدى. شۇ كۈنى مىرزا ئۇنى قايتۇرۇۋالغان بولغىيمىدى؟ تېخى شۇ كەمگىچە ئەھۋالىمنىڭ ئېغىرلىقىنى تولۇق چۈشەنمەيۋاتاتتىم: شائىرلار يۇرتى بولغان بۇ مۇقەددەس زېمىن ئەجەبا مېنى پادىشاھقا قىلىنغان سۇيىقەستكە مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئەيىبلەرمۇ! لېكىن پاكىتلارنىڭ ھەممىسى يالغان، بىمەنە، ساختا بولسىمۇ، ئالدىمدا ناھايىتى زور خەۋپ بار ئىدى. خوش، بۇنداق پاكىتلار تۇرغان يەردە، قايسى سوت ياكى ساقچى ئەمەلدارى مەندىن گۇمان قىلمايدۇ دەيسىز؟

پازىل ئايۋاندىن ھويلا تەرەپكە قاراپ تەشۋىشلىك ۋە بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ھويلىغا كازاك ئەسكەرلىرى كىرىۋاتىدۇ، ئۇلار مېھمانخانىنى قورشىۋالماقچى!

بىز چىقىش ئىشىكىگە ئېلىپ بارىدىغان ياغاچ پەلەمپەيگە ئىلاجىنىڭ بارىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن چۈشتۇق. ئاق ساقال، بېشىغا ئېگىز تەلپەك كىيىۋالغان بىر ئوفىتسېر مېھمانخانا ئىشىكلىرىگە گۇمانخورلۇق بىلەن قارىغىنىچە ئېچكىرىگە كىردى. «ئەلچىخانىغا!» دەپ پىچىرلىدى پازىل ۋە مەندىن ئايرىلىپ، ئوفىتسېر تەرەپكە كەتتى. مەن ئۇنىڭ «سالام پولكوۋنىك!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە تەكەللۇپ بىلەن قول ئېلىشىپ، يۈز بەرگەن ۋەقە-

دىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

كازاكوۋسكىينىڭ پارلىنىڭ ئاتىسىنىڭكىگە پات ـ پات زىيا-پەتكە بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، بۇ ئىش كۆڭلۈمدە كى-چىككىنە ئۈمىدنى پەيدا قىلىپ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشىمغا ياردەم بەردى. بىراق، بۇ ئۈمىد مېنى ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. پارس-چە يەكتىكىمگە ئوبدان ئورىنىپ، كازاكلارنىڭ ھەربىي قونالغۇسى-غا ئايلانغان مېھمانخانا ھويلىسىدىكى باغقا يول ئالدىم. ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كازاكلار پولكوۋنىكنىڭ ئالدىدىن چىقىۋاتقىنىم-نى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا باشلىقىنىڭ ئۆزى رۇخسەت بەرگەن بولسا كې-رەك، دەپ ئويلايتتى. رېشاتكىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كىچىك بىر كوچىغا بۇرۇلدۇم. بۇ كوچا ئون مىنۇت ماڭسا ئامبىركا ئەلچىخا-نىسىغا تۇتىشاتتى. بىراق، تار كوچىنىڭ بېشىدا يەنە ئۈچ نەپەر كازاك ئەسكەر قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېرسەممىكىن؟» شۇ ئەسنادا سول تەرىپىم-دە مەندىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان بىر تار كوچىنى كۆرۈپ قالدىم. كازاكلاردا گۇمان تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار تەرەپكە قاراپمۇ قويماي، ئۇدۇل مېڭىپ سول تەرەپتىكى تار كوچىغا بۇرۇل-دۇم. يەنە بىر نەچچە قەدەم ماڭسام، ئۇلار مېنى كۆرەلمەيتتى.

شۇ ئەسنادا گېرمان تىلىدا ۋارقىراپ دېگۈدەك ئېيتىلغان «توختا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. «ئەستاغپۇرۇللا، توختايمۇ ياكى مې-ڭىۋېرەيمۇ؟ ئەگەر ئۇلار مەندىن گەپ سوراپ قالسا پارس تىلىنى بىلمەيدىغانلىقىم، يەنى مۇھاجىر ئىكەنلىكىم مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا قاچايمىكىن؟ ئۇنداقتا، ئۇلار چوقۇم مېنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە قاچقانلىقىمنى كۆرسە جىنايەتچى شۇكەن، دەپ جەزملەشتۈرى-دۇ». ئۇ چاغدا گۇناھسىزلىقىمنى قانداق ئىسپاتلايمەن؟ توغرا قارارغا كېلىشىمگە يېرىم مىنۇتچە ۋاقىت كەتتى. گويا ئۇلارنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىغاندەك خاتىرجەم قىياپەتتە يولۇمنى داۋام قىلدىم. بىراق بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ: «توختا!» دېگەن ئاۋازى، مىلتىق-لىرىنىڭ شاراقلاشلىرى، يۈگۈرگەن قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلاندى.

ئەمدى مەن ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي تار كوچا بويلاپ كەلگەن
تەرىپىمگە قاراپ قاچتىم. قاچقاندىمۇ كوچىنىڭ ئەڭ تار، قاراڭغۇ
بۇلۇڭلىرى بىلەن يۈگۈردۈم. قۇياشنىڭ پاتقىنىغا خېلى بولغان بو-
لۇپ، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشەتتى. مەن
چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىشىم كېرەك! كۆڭلۈمدە خۇداغا ئىلتىجا قى-
لىپ، بىرەر دۇئا ئوقۇماقچى بولدۇم. بىراق كاللامغا ھېچنېمە كەل-
مەيتتى، توختىماي«ئاھ خۇدا! ئاھ خۇدا!» دەپ تەكرارلايتتىم. بۇ
ئىلتىجالىرىم گويا ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن، لېكىن، جەننەتنىڭ
ئىشىكىنى بىھۇدە چېكىۋاتقان ئۈمىدۋار ئەرۋاھنىڭ ئىبادىتىگە
ئوخشايتتى.

كۆتۈلمىگەندە ئالدىمدىلا توپا - چاڭ ۋە پاسكىنىچىلىقتىن
رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر كىچىك ئىشىك ئېچىلدى. گويا ئالدىم-
دىكى كوچىنىڭ بۇرجىكىگە جايلاشقان كىچىك جەننەتنىڭ ئىشىكى
ئېچىلدى. كىمدۇر بىرى قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى ئىچكىرىگە تارت-
تى. مەنمۇ بۇ نىجاتكارنىڭ قولىغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يېپىشتىم.
ئىشىك يېپىلدى. قورقىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغان
ئىدى، بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىم ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەگە
زادىلا ئىشەنمەيۋاتقانلىقىم ئۈچۈن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.
تاشقىرىدا مېنى ئىزلەپ يۈرگەن كازاكلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراش-
لىرى، ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرگەن قەدەم تىۋىشلىرى ئېنىق
ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆزلىرىمنى ئېچىپ، بېشىغا رومال ئورىۋالغان، لېكىن يۈزى
ئوچۇق ئۈچ ئايال — ئۈچ جۈپ كۆزنىڭ، ماڭا خۇددى يېڭى تۇغۇل-
غان بوۋاقنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك قىزىقىش ئىچىدە قاراپ تۇرۇۋات-
قانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشتا چوڭراق بىرى،
تەخمىنەن قىرىق ياشلاردا بولسا كېرەك، ماڭا، ئارقىسىدىن مې-
ڭىشنى ئىشارە قىلدى. مەن «ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان» بۇ ھويلى-
نىڭ تۆرىدە كىچىككىنە بىر ئۆي بار بولۇپ، ئايال مېنى شۇ ئۆيگە
باشلاپ كىردى ۋە توقۇلما ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئىما -

ئىشارە بىلەن مېنى پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندىدى. دېمەك، كازاك ئەسكەرلىرى ئاياللار ياشايدىغان ئۆيگە مېنى ئىزدەپ كىر- مەيتتى!

شۇ ئارىدا مېنى ئىزلەپ ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا چېپىپ يۈرگەن كازاك ئەسكەرلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلان- نىپ، كېيىن پۈتۈنلەي بېسىقتى. ئەمدى ئۇلار مېنىڭ قايسى ئە- شكەتتىن كىرىپ، غايىب بولغانلىقىمنى ھەرگىز بىلەلمەيدۇ. چۈن- كى مەھەللىدىكى ئىرماش - چىرماش، بىر - بىرلىرىدىن تار كو- چىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆيلەر ۋە باغلار ئارىسىدىن قاچ- قۇننى ئىزدەپ تېپىش، سامانىنىڭ ئارىسىدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى.

بىر سائەت ئىچىدە نىجاتكارلىرىم ماڭا قارا چاي دەملەپ بې- رىشتى ۋە بۇ ئارىدا بىز ئازراق پاراڭلىشىپمۇ ئۈلگۈردۇق. پارس- چە - فرانسۇزچە ئارىلاشقان بىر نەچچە ئېغىز ئەبجەش جۈملىلەر ئارقىلىق ئۇلار ماڭا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتى. شاھ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەنلا، مەھەللىدە «قاتىلنىڭ شېرىكىنىڭ چەت ئەللىكلەر مېھمانخانىسىدا ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز - چۆچەك- لەر تارقىلىپتۇ. كوچىدا ئەسكەرلەردىن قېچىپ يۈرگىنىمنى كۆر- گەن نىجاتكارلىرىم، بۇ «قەھرىمان»نىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى پەم- لىشىپ، مېنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. لېكىن بۇنداق خەتەرلىك ئىشنى قى- لىشقا ئۇلارنى نېمە مەجبۇر قىلدىكىن؟ ئاياللىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇنىڭ ئېرى، يەنى قىزلىرىنىڭ ئاتىسى بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن، بابىيلەر ھەرىكىتىگە قاتناشقان، دېگەن جىنايەت بىلەن ناھەق ئە- يىبلىنىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىكەن. بابىيلار كۆپ خوتۇنلۇق قانۇننى بىكار قىلىش، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكى ۋە دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىش شوئارلىرى بىلەن قوزغالغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت ۋە- كىللىرى ئىدى.

شاھ ۋە روھانىيلار ئۇلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچى-

لىق ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئۇ جەرياندا نەچچە ئون مىڭ بابىلاردىن
تاشقىرى، كىچىككىنە چېقىمچىلىق سەۋەبىدىن بىگۇناھ ئادەملەرمۇ
قىرغىن قىلىنغان. شۇلاردىن بىرى مەسۇم قىزلىرى بىلەن تۇل
قالغان نىجاتكارىم بولۇپ، ئۇلار شاھ ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىدىن
قىساس ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەن. شۇنداق قىلىپ
ئۇلارنىڭ شاھنى ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىشقا تۆھپە قوشقان مەندەك
«قەھرىمان»نى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدىن چەكسىز مىننەتدار ئىكەنلى-
كىنى بىلىۋالدىم.

ئەگەر سېنى ئاياللار «قەھرىمان»دەپ كۈتۈۋالسا، ئۇلارغا بۇنىڭ
ئۇنداق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىسەن. ئۇلارنىڭ
ئىشەنچىنى يوققا چىقىرىش، كۆڭلىنى رەت قىلىشنىڭ ئۆزۈم ئۇ-
چۇنمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قال-
دىم. چۈنكى هايات قېلىش ئۈچۈن «قەھرىمان»لىقىم، ئۇلارنىڭ
ماڭا بولغان ئىشەنچ، مەردلىكى ۋە جاسارىتى ماڭا بەكمۇ زۆرۈر ئى-
دى. شۇنداق قىلىپ، مەن تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇزاق سۈكۈناتقا
چۆكتۈم. قارىماققا، مېنىڭ بۇ ھالىتىم ئۇلارنىڭ ئاخىرقى گۇما-
لىرىنىمۇ تارقىتىۋەتكەن ئىدى.

ئۈچ ئايال ۋە ئۇلارنىڭ بېغىنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالغانلىقى
ۋە ئىراننىڭ ئىسسىق باھارىدا ئۆتكۈزگەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قى-
رىق كېچە - كۈندۈز ھەققىدە ناھايىتى كۆپ سۆزلىشىم مۇمكىن.
ئۆزۈم بىر مۇھاجىر، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە پۈتۈنلەي يات چەت ئەل-
لىك ئەركەك بولغىنىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق ئاياللىرىغا نىسبە-
تەن «نامەھرەم»بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئۆيدە بىر كۈنمۇ ئارتۇق
تۇرالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. نىجاتكارىممۇ مېنى قۇتقۇزۇۋې-
لىپ، ئۆزىنىڭ قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى
بىلمەيتتى. ئىشىنىمەنكى، تۇنجى كۈنى كېچىدىلا باغنىڭ تۆرىدىكى
كىچىك ئۆيدە ئۇخلاۋاتقىنىمدا، ئۇ كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىشنى
ئويلاپ، بىر كېچە كىرپىك قاقمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئە-
تىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا مېنى ئويغىتىپ، ئوڭ تەرىپىگە مېنى،

سول تەرىپىگە ئىككى قىزنىنى ئولتۇرغۇزۇپ ۋە كىچىچە ئويلاپ چىققان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن نۇتۇقىنى باشلىدى.

ئۇ سۆزىنى مېنىڭ جاسارىتىمنى ماختاشتىن باشلاپ، مەندەك «قەھرىمان»نى ئۆز ئۆيىدە قوبۇل قىلغانلىقىدىن چەكسىز بەختىيار ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. كېيىن بىر پەس جىم بولۇپ قالدى ۋە تۇساتتىن مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا كۆكسىنى ئاچتى. مەن قىزىرىپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشتىم. بىراق ئۇ قوللىرى بىلەن بېشىمنى قايرىپ، كۆزلىرىمنى ئۆزىنىڭ كۆكسىگە قاراتتى، سۆز ۋە ئىشارە بىلەن كۆكسىنى ئېمىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئىككى قىز ئېغىزىنى رومالى بىلەن توسۇپ، پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئانا مۇقەددەس بىر ئەنئەنىنى ئادا قىلىشقا كەلگەن كىشىدەك ئاغزىنى ئېچىپ، ماڭا تەلپۈنۈپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ تېزلا كۆكسىنى ئاغزىمغا تەگكۈزۈپ، ئۇلارنى ئېمىشكە، شوراشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىن ئالدىرىماي كۆكسىنى يېپىپ، تەنتەنىلىك ئاھاڭدا ئېلان قىلدى:

— بۈگۈندىن باشلاپ مەن سېنىڭ ئىنىكئاناڭ!

كېيىن قىزلىرىغا قاراپ، ئۇلارغا مېنى ئەمدى ئۆز ئاكىلىرىدەك كۆرۈشنى تاپىلىدى. ماڭا بۇ مۇراسىم ئاجايىپ ھاياجانلىق، شۇنداقلا كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى.

بەزىدە بۇ ۋەقەنى ئەسلەپ، شەرقنىڭ بارلىق نازۇكلىقىنى چۈشەنگەندەك بولىمەن. نىجاتكارىم مېنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكىپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىنسانىيلىق بىلەن ياردىمىنى ئايىمىدى. يەنە كېلىپ ئۇ مەندەك يات بىر يىگىتنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا بىرەر قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى. بۇنداق مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولىنىڭ ــ ئانا ـ بوۋىلار ئادىتى بويىچە مېنى سىڭىللىق ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىشنىڭ ــ ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەنلىكىگە چىن كۆڭۈلدىن قايىل بولۇش كېرەك! ئەمدىلىكتە مەن ئۇنىڭ ئوغلى سۈپىتىدە ئۆيدە بىمالال يۈرەلەيتتىم.

مېنىڭ بۇ ئايالغا تۇتۇق ئۇغۇل بولغىنىم ھەممىمىز ئۈچۈن كەڭ يول ھازىرلىغان ئىدى. ئورنۇمدا باشقا كىشى بولغىنىدا، بۇ ئەنئەنە بىلەن ئۆزىنى قەپەسكە سولانغاندەك ھېس قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما مەن، ئەكسىچە، ئۆزۈمنى ناھايىتى ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئاياللار مۇھىتىغا ئۆزلىشىپ، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇلارغا باغلىنىپ، ياخشى - يامان كۈنلەرنى تەڭ كۆرۈپ، ئۇلارنى بىر ئائىلە·كىشىلىرىدەك يېقىن بىلگەن ھەر قانداق بىر ياش يىگىت، ئەلۋەتتە، ھامان بىر كۈنى ئۈچ ئايالنىڭ بىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئىنتىلگەن، ئانىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى يولدىن چىقارغان بولاتتى.

شۇ نىيەتتە مېھماندوستلۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىنى يوقاتقان يىگىت كۆپ ئۆتمەي بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى، قەلبى ئېزگۈلۈك ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تولغان بۇ ئاياللارنى ئۆمۈرۋايەت ئادەملەرگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. غەربچە تەربىيە ئالغان بولساممۇ، يەنە كېلىپ خىيالىمدا يۇقىرىقى پىكىرلەر مۇتلەق بولمىسىمۇ، بۇ ئايالنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا، ئائىلىسىنىڭ ئار - نومۇسىغا قىلچە داغ چۈشۈرمەيدىغان ئاجايىپ ئەنئەنىدىن پايدىلانغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم.

خۇددى بۇرۇندىنلا شۇنداقتەك بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاددىي، سۇزۇك ۋە ساپ ئىدى. ئېيتىش كېرەككى، ھېسسىياتلىرىمنى مەيلى قانچىلىك ئەركىن تۇتماي، ھەرىكەتلىرىم گويا مۇكەممەل قان - قېرىنداشلىق، ئانا - بالا، ئاكا - سىڭىللىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن پۈتۈن شەھەردە مېنى ئىزلەپ يۈرۈشكەن، ئەركىنلىكىم خۇداغا ئامانەت قويۇلغان بىر ئەھۋالدا ئەنە شۇ پەرەنجىسىز، يۈزى ئوچۇق ئاياللار ئارىسىدا ئەركىن، تىنچ - خاتىرجەم ياشاشقا باشلىدىم.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مېنىڭ بۇ ئاياللار بىلەن ئۆت-

كۈزگەن كۈنلىرىمىزنىڭ ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك كۈنلىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇلارسىز مېنىڭ شەرق ھاياتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمنىڭ چولتا ياكى سۇنئىي بولۇپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ قالدىم. پارس تىلىدا ئەركىن سۆزلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمغىمۇ ئاشۇ مۆھتەرەم ئاياللار سەۋەبچى بولدى. ئەگەر تۈنجى كۈنى ئەزىز نىجاتكارىم مەن بىلەن فرانسۇز تىلىدا يېرىم - يارتا سۆزلىشىشكە ئۇرۇنغان بولسا، ئەمدى بىز پارس تىلىدا بىمالال پاراڭلىشىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئىدۇق. قىزغىن پاراڭلىرىمىز مېنىڭ سەۋەنلىكىم ۋە كالتە پەملىكىم تۈپەيلىدىن نازۇك ياكى قوپال ماۋزۇلاردا بولۇپ قالسىمۇ، «ئاكا»لىق بۇرچۇم پەردىشەپتىن چەتنىشىمگە يول قويمايتتى. پۈتكۈل گەپلىرىم چاقچاق ئورنىدا چۈشىنىلەتتى. بۇ مۇناسىۋەتلىرىمىز مۇشۇنداق داۋام قىلىۋەرسە، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا بۇ ھەقتە ئويلاپ ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايتتىم.

ئەپسۇسكى، كۆپ ئۆتمەي بارلىق شېرىن مۇناسىۋەتلىرىمىزگە چاك كەتكۈزگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ئىش ئانىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەدەم تەشرىپى بىلەن باشلاندى.

ئادەتتە، مەن باغدىكى ئۆيدە تۇراتتىم. ئەركىن يۈرگەن چاغلىرىمدا بىرەر ئەنسىزلىكنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ئۆزۈمنى دالدىغا ئالاتتىم. لېكىن بۇ قېتىم ئېھتىياتسىزلىق سەۋەبىدىن چوڭلارنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزمەي قاپتىمەن. ئۇلار كىرگەندە، مەن ئاياللار ھوجرىسىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، «سىڭىللىرىم» تەييارلاپ بەرگەن چىلىمنى بەھۇزۇر تارتىپ ئولتۇراتتىم. تاشقىرىدىن ئەر كىشىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

مەندىن بىر ئاز كېيىنرەك ئۆيگە كىرىپ كەلگەن تۇتۇق ئانام-نىڭ ئۆيدە نېمىشقا ياۋروپالىق بىر ناتونۇش ئەرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى-نى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلدى، ئۆزى ۋە قىزلىرىنىڭ ئار-نومۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ راست گەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئائىلىسىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى جان تىكىپ قوغداي-دىغان جەسۇر ئايالنىڭ ئاۋازىدەك، ناھايىتى غالىبانە روھتا جاراڭلايتتى.

خوش، بۇ چەت ئەللىك كىم؟ بۇ پۈتۈن شەھەردە ساقچىلار توختىماي ئىزدەپ يۈرگەن ئاددىي بىر پەرەڭ يىگىتقۇ! ئەڭ مۇھىمى بۇ يىگىت ئۇنىڭ ئېرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان شاھنى ئۇ دۇنيا-غا ئۇزاتقان باتۇرنىڭ شېرىكى! بۇ يىگىت ئۇنىڭ ئېرى ئۈچۈن شاھتىن قىساس ئالدى!

بىر ئاز ئىككىلىنىشتىن كېيىن، ھامان مېنى ئۆيدىن كەتكۈ-زۈۋېتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىندى. چوڭلار دەسلەپ، مەن ۋە ئىنجاتكارلىرىمنىڭ جاسارىتىنى راسا ماختىدى. ئۇلارنىڭ قارىشى-چە، مېنىڭ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشۇم ھەقىقەتەنمۇ ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. بۇ — مۇسۇلمان ئەللە-رىگە نىسبەتەن توغرا قارار ھېسابلىناتتى.

دەرۋەقە، ئەھۋالىم ئېغىر ئىدى. مەن ئۈچۈن ھويلىنىڭ «ئىچ-كىرى» سىدە ياشاش بىھۇدە گەپ - سۆزلەرگە سەۋەب بولۇشى، بو-لۇپمۇ بۇ مېنى قوغداش ئۈچۈن ئەتەي قىلىنغان ئىش ھېسابلىنى-شى مۇمكىن ئىدى.

ئائىلىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا ھېچقانداق داغ چۈشمىگەن

بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىن كېتىشىم ئېنىق ئىدى. مېنىڭ ئالدىمدا ئىككى يول بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرىنى تاللىشىم كېرەك ئىدى. بىرىنچىسى ئەڭ ئاسان يول بولۇپ، مەن ئاياللارنىڭ كىيىمنى كىيىپ، قىرىق كۈن ئاۋۋال بارالمىغان ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا بېرىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن « ئانام » مېنى بۇ يولدىن قايتۇردى. ئۇ كوچىلارنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، ئەلچىخانىغا تۇتىشىدىغان بارلىق يوللارنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن قامال قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويى 183 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئەر، پارس ئاياللىرىنىڭ كىيىمنى كىيىپ كوچىغا چىقسا، ئەڭ ناتىقېپى ساقچىمۇ بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئايال كىشى ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىككىنچى يول: بىر چاغلاردا سەييىد جامالىددىن يادىمغا سالغان مەلىكىگە خەت يېزىپ، قىيىنچىلىقىمنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش ئىدى. مەن بۇ ھەقتە «ئانام»غا مەسلىھەت سالدىم، ئۇ دەررۇ بۇ چارىنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇنىڭچە، ئۆلتۈرۈلگەن شاھنىڭ نەۋرىسى مەلىكە شىرىن ئاۋام - خەلققە كۆيۈنىدىغان، ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرىبان ئايال ئىكەن. ئۇنىڭغا خەتنى «ئانام» ئۆزى ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى. ئەڭ مۇشكۈل ۋەزىپە ــ خەتنى قانداق مەزمۇندا يېزىش ئىدى. يازغان خېتىم ئۇنىڭغا مېنىڭ كىملىكىمنى بىلدۈرۈشى ۋە باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، مېنى پاش قىلىپ قويماسلىقى، خەتتە ئۆزۈمنىڭمۇ، سەييىد جامالىددىننىڭمۇ نامىنى تىلغا ئالماسلىقىم لازىم ئىدى. ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىر ئۇنىڭ جامالىددىننىڭ ئۆيىدە ماڭا ئېيتقان بىر جۈملە سۆزىنى قەغەزگە يازدىم:

«كىم بىلىدۇ، يەنە ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى؟»

«ئانام» خەتنى مەلىكىگە مەرھۇم شاھنىڭ ۋاپاتىغا قىرىق كۈن توشقاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىرنىڭ ئاخىرىدا يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. نەزىرگە كەلگەن ئاياللار ۋە يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىپ يىغلاۋاتقان ھازىدارلارنىڭ يىغا - زارلىرى ئىچىدە خەت مەلىكىگە ئاسانلا يەتكۈزۈلۈپتۇ. مەلىكە خەت-

نى ئوقۇپلا، كۆزلىرى چاقناپ خەت ئىگىسىنى ئىزدەپتۇ. «ئانام» ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، «ئۇ مېنىڭكىدە» دەپ پىچىرلاپتۇ. شىرىن دەرھال نەزىرىدىن ئايرىلىپ، پەيتۇنغا «ئانام»نى ئېلىپ، ھېچقانداق گۇمانغا ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن پىروۋېست مېھمانخانىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە پەيتۇندىن چۈشۈپ، ئىككىسى بىرلىكتە مەن تۇرۇۋاتقان «ئانام»نىڭ ئۆيىگە پىيادە كەپتۇ.

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى ئەركىن بولدى. مەلىكە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ماڭا سىنچىلاپ قارىدى ۋە تۇساتتىن ئېغىز ئاچتى:

— ئەتە سەھەردە پەيتۇن بىلەن كېلىمەن، تەييار بولۇپ تۇرۇڭ، يولدا پەرەنجىگە ئورىنىۋېلىڭ ۋە ھېچكىمگە تىكىلىپ قارىماڭ!

ئۇ مېنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ئېلىپ بارسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. پەيتۇن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقاندا مەن خاتا ئويلىغانلىقىمنى چۈشەندىم.

— مەن سىزنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — لېكىن ئۇ يەرگە بارسىڭىز، بېشىڭىزغا قانداق كۈلپەتلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن گەرچە شاھنىڭ نەۋرىسى بولساممۇ، شاھنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە شېرىك دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىگە قانداقمۇ ياردەم قىلالايمەن؟ مەن سىزنى قۇتقۇزۇۋالغان ئايالنىڭ مەردلىكىگە قايىل بولدۇم. بىراق سىزنىڭ ئەلچىخانىڭىز بۇنداق ئېغىر گۇناھ بىلەن ئەيىبلىنىۋاتقان كىشىنى ھىمايە قىلارمۇ؟ ئۇلار سىزنى ئاسانلا ساقچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىدۇ. ماڭا ئىشىنىڭ، سىزگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى يول — تېزلىك بىلەن ئىراندىن چىقىپ كېتىش. مەن سىزنى ئانا تەرەپ تاغىلىرىمدىن بىرى — بەختىيارىلار ھۆكۈمدارىنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بارىمەن. ئۇ قەبىلىسىدىكى جەڭچىلىرى بىلەن دادامنىڭ قىرىقىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن. مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ۋە يۈز بەر-

گەن مۇدھىش ھادىسىدە قىلچىمۇ چېتىشلىقىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈردۈم. لېكىن ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ گەپلەردىن خەۋەردار بولماسلىقى لازىم. ئۇ سىزنى ھېچكىم ماڭمايدىغان يوللار ئارقىلىق تۈركىيە چېگرىسىغىچە ئاپىرىپ قويۇشقا ۋەدە بەردى. ئۇ بىزنى شاھ ئابدۇل ئەزەم يېزىسىدا كۈتۈۋاتىدۇ. خوش، يېنىڭىزدا پۇلىڭىز بارمۇ؟

— ھەئە، مەن نىجاتكارىمغا 200 تۈمەن بەردىم. يېنىمدا يەنە 400 تۈمەنچە پۇل بار.

— بۇ يەتمەيدۇ، سىز مۇھاپىزەتچىلەرگە يېنىڭىزدىكى پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىشىڭىز، يولىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز ئۈچۈن كۆپ مىقداردا پۇلىڭىز بولۇشى كېرەك. مانا بۇ تۈرك پۇلىنى ئېلىڭ. لېكىن بۇلارمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن. مانا بۇ خەتنى ئۇستازغا تاپشۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. سىز ئىستانبۇل ئارقىلىق ماڭىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇ خەتنى كۆڭلىكىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ مىرزا رىزانىڭ دەسلەپكى سوراق خاتىرىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى. كېچىنى خەتنى كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. سىز ئۇنى ئوقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ، بەلكىم شۇنداق قىلىش زۆرۈردۇر. ئۇ سىزنىڭ كۆپ نەرسىلەرنى چۈشىنىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ جاپالىق سەپىرىڭىزدە سىزنى زېرىكتۈرمەيدۇ. بىراق ئۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەڭ.

بىز بەلگىلەنگەن يېزا چېگرىسىغا يېقىنلاشتۇق. ھەممە تەرەپتە ساقچىلار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەكشۈرۈۋاتاتتى، ئۇلار ھەتتا يولۇچىلارنىڭ قېچىرلىرىغا ئارتىلغان يۈكلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايتتى. بىراق شاھ ئائىلىسىگە تەۋە پەيتۇننى توختىتىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. پەيتۇن زەپىرەڭ رەڭلىك كەڭ ھويلىغا كىرىپ توختىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۈز يىللىق

چوڭ چىنارنىڭ سايىسىدا يەلكىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ ئوقدان ئېسىۋالغان ئەسكەرلەر ئولتۇرۇشاتتى. مەلىكە بۇرۇتلۇق ۋە تەق-تۇرقى مەردانە ئەسكەرلەرگە پەرۋاسىز نەزەر تاشلاپ، ماڭا ئېيتتى:

— كۆرۈۋاتامسىز، مەن سىزنى ئىشەنچلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇۋاتىمەن، ئۇلار سىزنى بۇ يەرگىچە ئېلىپ كەلگەن مەندەك ئاجىزغا قارىغاندا ياخشىراق ھىمايە قىلالايدۇ.

— بۇنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

مەن شۇنداق دەپ، قالايمىقان كۆتۈرۈپ يۈرۈلگەن مىلتىقلارغا تەشۋىشلىك نەزەردە قاراپ قويدۇم.

— مېنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى مەلىكە، — بىراق قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار سىزنى تۈركىيە چېگرىسىغىچە ئامان-ئېسەن يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

خوشلىشىش پەيتىدە مۇھىم گەپنى سوراش يادىمدىن چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ سورىدىم:

— قۇلايسىز بولسىمۇ، سوراشقا مەجبۇرمەن. ئېيتىڭچۇ، مىرزا رىزانىڭ بۇيۇملىرى ئىچىدىن ھەييامنىڭ قول يازمىسىنىڭ تېپىلغان ياكى تېپىلمىغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

ئۇ نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، نارازى ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:

— راستلا قۇلايسىز سوئال ئىكەن. ئىستانبۇلغا بارغۇچە بۇ ئىسىمنى قايتا تىلغا ئالماڭ.

— لېكىن، گەپ ھەييامنىڭ قول يازمىسى ئۈستىدە كېتىۋاتىدىغۇ!

مەن نارازىلىق بىلدۈرۈشكە ھەقلىق ئىدىم. ھەر نېمە دېگەنبىلەن، ئاشۇ قول يازما سەۋەبىدىن بېشىمغا ئاز كۈلپەتلەر چۈشتىمۇ!

— ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيمەن. بىراق سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشكە ئۇرۇنىمەن. ماڭا ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ قويسىڭىز، سىزگە بۇ ھەقتە خەۋەر قىلىشىم مۇمكىن. لېكىن، خۇدا ھەققى، ماڭا خەت يېزىشتىن ساقلىنىڭ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ چوڭقۇر تىندى.

ئۇنىڭغا «ئاننابولى، مارىلىند»سۆزلىرىنى يېزىپ بېرىۋېتىپ، ئۆزۈمنى بۇ يەردىن ئاللىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئىراندىكى كەچۈرمىشلىرىمنىڭ شۇنچىلىك تېز ئاخىرلاشقانلىقىدىن، ئەمدى كۆز ئالدىمدىكى بۇ دىلبەر قىزنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىپ، قەغەزنى ئۇزاتتىم. ئۇنىڭ قەغەزنى ئېلىش ئۈچۈن سۇنغان قولىنى تۇتۇۋالدىم. قول قىسىشىمىز قىسقا، لېكىن سەمىمىي بولدى. مەلىكە قولۇمنى قىسقاندا باش بارمىقىنىڭ تىرنىقىنى يېنىككىنە پاتۇرۇپ، ئالىقىنىمدا سۇس ئىز قالدۇردى. ھەر ئىككىمىزنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ، تەڭلا كونا بىر جۈملە سۆزنى تەكرارلىدۇق:

— كىم بىلىدۇ، يەنە ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى؟

ئىككى ئاي يول يۈرۈپ، بېسىپ ئۆتكەن مەنزىلنىڭ قانداقسىگە «يول» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. شاھ ئابدۇل ئەزەم يېزىسىدىن چىقىپ، شەرقىي جەنۇبقا، بەختىيارىيلار ياشايدىغان چېگرىغا قاراپ يولغا چۈشتۇق. قۇم ئەتراپىدىكى شور كۆلنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، شۇ نامدىكى دەريانى كېسىپ ئۆتتۇق. مىلتىقلىرىنى ھەر قاچان ئېتىشقا تەييار تۇرۇۋاتقان مۇھاپىزەتچىلىرىم ئاھالە ياشايدىغان يېزا ياكى شەھەرلەردىن ئايلىنىپ مېڭىشاتتى. شېرىنىنىڭ تاغىسى تۇرۇپ - تۇرۇپ ماڭا: «بىز ئامۇكقا يېقىنلىشىۋاتىمىز»، «بىز ۋېرچەدىن ئۆتۈۋاتىمىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، يىراقلاردا كۆرۈنۈۋاتقان شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇنارلىرىنى كۆرسىتەتتى.

لۇرىستان تاغلىرىدا، قۇم دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىلىرىدا مۇھاپىزەتچىلەر خاتىرجەم بولغاندەك قىلاتتى. مەن بەختىيارىيلار چېگرىسىغا كىرگىنىمىزنى سەزدىم. ئاخىرى، ئۇلار ياشايدىغان يېزىغا يېتىپ كەلدۇق. مېنىڭ شەرىپىمگە كاتتا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەشە سېلىنغان چىلىمنى تارتىپ، كۆچلۈك شاۋقۇن - سۈرەندىمۇ تاشتەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتكەنلىكىمنى سەزمەپتىمەن.

ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ يەردىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. نۆۋەتتىكى سەپىرىم يەنىمۇ ئۇزاقراق ئىدى. مەن شۇستەر، ئەھۋاز شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، قورقۇنچلۇق پاتقاقلىقلاردىن ئارىلاپ ئۆتۈپ، شەتتۇل - ئەرەب تاغلىرى ئۈستىدىكى ئوسمانىيلارغا قاراشلىق ئىراقنىڭ بەسىر شەھىرىگە بېرىشىم لازىم ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئىراندىن ئامان - ئېسەن چىقىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم! فەئاددىن بەھرەيىنگە بېرىش ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ئەدەنگە بېرىشقا توغرا كەلدى. كېيىن قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ، سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئىسكەندىرىيەگە يېتىۋالدىم ۋە كونا تۈرك كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئىستانبۇلغا بېرىش ئۈچۈن بىر ئاي مۇشەققەتلىك سەپەر ئازابى تارتتىم.

مۇشەققەتلىك، لېكىن تىنچ ئاخىرلاشقان بۇ سەپەر داۋامىدا مىرزا رىزانىڭ ئۇن بەتلىك سوراق خاتىرىسىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ ۋاقتىمنى ئۆتكۈزدۈم. ئېھتىمال، باشقا بىرەر كۆڭۈللۈك ئىش تاپالىغان بولسام، بۇ سوراق خاتىرىسىنى ئوقۇشقا ئۈنچىلىك بېرىلمىگەن بولاتتىممىكىن؟ لېكىن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىغان بۇ ئادەمنىڭ بايانىنى ئوقۇپ، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىللىق ئىنسانىي تۇيغۇلار ئويغاندى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن، كىيىملىرىنىڭ ھېچبىر كىيگۈچىلىكى قالمىغان بىر بىچارىدىن بۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، قەيسەر يۈرەكلىك بۇ ئىنساننىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاۋاتقاندەك بولاتتى:

— سۆيۈملۈك شاھىمىزنىڭ جېنىغا قەست قىلىشقا سېنى كىم بۇيرۇدى؟

— پېشانىسىدە كۆزى بار ھەر بىر ئىنسان سەييىد جامالىددىننىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ھاقارەتكە ئۇچراتقان شاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىي ئەۋلادى

بولغان بۇ ئۇلۇغ ئىنسان شۇقەدەر ھاقارەتلەنگۈدەك شاھقا نېمە يا-
مانلىق قىلغان ئىدى؟
— شاھنى ئۆلتۈرۈشتە ساڭا كىم يول كۆرسەتتى؟ شېرىكلى-
رىڭ كىم؟
— يېگانە ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۇنى
ئۆزۈم يالغۇز ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىۋەتتىم. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت-
نىڭ، جۈملىدىن، سەييىد جامالىددىننىڭمۇ ياراتقان ئىگىسى. يارات-
قان ئىگەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم شاھنى ئۆلتۈرۈش پىلانىمدىن
خەۋەرسىز. ھەتتا، سەييىد جامالىددىنمۇ شۇنداق. يەنە كېلىپ
ئۇستاز بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقتا — ئىستانبۇلدا! ئۇنىڭغا سى-
لەرنىڭ قولۇڭلار يەتمەيدۇ!
— جامالىددىن ساڭا قانداق تاپشۇرۇقلارنى بەرگەن؟
— مەن ئىستانبۇلغا بارغاندا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ،
شاھزادىنىڭ ماڭا يەتكۈزگەن زىيان - زەخمەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ
بەرگەن ئىدىم. ئۇ: «ئانىسىدىن يېتىم قالغان بالىدەك ياش تۆكۈش-
نى توختات! قولۇڭدىن يىغلاشتىن باشقا ھېچ ئىش كەلمەمدۇ؟ ئە-
گەر شاھزادە سېنى خاپا قىلغان بولسا، سەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئې-
لىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدە!» دېگەن ئىدى ئەھۋالىمنى كۆرۈپ.
— خوش، ساڭا شاھزادە نائىنساپلىق قىلسا، جامالىددىن
شاھزادىدىن ئۆچ ئال دېسە، سەن نېمىشقا يەنە شاھنى ئۆلتۈردۈڭ؟
— مەن بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. ئەگەر شاھزادىنى
ئۆلتۈرسەم، شاھ ئۆز كۈچ - قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئا-
دەملەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. زۇلۇم دەرىخىنىڭ شېخىنى
كېسىشتىن كۆرە، ئۇنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاش ياخشى
ئەمەسمۇ؟ ئېھتىمال، بۇ دەرەخنىڭ ئورنىدا باشقا تۇزۇكرەك بىر
كۆچەت ئۈنۈپ چىقار! بىر كۈنى تۈركىيە سۇلتانى سەييىد جامالىد-
دىنغا: «پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقىنى تۈزۈش ئۈچۈن
ئىران شاھىنى تەختتىن چۈشۈرۈش زۆرۈر» دېگەن ئىكەن. ئېھتى-
مال، شۇ كۈنلەرگىمۇ يېقىنلاشقاندىمىز؟

— سۇلتاننىڭ بۇ گەپنى جامالىددىنغا ئېيتقانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟

— بۇنى ماڭا سەييىد جامالىددىن ئۆزى ئېيتقان. ئۇ ماڭا ئىشنىپ ھەممە گەپنى دەۋېرەتتى. ئىستانبۇلدىكى چېغىمدا ئۇ مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى.

— ئىستانبۇلدا شۇنچىلىك ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق، تۇرمىگە تاشلىنىپ، ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن جايىڭ — ئىرانغا يەنە نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟

— مەن پېشانىسىگە پۇتۇلگىنىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەردىن. دەرەخ يوپۇرمىقى سەۋەبسىز ئۆزۈلۈپ چۈشمىگىنىدەك، مېنىڭ پېشانەمگىمۇ ئىرانغا قايتىپ كېلىش ۋە پۇتكۈل پارسلارنى شاھنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇش پۇتۇلگەن بولسا ئامالىم قانچە؟ مەن پېشانەمگە پۇتۇلگەن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم، خالاس.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

جامالىددىننىڭ يۇلتۇز تۆپىلىكىگە جايلاشقان ئۆيى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ باشلىرىدىكى پۆپۈكلۈك قالپاقلىرىغا: «سۇلتاننىڭ ئايغاقچىسى» دەپ يېزىپ قويۇلمىغان بولسىمۇ، بۇ يەرگە كېلىۋاتقان ئەڭ ساددا زىيارەتچىمۇ بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالالايتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ يەرگە كەلگۈچىلەرنىڭ قەدىمى خېلى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. ئېھتىمال، بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن ئايغاقچىلارنىڭمۇ ئەسلىي مەقسەتلىرى شۇدۇر؟

قانداقلا بولسۇن، بىر ۋاقىتلاردا ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى، چەت ئەل مۇخبىرلىرى، خىزمەتكارلار بىلەن ئاۋات بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆي سېپىنتەبىرنىڭ مانا شۇ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىدە قۇپقۇرۇقتەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆيگە كىرىپ ئۇستازنىڭ ھەر قاچانقىدەك ئېغىر ـ بېسىق خىزمەتكارىنىلا كۆردۈم. ئۇ مېنى بىرىنچى قەۋەتتە ئۆزىنىڭ يۇمشاق ئورنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان جامالىددىننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى.

مېنىڭ كىرىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇ چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلىپ، مېنى باغرىغا مەھكەم باستى. بېشىمغا شۇنچە كۆپ كۈلپەتلەرنىڭ چۈشۈشىگە ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەپۇ سوراپ، مېنى ساق ـ سالامەت كۆرگەنلىكىدىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئىراندىن چىقىپ كەتكەنلىكىمنى، مەلىكىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىنى، پازىل ۋە مىرزا رىزا بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرىم-

نى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. مىرزا رىزانىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى يەنە بۇزۇلدى.

— ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنى ئۆتكەن ئايدا دارغا ئېسىشقان. خۇدا ئۇنى كەچۇرسۇن! ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆز قىسمىتىنى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قانداق قاچۇرۇشنىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇنداق، ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرگەن شاھتىن يۈز كۈن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. بىچارىنىڭ گۇناھنى بويىنىغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق قىيىنىغان بولسا كېرەك.

جامالىددىن ناھايىتى چۈشكۈن ئاھاڭدا سۆزلەيتتى، ماڭا ئۇ كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالغان، خېلىلا ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سىلىق يۈزىنى يول - يول قورۇقلار قاپلىۋالغان ئىدى. بۇ قورۇقلار بەزىدە ئۇنى ناھايىتى خۇنۇك كۆرسىتەتتى، بىراق بۇلار ئۇنىڭ قىياپىتىدىكى كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان جازىبىنى يوقىتالمىغان ئىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مىرزا رىزانىڭ نامىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭ يۈزلىرى يەنىمۇ سەتلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن تېخىچە ئىستانبۇلدا ئۆزۈم داۋالاتقان، قوللىرى تىترەپ، بىر پىيالە چاينىمۇ ئەپلەپ ئىچەلمەي قالغان بۇ بىچارە يىگىتنىڭ قولىغا تاپانچا ئېلىپ بىر پاي ئوق بىلەن شاھنى يەر چىشلەتكىنىگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. ئېھتىمال، ساقچىلار ئۇنىڭ سەۋدايىلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ گۇناھنى زورلاپ ئۇنىڭغا تېڭىۋاتقاندۇر؟

مەن سوئالغا جاۋاب بەرمەي، مەلىكە شېرىن ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن سوراق خاتىرىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئۇ كۆزەينىكىنى تاقاپ، ئۇنى ئەندىشە ۋە تەشنالىق بىلەن قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، چىرايىدا ئىپتىخار ۋە رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ئۇ قەغەزلەرنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى - دە، چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇن مىنۇتلۇق ئېغىر سۈكۈناتتىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئەلەملىك

نىدالار ئېتىلىپ چىقتى:

— ئاھ، مىرزا رىزا! مىرزا رىزا! ئىرانىنىڭ دەرد - ھەسرىتى بولغان بىچارە بالا! بۇنچىلىك سەۋدايى بولمىغىنىڭدا، خۇدا ساڭا بىر ئاز ئېغىر - بېسىق بولۇشنى نېسىپ قىلغان بولسا پەرۋەردىگارىم، پەقەت مېنىڭ ئىشەنچىمنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ماڭا سادىق ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ ئىشقا قول سالمىغان بولساڭ! مېنىڭ يۈرىكىمدە دەسلەپ مېھىر - مۇھەببەت، كېيىن ئاغرىنىش ئويغاتمىغان بولساڭ قانداق ياخشى بولغان بولاتتى! ئەمدى سېنى قانداق سۆيەلەيمەن ؟ ياراتقان ئىگەمنىڭ تەقدىرىڭنى بەلگىلەشتە ئىككىلەنگەن بولسا كېرەك. سېنى شۇنچە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ بەدىلىگە جەننەتكە قويارمىكىن ياكى ياۋۇز روھلارنىڭ دوزىخىغا يوللارمىكىن؟

ئۇ چۈشكۈن ھالەتتە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇپ ئولتۇرغان بۇ كېسەلمەن ئادەمگە تىكىلگىنىمچە، چوڭقۇرراق نەپەسمۇ ئالماي سۈكۈتتە تۇردۇم. توساتتىنلا جامالىددىن ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ تەلەپپۇزى جىددىي، پىكىرلىرى روشەن ئىدى:

— بۇ مىرزا رىزانىڭ گەپلىرى. مەن بۇنىڭغا ئىشەندىم. ئۇ مەن ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى ئويلاپ بۇ ئىشنى قىلغان. ئېھتىمال، بۇنىڭ بىلەن ماڭا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭغا ھېچقاچان قان تۆكۈشنى بۇيرۇغان ئەمەس. ئىستانبۇلغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇ ماڭا شاھزادە ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ماجىرالىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن: «يىغلاشنى توختات. ئەگەر كۆز يېشى بىلەن رەھىم - شەپقەت تىلەۋەرسەڭ، بىر ئۆمۈر باش ئېگىپ ياشاشقا كۆنۈپ قالىسەن!» دېگەن ئىدىم. ئۇنىڭغا قەدىمىي بىر رىۋايەتنىمۇ سۆزلەپ بەرگىنىم ئېسىمدە. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ قوشۇنلىرى ئىران شاھى دارانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ

قىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ساراي دانىشمەنلىرى پارس قوشۇنلىرى-نىڭ سانىنىڭ يۇنانلىقلارنىڭكىگە قارىغاندا بىر نەچچە ھەسسە كۆپ-لۈكىنى ھۆكۈمدارغا مەلۇم قىلىشىپتۇ. ئىسكەندەر يەلكىسىنى قىسىپ، ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— خوش، نېمە بوپتۇ؟ قوشۇنلىرىم سان جەھەتتە ئاز بولسى-مۇ، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. دارانىڭ قوشۇنلىرى بولسا قۇربان بولۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ!

شۇ چاغدا مىرزىغا مانا شۇ جۈملىلەرنى ئېيتقىنىم ئېسىمدە: «ئەگەر شاھزادە سېنىڭ غۇرۇرۇڭنى دەپسەندە قىلغان بولسا، بۇ-نىڭدىن چۈشكۈنلۈككە پاتماي، سەنمۇ ئۇنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشنى ئۆگەن!» مېنىڭ بۇ سۆزۈم جىنايەتكە ئۈندەشمۇ؟ مانا سىز، مىرزىنى ئوبدان تونۇيدىغان ئادەم سۈپىتىدە مېنىڭ بۇنداق ئىشنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇرالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەرسىزمۇ؟ تېخى ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىق نۇرغۇن شاگىرتلىرىم بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغۇ!

— باشقىلار ئويلىغاندەك، بۇ جىنايەتتە سىز ئەيىبلىك ئە-مەس، لېكىن ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرىڭىزنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدىم ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈم-دىن تەسەللى بېرىپ.

بۇ گەپلىرىم ئۇنى روھلاندۇردى بولغاي، دەرھال جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ھەر كۈنى شاھقا ئۆلۈم تىلىگەنلىكىمنى تەن ئا-لىمەن. ئەپسۇسكى، بۇ جىنايەت خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مىرزىنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئەمدى مەن ئۆزۈمە-نى قوغداپمۇ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلى-غان.

ئۇ كىچىك بىر ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئالدىراش يېزىل-غان بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى.

— بۈگۈن ئەتىگەن مەن ۋەسىيەتنامەمنى يازدىم.

مەن ۋەسىيەتنامىنى قولۇمغا ئېلىپ ھاياجان بىلەن ئوقۇدۇم: «مەن مەھبۇسلىقىمغا ئەمەس، ئەجىلىم توشقانلىقىغا ئەپسۇس-

لىنىۋاتىمەن. بىردىنبىر ئارمىنىم، ئۆزۈم تېرىغان ئورۇقلارنىڭ ئۈنۈپ چىققانلىقىنى كۆرەلمەي كېتىپ قېلىش. مۇستەبىت تۈزۈم شەرق خەلقلىرىنى ئېزىشنى داۋام قىلماقتا. جاھالەت بولسا ئا- ياللارنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر ھەرىكىتىنى بوغۇپ قويىۋاتىدۇ. مەن ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ قەلبىگە تېرىماقچى بول- غان ئادالەت ئورۇقلىرىنى ئاددىي خەلقنىڭ قەلبىگە تېرىغىنىمدا، ئېھتىمال، ياخشىراق نەتىجىگە ئېرىشكەن بولاتتىم! ئەي، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇ - ئۈمىدىم بولغان ئىران خەلقى، ئاشۇ بىرلا زالىمنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئازادلىققا ئېرىشىش مۇمكىنلىكىگە ئە- شەنمە! ئەسىرلەر بويى بوينۇڭغا ئېسىپ قويۇلغان جاھالەت يۈكلە- رىنى ئىرغىتىپ تاشلىغاندىلا ئازادلىققا ئېرىشىسەن!»

— ئۇنىڭدىن بىر نۇسخا تەرجىمە قىلىپ ھېنرى روشېفورتقا بېرىڭ. ئۇ نەشر قىلىۋاتقان «بويسۇنماس»گېزىتى مېنىڭ گۇناھ- سىزلىقىم ھەققىدىكى ماقالىلەرنى بېسىۋاتىدۇ، باشقىلار بولسا مې- نى قاتىللىقتا ئەيىبلىمەكتە. ھەممىيلەن ئۆلۈشۈمنى ئارزۇ قىلىۋا- تىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشىم كېرەك.

ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن رەھىم - شەپقەت قوزغاشتەك نۇقساندىن خالىي ئەمەسلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق ۋاقىتلاردا سۆزئىي- رەۋىشتە قاقاھلاپ كۈلەتتى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى چاقچاق دەپ چۈ- شىنىش مۇمكىن ئىدى.

— راك، راك ، راك! — تەكرارلىدى ئۇ، خۇددى يىرگىنچلىك بىر سۆزنى تىلغا ئېلىۋاتقاندەك، — قەدىمكى زامانلاردا تېۋىپلار ئادەم تېنىدىكى ھەممە كېسەللىكلەرنى يۇلتۇزلار بىلەن باغلاپ داۋالايدىكەن. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، ھەرقانداق تىلدا بۇ كېسەل- لىك يۇلتۇز نامى بىلەن ساقلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا داۋا تېپىلمايۋاتىدۇ.

ئۇ بىر نەچچە مىنۇت غەمكىن ھالدا جىم بولۇپ قالدى، كې- يىن روھى كۆتۈرۈلگەندەك تەمكىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ كېسەلنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. بىراق، ئۇ مېنى ئۆلۈم-

گە باشلاپ بېرىشى مۇمكىن. ئىران شاھى مېنى گۇناھكار سۇپىتىدە ئۆز دۆلىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. سۇلتان بولسا مېھمىنى بولغىنىم ئۈچۈن نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، شاھنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىۋاتقان بىر كىشىنى دۆلىتىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا ھەققى يوق- دە. سۇلتان شاھ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدىن بىزار. ئۇ ھەر كۈنى شاھقا قارشى يوشۇرۇن تۈزۈلۈۋاتقان پىتنە - ئىغۋالارغا قاتنىشىشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ماڭا ئوخشاش باش ئەگمەس كىشىلەرنى جازالاش ئۈچۈن زامان ئەكابىرلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىغا ھېچ نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. خوش، بۇنداق مۈشكۈل ئەھۋالدا نېمە قىلىش كېرەك؟ مانا شۇ يەردە تۈرك سۇلتانى مېنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر ۋە بۇ ئىش ئىران شاھى تەرىپىدىنمۇ قوللاشقا ئېرىشىدۇ. شاھ مېنى ئىرانغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەلەپنى ئىزچىل تەكرارلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا قولىنى مېنىڭ قېنىم بىلەن بۇلغاش خىيالىدىن يىراق. خوش، مېنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ راكمۇ؟ شاھمۇ؟ سۇلتانمۇ؟ ئېھتىمال، مەن بۇنى بىلىشكىمۇ ئۈلگۈرمەسمەن. لېكىن سەن، قەدىرلىك دوستۇم، بۇنى ئەلۋەتتە بىلىسەن!

ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىپ، تەلۋىلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

بىراق مەن ھەممىدىن خەۋەرسىز قالدىم. شەرقنىڭ بۇ بۈيۈك ئىسلاھاتچىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئائىت تەپسىلاتلار ئۈزاققىچە سىر پېتى قالدى. مەن بۇ خەۋەرنى يۇرتۇمغا كېلىپ ئاڭلىدىم. «بويسۇنماس»گېزىتىنىڭ 1897 - يىلى 12 - مارت سانىدا ئۈچ كۈن ئاۋۋال جامالىددىننىڭ توساتتىن غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىنغان ئىدى. يازنىڭ ئاخىرلىرىدا، شېرىننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەكتۇپتىن مەن جامالىددىننىڭ ئۆلۈمىگە ئائىت ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان پەرەزلەرنى بىلدىم.

«ئۇ بىر نەچچە ئايغىچە راك كېسىلى بىلەن باغلىق بولغان چىش ئاغرىقىدىن قىينىلىپ يۈردى. شۇ كۈنى چىشى ھەددىدىن

تاشقىرى ئاغرىپ كەتكەچكە، ئۇ خىزمەتكارنى سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ شەخسىي چىش دوختۇرىنى باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇغان. دوختۇر كېلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىغان چىشلىرىنى تەكشۈرگەن ۋە ئۆزى ئالدىن تەييارلاپ كەلگەن شىپرىس بىلەن، «ئاغرىقنى بىر دەمدىلا توختىتىدۇ» دەپ، ئۇنىڭ چىش مىلىكىگە ئوكۇل ئۇرغان. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، جامالىددىننىڭ ئېڭىكى ئىششىشقا باشلىغان. ئۇستازنىڭ نەپەسىنىڭ قىسىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خىزمەتكار تېخى ھېلىراقتا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن دوختۇرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن. بىراق، خىزمەتكارنى كۆرگەن دوختۇر ئارقىغا قايتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى ساقلاۋاتقان پەيتونغا قاراپ يۈگۈرگەن. كۆپ ئۆتمەي سەييىد جامالىددىن ئالەمدىن كۆز يۇمغان. كەچكە يېقىن سۇلتاننىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەتكەن ۋە ئالدىراش يەرلىككە قويۇۋەتكەن». مەلىكىنىڭ مەكتۇپى ئۆمەر ھەييامنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسى بىلەن ئاخىرلاشقانىدى:

بىلەرمەنلەر بار ئىدى ئوخشاش ئاپتاپقا،
ھەر بىرى خەزىنە ئىلمۇ ئەدەپكە.
بۇ قارا كېچىدىن يول تېپىشالماي،
بەلكى ئەپسانە دەپ، كەتتى ئۇيقۇغا.

مەكتۇپتىن مەن كۈتكەن يېڭىلىق، ئەلۋەتتە، ھەييامنىڭ قول يازمىسى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يازغان خەۋىرى تولىمۇ قىسقا ئىدى: «ئۇ راستىنلا جىنايەتچىنىڭ سوراق ماتېرىياللىرى ئارىسىدا ئىكەن. ئەمدى ئۇ مېنىڭ قولۇمدا. ئىرانغا كەلسىڭىز، ئۇنى ئوقۇپ زوقلىنىشىڭىز مۇمكىن».

يا پەرۋەردىگارىم! مېنى قاتىلنىڭ شېرىكى دەپ ئەيىبلەپ، بېشىمغا شۇنچە كۈلپەتلەرنى سالغان ئىرانغا يەنە قانداقسىگە بارالايمەن؟!

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

ئەمدى پارس زېمىنىدىكى كەچۈرمىشلىرىمدىن شېرىن خاتىرىلەر قالدى، خالاس. تېھرانغا بېرىش ئۈچۈن بىر ئاي، ئۇ يەردىن قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئۈچ ئاي تەمتىرەشلىرىم، ئېغىر ئەھۋالدا قالغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ يېقىملىق كوچىلىرىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى ھېچقاچان ئۇنتۇيالمىسام كېرەك.

نۇرغۇن تەسىراتلىرىم مېنى يەنە تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان يەرلەرگە چىللايتتى، مېنىڭ ئالىيجاناب تۇيغۇلىرىم گويا چىلىم تارتىپ كەيپ قىلىنىۋالغاندەك يەنە چوغ ئۈستىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە ئۈندەيتتى، خىيالىمدا قولۇم شېرىنىنىڭ قولىنى سىقاتتى، ئۇنىڭ: «يەنە ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى؟» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، لەۋلىرىم ھايا بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن قوشۇلۇۋاتقاندەك بولاتتى، مەلىكە ھەييامىنىڭ قول يازمىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ مېنى كۈتۈۋاتقاندەك، كېلىشكە ئۈندەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شەنبە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كۆڭلۈمدە شەرقنىڭ مەپتۇنكار گۈزەللىكىنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان يۇرتداشلىرىمنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. پۇتۇمغا پارسچە ساپما كەش، ئۈستۈمگە ئالدى ئوچۇق پارسچە چاپان، بېشىمغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كۇلاھ كىيىپ، ئاناپولى ساھىلىنىڭ ئادەمسىز يەرلىرىدە سەيلە قىلىشقا باشلىدىم، لېكىن سەيلىدىن قايتىشتا خىياللىرىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۈستۈمدىكى غەيرىي كىيىملىرىمنى ئۇنتۇپ، ئادەملەر كۆپ كومپىرامىس روئاد كوچىسى بىلەن قايتتىم. ئەتراپىمدىن: «خەيرلىك كەچ جانابىي لېسساج»، «ياخشى دەم ئېلىۋاتامسىز، جانابىي لېسساج» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېغىشقا باشلىدى. «خەير-

لىك كەچ، ھەزرىتىم!»دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىردىن ئۆزۈمگە كەلدىم. مەن ساراسىمە بىلەن ئۇستۇۋېشىمغا قارىدىم ۋە بېشىمدىكى كۆلاھنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ ئۆيۈمگە ئالدىرىدىم. چوڭ كوچىدا يالىڭاچ بەدىنىمنى نامايىش قىلىشتىن ئۇيالغان كىشىدەك چاپىنىمغا چىڭ ئورىنىۋېلىپ، ئۆيۈمگە چاپتىم. ئۆيۈمگە كىرىپلا، ئۇلارنى سېلىپ، ئوراپ پۇملاپ، «ئەمدى ھەرگىز كىيمەيمەن»دېگەن نىيەتتە غەزەپ بىلەن ئىشكاپنىڭ ئارقىسىغا تاشلىۋەتتىم.

ئەلۋەتتە، بۇنداق كىيىم بىلەن يۇرتداشلىرىمنىڭ كۆزىگە قايتا كۆرۈنۈشتىن ئۆزۈمنى چەكلىدىم. لېكىن بۇ سەيلە ماڭا مەڭگۈلۈك بىر ئەخمىقانە لەقەمنى سىڭدۇرۇپ قويدى. ئەنگلىيىدە غەلىتە كىيىنگەن كىشىلەرگە ھەر دائىم خەيرخاھلىق بىلەن زوقلىنىپ قارايدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، بۇنداق ئادەتلەرگە كۆنۈش تا ھازىرغىچە ئومۇملاشمىغان. بۇنداقلارنى خۇددى ئەسىرلەر كۆكىدە كۆرۈنگەن ئالۋۇندەك، سۆلەتۋازلىق دەپ قارايدۇ. ئېھتىمال، نيۇيورك ياكى سان فرانسىسكودا بۇنداق ئەمەستۇر، لېكىن ئانا شەھىرىم ئانناپولىدا دەل شۇنداق. فرانسۇز ئايالدىن تۇغۇلغان، بېشىغا پارسلارغا خاس كۆلاھ كىيىپ يۈرگەن كىشى بۇ شەھەرلىكلەر ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي كۆرۈنۈشى ئېنىق ئىدى.

بۇ مەسىلىنىڭ يامان تەرىپى، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى. مېنىڭ غەلىتە قىلىقىم: «شەرقنىڭ بۈيۈك ئۆلىماسى» دېگەن ئاساسسىز ئابرۇي قازىنىشىمغا سەۋەب بولدى. يەرلىك گېزىتنىڭ باشلىقى جانابىي مالتاس ۋېب مېنىڭ داڭقىمنى ئاڭلاپ، ئىراندىكى كەچۈرمىشلىرىم توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلدى.

ئىران ھەققىدىكى ئاخىرقى ماقالە بۇ گېزىتتە 1856 ـ يىلى، تېگى مېتال بىلەن قاپلانغان، چاقپەلەكنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەتلىنىدىغان ترانسپورت كېمىسى ئەيسبېرگ كېمىسى بىلەن سوقۇلۇپ ھالاكەتكە ئۇچرىغاندا بېسىلغان ئىدى. شۇ قېتىملىق ۋەقەدە شەھىرىمىزدىنمۇ يەتتە دېڭىزچى ھالاك بولغان. بۇ نەس باسقان كې-

مىنىڭ نامىمۇ «ئىران» ئىدى. ئادەتتە، دېڭىزچىلار تەقدىر بېشارەتلىرى بىلەن چاقچاقلاشمايدۇ. مەن ماقالەمنىڭ كىرىش قىسمىدا بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، «ئىران» سۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى، ھازىر پارسلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى ئىران دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، بۇ سۆزنىڭ «ئارىيلار يېرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدۇم. ئەلۋەتتە، مەن ماقالەمدە ئامېرىكىلىقلار ئوبدان تونۇيدىغان بىردىنبىر پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام ھەققىدىمۇ چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتۇم. ماقالەمگە ۋەھىمىلىك رەۋىشتە: «جەننەت ۋە دوزاخ، دۇنيانىڭ بۇ بۇرجىكىگە كىم ساياھەت قىلىدۇ؟» دەپ ماۋزۇ قويدۇم. ماقالەمگە شۇ تەرىقىدە تەپسىلىي كىرىش سۆز يېزىپ، باشقا بابلاردا، ئۇ يەردە نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاتەشپەرەسلىك، مانىيلىق، ئىسلامنىڭ سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرى، ھەسەن سەبباھ تەرغىب قىلغان ئىسلامىي يۆنىلىش، كېيىن ھازىرقى دەۋردە بارلىققا كەلگەن بابىيلار، شەيخىيلەر، باھائىيلار قاتارلىق مەسلەك ـ مەزھەپلەرنى ھېكايە قىلدىم. شۇنداقلا بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «paradis» — «جەننەت» سۆزىنىڭ قەدىمكى پارسچە «پارادەيزە» — «باغ» سۆزىدىن ئېلىنغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىدىم.

جانابىي ماتلاس ۋىب دەسلەپتە مېنىڭ ماقالە يېزىشتىكى بۇنداق تىرىشچانلىقىمنى كۆرۈپ، قىزغىن تەبرىكلىدى. بۇ ماختاشتىن روھلىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق ھەمكارلىشىش تەكلىپىنى بەرگەنىدىم، ئۇنىڭ بىر ئاز تەڭقىسلىقتا قالغاندەك ھالىتىنى كۆردۈم.

— سىزنى چوقۇم سىناق شەرتى بىلەن ئىشقا قوبۇل قىلىش مۇمكىن، بىراق ماقالىڭىزنى ياۋايىلارنىڭ جانغا تېگىدىغان سۆزلىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتمەسلىككە ۋەدە بېرىشىڭىز كېرەك!

ماڭا بىلدۈرۈلگەن بۇخىل ئىشەنچسىزلىكتىن كەيپىياتىم بۇزۇلدى. شۇنداقتىمۇ جانابىي ۋىبنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭمۇ ھەر ھالدا ئاساسى باردەك قىلاتتى.

— گېزىتىمىزدە ئىرانغا قارىتىلغان مەخسۇس مۇخبىر ئو- چۇن يېتەرلىك ئىمكانىيەتلەر يوق. ئىراق، چەت ئەلدە يۈز بېرىۋاتـ- قان ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلىرىمىز چۈشىنىدىغان دەرىجىدە يېزىش قابىلىيىتىڭىز بولسىلا، بۇ گېزىتنىڭ سەھىپە- لىرىدىن ئەلۋەتتە بىر كىشىلىك ئورۇن ئالالايسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ماقالىلىرىڭىزنىڭ تىلى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈرەلمىدىم ۋە «قو- شۇلىمەن»دېگەندەك قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇمۇ ھەر قانداق شەرتكە رازىلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا دوستانە ھالدا تاماكا تۇتۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يېقىنغىچە، بىزگە نىسبەتەن باشقا مەملىكەتلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىز كەمكاد بوسۇغىلىرىغىچە بولغان يەرلەرنى شەرق دەپ چۈشىنەتتۇق. ئىراق كونا ئەسىر تۈگەپ، يېڭى ئەسىر باشلى- نىشى بىلەنلا بىزنىڭ ئېڭىمىزنى جاھاندا يۈز بېرىۋاتقان بارلىق غوۋغا - توپىلاڭلار چۇلغىۋالدى.

بىزنىڭ بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ 1899 - يىلىدىكى ئىسپان - ئامېرىكا ئۇرۇشىدىن بىر ئاز كېيىن بولۇنغانلىقىنى ئەسكەرتىشىم- گە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز پەقەت كۇبادىلا ئەمەس، بەلكى فىلىپپىن ئاراللىرىدىمۇ غەلىبە قازىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇرۇن قوشما شتاتلار مەملىكەتتىن شۇنچە يىراق يەرلەردە ئۆز تە- سىر كۈچىنى تىكلەشكە ئەسلا ئۇرۇنمىغان ئىدى. چىرىپ كاردىن چىقىۋاتقان ئىسپان ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن 2400 ئەسكەرنىڭ قۇربانلىقى بەدىلىگە قولغا كەلگەن ئىدى. ھەتتا دېڭىز ئاكادېمىيىسىنىڭ بۆشۈكى ھې- سابلىنىدىغان ئاناپولى شەھىرىدىمۇ بۇ ئۇرۇش كىمىنىدۇر ئاتىسى- دىن، دوستىدىن، سودا - تىجارىتىدىن ئايرىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا كونا تەرتىپ - قائىدىلەرنى ساقلاپ قېلىش تەرەپدارلىرى بولغان نۇرغۇن يۇرتداشلىرىمىنىڭ كۆزىگە پرېزىدېنت ماك كىنلاي ئەڭ خە-

تەرلىك ھەم ئۇرۇشقاق دۆلەت ئەرەبىي سۈپىتىدە كۆرۈنەتتى.

ئەلۋەتتە، جانابىي ۋېب بۇخىل قاراشلارنىڭ تەرەپدارى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ، ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كۆڭلىگە ماس كېلىدىغان گەپلەرنى يېزىشى لازىم ئىدى. بۇ پىكىرنى ماڭا ياخشىراق چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن بۇ مۆتىۋەر بوۋاي گېلىنى قىرىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يىرتقۇچ قۇشنىڭكىدەك يوغان ئالىقانلىرىنى تۈگكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاننايولىغا ياۋايىلار باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. سىز، بېنجامىن لېبساج، ماقالىلىرىڭىز ئارقىلىق يۇرتىڭىزدىكىلەرنى بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشىڭىز كېرەك.

زىممەمگە يۈكلەنگەن بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى بىر ئاز ئىككىلىنىپ قوبۇل قىلدىم. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا پارىژ، لوندون ۋە نيۇ-ورك، ۋاشىنگتون ۋە بالتىمار گېزىتلىرىدە چىققان ماقالىلاردىن ئخبارات مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلاندىم. ئۇرۇش ھەققىدە، 1904 — 1905 ـ يىللىرىدىكى رۇس ـ ياپون ئۇرۇشى ياكى روسىيىدە يۈز بېرىۋاتقان قوزغىلاڭلار ھەققىدە يازغانلىرىم، ئىشىنىمەنكى، بىرەر تارىخىي ئەسەرگە كىرگۈزۈشكە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي ۋە خام ماقالىلەر ئىدى. پەقەت ئىران ھەققىدە يازغانلىرىملا ژۇرنالىست بولۇپ يېتىلىشىمگە زور ياردەم بەردى دەپ ئويلايمەن. گېزىتىمىز مېنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ماقالىلىرىم تۇپەيلى 1906 ـ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيا مەتبۇئاتى نەقىل ئالىدىغان، ئامېرىكىدىكى بىردىنبىر مۇھىم گېزىت بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ گېزىتتىكى ماقالىلەر جەنۇب ۋە شەرقتىكى ئاتمىشتىن ئارتۇق گېزىتلەردە ئەينەن كۆچۈرۈپ بېسىلىدىغان بولدى.

ئۆز شەھىرىمنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ گېزىتىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىغا ھەسسە قوشتۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن شېرىنغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئىراندا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ سەۋەبلىك يۈز بېرىشى مۇمكىن

بولغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ پۈتۈن ماھىيىتىنى چۈشىنىۋالدىم دېيەلەيمەن.

يەتتە يىلدىن بۇيان مەن مەلىكىدىن خەت ـ خەۋەر ئالالمىغان ئىدىم. ئۇ پەقەت ھەييامىنىڭ قول يازمىسى تۇپەيلىدىنلا ماڭا خەت يېزىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق بۇ توغرۇلۇق مەن ئۇنىڭدىن ئېنىق جاۋاب ئېلىپ بولغان ئىدىم. ئەمدى ئۇنىڭدىن خەت ـ خەۋەر كۈ-تۈشكە ئاساسىم يوق ئىدى. بىراق خەت تۇشۇغۇچىنى كۆرسەملا، قەلبىمدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قايتا چاقنايتتى، مەن خەتلەر ئارى-سىدىن ئەرەبچە ھەرپلەرنى، يۈرەك شەكلىدىكى «بەش» رەقىمىنى ئەسلىتىدىغان ئەرەب رەقەملىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ھەر كۈنى تەلپۈنۈش بىلەن ياشاشقا ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم.

بۇ جەرياندا ئائىلەمدىكىلەر بالتىمارغا كۆچۈپ باردى. بۇ ـــ ئاتام مەزكۇر شەھەردە ئىنىلىرىم بىلەن سودا قىلىۋاتقان ۋە بانكا ئېچىۋاتقان چاغلار ئىدى. مەن ئاناپولىسدا، ئۆيۈمدە قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغان خىزمەتكار موماي ۋە بىر نەچچە دوستلىرىم بىلەنلا قالدىم. دەل شۇ يالغۇزلۇق قەلبىمدە ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان شېرىن زارىقىش، كۈتۈش زوقىنى يالقۇنجىتىد-ۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

ئاخىر بىر كۈنى شېرىندىن مەكتۇپ ئالدىم. «سەمەرقەنت قول يازمىسى» توغرۇلۇق ھېچ نەرسە يېزىلمىغان بۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مەكتۇپنىڭ «يىراقتىكى قىممەتلىك دوستۇمغا» دەپ باشلىنىشى ناھايىتى تەسىرلىك ئىدى. مەكتۇپتىن شېرىنىنىڭ ھاياتىدىن، يەنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ كۈندىلىك تەپ-سىلاتىدىن خەۋەرلەندىم. مەكتۇپنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۆزۈمنى گويا ئۇ-نىڭ بىلەن يانداشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندەك، ئۇ ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئەقلىگە ئۆز تەسىراتلىرىنى ئورتاقلىشىش ئۈچۈن شۇنچە ئادەملەر ئارىسىدىن مېنى تاللاش كەلگەنلىكىگە ھەيران بو-لۇپ مەغرۇرلىنىپ كەتتىم.

ئەمدىلىكتە مەن ئۇنىڭ ھەر ئايدا بىر قېتىم يوللاۋاتقان مەكتۇپلىرىنىڭ تەسىرىدە ياشاشقا باشلىدىم. بۇ مەكتۇپلاردىن دۇنيانى لەرزىگە سېلىۋاتقان تەپسىلاتلارنى ئوقۇيتتىم. شېرىن سەمىمىيلىك بىلەن ئېسىمگە سېلىۋاتقان نەرسىلەر ھەققىدە خۇددى ئۇ ماڭا شۇنداق قىلىشىمغا رۇخسەت بېرىۋەتكەندەك ئاجايىپ ھاياجان ئىلكىدە ماقالىلارنى يازاتتىمكى، بۇلار ھەممىسى مېنى «ئىران مۇتەخەسسىسى»سۈپىتىدە ئابرۇيۇمنى يەنىمۇ ئاشۇراتتى. بەزى ماقالەلىرىمدا ئۇنىڭ مەكتۇپلىرىدە كەلتۈرۈلگەن پىكىرلەردىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىپ پايدىلىناتتىم.

ئەلۋەتتە، مەن گېزىتخانىغا بېرىۋاتقان پاكىت ۋە خەۋەرلەر ماھىيەتتە شېرىننىڭ پىكىرلىرىدىن كەسكىن پەرق قىلاتتى. جۈملىدىن، مەلىكە ھەرگىزمۇ تۆۋەندىكىدەك پىكىر قىلمىغان بولاتتى: «ئىران ئىنقىلابى بىلگىيىلىك ۋەزىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلىشى بىلەن داۋام قىلماقتا».

ھەر ھالدا، بۇ ۋەقە ھەقىقەتتىن ئۇنچىلىك يىراق ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەر يۈز بېرىدىغانلىقى شېرىنغا 1900 - يىلى شاھ كانتىرېكسۇئېل شەھىرىگە داۋالىنىشقا كەتكەن كۈنلىرىدىلا ئايان بولغان ئىدى. ئۇ يەرگە ئۆز خادىملىرى بىلەن بېرىشنى ئويلىغان شاھقا ناھايىتى كۆپ مىقداردا مەبلەغ كېرەك بولغانىدى. ئۇنىڭ خەزىنىسى ھەر قاچانقىدەك قۇرۇق بولغاچقا، چار پادىشاھتىن قەرز سوراشقا مەجبۇر بولدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا 22 يېرىم مىليون رۇبلى قەرز بەردى. بىراق بۇ قەرز شاھقا نىسبەتەن مەككارلىق بىلەن قۇرۇلغان چوڭ بىر تۇزاق ئىدى. جەنۇب تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن سانكت - پېتېربۇرگ ئەمەلدارلىرى شاھقا بۇ قەرزنى بەردى، بىراق بۇنىڭ ئورنىغا پارس - رۇس تاموژنىسىدىن كېلىۋاتقان كىرىملەرنى رۇس ھۆكۈمىتى ئۆزى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ شەرتنامە 75 يىلغىچە كۈچكە ئىگە قىلىنىپ ئىمزالاندى! بۇنداق زور ئىمتىيازنى

قولغا كىرگۈزگەن پادىشاھ، ياۋروپادىكى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ
ئىراننىڭ تاشقى سودىسىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، بىل-
گىيە پادىشاھى لېئوپولد II دىن بۇ قېتىملىق ئىشلارنى رۇس ھۆ-
كۈمىتى نامىدىن بېجىرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، شاھ
سارىيىغا ئوتتۇزغا يېقىن بىلگىيىلىك ئەمەلدار كىرىپ كەلدى،
ئۇلارنىڭ مەملىكەت تۇرمۇشىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى كۈنسېرى
ئېشىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى ئابرۇي - ئىنا-
ۋەتكە ئىگە كىشى جانابىي نائۇس بولۇپ، ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا
ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىكى ئەمەلدارلىرىدىن بىرىگە
ئايلاندى. ئىنقىلاب ھارپىسىدا ئۇ ئالىي كېڭەش ئەزاسى، پوچتا ۋە
تېلېگراف ۋەزىرى، ئىراننىڭ باش خەزىنىچىسى، پاسپورت بېجىر-
گۈچى ئورگاننىڭ باشلىقى، تاموژنا مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى قول
باشلىقى قاتارلىق مەنسەپلەرنى ئىگىلەشكە مۇيەسسەر بولدى. بۇ-
نىڭدىن تاشقىرى ئۇ باج - سېلىق قانۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش
بىلەنمۇ شۇغۇللاندى ۋە قېچىرلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدىغان يۈك-
نىڭ مىقدارىغا قاراپ باج ئېلىش ھەققىدىكى يېڭى قانۇنمۇ شۇ تە-
رىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىدى.

ئەمدى كېلىپ جانابىي نائۇس پۈتۈن ئىران خەلقىنىڭ نەپرى-
تىگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ چەت ئەل زوراۋان كۈچلىرىنىڭ سىمۋولىغا
ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسلەتمىسەكمۇ بولار.

ئەمدى ئۇنى ئىراندىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدىكى تەلەپلەر
ياڭراشقا باشلىغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋىجدانلىق ئادەم ئەمەسلىكى-
دىن، ھەممە ئىشلارنى چىن كۆڭلىدىن قىلمايۋاتقانلىقىدىن، ئاۋام-
نىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى. بىراق ئۇنىڭ
يىلتىزى كۈچلۈك بولۇپ، چار پادىشاھى تەرىپىدىن، شۇنداقلا، يې-
ڭىلىقلاردىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇۋاتقان
ھەمتاۋاقلىرى تەرىپىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىنەتتى. ئۇ يۈرگۈ-
زۈۋاتقان سىياسەت سانكت - پېتېربۇرگ ھۆكۈمىتى مەتبۇئات
ئورگانلىرى تەرىپىدىن پۈتۈن ئاۋازى بىلەن كۆكلەرگە كۆتۈرۈلۈپ

ماختىلاتتى. چۈنكى ئىران ۋە پارس قولتۇقىنى ئۆز تەسىر دائىرە-
سىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىدى. گويا جانا-
بىي نائۇسنىڭ تەختى ناھايىتى مۇستەھكەم تەۋرەنمەستەك كۆرۈ-
نەتتى. بىراق ئۇنىڭ ھىمايىچىسى ئولتۇرغان تەختىنىڭ تەۋرىنىشى
بىلەن جانابىي نائۇس ئولتۇرغان تەختمۇ قاتتىق تەۋرىنىشكە باش-
لىدى. بۇ ھادىسە شۇنچىلىك تېز ۋە ئۈشتۈمتۇت يۈز بەردىكى، بۇ
ھەقتە شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئىراد-
لىقلارمۇ كۈتۈلمىگەن سوۋغىدىن تەمتىرەپ قالدى. بۇنىڭغا زامان
سەۋەب بولدى. دەسلەپكى رۇس - ياپون ئۇرۇشىدا چار پادىشاھنىڭ
مەغلۇبىيىتى ۋە رۇس فلوتىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىنىشى پۈ-
تۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ سەۋەب-
لىكى بىلەن بۇخىل مەغلۇبىيەتتىن ئىززەت - ئابرۇيى يەرگە ئۇ-
رۇلغان رۇس خەلقىنىڭ نارازىلىقلىرى، «پوتيامكىن» كېمىسىدىكى
ئىسيان، كرونشتادىت، سىۋاستىپولدىكى قوزغىلاڭ، موسكۋادا يۈز
بەرگەن ۋەقەلەر بۇ جەريانىنى يەنىمۇ تېزلەشتۈردى.

ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلمىگەن بۇ ۋەقەلەرنى
بايان قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىرانغا بولغان ئېغىر
تەسىرىنى تەكىتلىمەكچىمەن. مۇشۇ چاغقا كېلىپ، يەنى 1906 -
يىلى چار پادشاھى نىكولاي IIمۇ ئۆز دۆلىتىدە دۇما سايلىمىنى
ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. مانا شۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە
ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. بىلگىنىڭ يۇ-
قىرى مەرتىۋىلىك بىر ئەمەلدار ئۇيۇشتۇرغان ئىنقىلابىي زىيابەتتە
جانابىي نائۇس ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆ-
لىمالىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ باردى. ۋەزىرنىڭ بۇنداق كىيىم
بىلەن كىرىپ كېلىشى، تەبىئىيكى بارلىق زىيابەت ئەھلىنىڭ دىق-
قىتىنى تارتتى. كىشىلەر ئۇنى كۈلكە، قىزغىن ئالقىشلار بىلەن
قارشى ئېلىشتى، سۈرەتكىمۇ تارتتى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن
بۇ سۈرەت نۇرغۇن نۇسخا كۆپەيتىلىپ، تېھران بازارلىرىدا سېتى-
لىشقا باشلىدى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

شېرىن شۇنداق سۈرەتلەردىن بىرىنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ سۈرەتكە پات - پات ئەجەبلىنىپ قارايمەن. ئۇنىڭدا باغنىڭ تۆرگە سېلىنغان چوڭ بىر پارچە گىلەم ئۈستىدە تۇركچە، ياپونچە، ئاۋستىرىيىچە كىيىنگەن ئەر - ئاياللارنىڭ كۆرۈنۈشى تارتىلغان بولۇپ، ئالدىدىكى قاتارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى كىيىمىدىكى ئاق ساقاللىق جاناب نائۇس ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ راستتىنلا تەقۋادار مۇسۇلمان بوۋايدىن پەرقى يوق ئىدى. سۈرەتنىڭ ئارقىسىغا شېرىن ئۆز قولى بىلەن: «ھەددى - ھېسابسىز گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالانمىغان، مەسخىرىۋازلىقى ئۈ-چۈن ئەزىزلەنگەن كىشى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

ئەلۋەتتە، بۇنداق كىيىنىش ئارقىلىق، جانابىي نائۇس مۇسۇل-مان ئۆلىمالىرىنى مەسخىرە قىلىش نىيىتىدە بولمىغاندۇر. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىدىغان، بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويۇشتىن ھەر ۋاقىت ئۆ-زىنى تارتىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر خاتالىقى، ئۇ چار پادى-شاھقا ئىروپا ئىپتى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكى ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ خىزمەتلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلىقى-نى چۈشەنمىگەنلىكىدە ئىدى.

سۈرەتنىڭ تارقىتىلىشى كىشىلەر ئارىسىدا ھەرخىل سەلبىي كەيپىياتنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. سۈرەتنى مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغانلىق دەپ چۈشەنگەن ئايرىم كىشىلەر نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە بازاردىكى دۇكانلىرىنى تاقىدى. ئۇلار دەسلەپ نائۇسنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىشنى، كېيىنچە ھۆكۈمەت

مۇئەسسەسەلىرىدىكى بارلىق چەت ئەللىكلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. خۇددى روسىيىدىكىدەك پارلامېنت ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ۋەقەلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. يىللار داۋامىدا خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان يوشۇرۇن جەمئىيەتلەر ئەمدى جاملىدىن، ھەتتا مىرزا رىزاغا ئوخشاش قۇربانلار نامىدىن ھەرىكەتكە كېلىشىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈرەشنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىرىغا ئايلاندى.

كازاك ئەسكەرلىرى شەھەر مەركىزىنى ئورنۇېلىشتى. «شەھەردە پات ئارىدا نامايىشچىلار قاتتىق جازالىنارمىش، بازارلار ھەربىي كوچىلىرنىڭ ياردىمىدە قايتا ئېچىلارمىش، ھەربىيلەر بازارلاردا، دۇكانلاردا تالان ـ تاراج ئۇيۇشتۇرارمىش» دېگەن گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى. بۇ سودىگەرلەرنى ئەسىرلەردىن بېرى ۋەھىمىگە سېلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ دەھشەتلىك سۆز ـ چۆچەكلەر ئىدى.

1906 ـ يىلىنىڭ 19 ـ ئىيۇل كۈنى بۇ ۋەھىمىدىن چۆچۈگەن بىر توپ سودىگەرلەر بىرىتانىيە ئەلچىخانىسىغا مۇھىم ئىلتىماس بىلەن كەلدى: «قاماققا ئېلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار كىشىلەر ئەلچىخانىغا كېلىپ پاناھلىق سورىسا بولامدۇ؟ ئەلچىخانا ئۇلارنى قوغدامدۇ؟»

جاۋاب ياخشى بولدى. قەدەم تەشرىپ قىلغانلار چىن كۆڭلىدىن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن پازىل بىر توپ دوستلىرى بىلەن ئەلچىخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلار قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ئەمدىلىكتە ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان پازىل شەھەردىكى ئەڭ باي سودىگەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى بىلەن كەسىپداشلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. بىرىتانىيە ئەلچىخانىسى بۇخىل يۇقىرى مەرتىۋىلىك مېھمانغا ئېسىلزادە كىشىلەرگە ئاجرىتىپ قويۇلغان ھۇجرىلاردىن بىرىگە ئورۇنلىشىش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن پازىل ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىنى باھانە قىلىپ، بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى ۋە: «ئەلچى جانابلىرىغا

مالال كەلمىسە، ئەلچىخانا بىغىغا ئورۇنلاشسام» دەپ رۇخسەت سورىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن چېدىر، گىلەم ۋە كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ساھىبخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ، لەۋلىرىنى قىسىپ، مېھمان ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇسىغا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئەتىسى يەنە ئوتتۇز نەپەر سودىگەر دەل شۇ يوسۇندا بىرىتانىيە ئەلچىخانىسىدىن پاناھلىق سوراپ كەلدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، 23 - ئىيۇل كۈنى ئۇلارنىڭ سانى 860 قا، 26 - ئىيۇلدا 5000 گە، 1 - ئاۋغۇستتا بولسا 12 مىڭ كىشىگە يەتتى. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ بىغىدا قۇرۇلغان بۇ چېدىرلىق شەھەر كىشىگە ئاجايىپ تۇيغۇ بېرەتتى. ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپكە تەۋە كىشىلەر ئالاھىدە چېدىرلاردا ياشايتتى، كىمنىڭدۇر تەشەببۇسى بىلەن چوڭ داشقازاندا پىشۇرۇلغان ئىسسىق تاماق «مەھەللە»لەر ئارىلاپ تارقىتىلاتتى.

بۇ يەردە تەرتىپ بۇزۇدىغان ئىشلار يوق بولۇپ، ئارتۇقچە شاۋقۇن - سۈرەنمۇ يۈز بەرمەيتتى، پارسلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئىنگلىز ئەلچىخانىسى كونتروللۇقىدىكى خىلۋەت جايدا تىنچقىنە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزەتتى. ئەمەلىيەتتە نامايىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان خىلۋەت يەرلەر تېھراندا كۆپ ئىدى. مەسىلەن، شاھ ئابدۇل ئەزىم مەقبەرىسى، شاھ ئاتخانىسى ۋە باشقىلار. توپ مەيدانىدىكى زەمبىرەك ئەتراپىغا قېچىپ بارغان ھەرقانداق گۇناھكار ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولاتتى، ھەرقانداق قانۇن ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇلارغا تېگىشكە ھەققى يوق ئىدى. بىراق جامالىددىن مۇشۇ ئادەتتىن پايدىلانماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئادەتكە ئۇزاق تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا، ئۇلار بۇنداق ۋەھىمىلىك كۈنلەردە ئەڭ بىخەتەر جاينىڭ ئىنگلىز ئەلچىخانىسى ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

ئىنگلىز ئەلچىخانىسىنىڭ بېغىغا توپلانغان ھەر بىر نامايىش-
چىنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر بىر چېدىردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس
ئارزۇ - ئىستىكى، تەلەپلىرى بار ئىدى. پارىژنىڭ ئەتراپىغا جەم-
ئىيەتنى يېڭىلاش تەرەپدارلىرى توپلانغان، ئۇلار يۈزدەك ياش ۋە
قېرىلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى، ئۇلار ئۆزىگە خاس بىر سۆھبەت
تەشكىل قىلىپ، بۇ سۆھبەتتە ياپونىيە، روسىيە، فرانسىيىگە مۇ-
ناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇلار سېن-
سىمون، روبېسپىر، ۋالدېك، روسسولارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ
ۋە ئىراندا بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتنى
يېڭىلاشنىڭ ھەرخىل چارە - تەدبىرلىرىنى ئىزدىشەتتى. پارىژ بۇ-
نىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى پارىژدا يولغا قويۇلغان چېركاۋنى ھاكى-
مىيەتتىن ئايرىۋېتىش ھەققىدىكى قانۇننى كۆچۈرۈۋېلىپ ۋە ئۇنى
تەرجىمە قىلىپ، دوستلىرىغا تارقاتقان ئىدى. ئەمدى ئۇلار بۇ
ھەقتە قىزغىن بەس - مۇنازىرىگە چۈشكەن ئىدى، لېكىن بۇ مۇنا-
زىرە تۆۋەن ئاۋازدا ئېلىپ بېرىلاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى-
دىن بىر نەچچە قەدەم نېرىغا ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇپ يۈرگەن
ئۆلىمالارنىڭ چېدىرى جايلاشقان ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىك-
كى توپقا بۆلۈنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ياۋروپادىن كې-
لىۋاتقان ھەر بىر يېڭىلىققا، دېموكراتىيىگە، پارلامېنتقا جان -
جەھلى بىلەن قارشى چىقىشاتتى. ئۇلار: «بىزگە ھېچقانداق ئاسا-
سىي قانۇننىڭ كېرىكى يوق، بەلكى، خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن
«قۇرئان كەرىم» ھەر قانداق ئاساسىي قانۇندىن ئەلا» دېيىشەتتى.
ئۇنىڭغا جاۋابەن ئىسلاھات تەرەپدارلىرى بولغان ئۆلىمالار «قۇرئان
كەرىم»دىكى: «ئاراڭلاردا پەيدا بولغان ھەر قانداق مەسىلىنى دەر-
قەمتە ئولتۇرۇپ، مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنى
ئوتتۇرىغا قوياتتى ۋە ئەگەر پەيغەمبەر مۇسۇلمانلارغا دۆلەتنى تو-
زەش ۋە باشقۇرۇش بويىچە مۇكەممەل بىر كىتاب قالدۇرغان بولسا،
كېيىنكى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭلەر بولمايتتى، خەلىپە
ئەلىمۇ بىمەھەل ئۆلۈپ كەتمىگەن بولاتتى، دېگەندەك سۆزلەرنى

قوشۇپ قويۇشاتتى.

نارازىلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپتىلا موللىلارنىڭ كۆپچىلىكى شاھنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئاساسىي قانۇننى قوللايدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى پەيغەمبەرنىڭ مەككە ھىجرىتىگە، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقان جەبىر - زۇلۇملارنى خەلىپە ئەلىنىڭ ئۇلتۇرۇلگەن ئوغلى ھۈسەيىننىڭ ئازابلىرىغا ئوخشىتاتتى. ئەلچىخانا بېغىغا مەدداھلارمۇ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئادەملەرنى ئەتراپىغا توپلىۋېلىپ، ھۈسەيىننىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشەتتى، كىشىلەر ئۇنى ئاڭلاپ يىغلىشاتتى، چاچلىرىنى يۇلۇشاتتى، ھۈسەيىننىڭ قايغۇسىغا قايغۇراتتى، ئۆزلىرىنىڭ ھەسرەتلىرىگە، ئىراننىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەرگە ھېسداشلىقىنى بىلدۈرەتتى.

پارلىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلار، ئەلۋەتتە، بۇنداق نامايىشچىلاردىن يىراقراق يۈرۈشكە تىرىشاتتى. چۈنكى بۇ ئۇستاز جامالىددىننىڭ نەسىھىتى ئىدى.

شېرىن ئۆز قولى بىلەن يازغان مەكتۇپلىرىنىڭ بىرىدە بۇ ھەقتە سوغۇققانلىق بىلەن مۇنداق يازغان ئىدى: «ئىران جىددىي كېسەللىك بىلەن تولغانماقتا. ئۇنىڭ ئالدىغا نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى، زامانىۋى تېۋىپلار كېلىپ، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ دورا - دەرمەكلىرىنى ھاۋالە قىلماقتا. ئۇنى قايسى تېۋىپ ساقايتالىسا، كېلەچەك شۇنىڭ قولىدا. ئەگەر بۇ ئىنقىلاب غەلىبە قىلسا، موللىلار قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دېموكراتلارغا ئايلىنىدۇ، ناۋادا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، دېموكراتلار موللىلارغا ئايلىنىشى مۇمكىن».

ھازىرچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سەپتە، بىر ئومۇمىي مەيدان — برىتانىيە ئەلچىخانىسىنىڭ بېغىدا نارازىلىق نامايىشىغا توپلانغان ئىدى. 7 - ئاۋغۇستقا كەلگەندە ئەلچىخانا بېغىدىكى نامايىشچىلارنىڭ سانى 16 مىڭغا يەتتى. كوچىلار قۇرۇقدىلىپ قالدى. سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى بېسىپ قويۇشقا باشلىدى. ئاخىرى شاھ

ئۇلارغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى: 15 ـ ئاۋغۇست كۈنى، نامايىش باشلىنىپ تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن، تېھراندا ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن سايلام ئۆتكۈزۈشكە ئىجازەت بېرىلدى.

ئىران تارىخىدىكى بىرىنچى پارلامېنت كېيىنكى 7 ـ ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭدا تەخت نامىدىن ئىسپاھانلىق ئەرمەنىيەلەردىن بولغان شاھزادە مەلكۇم خان سۆز قىلدى. ئۇ جامالىددىننىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ كەمگىچە لوندوندا سۈرگۈندە يۈرەتتى. يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ئىنگلىزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاجايىپ بوۋاي بىر ئۆمۈر پارلامېنت مۇنبىرىدە تۇرۇپ، خەلق ۋەكىللىرىگە ئاساسىي قانۇننى ياقىلاپ نۇتۇق سۆزلەشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئىران تارىخىنىڭ بۇ سەھىپىسىگە قىزىققۇچىلار تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدىن مەلكۇم خاننىڭ نامىنى ئىزدىمەيدۇ. خۇددى ھەييام دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بۈگۈنكى ئىرانلىقلار ئۆز رەھبەرلىرىنى ناملىرىدىن ئەمەس، «سەلتەنەت قوياشى»، «دىنىنىڭ تۈۋرۈكى»، «سۇلايماننىڭ سايىسى» دېگەنگە ئوخشاش لەقەملىرىدىن تونۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ئىراندا دېموكراتىيە دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەنتەنىلىك ئېلان قىلغان بۇ كىشى ئەڭ مۇتىۋەر لەقەمگە سازاۋەر بولدى، ئۇنى نىزامۇل مۇلك، دەپ ئاتاشقا باشلىدى. تويۇق يولغا كىرىپ قالغان، تىنىمسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقان بىچارە ئىراننى ئەمدى قانداق قىسمەت كۈتۈۋاتىدىكىن؟!

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

شەرق ئويغىنىش دەۋرىگە گۇۋاھ بولۇش — چوڭ بەخت ئىدى. بۇ ئويغىنىش ھېس - ھاياجانلارنى قوزغايدىغان، كىشىنى روھلاندۇرۇپ، شۇبھە - گۇمانلارغا كۆمۈپ تاشلايدىغان بىر دەۋر ئىدى. بۇ ئويغىنىش ئەسىرلەر بويى غەپلەتتە ياتقان قەلبلەردە قانداق غايىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەركىن؟ ئۇخلاپ ياتقان ئىران ئويقۇدىن ئويغانسا ئىشنى نېمىدىن باشلاركىن؟ غەپلەت ئىلكىدە، ئۆز ئىجاتكارلىرىنى يانجىۋېتەرمىكىن؟ مەن بۇ مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغان كېزىت ئوقۇرمەنلىرىدىن نۇرغۇن مەكتۇپلار تاپشۇرۇۋالاتتىم. ئۇلار ئەندىشە بىلەن ئاشۇنداق سوئاللىرىغا جاۋاب سورايتتى. 1900 - يىلى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر، چەت ئەللىك دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ گۆرۈگە ئېلىنىشى، ئۆزىنى قۇياش ئوغلى دەپ ھېسابلايدىغان ئىمپېراتور كامپىرغا قارشى ھەرىكەتكە قوشۇلغان ئېكسپېدىتسىيە خادىمى كارپۇسنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئۇنتۇمىغان ئوقۇرمەنلەر، «بۇنداق كۆلپەتلەر ئىراندىمۇ يۈز بېرەرمۇ؟» دەپ ئەنسىرەشمەكتە ئىدى. ئىراندىكى ۋەقەلەر باشقىچە بولارمىكىن؟ مەن يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان دېموكراتىيىگە ئىشەنگەچكە، قەتئىي رەۋىشتە «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. شۇنداق قىلىپ، مەملىكەتتە يېڭى ئاساسىي قانۇن ۋە پۇقرالار ھوقۇقى خىتابنامىسى قوبۇل قىلىندى. ھەر كۈنى يېڭى جەمئىيەتلەر، يېڭى گېزىتلەر تەسىس قىلىناتتى. بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا كۈندىلىك ۋە ھەپتىلىك گېزىتلەردىن 90 نەچچىسى نەشر قىلىندى. ئۇلارنىڭ ناملىرىمۇ ئاجايىپ - غارايىپ بولۇپ، جۇملىدىن، «تەمەددۇن»، «تەڭلىك»، «ئازادلىق» ياكى «ئويغىنىش

بۇرغىسى» قاتارلىق گېزىتلەر بار ئىدى. ئىنگلىز تىلىدا چىقىرىلىدىغان بەزى گېزىتلەر پات - پات ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈپ باساتتى. تېھراندا نەشر قىلىنغان ساتىرىك گېزىت تۈنجى ساندىن باشلاپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭغا بېسىلىۋاتقان ھەجۋىيلەرنىڭ ئاساسىي نىشانى پارىخور ئەمەلدارلار، چار پادىشاھنىڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ساختا تەقۋادارلىق دەۋاسى قىلىۋاتقان ئۆلىمالار ئىدى.

شېرىن سۆيۈنۈش ئىلكىدە تۆۋەندىكىلەرنى مەلۇم قىلدى:

«ئۆتكەن جۈمە كۈنى بىر نەچچە ياش دىندارلار بازار مەيدانىدا توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇننى قۇرئانغا خىلاپ دەپ جاكارلاپ، ئادەملەرنى پارلامېنت بىناسى جايلاشقان باھارىستان مەيدانىغا بېرىپ نامايىش ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى بىھۇدە كەتتى. ئۇلار ئاغزىنى ئۇپرىتىپ قانچە ۋەزخانلىق قىلىسىمۇ، ئادەملەر ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى. ئارىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ بىر نەچچە مىنۇت قۇلاق سېلىپ تۇردى، كېيىن يەلكىسىنى قىسقىنىچە كېتىپ قالدى. ئاخىرى، ئۈچ نەپەر ئۆلىما كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئۇچۇق - ئاشكارا ھالدا ۋەزخانلارغا ئەڭ يېقىن يول بىلەن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تېزراق ئۆيلىرىگە كېتىۋېلىشنى مەسلىھەت بەردى. مەن بۇ ئىشلارغا تەستە ئىشەندىم. ئەجەبا، ئىراندا مۇتەئەسسىپلىكنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇلغانمىدۇ!».

شېرىنىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى مېنىڭ ئەڭ ئېسىل ماقالىلىرىمنىڭ بىرىگە ماۋزۇ بولدى. ئۇنىڭ خېتىدىكى شادلىق مېنى شۇنچىلىك روھلاندۇرۇۋەتتىكى، ماقالەم مېنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈمگە ئايلاندى. گېزىت مۇھەررىرى مەندىكى بۇ كۆتۈرەڭگۈلۈكنى بايقاپ، مېنى بىرئاز ئېغىر - بېسىق بولۇشقا ئۈندىدى. بىراق گېزىت ئوقۇرمەنلىرى توختىماي خەت يېزىپ، قەلبىمدىكى يالقۇننى تېخىمۇ يالقۇنجىتاتتى. بۇ خەتلەردىن بىرىنى نيۇجېرسىيدىكى پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گوۋارد س. باسكېر-

ۋىل يازغان ئىدى. ئۇ پات ئارىدا سەنئەت بويىچە باكالاۋرلىق دىپلومىنى ئالىدىغانلىقىنى ۋە مەن تەسۋىرلەۋاتقان ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىشىنىش ئۈچۈن ئىرانغا بېرىپ ئىشلەش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ خېتىدىكى مانا بۇ جۈملە مېنى ھاياجانلاندۇرغان ئىدى: «قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شەرق ئەمدىلا ئويغىنىۋاتقان بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، غەربمۇ غەپلەتتىن خالاس بولسا كېرەك».

ئۇنىڭغا يازغان جاۋاب خېتىمدە، بۇ ساياھەتكە ئەلۋەتتە چىقىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا تونۇشلىرىمنىڭ ئادرېسىنى ئەۋەتىدىغانلىقىمنى يازدىم. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئالدىمغا كېلىپ تەبرىزدىكى ئامېرىكا دىن تارقاتقۇچىلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە بايان قىلدى. ئۇ ياش ئىرانلىقلارغا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس بېرەتتى. ئۇنىڭغا تېگىشلىك مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، ئەگەر ئىرانغا بېرىپ قالسام، سىزنى چوقۇم ئىزدەيمەن دېدىم.

ئەمەلىيەتتە، ئىرانغا پات يېقىندا بارماسلىقىم مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم. بۇ مەندە بۇنداق ئارزۇنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى بوينۇمدا شاھنى قەستلەشتە شېرىكلىك جىنايىتى ئېسىلىپ تۇرغاچقا سەپەرگە چىقىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن ئىدىم. تېھراندا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە قارىماي، ئۇ يەرگە بارسام، كىملا بولسۇن كونا ھۆججەتلەرنى ئاختۇرۇپ سالاھىيىتىمنى ئېنىقلاپ، چېگرىدىلا تۇتۇۋېلىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن تونۇشلىرىمنى ياكى ئەلچىخانىمىزنىڭ خادىملىرىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتىم.

باسكېرۋىلنىڭ ئىرانغا كېتىپ قېلىشى مېنى ئۇ يەردىكى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىشقا ئۈندىدى. مەلۇمكى، شېرىنغا ھېچقاچان جاۋاب خەت يازماسلىققا ۋەدە بەرگەنمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، مۇناسىۋىتىمىزنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقاتتىم. ئاخىرى، ئىراندا تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان پارتى-

غا خەت يېزىپ، ئۇ يەردىكى ماڭا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەتنى ئې-
نىقلاش نىيىتىگە كەلدىم. مىللىي مەجلىستە — ئەڭ مۇھىم قا-
نۇنلار قوبۇل قىلىنىۋاتقان بۇ ئورگاندا - پارلىنىڭ ۋەكىللەر تەر-
پىدىن ناھايىتى ھۆرمەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ
جاۋابى ئۈچ ئايدىن كېيىن كەلدى. ئىللىق ۋە دوستانە كەيپىياتتا
يېزىلغان بۇ خەتتە مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى، پۇتكۈل گۇمانلارنىڭ
بىكار قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەدلىيە ۋەزىرىنىڭ ئۆزى
ئىمزا قويۇپ، تامغا باسقان ئەيىبنى بىكار قىلىش خېتىمۇ بار ئە-
دى. دەرۋەقە، خاتىرجەم ھالدا ئىرانغا ئەركىن سەپەر قىلالايدىغانلى-
قىم ئېنىق بولدى.

باشقا ھېچ نەرسىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، مارسىلغا كېلىپ،
كېمىگە ئولتۇرۇپ سالونىك شەھىرىگە، كېيىن ئىستانبۇلغا، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ترابزونغا كەلدىم. ئاندىن ئاررات تاغلىرىدا قېچىر-
غا مىنىپ سەپەر قىلىپ، ئاخىرى، كۆزلىگەن مەنزىلىمگە — تەب-
رىزگە يېتىپ كەلدىم.

بۇ سەپىرىم ئىيۇن ئېيىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىگە
توغرا كەلدى. ئەرمەنلەر مەھەللىسىدىكى كارۋانسارايغا كېلىپ
چۈشكەندە كۈن نەق چۈش بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى
ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرىمەن دەيتتى. باسكېرۋىلنى تېزراق تېپىۋې-
لىش ئۈمىدىدە ئۆرۈكلۈك ئارىسىغا جايلاشقان، ئاپئاق ئاقلانغان ئا-
مېرىكا دىن تارقاتقۇچىلىرى مەكتىپىنىڭ پاكار بىنالىرىغا قاراپ
يول ئالدىم. بىنانىڭ دەرۋازىسىدا ۋە تېمىدا كرېست بەلگىسى ۋە
ئامېرىكا بايرىقى كۆرۈندى.

دەرۋازا ئالدىدا مېنى ئىرانلىق باغۋەن قارشى ئالدى ۋە مەكتەپ
مۇدىرى پاستورنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ باردى. دېڭىزچىلاردەك
ساغلام، گەۋدىلىك، كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۇرغۇپ تۇرغان، سېرىققا ما-
يىل كەلگەن ساقاللىق پاستور مەن بىلەن سەمىمىي قول ئېلى-
شىپ، قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ،
سەپەر جاريانىدا مەكتەپ مېھمانخانىسىدا تۇرسام بولىدىغانلىقىنى

ئېيتتى.

— بىزنى يوقلاپ كەلگەن يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ھەر قېتىملىق سەپىرىگە باشپاناھلىق قىلالىغانلىقىمىزدىن خۇشالىمىز. دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىمىز تەشكىل قىلىنغان كۈندىن باشلاپ داۋاملاشۋاتقان ئەنئەنە بويىچە سىزنى ھەقسىز ئوزۇق - تۈلۈك ۋە تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەيمىز.

— مەن كارۋانسارايغا ئورۇنلىشىپ بولدۇم، خۇدا خالىسا ئۆگۈنلۈككە تېھرانغا قاراپ يولغا چىقىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ.

— تەبرىز بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، سەيلە قىلىشقا ئەرزىيدىغان شەھەر. مانا بۇ يەرگە قەدەملىرىڭىز ئاران يەتكەندە، شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ بازىرىنى، «مىڭ بىر كېچە»دە تىلغا ئېلىنغان كۆك مەسچىتنىڭ قالدۇقلىرىنى تاماشا قىلماي، بىر كۈن تۇرۇپلا كەتمەكچى بولغىنىڭىز نېمىسى؟ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ساياھەتچىلەر نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بۇ يەرگە كېلىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرمەي كەتسە قانداق بولغىنى؟ بۇ يەرنىڭ ھەر بىر كوچىسىدا ئويلاپ باقمىغان ئاجايىباتلارنى، ھەر بىر قەدەمدە يېڭىچە قىياپەتنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن زېرەك كۆز بىلەن قاراش، ئۇنى چۈشىنىش، سۆيۈشنى بىلىش كېرەك، خالاس.

ئۇ مېنى ئالدىراش ئىشى يوق ساياھەتچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىكەن. مەن ئاخىرى ئۇنىڭغا ئەسلىي مەقسىتىمنى ئېيتىشىم لازىملىقىنى ھېس قىلدىم.

— مېنى تېھراندا ئالدىراش خىزمەتلەر كۈتۈۋاتىدۇ. بۇ يەرگە گوۋارد باسكېرۋىل بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈنلا كەلدىم.

بۇ نامنى تىلغا ئېلىشىم بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ جىددىي ئۆزگەرگەنلىكىنى سەزدىم. ئۇنىڭ چېھرىدىكى سەمىمىيلىك، ئاتىلارچە مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى بىر دەمدىلا غايىب بولۇپ، جىددىيلىك ئەكس ئەتتى ۋە ئازغىنە ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىز باسكېرۋىلنىڭ يېقىن دوستىمۇ؟

— توغرىسىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ ئىرانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن.

— ھە، بۇ جاۋابكارلىقى ئېغىر ئىش.

مەن ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم ئىپادىلىرىنى ئىزدەپ بەھۇدە ئاۋارە بولاتتىم. ئۇ بىردەمدىلا مەندىن قاتتىق رەنجىگەندەك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قېرىپ كەتكەندەك، كۆزلىرى ئىلتىجالىق بېقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— مەن بۇ مەكتەپنى ئون بەش يىلدىن بېرى باشقۇرۇۋاتىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — مەكتىپىمىز شەھەردىكى ئەڭ ياخشى مەكتەپ، بىز قىلىۋاتقان ئىش دۆلىتىمىز ھەم دىنىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ، دېسەم خاتالاشمايمەن. پائالىيىتىمىزگە ياردەملىشىشكە كەلگەن ھەر بىر كىشى بۇ يەرگە مەرىپەت ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كېلىدۇ. سىزگە ئىشەنچلىك ھالدا شۇنى ئېيتالايمەنكى، ھېچكىم بۇ يەرگە شۇنچە يىراقلاردىن كېلىپ، مېھماندوست ئادەملەرنىڭ قەلبىگە غەلىيان ئۇرۇقلىرىنى تېرىش نىيىتىدە بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرا ئىدى، بىراق گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى مېنى بىر ئاز ھەيران قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەمدىلا كەلدىم، ئۇنى بىرەر ئىش خۇسۇسىدا ئەيىبلىمىدىم ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى ئىلتىماس قىلمىدىم. ئۇنىڭ گەپلىرىنى پەقەت باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ تۇردۇم، خالاس. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ يەرگە ئىشلەشكە كەلگەنلەر پارسلارنىڭ غەم - قايغۇلىرىغا ئورتاقلىشالمىسا، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن سۆيۈنمىسە، بۇنداق كىشىگە تېزدىن ئامېرىكىغا قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى بېرىمەن. توغرا، كۆپ ساندىكى ياشلار بۇ يەردە تېزلا روھىي چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالىدۇ. بۇ — ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق.

پاستورنىڭ بۇ سۆزلەرنى ماڭا نېمە ئۈچۈن ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى تىترەپ، غاڭزىسىنى

ئېغىزىغا ئاپاردى. ئۇ ئېيتماقچى بولغان گەپلەرنى تاپالماي قىينىلىۋاتقاندەك بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىش نىيىتىدە دانە - دانە قىلىپ سورىدىم:

— سىز باسكېرۋىل بۇ يەرگە كېلىپلا چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالدى، ئۇنىڭ شەرققە بولغان قىزغىنلىقى شۇ ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە سوۋۇدى، دېمەكچىمۇ؟

— ياق، خۇدا ھەققى ياق! پەقەت باسكېرۋىل ھەققىدىلا بۇنداق دېگىلى بولمايدۇ! مەن سىزگە بەزىبىر يېڭى خادىملىرىمىزنىڭ كەيپىياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدىم. سىزنىڭ دوستىڭىز مەن ئېيتىۋاتقانلارنىڭ دەل ئەكسى. ئۇ شۇنچىلىك ئاكتىپكى، مەن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدىم. قىسقىسى، ئۇ بىز تەكلىپ قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاجايىپ ئوتتۇقلارغا ئېرىشىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇنى ماختىشىدۇ. دىن تارقىتىش ئۆمىكىمىز ئىلگىرى ئاتا - ئانىلاردىن بۇنچىلىك كۆپ مىننەتدارلىق سوۋغىلىرىنى ئېلىپ باقمىغان. ئۇلار ئەكەلىۋاتقان قوي - قوزىلار، خورازلار، ھالۋىلارنىڭ ھەممىسى باسكېرۋىل ئۈچۈن. بىراق مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇ پەقەتلا پارسچە كىيىنىش، پولۇنى قولدا يېيىش ۋە ئۇلارنىڭ تىلىدا سالاملىشىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئادەتلىرىگە كۆلۈپلا قوياتتىم. بىراق، باسكېرۋىل ھەر قانداق تەۋەككۈلچىلىكتىن يانمايدىغان ئادەم. ئۇ ئۆزىنى سىياسىي پائالىيەتلەردىن تارتالمايۋاتىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى يېڭى ئاساسىي قانۇننى قوللاش، رۇسلارنى، ئىنگلىزلارنى، شاھنى، بىدئەتچى ئۆلىمالارنى تەنقىد قىلىش روھى بىلەن تەربىيىلەۋاتىدۇ. بەزىدە ئۇنى بۇ يەردىكى «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان يوشۇرۇن سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

ئۇ خورسىنىپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاخشام مەكتىپىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئەڭ ئابرۇيلۇق

ئۆلىمالار باشچىلىقىدا نامايىشچىلار يىغىلدى. ئۇلار باسكېرۋىلنى مەملىكەتتىن چىقىرىۋېتىشنى، دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ مەكتىپىنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى. ئارىدىن يەنە ئۈچ سائەت ئۆتكەندە، دەل شۇ جايغا يېڭى نامايىشچىلار توپلىنىپ، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىراندىن كېتىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇنداق زىددىيەتلەر داۋاملىشىۋەرسە، دىن تارقىتىش ئۆمىكىمىزنىڭ بۇ شەھەردە ئۇزاق تۇرالمايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىسىزغۇ دەيمەن؟

— بۇ ھەقتە باسكېرۋىلنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟

— يۈز قېتىملاپ ۋە ھەرخىل پوزىتسىيىدە پاراڭلىشىپ كۆردۈم. ئۇنىڭچە، شەرق ئويغىنىش ھەرىكىتى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ تەقدىرىدىنمۇ مۇھىممىش، ئەگەر ئىنقىلاب مەغلۇب بولسا، ھامان بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولارمىشمىز. ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ توختامىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى تېزدىن ئامېرىكىغا كەتكۈزۈۋېتىشىمىز مۇمكىن. بىراق، بۇنداق قىلسام، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە بىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولارمەنمۇ، دەپ قورقىمەن. بىردىنبىر يول — باسكېرۋىلنىڭ قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئېغىر - بېسىق، ئۆزىنى چەت ئەللىكلەرگە خاس سوغۇققانىراق تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىش، خالاس. ئېھتىمال، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن سىز چىقارسىز؟

زىممەمگە مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ يۈكلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشنى ئېيتتىم. پاستور بوۋاينىڭ ساقال باسقان سېرىق چىرايىدا مەمنۇنلۇق ئىپادىلىرى زاھىر بولدى.

ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— يۈرۈڭ، سىزنى ھازىرلا دوستىڭىز باسكېرۋىل بىلەن ئۇچراشتۇراي. ئۇنى قەيەردىن تېپىشنى بىلىمەن. ئۇنى يوشۇرۇن كۆزەتسىڭىز، گەپلىرىنىڭ راستلىقىنى ۋە ئورۇنسىز خاپا بولمايۋاتقانلىقىمنى دەرھال چۈشىنىسىز.

# تۆتىنچى كىتاب

## دېڭىزدىكى گۆھەر

مەن كەتتىم، چۈنكى بۇ جاھانى بەرباد،
بۇندا ياشىماقنىڭ ئاخىرى بەرباد.
كىم قېچىپ قۇتۇلسا ئەجەل دەستىدىن،
مەيلى، شۇ ياشىسۇن ئۆلۈمدىن شاد.

— ئۆمەر ھەييام

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

چاڭ - تۇزانلىق تون قويىنىدىكى تاش تام بىلەن ئورالغان ھويلىدىن ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىناتتى. بۇ ھويلىغا كىرىپ شۇنچە كۆپ بوغداي ئۆڭ كىشىلەر ئارىسىدىن باش كۆرۈنلىنى قانداق تاپارمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. دەرەخكە يۆلەنگىنىمچە ئۇلارنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئوبدانلا يورۇتۇلغان بىر ھوجرىنىڭ ئالدىدا قانداقتۇر تاماشا بولۇۋاتاتتى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇۋالغان دەرۋىش مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنى تىڭشاۋاتقانلار ياش تۆكۈپ، نالە قىلىشاتتى، ئۆزلىرىنى قامچىلاپ، بەدەنلىرىدە قانلىق ئىزلارنى قالدۇرۇشاتتى.

توساتتىن، قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزىنى ئۆزى ئۇرغىنىنچە يالاڭ ئاياغ، يېرىم يالىڭاچ بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى زەنجىرنى غەزەپ بىلەن سىلكىپ، بەدىنىگە ئۇراتتى، تۆمۈر ھالقىلار ئۇنىڭ يەلكىسىدە ئىز قالدۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى ئەللىك قېتىمچە ئۇرغاندىن كېيىن، بەدىنىدىن قاپقارا قان سىرغىپ چىقىپ، زەنجىر ھالقىلىرىغا يېپىشىپ، ئەتراپقا چاچراشقا باشلىدى.

كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇنداق ئىشلارنى دەرۋىشلەر مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. تاماشىبىنلارنىڭ ئاھ - زارلىرىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان كىشىنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ تېزلىشىشكە باشلىدى. ئوتتۇرىدىكى دەرۋىشمۇ ناخشىنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئاۋازىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. شۇ چاغدا قولىدا قىلىچ ئوينىتىپ، ھەممىگە ھەيۋە قىلغىنىنچە يېڭى بىر ئويۇنچى پەيدا بولدى. تاماشىبىنلار تاش ۋە كېسەكلەرنى ئېتىپ ئۇنى سەھنىدىن ھەيدەشكە باشلىدى. كېيىن

سەھنىدە بېشى كېسىلگەن، لېكىن ئۆزە ماڭالايدىغان مۇردا پەيدا بول-دى. ئۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك ۋەھىمىدىن قورقۇپ كېتىشتى. باش-سىز تەننىڭ بويىنىدىن قان ئاقاتتى، بىراق ئۇ تىرىك ئادەمدەك مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنى كۆرۈپ مەنمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ ۋارقىرىۋەتتىم.

ئۆزۈمنى يوقىتىپ، كۆزلىرىمنى ئالايتىپ پاستورغا قارىدىم. ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن سۈس كۈلۈمسىرىدى ـ دە، مېنى تىنچلاندۇرۇش نىيىتىدە پىچىرلىدى:

ـــ بۇ قەدىمدىن قالغان بىر نەيرەڭۋازلىق. بۇ ئويۇننى تەييارلاش ئۈچۈن بىرەر كىچىك بالا ياكى پاكار كىشى تاللىنىدۇ، ئۇنىڭ بېشى كىيىمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلىدۇ. بوغۇزلانغان قوينىڭ بويىنى ئۇنىڭ «بېشى»نىڭ ئورنىغا بېكىتىلىپ، قانغا بويالغان ئاق ماتا بىلەن چىڭ تېڭىلىدۇ. كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، بۇ ئويۇننىڭ تەسىرى ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ غاڭزىسىنى شوراپ قويدى. بۇ چاغدا باشسىز تەن سەھنىدە بىرنەچچە قېتىم سەكرەپ، گويا ھالسىزلانغاندەك جايىغا پوكلا چۈشۈپ يېتىۋالدى. سەھنىگە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش ئاققۇزغىنىچە بىر كىشى چىقىپ كەلدى.

باسكېرۋىل! مەن يەنە پاستورغا سوئال نەزەرىدە قارىدىم. ئۇ بولسا قاشلىرىنى ھىمىرگىنىچە پەرۋاسىز ھالدا سەھنىگە قاراپ تۇراتتى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇ ئىدىكى، باسكېرۋىل ئامېرىكىلىقلاردەك كىيىنىۋالغان، ھەتتا سەھنىدە سادىر بولۇۋاتقان ھەم كۈلكىلىك، ھەم ۋەھىملىك ۋەزىيەتكە قارىماستىن، شلەپىسىنىمۇ بېشىدىن ئالمىغانىدى.

كىشىلەر ھامان نالە ـ پەرياد چېكىشتىن توختىمايتتى. ھېس قىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن ئويۇنغا قاراپ زوقلىنىش ئەمەس، بەلكى، چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. پەقەت پاستورلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئاخىرى، ئۇ ماڭا بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

ـــ بۇنداق ماتەم مۇراسىملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئويۇنلارغا ھەر دائىم بىرەر ياۋروپالىق قاتنىشىشى لازىم. گەپ شۇنىڭدىكى،

ئۇ «بىگۇناھ»لارنىڭ تەرىپىنى قىلىپ چىقىشى كېرەك. ئويۇن ئەن-
ئەنىسىگە ئاساسەن، ئۇ ئۆمەرىيلەر سارىيىدىكى پەرەڭ ئەلچىسىنىڭ
رولىنى ئېلىشى ۋە شىئەلەرنىڭ سۇيىقەستىنىڭ قۇربانى بولغان
ھۇسەيىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبغىر قايغۇغا چۆكۈشى، ئۆز قايغۇسىنى
خۇددى ئۆزى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتقاندەك ئىپادىلەپ بېرەلىشى
لازىم. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئويۇن ئۇچۇن ھەر دائىم ياۋروپالىق كىشى
تېپىلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق ھاللاردا كۆپىنچە سېرىق تەنلىك
تۈرك ياكى پارس كىشى تاللىنىدۇ. باسكېرۋىل تەبرىزگە كېلىپلا
بۇ ئويۇننىڭ ئىجراسى ئۇچۇن ئەڭ مۇناسىپ نامزات بولۇۋالدى.
كۆرۈۋاتقىنىڭىزدەك، ئۇ ئۆز رولىنى ئاجايىپ ياخشى جارى قىلدۇ-
رۇۋاتىدۇ ۋە راستىنىلا يىغلاپ، قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىۋاتىدۇ!
شۇ چاغدا سەھنىدە يەنە قىلىچ ئوينىتىپ ئالدىنقى ئويۇنچى
پەيدا بولدى ۋە باسكېرۋىلغا ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى. باسكېرۋىل
ئورنىدا بىر پەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن چاققانلىق بى-
لەن ھەرىكەتكە كېلىپ، بېشىدىكى شىلەپىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى.
ئۇنىڭ سول تەرەپكە كۆڭۈل قويۇپ تارالغان مەللە چاچلىرى كۆرۈ-
نۇپ قالدى. كېيىن ئۇ غەيرىي تەبىئىي رەۋىشتە تۇيۇقسىزلا تىزلان-
دى، چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ باللارنىڭكىگە ئوخشاش سىلىق يۈز-
لىرى، كۆز يېشىدىن قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىلىرى كۆرۈندى. ئان-
دىن ئۇ تەۋەززۇ بىلەن قارا كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا ياسىمەن شې-
خىنى قىستۇردى.
ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىنى زادى ئاڭلىمايۋاتات-
تىم، دوستۇمغا كۆز ئۇزمەي تىكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى
تاقەتسىزلىك بىلەن كۇتەتتىم. ئويۇن ماڭا ناھايىتى سوزۇلۇپ كەت-
كەندەك تۇيۇلاتتى ۋە ئۇنىڭ تېزراق تۈگىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن
كۇتۇشكە باشلىدىم.

* * *

بىر سائەتتىن كېيىن دىنىي مەكتەپ ھويلىسىدىكى باسكېر-
ۋىلنىڭ ئۆيىدە شورپا تارتىلغان داستىخان ئەتراپىدىن ئورۇن ئال-

دۇق. پاستور بىزنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئوتتۇرىمىزدا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. باسكېرۋىلنىڭ كۆزلىرى يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— مەن ئاستا - ئاستا شەرقچە روھتا ياشاشقا ئۆگىنىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ مەندىن ئۆزرە سورىغاندەك غەمكىن ئاۋازدا:

— بۇنچە جىددىيلەشمىسىڭىزمۇ بولاتتى، ئەسلى ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا سىناق نەزەرىدە تىكىلىپ.

ئۇ يېنىك يۆتىلىۋالدى، قاچىدىكى غىزانى ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ ئۇنىڭدىن شەرقلىقلەرگە خاس ئادەت بىلەن ئازراق ئىچتى ۋە پىكرىنى يىغماقچى بولغاندەك، يەنە سۈكۈتكە چۆمدى، ئاندىن ئاستا - ئاستا گەپ باشلىدى.

— مەن بۇ مەملىكەتكە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە بۇنىڭدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن جىنايەت ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆيۈپ - پىشىپ، غەم - قايغۇغا چۆشۈۋاتقان ئاقساقال، ئابرۇيلۇق بوۋايلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى مۇتلەق چۈشەنمەيتتىم. ھازىر ھەممىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئەسلىدە، پارسلار يىراق ئۆتمۈشلىرىنى خاتىرىلەپ ياشاۋاتقان ئىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەنلىكى ۋە بۈگۈنكى ھاياتىنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە بولماي قالغانلىقىدىن ئىكەن. بىز ئۈچۈن زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ رەمزى بولۇپ تۇيۇلىدىغان پۇتكۈل نەرسىلەر، ھەتتا ئىنسان ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش غايىلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە كوچىلار رۇسلارغا تەۋە، تۆمۈر يول، تېلېگراف، بانكىلار ئىنگلىزلارنىڭكى، پوچتا بولسا ئاۋسترو - ۋېنگرىيىگە قاراشلىق...

— مەكتەپ ۋە تەلىم - تەربىيە ئورۇنلىرى بولسا جانابىي باسكېرۋىلنىڭكى ياكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ قولىدا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — قوشۇپ قويدۇم مەن.

— توغرا دېدىڭىز. بىچارە تەبرىزلىكلەر نېمىمۇ قىلالايدۇ؟ بىراق ئۇلار پەرزەنتلىرىنى 12 - ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قى-

لىمۇاتقان بىردىنبىر ئۇسۇل — ئون يىللاپ بىر خىل ئەرەبچە جۈم-
لىلەرنى يادلاشنىلا ئۆگىتىدىغان دىنىي مەكتەپكە بەرگەندىن كۆرە،
ئامېرىكىلىق بالىلارغا ئوخشاش زامانىۋى تەلىم ئالىدىغان، لېكىن
بايرىقىغا كرېست ۋە يۇلتۇزلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مېنىڭ
مەكتىپىمگە بەرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ
كېلەچەكتە ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن پايدىلىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقى-
دىغانلىقى شۈبھىسىز. بىراق، بۇ مەكتەپنى «دەھرىيلەر مەكتىپى»
دەپ ئىشىمىزغا دەخلى قىلغۇچىلارغا بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش
مۇمكىن؟ مەن بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى ھەپتىسىدىلا بۇ سوئالنى
ئۆزۈمگە قويۇپ باقتىم ۋە بۈگۈنكى سىز كۆرگەن مۇراسىملارغا
قاتنىشىپ، شۇ سوئالىمغا جاۋاب ئىزدەشكە باشلىدىم. مەن ئاھ -
يىغان چېكىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىردىم. ئۇلارنىڭ كۆز -
لىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ نالە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ
دەھشەتتىن، دەرۋىشانە تەلۋىلىكتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە
قاراپ، ئەسىرلەر داۋامىدا غەم - غۇسسىدىن كۈچ - قۇۋۋىتى خو-
رىغان پارسلارنىڭ قەلبىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم
ۋە ئىختىيارسىز ئۇلارغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈل-
دى. ئۇلار مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈپ، دەسلەپتە ئەجەبلىنىش-
تى، كېيىن مېنىڭ سەھنىگە چىقىپ، پەرەڭ ئەلچىسىنىڭ رولىنى
ئېلىشىمغا رۇخسەت بېرىشتى. ئويۇندىن كېيىن كۈتۈلمىگەندە ھۇ-
زۇرۇمغا ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئاتىلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى.
ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بىزنىڭ دىنىي مەكتەپكە ئو-
قۇشقا بەرگىنى ئۈچۈن ئۇلارغا تەنە قىلغۇچىلارغا نېمە دەيدىغانلى-
قىنى ياخشى بىلەتتىم. شۇنداق، ئەمدى ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى
ئىمام ھۈسەيىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن قايغۇ - ھەسرەتكە پاتقان، ئۇنىڭ
ئۈچۈن كۆز ياش تۆككەن ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشتىن
قورقمايدىغان بولۇشتى. ئايرىم دىنىي ئەربابلارنىڭ بولسا، يەنىلا
مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. مېنىڭ سەھنىدىكى مۇۋەپپەقىيە-
تىم ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەرچە كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چەت ئەللىكلەر بۇ يۇرتتا پەقەت ئۆز قىياپىتىدە يۈرۈشى كېرەك ئىكەن.

مەن دوستۇمنىڭ بۇ ئىشقا نېمىشقا قول تىققانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، بىراق، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملىشىشىغا تازا ئىشەنچىم يوق ئىدى.

— دېمەك، پارسلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئۇلارنىڭ نالە - پىغانلىرىغا قوشۇلۇش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولۇپسەن — دە؟!

— ياق، مەن ئۇنداق ئويلاپ باقمىدىم. چۈنكى، نالە - پىغاندىن پايدا يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىمەن. يىغا ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقلىرىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئۆگىتىش ئەڭ بىمەنىلىكتۇر، لېكىن گەپ يىغلىماسلىققا ئۆگىتىشتە ئەمەس. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى، باشقىلارنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىدىن نەپرەتلەنمەسلىك، ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى چۈشىنىشتۇر. ئۇلار مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غەم - قايغۇلىرىغا ئورتاق ئىكەنلىكىمنى بىلدى ۋە ھۇزۇرۇمغا كېلىپ، نەسىھەت ئاھاڭىدا مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنىڭ ھېچ ئىشنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، ئىراننىڭ مەندەك دەردىگە دەرمەن بولىدىغان كىشىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى، ياخشىسى، كۈچۈمنى تەبرىزلىك ئوغلانلارنى ياخشىراق ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئىلتىماس قىلىشتى.

— توغرا دېيىشىپتۇ. مەن بولساممۇ ساڭا شۇنداق دېگەن بولاتتىم.

— بىراق، مەن ئۇلار بىلەن تەڭ كۆز ياش تۆكمىگىنىمدە، مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا كەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلار كۆز ياشلىرىمنى كۆرمىگەن بولسىدى، ئوقۇغۇچىلىرىمغا، يەنى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىران شاھىنىڭ زالىم شاھ ئىكەنلىكىنى، تەبرىزنىڭ موللا - ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆز شاگىرتلىرىغا ھېچ نەرسە ئۆگىتەلمەيدىغان خام كاللا كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشۈمگە ئىمكان بولمىغان بولاتتى.

— ئوقۇغۇچىلىرىڭغا دەرسلىرىڭدە شۇ گەپلەرنى ئۆگىتىۋاتقان

بولساڭ ئاجايىپ ئىشقۇ؟
— مەن دىنىي ئۆيۈشمىنىڭ ياش، ساقىلىمۇ چىقمىغان ئامې-رىكىلىق ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىلىرىمغا شۇ گەپلەرنى ئۆگە-تىۋاتىمەن. مەن ئۇلارغا شاھتىن ۋە قاپاقباش دامولللاردىن ۋاز كېچىشنى ئۆگىتىۋاتىمەن. بۇنداق گەپلىرىم ئوقۇغۇچىلارغىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغىمۇ ياقمىدۇ. پەقەت پاستور ھەزرەتلىرىلا گەپلىرىمنى ياقتۇرمايدۇ.
ئۇ ئويلىنىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، پىكىرلىرىنى چوڭ-قۇرراق بايان قىلىشقا باشلىدى:
— مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا ھەييام ھەققىدە، ئۇنىڭ رۇبائىيلى-رىنىڭ مىليونلاپ ئامېرىكىلىق، ياۋروپالىقلارنىڭ يانچۇقلىرىدا ئېلىپ يۈرۈلىدىغان كىتابقا ئايلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارغا ھەييامنىڭ فىتز جېرالد تەرجىمە قىلغان رۇبائىي-لىرىنى يادقا ئالدۇردۇم. كۆپلەردىن بىر كۈنى بىر ياشانغان كىشى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، نەۋرىسى يادلىغان ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى-دىن ناھايىتى خۇرسەن ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكىلىق شائىرلارنىمۇ ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئامېرى-كىلىق شائىرلاردىن بىرەرسىنىڭ نامىنى ئېيتالمىسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن پەخىرلەنگەنلىكى ۋە ماڭا بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ھەممە ئاتا - ئا-نىلار شۇنداق پىكىردە ئەمەس. يېقىندا ئۇلاردىن بىرى شىكايەت قىلىپ كەلدى ۋە ھەزرەت پاستورنىڭ ئالدىدا: «ھەييام مەيخور ۋە دەھرىي شائىر ئىدى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «سىز ھەييامغا ھاقارەت قىلىپ، مەيخورلۇقنى ۋە خۇداسىزلىقنى تەرغىب قىلىۋاتىسىز» دېدىم. ھەزرەت بولسا مېنىڭ گەپلىرىمدىن بوغۇلۇپ قالاي دېدى.
باسكېرۋىل باللارچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ-نىڭ گەپلىرى راستتىنلا ھەرقانداق كىشىنى ئوسال قىلىپ قويى-دىغان، ئەيمىنىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ گەپلىرىگە ئوخشايتتى.
— شۇنداق قىلىپ ھەممە رەقىبلىرىڭنى يەڭمەكچىمۇسەن؟

ياكى سەنمۇ «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسىمۇ؟

— بۇنى سىزگە ھەزرەت ئېيتتىمۇ؟ قارىغاندا مەن توغرۇلۇق خېلى پاراڭلاشقان ئوخشايسىلەر؟

— بىز تونۇشۇشتىن نېرىغا ئۆتمىدۇق.

— سىزدىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرمايمەن. مېنىڭ ۋىجدانىم خۇددى يېڭى تۇغۇلغان گۆدەكنىڭكىدەك ساپ. بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى بىر كىشى ھۇزۇرۇمغا كەلدى. ناھايىتى گەۋدىلىك ۋە ساقاللىق بۇ ئادەم تارتىنچاقلىق بىلەن ئۆزى ئەزا بولغان جەمئىيەتنىڭ مەجلىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. نېمە تېمىدا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ياق، بۇنى ھەرگىزمۇ خىيالىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز. ئۇ مەندىن مەجلىستە دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىمنى سورىدى! سىياسىي كۆرەشلەر شۇنداق قىزىۋاتقان مەملىكەت مۇھىتىدا بۇ تېمىدا سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇش ماڭا ھەم كۈلكىلىك، ھەم ھەيران قالارلىق تۇيۇلدى. بىراق، مەن رازى بولدۇم. مەن دارۋىن ھەققىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك مەلۇمات توپلاشقا تىرىشتىم. بۇ نەزەرىيىگە قارشى چىققانلارنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ چىقتىم. ھېس قىلىشىمچە، نۇتقىم ئىنتايىن زېرىكەرلىك بولدى. بىراق، زالدىكى ئادەملەر ھەيران قالارلىق كۆپ بولۇپ، ئۇلار خۇددى ئاتاقلىق دىنىي ئەربابنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك مېنىڭ سۆزۈمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، كېيىن باشقا مەجلىسلەرگىمۇ تەكلىپ قىلىشتى، ماڭا تۈرلۈك تېمىلاردا سۆزلەپ بېرىشكە توغرا كەلدى. بىلىسىڭىز، بۇ پارسلار ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا ناھايىتى ئىنتىلىدىغان، بىلىمگە چاڭقاق ئادەملەركەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى بولۇپ، مەن ئۇلار ئۈچۈن تېھران يېڭىلىقلىرىنى شەرھلەپ بەرگۈچى دائىمىي ۋەكىلگە ئايلىنىپ قالدىم. سىزمۇ ئۇلارنى ياخشى چۈشەنسىڭىز، ئۇلارنىڭمۇ سىز بىلەن مەندەك ياخشى كۆڭۈلگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتىڭىز...

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

كەچقۇرۇنلىرى تەبرىز بازىرىدىكى دۇكانلارنىڭ كۆپى تاقالسىمۇ، لېكىن كوچىلار قايناق بولىدۇ. ئادەملەر دوقمۇشلاردا توقۇلما ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇۋېلىپ، توپ - توپ بولۇپ پاراڭغا چۈشىدۇ. چىلىم چەككۈچىلەر توپىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس ئاستا - ئاستا كۈندۈزدىكى ھەرخىل پۇراقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ.

مەن باسكېرۋىلنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتىمەن. ئۇ تار كوچىلاردىن قىلچە ئاداشماي ئىلگىرىلەيتتى، ئاندا - ساندا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاتىسىدىن بىرى بىلەن سالاملىشىش ئۈچۈن توختاپ قالاتتى ۋە بەزىدە ئۇنى كۆرۈپ قېچىۋاتقان بالىلارغا تىكىلىپ خاپا بولاتتى.

دات بېسىپ كەتكەن بىر تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، باسكېرۋىل ئۇنى ئىتتىرىپ ئاچقاندىن كېيىن ھېچكىم يوق باغنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر ئۆيگە يېقىنلاشتۇق. شېرىكىم ئىشىكنى بىر نەچچە قېتىم تاقىلداتتى، ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. بىز پېشايۋانلىرىغا بىرنەچچە پانۇس ئېسىلغان يورۇق بىر ئۆيگە كىردۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە شامال ئۇچۇپ تۇراتتى، بۇ يەردە ئولتۇرغانلار بۇنداق مۇھىتقا كۆنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى، مەن خۇددى دەريادىكى كىچىك قېيىقتا ئولتۇرغاندەك جىددىيلىك ھېس قىلاتتىم. مەن ھېچكىمنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىماسلىقنى، كۆزلىرىمنى يۇمغانچە جىم تۇرۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. باسكېرۋىل «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىدە يات ھېسابلانمىسا كېرەك، ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىشتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭىمۇ تېگىشلىك ئىلتىپات

كۆرسىتىلدى. باسكېرۋىل ئۆزىنىڭ ئىرانغا كېلىشىگە مېنىڭ سەۋەبچى بولغىنىمنى ئېيتقانىدى، ماڭا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلدى. شۇنداقتىمۇ چارچاپ تۇراتتىم. شۇڭا يەلكەمنى تامغا تىرەپ ئولتۇرۇۋېلىپ، دەم ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا، تۆردىن ناھايىتى گەۋدىلىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئۇزۇن ئاق كىيىم بولۇپ، خاتالاشمىسام، تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق كىشىلىرىنىڭ بىرىگە ئوخشايتتى. ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى ۋە «بېنجامىن بولامسىز؟» دېدى.

كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. بۇ پازىلغۇ!

بىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. ئاندىن ئۇ ئۆز مەرتىۋىسىگە ماس كەلمەيۋاتقان بۇنداق ھاياجانلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆيدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— بۇ كىشى رەھمەتلىك سەييىد جامالىددىنىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ!

مەن ئەمدى تېخىمۇ ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلاندىم. ئۇلار ماڭا ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىدەك ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىشكە باشلىدى.

مەن پازىلغا باسكېرۋىلنى تونۇشتۇردۇم. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ نام - شەرىپىنى بىلسىمۇ، يېقىندىن تونۇشمايدىكەن. پازىل تەبرىزلىك بولسىمۇ، بۇ يەرگە بىر يىلدىن بېرى كەلمىگەنىكەن. بۈگۈن كەچ تاملىرى ئاقارتىلمىغان، پانۇسلارنىڭ نۇرى لىپىلداۋاتقان بۇ ئۆيگە پازىلنىڭ پەيدا بولۇشى قانداقتۇر غەيرىي ۋە تەشۋىشلىك بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن فرانسۇز تىلىدا پەس ئاۋاز بىلەن پارلامېنت ئەزاسى، ئاساسىي قانۇن باشلامچىلىرىنىڭ بىرى تۇرۇپ، نېمىشقا بۇنداق چاغدا پايتەختتىن يىراقتا يۈرگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ بىرئاز ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغاندەك بولدى، ئاندىن شېرىكلىرىگە يوشۇرۇنچە قاراپ قويدى ۋە سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەستىن سورىدى:

— قەيەردە تۇرۇۋاتىسەن؟

— ئەرمەنلەر مەھەللىسىدىكى كارۋانسارايدا.

— ئەتە ئاخشام سېنى ئىزدەپ بارىمەن.

*   *   *

ئەتىسى يېرىم كېچىدە مېنىڭ خانەمگە ئالتە ئادەم توپلاندۇق. بۇلار باسكېرۋىل، مەن، پازىل ۋە ئۇنىڭ ئۈچ شېرىكى بولۇپ، ئۇلار ماڭا پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن لەقەملىرىنىلا ئېيتتىشتى.

— سەن تونۇگۇن كېچىدىكى يىغىلىشتا مېنىڭ نېمىشقا تېهراندا ئەمەس، بۇ يەردە يۈرگەنلىكىمنى سورىدىڭ. ساڭا ئېيتسام، ئاساسىي قانۇن ئۈچۈن پايتەخت قولدىن كەتتى. بۇ گەپنى تونۇگۇن كەچ جەم بولغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئېيتقان بولسام، ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان بولاتتى، لېكىن بۇ ھەقىقەت.

بۇ گەپتىن ھەممىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىككى ھەپتە ئىلگىرى مېنىڭ ئالدىمغا سانكت - پېتېربۇرگدىن «رېيخ» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كەلدى. ئۇنىڭ ئىسىم - شەرىپى پانوۋ، لېكىن گېزىتكە «تانە» دېگەن تەخەللۇس بىلەن يازىدۇ.

مەن بۇ مۇخبىر ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ ماقالىلىرى كۆپىنچە لوندوندا چىقىدىغان گېزىتلەرگە كۆچۈرۈلۈپ بېسىلاتتى.

— ئۇ سوتسىيال دېموكراتلاردىن، — سۆزىنى داۋام قىلدى پازىل، — چار پادىشاھنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بىراق بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى تېهرانغا كېلىپ، ئۆز ئېتىقادىنى يوشۇرۇپ، رۇس دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئىدارىسىگە ئىشقا چۈشتى. بىلمىدىم، تاسادىپىيلىقتىنمۇ ياكى ھىيلە يولى بىلەنمۇ، ئۇنىڭ قولىغا مۇھىم بىر پاش قىلغۇچى ھۆججەت چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ كازاك ھەربىي كورپۇسى تەرىپىدىن بېجىرىلىشى لازىم بولغان دۆلەتنى قايتا قۇرۇش

ھەققىدىكى ئىلتىماس بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىراندا شاھ سەلتەنەتىنى تىكلەش كۆزدە تۇتۇلغان ئىكەن. ئىلتىماستا قىلىنىدىغان ھەممە ئىشلار ئوچۇق - ئاشكارا بەلگىلەنگەن، جۇملىدىن بازارغا مەخسۇس ئايغاقچىلار كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنى سودىگەرلەر سېپىگە قوشۇۋېتىش ۋە سودىگەرلەر ئارىسىدا يېڭى تۈزۈمگە نىسبەتەن ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىش، بىر قىسىم ئۆلىمالار شاھقا مۇراجىئەت قىلىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇتلەق زىت بولغان ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن. پانوۋ بۇ ھۆججەتنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆز ھاياتىنى خەۋپ ئاستىدا قويغانىدى. مەن ئۇنىڭغا سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم ۋە تېزلىكتە پارلامېنتنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنىنى چاقىرىشنى تەلەپ قىلدىم. يىغىندا بارلىق ھەقىقەتنى ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلدىم. شاھنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنى ئەمەس، بەلكى مونارخىيىنى ھاكىمىيەتتىن پۈتۈنلەي چەتلەشتۈرۈشنى، رۇس كازاك كورپۇسىنىڭ پائالىيىتىگە چەك قويۇشنى، ئەيىبدار ھېسابلانغان ئۆلىمالارنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدىم. مېنىڭ بۇ تەلەپلىرىم پارلامېنتنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى تەرىپىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەندى. دەل شۇ چاغدا بىر سوت خىزمەتچىسى يىغىلىشقا كىرىپ، روسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىلىرىنىڭ ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باياناتلىرىنى تاپشۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. مەجلىس توختىتىلىپ، رەئىس ۋە باش ۋەزىر ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ كېتىشتى، ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، چىرايى خۇددى مۇردىنىڭكىدەك ئاقارغان ھالدا قايتىپ كىرىشتى. ئەلچىلەر ئۇلارغا: «ئەگەر شاھ تەختتىن چۈشىدىغان بولسا، ھەر ئىككى بۈيۈك دۆلەت بۇ ئىشقا قورال كۈچى بىلەن ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقى»نى مەلۇم قىلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىزنى بېسىپ، ئۆزىمىزنى ھىمايە قىلىشىمىزغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىشماقچى بولدى!

— ئۇلار نېمىشقا بۇنچىلىك قاتتىق تەلەپ قويىدۇ؟ — سورىدى باسكېرۋىل ھەيران بولۇپ.

— چار پادىشاھ ئۆز چېگرىسى ئىچىدە دېموكراتىيەنىڭ پەيدا بولۇشىنى خالىمايدۇ. چۈنكى «پارلامېنت» دېگەن سۆز ئۇنى ۋەھىمىگە سالىدۇ.

— لېكىن برىتانىيەدە پادىشاھمۇ، پارلامېنتمۇ بارغۇ؟

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، ئەگەر پارسلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت قۇرسا، بۇ يېڭىلىق، قوشنىسى ھىندىستاندىمۇ يېڭى ئويغىنىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، ئىنگلىزلار ھىندىستاندىكى نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ نېفىتنى دەپ ئىراندىن كەتكۈسى يوق. چۈنكى، 1901 - يىللىرىدىلا كنوس ئارسى دېگەن ئادەم 20 مىڭ فوند سىتېرلىڭغا پۈتۈن ئىران تەۋەسىدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىۋالغان. تېخى يېقىنقىچە بۇ نېفىتلىكلەردىن ناھايىتى ئازلا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلاتتى، بىراق بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى بەختىيارىيلار قەبىلىسى رايونىدىن مول نېفىتلىكنىڭ تېپىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇلاردىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك. بۇ دۆلەت ئۈچۈن مول دارامەت مەنبەسى ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى مۇمكىن. مەن پارلامېنت ئەزالىرىغا لوندون بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامىنى بىزگە لايىق كېلىدىغان شەرتلەر بىلەن قايتا كۆرۈپ چىقىشنى تەكلىپ قىلدىم. بۇ تەكلىپىمنى كۆپ سانلىق ئەزالار قوللاپ - قۇۋۋەتلەشتى. ئەمما ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى ۋەكىللىرى بۇ مەسىلىدە بىز بىلەن مۇۋاپىق كېلىشىمگە ئىگە ئەمەس.

— ئەلچىخانا بېغىدا ئىش تاشلاشنى ئۇيۇشتۇرغىنىڭلاردىن بىرى ئۇلار بىلەن ئۇچراشمىغانسەن؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— ئىنگلىزلار رۇسلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك چاغلاردا، يەنى ئۆزلىرىگە پارسلاردىن تېگىشلىك نېسىۋە تەگمەيۋاتقان چاغلاردا بىزنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىمىزگە يېقىنچىلىق قىلاتتى ۋە ئەلچىخانا ئىشىكلىرىنى بىزگە كەڭ ئېچىۋەتكەنىدى. ئېيتىمىشلارغا

قارىغاندا، جانابىي نوئۇسنى شەرمەندە قىلغان مەشھۇر رەسىمنىڭ
تارقىتىلىشىغىمۇ ئىنگلىزلار باش بولغان ئىكەن. بىزنىڭ ھەردە-
كىتىمىز غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لوندون تەرەپ چار پادىشاھ
ئارقىلىق پارس قازىنىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىشقا نائىل بولدى:
يەنى ئىراننىڭ شىمالىدىكى زېمىن روسلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا،
جەنۇبى بولسا ئەنگلىيىنىڭ لوقمىسى بولۇشقا كېلىشىلدى. ئىنگ-
لىزلار ئۆز نىيەتلىرىگە ئېرىشىۋېلىپلا، پارسلارنىڭ دېموكراتىيە
ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىگە مۇتلەق قىزىقمايدىغان بولدى. ئەمدى
ئۇلار بىزگە خۇددى چار پادىشاھقا ئوخشاشلا ئۆز مەنپەئىتىگە ماس
كەلمەيدىغانلار سۈپىتىدە قاراشقا باشلىدى ۋە بىزنىڭ يوقىلىشى-
مىزنى ئەۋزەل كۆرۈپ قېلىشتى.
— بۇنداق قىلىشقا ھەققى يوق! — دېدى باسكېرۋىل غەزەپ-
لەنگەن ھالدا. پازىل ئۇنىڭغا مەيۈسقىنە جىلمىيىپ قاراپ قويدى
ۋە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئۇلارنىڭ ئىككى ئەلچىسى باياناتلىرىنى تاپشۇرۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن، كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر پەسكويغا چۈشۈپ قالدى ۋە
بىر يولىلا ئىككى دۈشمەنگە تەڭلا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى تا-
پالماي بىچارە پانوۋنى ئەيىبلەشكە كىرىشىپ كېتىشتى. سۆزگە
چىققان بەزى ۋەكىللەر ئۇنى ئالدامچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ئەيىب-
لەپ، «ئۇنىڭ مەقسىتى ئىران ۋە روسىيە ئوتتۇرىسىدا جاڭجال چى-
قىرىش» دېيىشكىچە بېرىپ يەتتى. ئاشۇ كۈنى پانوۋمۇ مەن بىلەن
پارلامېنتقا كەلگەن ئىدى ۋە كېرەك بولسا ئۇنى گۇۋاھلىق بېرىش-
كە چاقىرىش ئۈچۈن قوشنا خانىلاردىن بىرىگە ئولتۇرغۇزۇپ قوي-
غانىدىم. ئىشلار تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ۋەكىللەر
ئۇنى دەرھال قاماققا ئېلىپ، كازاك ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇ-
رۇشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ھەر دائىم ئېغىر - بېسىق يۇ-
رۇشكە ئادەتلەنگەن بولساممۇ، ئاشۇ چاغدا ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم ۋە
ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەلۋىلەرچە توۋلاشقا باشلىدىم:
— ئاتام جەستى كۆمۈلگەن مانا شۇ مۇقەددەس زېمىن ھەق-

قىدە قەسەم ئىچىپ ئېيتىمەنكى، ئەگەر بۇ ئادەم قولغا ئېلىنسا، «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى قوزغايمەن ۋە پارلامېنتنى قانغا بويايمەن! پانوۋغا تۆھمەت قىلىنىۋاتقان بارلىق ۋەكىللەر بۇ يەردىن تىرىك چىقالمايدۇ!

شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئابرۇي - ئېتىبارىمنى ھېسابقا ئالماستىن مېنىمۇ قولغا ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا شۇ كېچىسىلا پايتەختتىن چىقىپ كەتتىم ۋە مانا بۈگۈن ئۆز ئاتا شەھىرىمگە كېلىپ تۇرۇپتىمەن. پانوۋمۇ مەن بىلەن كەلدى. ئۇ بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى كېرەك.

سۆھبىتىمىز ناھايىتى ئۇزۇنغىچە — تاڭ ئېتىپ ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغۇچە داۋام قىلدى. بىز قىلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدە مىڭلاپ پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويساقمۇ ھامان بىر پىكىرگە كېلەلمەيتتۇق. باسكېرۋىل ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سائەتكە قارىدى ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەستا، سائەت ئالتە بولۇپ كېتىپتۇ! شۇ تاپتا ئوقۇغۇچىلىرىم ئالدىغا بۇ ئەپتىم بىلەن قانداق بارارمەن! ئەگەر ھەزرەت بۇ چاغدا كىرگىنىمنى كۆرسە نېمە دەر!

— بىرەر ئايالنىڭكىدە قوندۇم، دەيسەن - دە!

بىراق باسكېرۋىلنىڭ كەيپىياتى چاقچاق كۆتىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

*　　　*　　　*

ھەرخىل ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشىدا تاسادىپىيلىقلارغا ئانچە ئىشەنمىسەممۇ، ئەمما پازىل بىزگە پانوۋ تەرىپىدىن قولغا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەر ئاساسىدا رۇس كازاك كورپۇسىنىڭ پارسلارنىڭ ياش دېموكراتىيىسىگە قانچىلىك تەھدىت سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقان چاغدا، پايتەختتە ئاللىقاچان دۆلەتنى ئاغدۇرۇشقا ئائىت ئىشلار باشلىنىپ كەتكەنىكەن.

كېيىنچە مەلۇم بولۇشىچە، 1908 ـ يىلىنىڭ 23 ـ ئىيۇن كۇ-
نى سائەت تۆتلەر ئەتراپىدا پولكوۋنىك لىياخوۋ قوماندانلىقىدىكى
مىڭ كىشىلىك كازاكلار كورپۇسى تېھراننىڭ مەركىزىگە جايلاشقان
پارلامېنت بىناسى تەرەپكە يۈرۈش باشلاپ، تېزلا بىنانى قورشاۋغا
ئالغان ۋە ئۇ يەرگە كىرىش ـ چىقىش قەتئىي نازارەت ئاستىغا ئې-
لىنغان. مەجلىس ئەزالىرى رۇس قوشۇنلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى
كۆرۈپ، ۋەكىللەر ۋە ئېتىبارلىق دىنىي دېموكراتىيە ۋەكىللىرى
ئايەتۇللا بېھبەھنىي ۋە تېبەتەبايىلارنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن تې-
لېفون ئورنىتىلغان قوشنا مەكتەپ بىناسىغا قېچىپ كېتىشكە
ئۈلگۈرگەن. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارمۇ ئاساسىي قانۇن تە-
رەپدارى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پارلامېنت بىناسىغا —
ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان جايغا قايتىشقان. قىزىقى شۇنىڭدىكى،
كازاكلار ئۇلارغا ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئىچكىرى كىرىشكە
رۇخسەت بېرىشكەن. چۈنكى ئۇلار بىنادىن ھېچكىمنى چىقارماس-
لىق ۋە پەقەت كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق تاپشۇ-
رۇۋالغان ئىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا كازاكلارغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرمۇ ئىز-
چىل كۆپەيگەن. تاڭ ئېتىش ھارپىسىدا ئۇلارنىڭ سانى بىرنەچچە
يۈز كىشىگە يەتكەن. شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ سېپىدە «ئادەم ئاتا
پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار كارا-
بىن مىلتىق بىلەن قوراللانغان ۋە ھەر بىرىدە ئالتە تالدىنلا ئوق
بولۇپ، مۇداپىئەنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن باشقا ھېچ-
قانداق ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى. بۇنداق ئەرزىمەس قورال ـ ياراغلار
ۋە بەكمۇ ئاز مىقداردىكى ئوق ـ دورىلار بىلەن ئۇلار ئالدىراپ ھۇ-
جۇمغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، لېكىن تاملارنىڭ ئۈستىگە
چىقىۋېلىپ، دېرىزە ئارقىسىغا بېكىنىۋېلىپ دېگەندەك ئەڭ قولاي
ئوت ئېچىش نۇقتىلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقان ئىدى. ئەمما ئۇلار بە-
رىنچى بولۇپ ئوق ئېتىپ، ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلاپ بېرىش كې-
رەكمۇ ياكى دۆلەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى جىمغىنا كۇ-

توپ تورۇش كېرەكمۇ، بۇنى بىلمەيتتى.

ئېھتىمال، ئىنىشقىندۇر رۇس ئەسكەرلىرىمۇ ھۇجۇم باشلىمايۋاتاتتى.

رۇس ۋە پارس باسقۇنچىلىرى ئارىسىدىكى پولكوۋنىك لياخوۋ ئەسكەرلەرنى ئەڭ قولاي ئوت ئېچىش نۇقتىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا بار ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىن قورال ئالىرى بولغان ئالتە دانە زەمبىرەكمۇ توپخانا مەيدانىغا ئورنىتىلدى.

پولكوۋنىك ئاتلىق ھالدا قوزغىلاڭچىلار جايلاشقان ئوت ئېچىش نۇقتىلىرى ئالدىدىن بىر نەچچە قېتىم ئۆتتى. بىراق «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىرى جەڭچىلىرىگە «چار پادشاھ ئۇچۇن ئىرانغا قارشى قوشۇن تارتىشقا باھانە بولۇپ قالمىسۇن» دېيىشىپ، كازاكلارغا قارىتا ئوت ئېچىشقا رۇخسەت بېرىشمىدى.

پېشىنغا يېقىن كازاكلار ھۇجۇم باشلىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭ بولمىسىمۇ، مىلىسىز ئېتىشىش ئالتە - يەتتە سائەتكە قەدەر داۋام قىلدى. بىرنەچچە جەسۇر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە كازاكلارنىڭ ئۈچ زەمبىرىكى پاچاقلىۋېتىلدى.

بىراق بۇ ئىلاجسىزلىق سەۋەبىدىن قىلىنغان قەھرىمانلىق ئىدى.

كۈن پېتىۋاتقان پەيتتە ئىران تارىخىدىكى تۇنجى پارلامېنت بىناسى ئۈستىدە مەغلۇبىيەت سىمۋولى بولغان ئاق بايراق كۆتۈرۈلدى.

شۇنداقتىمۇ پولكوۋنىك لياخوۋ زەمبىرەكچىلىرىگە داۋاملىق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ مەسىلىدە چار پادشاھنىڭ نىيىتى ئېنىق ئىدى: پەقەت پارلامېنتنى بىكار قىلىپلا قالماي، بەلكى تېھران ئاھالىسىغا ئاچچىق ساۋاق بېرىش ئۈچۈن پارلامېنت بىناسىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى كۆزلىگەن ئىدى.

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

تەبرىزدە دەسلەپكى ئېتىشىشلار باشلانغان پەيتتە تېھران كو-چىلىرىدىكى جەڭمۇ داۋام قىلىۋاتاتتى. مەن باسكېرۋىلنىڭ دىر-سىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىز يىغىلىپ، پارىلىنىڭ قې-رىنداشلىرىنىڭ بىرىنچىگە ناشتىغا بېرىشىمىز لازىم ئىدى. بازار كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، يېقىن ئەتراپتىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

بىز ئەنسىزلىك بىلەن ئېتىشىش باشلانغان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق ۋە يۈز مېتىرچە نېرىدا شاۋقۇن - سۈرەن، چاڭ - توزان ئارىسىدا قوللىرىغا كالتەك، مىلتىق، مەشئەل كۆتۈرۈشۈپ كې-لىۋاتقان كىشىلەرنى كۆردۇق.

ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان تەبرىزلىك ئەزەربەيجانلار بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيتتىم.

باسكېرۋىل ئۇلارنىڭ: «يوقالسۇن ئاساسىي قانۇن! پارلامېنتقا ئۆلۈم! دەھرىيلەرگە ئۆلۈم! ياشىسۇن شاھ!» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

كوچىلاردا شەھەرلىكلەر ئۆز تەشۋىشلىرى بىلەن چېپىپ يۈ-رۈشەتتى. بىر ئايال شاۋقۇن - سۈرەندىن قورقۇپ كەتكەن ئۆچكى-سىنى ئارغامچىسىدىن سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، يىقىلىپ چۈشكەن بىر ئايالنى ئالتە ياشلاردىكى ئوغلى تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇناتتى، ئايال ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقساقلىغىنىچە قېچىپ كېتىۋاتاتتى.

بىز ئۇچرىشىدىغان جايغا تېزراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن قە-دەملىرىمىزنى تېزلەتتۇق. بىر توپ ياشلار ئىككى تال ياغاچنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ سۆرەۋاتاتتى، كوچىدا ئۈستەل، ئو-

رۇندۇق ۋە ساندۇقلار تەرتىپسىز دۆۋىلەپ تاشلانغان ئىدى. ئۇلار
بىزنى تونۇپ، ئۆتۈشىمىزگە رۇخسەت بېرىشتى ۋە: «دۈشمەن مۇشۇ
يەردىن ئۆتىدۇ، ئۇلار مەھەللىگە ئوت قويۇپ، بارلىق «ئادەم ئاتا
پەرزەنتلىرى»نى قىرىپ تاشلىماقچى» دېيىشتى ۋە بۇ يەردىن
تېزراق كېتىشىمىزنى ئېيتتى.

مەجلىسخانىدا قىرىق - ئەللىككە يېقىن كىشىنىڭ ئولتۇرۇ-
شىدا تۇرغان پازىلنى كۆردۇق.

ئۇنىڭ قولىدا ئاۋستىرىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاپانچا بو-
لۇپ، بۇ قورال ھازىر ئۇنىڭغا ھەر بىر قوزغىلاڭچى ئىگەللىشى
لازىم بولغان جاينى كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئۇ تونۇ-
گۇنكىگە قارىغاندا خېلىلا خاتىرجەم، خۇددى ئاچچىق قىسمەتكە تەن
بەرگەن كىشىدەك ئېغىر - بېسىق ئىدى.

— مانا شۇنداق، — دېدى ئۇ تەنتەنە ئارىلاش ئاھاڭدا، — پا-
نوۋ بىزگە يەتكۈزگەن مەلۇماتلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆر-
دۈڭلارمۇ؟! پولكوۋنىك لياخوۋ دۆلەتنى قايتا قۇرۇشنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇپ، ئۆزىنى تېھراننىڭ ھەربىي باشلىقى دەپ ئېلان قىلدى.
بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ پايتەختتە، بارلىق شەھەردە، جۈملىدىن
تەبرىزدىمۇ ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىنى قاماققا ئېلىشقا بۇيرۇق
بېرىلدى.

— شۇنچە تېزمۇ! — ھەيران قالدى باسكېرۋىل.

— دۆلەتنى ئاغدۇرۇش ھەققىدىكى خەۋەرنى چار روسىيە كونـ-
سۇلى تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلغان. بۇ تېلېگراممىنى تەب-
رىزنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۆلىمالىرىمۇ تاپشۇرۇپ ئېلىشقان.
ئۇلار ئۆز تەرەپدارلىرىنى بۈگۈن چۈشتە تۆگىچىلەر مەھەللىسىگە
توپلىنىشقا دەۋەت قىلغان، شۇ يەردىن پۈتۈن شەھەرگە تارقالغان.
ئۇلار دەسلەپتە مېنىڭ دوستلىرىمدىن بىرى — ژۇرنالىست ئەلى
مەشھەدىينىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى خوتۇنى، بالا - چاقىلىرى، ئا-
نىسىنىڭ كۆز ئالدىدا بوغۇزلاپ، ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلاپ،
ھويلىنى قانغا بويىۋەتكەندىن كېيىن چىقىپ كەتكەن. بىراق، قې-

رىنداشلار بۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشمەڭلار. چۈنكى بىز ئەلى ئۇچۇن
كەچقۇرۇنغىچە چوقۇم قىساس ئالىمىز.
پازىلنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، ئۇ سەل تىن ئېلىۋېلىپ،
چوڭقۇر خۇرسىندى ـ دە، گېپىنى داۋام قىلدى:
ــ مەن تەبرىزگە كەلگەنىكەنمەن، دېمەك، بۇ شەھەرنى ھىمايە
قىلىشنى بىلىمەن. بىز ئاياغ بېسىپ تۇرغان بۇ زېمىن ئاساسىي
قانۇن تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ پارلامېنت-
نىڭ، قانۇنىي ھۆكۈمەتنىڭ قارارگاھى مانا مۇشۇ يەر بولىدۇ. ئال-
دىمىزدا مۇقەددەس جەڭ تۇرۇپتۇ. ئىشىنىمەنكى، بىز چوقۇم غەلى-
بە قازىنىمىز! قېنى، مەن بىلەن ئالغا!
ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا ئەگىشىپ بىزمۇ يولغا چىقتۇق. ئۇ
بىزنى بىر باغقا باشلاپ كىردى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆينى ئاي-
لىنىپ قېلىن دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا كۆرۈنمەي تۇرغان بىر
شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقتۇق، بىر نەچچە پەلەمپەي ئارقىلىق،
كىچىك دېرىزە، قېلىن تاملىق، خۇددى گۆرىستاندەك بىر ئۆيگە
كىردۇق. پازىل بىزگە دېرىزىلەردىن قاراشنى ئېيتتى. بىز ئالدى
توسۇلغان، مۇستەھكەم ھىمايىلەنگەن كوچىلارنىڭ بېشىدىكى بىر
ئۆيدە بولۇپ، ئۆينىڭ كەينىدە يىگىرمىچە ئادەم مىلتىقلارنى تەڭ-
لىگەنچە دۈشمەن يولىغا تىكىلىپ تۇراتتى.
ــ بۈنىڭدىن باشقا چارىلەرمۇ كۆرۈپ قويۇلغان، ــ چۈشەن-
دۈردى پازىل، ــ مەھەللىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلارمۇ
توختىتىپ قېلىنىشى كېرەك. ئەگەر «ئىتلار توپى» تەرەپتىن كې-
لىپ قالسا، ئۇلار چوقۇم تېگىشلىك جازاسىنى تاپىدۇ.
كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئېيتقان «ئىتلار توپى» كۆرۈندى. ئۇلار يول-
بويى «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى»نىڭ بىرنەچچە ئۆيىگە ئوت قويۇش-
تى. بىراق، ئۇلار ھېچكىمنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇنمايتتى،
پەقەت شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ يېقىنلىشىۋاتاتتى.
بىردىنلا يۈرىكىمنى دەھشەتلىك ۋەھىمە قاپلىدى. تام ئارقى-
سىدا «ئۆلتۈر!» دەپ ۋارقىراپ، ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان

ئالامانى كۆتۈپ تۇرۇش ھەقىقەتەن ئەڭ دەھشەتلىك سىناق ئىدى.
— ئۇلارنىڭ سانى قانچىكەن؟ — دېدىم ئەنسىز ھالدا شىۋىرلاپ.
— مىڭ، كۆپ بولسا بىر يېرىم مىڭ ئەتراپىدا! — دېدى پازىل ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ، — ئۇلارنى دەھشەتكە سېلىش نۆۋىتى ئەمدى بىزگە كەلدى!
ئۇ ياردەمچىلىرىگە بىزگىمۇ قورال بېرىشنى بۇيرۇدى.
باسكېرۋىل ئىككىمىز ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر - بىرىمىزگە قاراپ قويدۇق، ئاندىن ھەم قىزىقىش، ھەم يىرگىنىش تۇيغۇسى بىلەن بۇ سوغۇق قوراللارنى قولىمىزغا ئالدۇق.
— دېرىزە كەينىدە تۇرۇڭلار ۋە كىم يېقىنلاشسا ئۆلتۈرۈڭلار! مەن بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك، بۇ لەنىتىلەرگە ئاجايىپ سوۋغا تەييارلاپ قويغانمەن! — دەپ توۋلىدى پازىل.
ئۇ كېتىشى بىلەنلا ئېتىشىش باشلىنىپ كەتتى. دۈشمەن جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ، تەرتىپسىز باستۇرۇپ كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى خۇددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەردەك يۈگۈرۈشەتتى. «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» ئوت ئېچىشتى. ئۇنىلاپ دۈشمەنلەر يىقىلىپ چۈشتى. توساتتىن ئۇلار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇداپىئە تېمى ئۈستىگە چىقىۋېلىشقا ئۈلگۈردى، بىراق كىمنىڭدۇر مىلتىق نەيزىسىنى تىقىشى بىلەن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاندى. مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم.
شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن «دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرەيلى!» دېگەن خىتابلار ياڭراپ تۇراتتى. كېيىن بىز تۇرغان يەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ يېڭى بىر توپى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئەمدى بىرقەدەر تەرتىپلىك ھالدا ھىمايىچىلەر تۇرغان تام ۋە دېرىزىلەرگە ئوت ئېچىپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى. «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى»نىڭ بىرى پېشانىسىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى. ئۇ ھىمايىچىلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر قۇربان بولغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى بىرىنىڭ

كەيىندىن بىرى ئوق ئۈزۈپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىنى قى-
رىشقا باشلىدى.

دۈشمەننىڭ بۇ ھۇجۇمىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇلار ئارقىغا چې-
كىنىپ، شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ، بىر ئىشلار ھەققىدە مەسلى-
ھەتلىشىشكە باشلىدى، ئاندىن يەنە قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. دەل
شۇ چاغدا جەڭ مەيدانىدا دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش ئاڭلاندى. قاياق-
تىندۇر ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى نەق دۈشمەن توپلانغان جايغا
چۈشۈپ پارتلىدى ۋە نۇرغۇن ئادەمنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى.
دۈشمەن سېپىدە پاراكەندىچىلىك، تەرتىپسىز ھالدا قېچىش
باشلاندى. ھىمايىچىلەر بولسا مىلتىقلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆ-
تىرىپ، شاد - خۇرام ئاۋازدا: «ياشىسۇن ئاساسىي قانۇن!» دەپ
ۋارقىراشقا باشلىدى. جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلگەن جە-
سەتلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— مېنىڭ مىلتىقىم سوغۇق پېتى تۇرۇپتۇ. مەن بىر تالمۇ
ئوق ئۈزمىدىم. سىزچۇ؟ — شىۋىرلىدى باسكېرۋىل.

— مەنمۇ.

— مىلتىقنىڭ نىشانىدا ناتونۇش ئادەمنىڭ بېشىنى كۆرۈش
ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەپكىنى بېسىش...

بىر ئازدىن كېيىن پازىل خۇشال ھالدا پەيدا بولدى.

— خوش، مېنىڭ سوۋغام قانداقكەن؟ بۇ «بەنج» دېيىلىدىغان
كونا فرانسۇز زەمبىرىكى ئىدى. ئۇنى مەن ئىمپېرىيە ئارمىيىسى-
نىڭ بىر ئوفىتسېرىدىن سېتىۋالدىم. ئۇ تام ئۈستىدە تۇرۇپتۇ.
ئۇنى تاماشا قىلىشقا بېرىڭلار. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تەبرىزنىڭ
كەڭ مەيدانلىرىنىڭ بىرىگە ئورنىتىلىدۇ ۋە ئاستىغا: «بۇ زەمبىرەك
ئاساسىي قانۇننى قۇتقۇزۇپ قالدى» دەپ يېزىپ قويۇلىدۇ.

بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى مۇھىم غەلىبە قولغا كىرگۈزۈلگەن
بولسىمۇ، بۇ گەپلەر ماڭا بىر ئاز ئورۇنسىزدەك تۇيۇلدى. بىراق پا-
زىلنىڭ مەقسىتى ئېنىق: ئۇ بۇ يەرگە بارلىق ئاساسىي قانۇن تە-
رەپدارلىرىنى توپلاپ، مۇداپىئە تەشكىل قىلىشى، بىرلىكتە ھەر-

كەت قىلىپ، مەملىكەتنىڭ بۇ كىچىك زېمىنىنى ئۆز قولىدا ساقلاپ تۇرۇشى لازىم ئىدى.

ئەگەر سىزگە كىمدۇر ئېيۇن ئېيىدا تەبرىز بازىرى يېنىدىكى كوچىلاردا سادىر بولغان ۋەقەلەر ھەققىدە سۆزلەپ، بىر نەچچە مىلتىق ۋە بىر زەمبىرەك بىلەنلا پۈتۈن ئىراننىڭ قولدىن كەتكەن ئازادلىقىنى قايتۇرۇۋالدۇق دېسە، بۇ گەپكە ئىشىنەرمىدىڭىز؟

بىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتىمىز بەدىلىگە قولغا كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتۇق.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

ھەييام دىيارىدا قارا كۈنلەر باشلاندى. ئېھتىمال بۇ كۈنلەر ئارزۇ قىلىنغان يېڭى تاڭنىڭ خەۋەرچىسىدۇر؟ ئىسپاھاندىن قەزۋىنگىچە، شىرازدىن ھەمەدانغىچە بولغان ھەممە يەرلەردە يۈزلەپ، مىڭلاپ ئېغىزلاردىن: «ئىنسىيانچىلار يوقالسۇن!» دېگەن خىتابلار ياڭرايتتى. ئەمدىلىكتە «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە»، «ئادالەت» دېگەن سۆزلەرنى پەقەت شۇئارلاپلا ئېيتىش مۇمكىن ئىدى. كەلگۈسى ھەققىدىكى ئارزۇلار بولسا چەكلەنگەن خىيالغا ئايلاندى. ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى ھەممە جايدا تەقىپ قىلىنىشقا باشلىدى. «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى»نىڭ تۇرار جايلىرىدا شامال ھۇۋلاپ قالدى، ئۇلارنىڭ بارلىق كىتابلىرى يىغىۋېلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. پۈتكۈل ئىران تەۋەسىدە، تەبرىزدىن باشقا ئەكسىل ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان يەنە بىر شەھەر تېپىلمايتتى.

دۆلەتنى ئاغدۇرۇش ھەققىدىكى خەۋەر بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئوتتۇز مەھەللىدىن پەقەت بىرسىلا، يەنى بازارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەمىرقىز مەھەللىسىلا ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئاشۇ ئاخشىمى ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىدىن نەچچە ئون ئادەم مەھەللە كوچىلىرىدا نۆۋەتچىلىك قىلىشقا قويۇلدى. بۇ چاغدا پازىل شەھەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قارارگاھىدا پۈرلىشىپ كەتكەن خەرىتە ئۈستىگە ئېڭىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا غەلىبە بېشارەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئۇچلۇق سىزىقلارنى سىزىۋاتاتتى.

بىز ئون بەشكە يېقىن كىشى پانۇسنىڭ خىرە يورۇقىدا ئۇنىڭ

خەرىتە ئۈستىدە يۈگۈرۈۋاتقان قەلىمىنىڭ ئۇچىغا تىكىلىپ تۇراتتۇق.

— دۈشمەن كۈچلۈك زەربىمىزدىن تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمەي تۇرماقتا، — دېدى ئۇ قەددىنى تىكلەپ، — ئۇلار بىزنىڭ سانىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى ناھايىتى كۈچلۈك دەپ ئويلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلاردا زەمبىرەك يوق شۇنداقلا بىزنىڭ زەمبىرەكلىرىمىزنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭا بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە ئۆز زېمىنىمىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. شاھ تېزلا بۇ يەرگە قوشۇنلىرىنى ماڭدۇرىدۇ، ئۇلار بىرنەچچە ھەپتىگە قالماي تەبرىزگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. دېمەك، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن شەھەرنى ئۆز كونتروللىقىمىزغا ئېلىۋېلىشىمىز لازىم. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشاملا ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىز لازىم.

ئۇ يەنە خەرىتە ئۈستىگە ئېڭىشتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىق يالاڭباش، سەللىلىك، تەلپەكلىك باشلارمۇ خەرىتىگە ئېڭىشتى.

— بىز دەريادىن تۈيدۇرماستىن ئۆتۈپ، شەھەر مەركىزىگە بارىمىز، — چۈشەندۈردى ئۇ، — ئاندىن بازار ۋە قەبرىستانلىق تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتىمىز. كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى شەھەر بىزنىڭكى بولىدۇ!

بىراق، شەھەر مەركىزى ئۈن كۈندىن كېيىن ئاندىن قولغا كىرگۈزۈلدى. ھەر بىر كوچىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنلاپ قۇربانلار بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، ئەمما يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئىزچىل ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇراتتى ۋە ھەممە جەڭ ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ھەل بولاتتى.

«ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ بىرنەچچە جەسۇر ئوغلانلىرى شەنبە كۈنى «ھىندى - ياۋروپا تېلېگرافى» ئاگېنتلىقى بىناسىنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشتى. ئەمدى تېھران، لوندون، بومباي ۋە باشقا شەھەرلەر بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى ئور-

نتىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. ئاشۇ كۈنى يەرلىك ساقچى مەھ-
كىمىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئاساسىي قانۇن ھىمايىچىلىرى سېپىگە
قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ
سېپى بىر ئاجايىپ «ماكسىم» پىلىموتى، ئوتتۇز ساندۇق ئوق -
دورا بىلەن مۇستەھكەملەندى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر شەھەرلىكلەرنى-
مۇ روھلاندۇرۇۋەتتى. يۈزلەپ ياش - قېرىلاردىن بەزىلىرى ئۆز
قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ قەلبى مەردانىلىق ھېسلىرى بىلەن
تولغان ھالدا ئازاد قىلىنغان مەھەللىلەرگە ئېقىپ كېلىشكە باش-
لىدى. بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە دۈشمەن شەھەر سىرتىغا قوغلاپ
چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ قولىدا پەقەت بىرلا مەھەللە — شەھەرنىڭ
شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ئاھالىسى شالاڭ تۆگىچىلەر ۋە ساھىب
دىۋان دائىرىسىلا قالدى.

ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىختىيارىي مۇنتە-
زىم ھەربىي قوشۇنلارغا ئاساس سېلىندى. بۇ قوشۇننى ئوزۇق -
تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىنىڭ جاۋابكارلىقى زور ئىشەنچ
بىلەن گوۋارد باسكېرۋىلغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ بارلىق ۋاقتىنى بازار
ئارىلاپ، ئوزۇق - تۈلۈك غەملەش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.
سودىگەرلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلا تىل تېپىشاتتى. ئاشۇ كۈنلەردە
باسكېرۋىل پارىسچە ئېغىرلىق ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئىسلاھ
قىلىشقا بەك بېرىلىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدىلىكتە، — دېدى بىر كۈنى ئۇ ماڭا، — لىتىر، كى-
لو، گىرامغا ئوخشاش ئېغىرلىق ئۆلچەملىرىنى بىكار قىلىپ،
پارىسچە «جەۋ»، «مىسقال»، «سەر» ۋە بىر ئېشەك يۈكنى ئىپادىلى-
گۈچى «خەرۋەر» دېگەندەك ئاتالمىلارنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇ-
شىمىز كېرەك. ئەڭ كىچىك ئېغىرلىق بىرلىكى «جەۋ» ئوتتۇرا
ھال چوڭلۇقتىكى ئارپا دېنىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ يەنىمۇ ئې-
نىقراق بولۇشى ئۈچۈن ئارپا دېنىنىڭ ئۇچىنى كېسىپ تاشلاپ،
ئېغىرلىق ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكىنىڭ ۋەزنىنى بەلگى-
لەش لازىم.

— بىراق بۇ بەك قىيىن ئىشقۇ؟! — دېدىم مەن كۈلكىدىن ئۆزۈمنى توختىتالماي.

«ئوقۇتقۇچۇم» ماڭا كالۋا شاگىرتىغا قارىغاندەك كىنايىلىك قاراپ قويدى. خاتالىقىمنى تۈزەتكەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قوشۇپ قويدۇم:

— بوپتۇ، «جەۋ» ئەڭ كىچىك ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولسۇن.

— ئالدىرىمىسىڭىزچۇ، — ئاچچىقلاندى باسكېرۋىل ۋە ئۆز چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئالدىرىماستىن ئېنىقلىما بەردى:

— بىرتال ئارپا دېنىنىڭ ئېغىرلىقى يەتمىش دانە تېرىق دېنىنىڭ ئېغىرلىقىغا، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ قېچىر قۇيرۇقىنىڭ ئالتە تال قىلىغا تەڭ بولۇشى لازىم.

* * *

مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە باسكېرۋىلنىڭكىگە قارىغاندا ئاسانراق ئىدى، يەنى يەرلىك تىلدا سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىمنى ھېسابقا ئېلىپ، ماڭا چەت ئەل ۋاكالەتخانىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ئۇلارنى پازىلىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئىشەندۈرۈش، شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى، يەنى ترانسكاۋكاز تۆمۈريولى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، تەبرىز ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، شۇنىڭدەك ئەركىن پىكىرلىك يولۇچىلار ئېقىپ كېلىدىغان ئۆزىگە خاس شەرق دەرۋازىسى ھېسابلىناتتى. ھازىرمۇ بۇ يەردە كۆپلىگەن ياۋروپا مۇئەسسەسەلىرىنىڭ بۆلۈملىرى مەۋجۇت. گېرمانىيىلىك م. م. موسسىڭ ۋە شيۇنېمانلار شىركىتى، ئاۋستىرىيەنىڭ مۇھىم فىرمىلىرىدىن بىرى بولغان «شەرقىي سودا جەمئىيىتى»گە ئوخشاشلار ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن

ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە كۆپلىگەن ئەلچىخانىلار، ئا-
مېرىكا دىنىي جەمئىيىتى مەكتىپى ۋە باشقا كۆپلىگەن چەت ئەل
مۇئەسسەسەلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، نەچچە ئايلارغا سوزۇلغان ئې-
غىر قامال جەريانىدا ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئەزىيەت چەكمىدى دې-
يىشتىن خۇشالمەن. چۇنكى شەھەر مۇداپىئەچىلىرى ۋە چەت ئەل-
لىكلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانىدى. ئۇ-
زۇمنىڭ، باسكېرۋىلنىڭ ۋە ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى ھەرىكە-
تىگە قوشۇلۇپ كەتكەن پانوۋنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە گەپ قىلىش
ھاجەتسىز. بۇ يەردە پەقەت «مانچېستېر گاردىئان» گېزىتىنىڭ
مۇخبىرى، جاناب موئورنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئالاھىدە توختى-
لىش زۆرۈر. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي پازىل تەرەپدارلىرىنىڭ سې-
پىگە قوشۇلۇپ، قولىغا قورال ئالدى، ھەتتا بىر قېتىملىق جەڭدە
ياردارمۇ بولدى. يەنە بىرى بىزنىڭ تەمىناتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك
كۆپلىگەن مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگەن، «ئاسىيا
فرانكاسى» گېزىتىدىكى ماقالىلىرى بىلەن پارىژدا، ھەتتا پۈتۈن
دۇنيادا بىزگە تەرەپدارلىق ئويغاتقان، شۇ سەۋەبتىن تەبرىزنى دەھ-
شەتلىك قىسمەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان كاپىتان ئانجىمنىيورنىڭ
پائالىيىتىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. ئەمما بۇ يەردىكى چەت ئەل ۋاكا-
لەتخانىلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئايرىم يەرلىك ئۆلىمالار ئۈچۈن
ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىنى يامان ئاتلىق قىلىشقا باھانە بولدى.
ئۇلار ئۈچۈن بىز « كوچىدا قالغان بىر توپ ياۋروپالىقلار، ئەرمە-
نىيلەر، بابىيلار، يىغىپ ئېيتقاندا بارلىق مىللەتلەردىن چىققان
خۇداسىزلار» ئىدۇق. بىزنىڭ ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى سېپى-
گە قوشۇلۇشىمىز ئۇلارغا ياقمايتتى. ھەرھالدا ئاددىي خەلق بۇ خىل
تەشۋىقاتلارغا پەرۋاسىز ئىدى، ئۇلار بىزدىن مىننەتدار بولۇپ، ناھا-
يىتى ھۆرمەت قىلىشاتتى، بىزنى ئۆز بۇرادەرلىرىدەك ھېسابلىشات-
تى، شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر پارس ئايالىمۇ بىز ئۈچۈن ئانا ياكى
سىڭىلدەك بولۇپ قالغانىدى.

پارسلارنىڭ دەسلەپكى كۈنلەردىلا قارشىلىق كۆرسىتىش ھە-

رىكىتىگە ئىختىيارىي، ئاممىۋى خەيرخاھلىق كۆرسىتىپ، ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېيتىشىم كېرەك. دەسلەپتە تەبرىزلىك ئەركسۆيەرلەر، كېيىن ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئۆز شەھەرلىرىدىن، يېزىلىرىدىن قاچقان كۆپلىگەن كىشىلەر ئاساسىي قانۇننىڭ ئاخىرقى قورغىنى تەبرىزدىن پاناھ ئىزدەپ ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك بۇرجەكلىرىدىن كېلىۋاتقان بۇ سىياسىي قاچاقلارنىڭ بىردىنبىر ئۆتۈنۈشى، قوللىرىغا قورال ئېلىش ئىدى. بۇنداق قىسمەت تېھرانلىق كۆپلىگەن ئەزالار، ۋەزىر ۋە ژورنالىستلارنىڭمۇ بېشىغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار پولكوۋنىك لياخوۋنىڭ تۇزاقلىرىدىن تەستە قۇتۇلۇپ، كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھارغان، ئاچقان، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا تەبرىزگە كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

قاچاقلارنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇقى شۇبھىسىز مەلىكە شىرىن ئىدى. ئۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، تۈرلۈك نازارەتچىلىك پونكىتلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، پايتەختتىن چىقىپ كېتىشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇنىڭ ماشىنىسى تەبرىز ئاھالىسى تەرىپىدىن تەنتەنىلىك كۇتۇۋېلىندى. ماشىنا ھەيدىگۈچىمۇ تەبرىزلىك بولۇپ، بۇ كەسپنى دەسلەپ ئۆگىنىۋالغان پارسلارنىڭ بىرى ئىدى.

مەلىكىگە چۆلدەرەپ قالغان شاھ قەسىرىدىن پاناھلىق جاي ئاجرىتىلدى. بۇ قەسىر ئۇنىڭ بوۋىسى تەرىپىدىن سېلىنغان بولۇپ، ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر ئاي ئەتراپىدا تۇرۇپ كېتىش مەقسەت قىلىنغانىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاھ بۇ قەسىردە تۇنجى قېتىم تۈنىگەن ئاخشىمى يامان چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ مۇنەججىملىرى بۇ چۈشنى يامانلىق ئالامىتى، دەپ بېشارەت بېرىپ، شاھقا بۇ قەسىرگە ئەمدى قەدەم باسماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشكەن ئىكەن. شۇڭا بۇ قەسىر ئوتتۇز يىلدىن بېرى تاشلىنىپ قېلىپ «قۇرۇق قەسىر» دەپ نام ئالغان بولۇپ، بۇ ۋەھىمىلىك نام ئۇنىڭغا نا-

هايىتى ماس كەلگەنىدى.

شېرىن خاسىيەتسىز بۇ قەسىرگە قىلچە ئىككىلەنمەي جايلى-شىۋالدى ۋە ئۇنىڭ قارارگاھى تېزلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. قەسىرنىڭ كەڭ باغلىرى تومۇز كۈنلىرىدە شەھەرنىڭ ئەڭ سالقىن يېرىگە ئايلىناتتى. شۇڭا قارشىلىق كۆرسىتىش ھە-رىكىتى رەھبەرلىرى بۇ يەردە پات - پات يىغىلىدىغان بولۇشتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىدە بولغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم.

مېنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە مەلىكىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كېتەتتى، چۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا قانداقتۇر يېقىنلىق مۇناسى-ۋەتلىرى ئورنىتىلغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بۇنداق يېقىنلىقى-مىزنىڭ سىرى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىز ھېچ-قاچان يالغۇز ئۇچراشمايتتۇق، ھەر قېتىمقى يىغىنغا نەچچە ئون ئادەم قاتنىشاتتى. بۇ يەردە تىنىمسىز بەس - مۇنازىرىلەر داۋام قىلاتتى، بەزىدە كىنايىلىك ھەزىل - چاقچاقلارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

پارسلار مۇئامىلىدە ئەسلا ئارتۇقچە ياسالمىلىقنى ياقتۇرمايتتى، بەلكى خۇشخۇي، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئۆز سۆھبەتداشلىرى-نىڭ كۆڭلىنى ئۇتاتتى. ئۇلار كىمگىلا مۇراجىئەت قىلسا، «ھەز-رەت، سىزنىڭ سايىڭىزنىڭ قۇلىمەن» دېيىشكە ئادەتلەنگەنىدى. ناۋادا بىرەر نوپۇزلۇق كىشى ياكى ئاياللارنىڭ ئالدىدا سۆزلەشكە توغرا كېلىپ قالسا، چوقۇم تەزىم بەجا كەلتۈرۈش، ئەتراپقا يامان نەزەر بىلەن قارىماسلىق، نۇتۇقتا ھەيۋەتلىك جۈملىلەرنى ئىشلە-تىش لازىم ئىدى.

ئاخىرى ھاياجانلىق جۈمە ئاخشىمى، ئېنىقراقى17 - سېنتەب-ىر كۈنىگە ئۇلاشتۇق. مەن بۇ ھاياجانلىق ئاخشامنى مەڭگۈ ئۇنتۇ-يالماسلىقىم مۇمكىن.

ھەمراھلىرىم ھەرخىل ئىشلار بىلەن چىقىپ كەتكەن بولغاچ-قا، مەنمۇ ئورنۇمدىن قوزغالدىم. ھويلا چېتىدىكى پەنجىرە ئالدىغا بارغاندا مۇھىم ھۆججەتلەرنى سېلىپ قويغان سومكامنىڭ ئىشخا-نامدا قالغانلىقىنى ئەسلەپ، ئارقامغا قايتتىم. بىراق قايتىپ كې-

رىپ، مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىمەن، دېگەن پىكىر خىيالىمدىمۇ يوق
ئىدى. ئۇنىڭمۇ ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ، خانىسىغا چىقىپ
كەتكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

خانىغا كىرىپلا، يىگىرمىگە يېقىن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە
يالغۇز ئولتۇرغان مەلىكىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ قىياپىتى تەش-
ۋىشلىك، خىياللىرى يىراق - يىراقلارنى كېزىپ يۈرگەندەك
قىلاتتى. ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئېھتىياتچانلىق
بىلەن سومكامنى ئالدىم. شېرىن مېنىڭ كىرگىنىمنى سەزمىگەن-
دەك، يان تەرەپكە تىكىلگەنچە مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. مەن ئېھ-
تىيات بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا زوق-
لىنىپ قاراشقا باشلىدىم. مەن ئۇنىڭغا خۇددى بۇنىڭدىن ئون ئىك-
كى يىل بۇرۇنقىدەك، يەنى جامالىددىنىنىڭ مېھمانخانىسىدا
ئۇچراشقان ۋاقىتتىكىدەك مەپتۇن بولۇپ قارايتتىم. ئۇ ئاشۇ چاغ-
دىمۇ ھازىرقىدەك يان تەرىپى بىلەن كۆرۈنگەن ئىدى، بېشىدا ئۈچى
پۈتىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان نەپىس كۆك تور رومال بار ئىدى. شۇ
چاغدا ئۇ نەچچە ياشلاردا بولغىيتتى؟ بەلكىم ئون يەتتە - ئون
سەككىزلەردە بولسا كېرەك؟ مانا ئەمدى ئۇ ئوتتۇز ياشلارغا قەدەم
قويغان، يېتىلگەن، خاتىرجەم، خۇددى تۇنجى ئۇچراشقىنىمىزدى-
كىدەك نازۇك قامەتلىك، بىراق مۇستەقىل پىكىرلىك ئايال سۈپە-
تىدە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆز نوپۇزىدىكى ئاياللار مەۋقەسىدىن دادىللىق
بىلەن ۋاز كەچكەن، بىراق مولچىلىقتا ئۆگەنگەن، سارايدىكى دەبدە-
بىلىك ۋە پاراۋان ھاياتنى تېتىپ كۆرگەن بىر ئايال ئىدى. ئۇ تور-
مۇشقا چىققانمىدۇ؟

بىز بۇ ھەقتە ھېچقاچان سۆزلىشىپ باقمىغان ئىدۇق.

شۇ تاپتا ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىمدىن چىقىرىپ: «سىزنى ئىس-
تانبۇلدا كۆرگەندىن بېرى ئاشىقمەن» دېگۈم كېلەتتى. بىراق،
تىترەك لەۋلىرىمدىن سۆز چىقمايتتى. مەن شۇنداق ھالەتتە تو-
رۇۋاتقان پەيتتە شېرىنمۇ مەن تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇ مېنىڭ قايتىپ
كەتمىگەنلىكىمنى ياكى قايتىپ كىرگەنلىكىمنى بىلەلمەي، ماڭا

ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

— نېمە ھەقتە ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ تارتىنىپقىنە.

— سىز توغرۇلۇق، يەنە ئىستانبۇل ۋە تەبرىز ھەققىدە، — دېدىم ھاياجانلىنىپ.

ئۇنىڭ يۈزىنى ئۇياتچان تەبەسسۇم قاپلىدى. مەن بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرلىق جۈملىگە ئايلانغان گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشتىن باشقا چارە تاپالمىدىم:

— كىم بىلسۇن، يوللىرىمىز يەنە كېسىشەمدۇ تېخى؟

ھەر ئىككىلىمىز جىمىپ كەتتۇق. چۈنكى ئۇمۇ، مەنمۇ ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا چۆمگەن ئىدۇق.

— تېھراندىن ھېلىقى كىتابىنىمۇ ئېلىپ كەلدىم، — دېدى شېرىن.

— «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نىمۇ؟

— ھەئە، ئۇ كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ھەر كۈنى ۋاراقلاپ چارچىمايمەن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق رۇبائىيلارنى، ھاشىيىلىرىگە يېزىلغان تارىخنامىلەرنى يادلىۋالغانمەن.

— ئەگەر كىتابنى بىر كېچە ئوقۇۋالسام، ھاياتىمنىڭ ئون يىلىدىن ۋاز كېچىشكە رازى ئىدىم... — دېدىم ھاياجان بىلەن.

— مەن ھاياتىمنىڭ ھەر بىر ئاخشىمىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاۋاتىمەن.

يۈزۈم شېرىننىڭ يۈزىگە يېقىنلاشتى. كۆزلىرىمىز يۇمۇق ھالدا لەۋلىرىمىز جۈپلەشتى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئالەم تەشۋىشلىرى ئۇنتۇلغان بولۇپ، پەقەت بېشىمىز ئۈستىدە چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇزاق يىللىق ھىجراندىن كېيىن، بارلىق توساقلارنى يانجىپ تاشلىغان قايناق سۆيۈشۈشلەر باشلاندى.

بىرەر ئادەمنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن خۇدۇكسىرەپ، تېزلا ئور-

نىمىزدىن تۇردۇق ۋە گىلەم سېلىنغان كارىدورلاردىن، كىچىك ئىشىك ۋە ياغاچ پەلەمپەيلەردىن ئۆتۈپ، شاھىنىڭ خانىسىغا — ھازىر ئۇنىڭ نەۋرىسى شېرىنغا تەۋە ھۇجرىغا كىردۇق. ئىككى قاناتلىق ئىشىك ئىچكىرىدىن ئېتىلدى، ئازادە ھۇجرىدا ئىككىمىزلا قالدۇق. ماڭا شۇ تاپتا تەبرىز دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدىكى شەھەر ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ئۆزى تەبرىزدىن ئىبارەتتەك تۇيۇلاتتى.

ئاجايىپ نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن كارىۋات ئۈستىدە مەن شاھ ئەۋلادىغا مەنسۇپ سۆيۈملۈكۈمنى باغرىمغا باستىم. ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىپ، كىيىملىرىنى يەشتىم.

ئۇ مېنىڭ ئەركىلەشلىرىمگە، سۆيۈشلىرىمگە كۆزلىرىدىن ئىللىق ياش ئاققۇزغىنىچە جاۋاب بېرەتتى.

تېزلا تاڭ ئاتتى. مەن «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نى تېخىچە ۋاراقلاپ كۆرمىگەنىدىم. ئۇ پەرداز ئۈستىلى ئۈستىدە تۇراتتى. شېرىن بولسا يەلكەمگە باش قويغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ نەپىسى بىلەن — ئۇنىڭدىن تارقىلىۋاتقان يېقىملىق ھىدلار بىلەن نەپەسلىنەتتىم. ئۇنىڭ يۇمۇق كىرپىكلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ، ئۇمىدسىز ھالەتتە ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالىدىكى خۇرسىنىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى پەملەشكە ئۇرۇناتتىم. مەلىكە كۆزىنى ئاچقىنىدا، شەھەر كوچىلىرىدا ئاللىقاچان شاۋقۇن - سۈرەن باشلانغانىدى.

مەن ھەييامنىڭ قول يازمىسى بىلەن كېيىنكى ۋىسال ئاخشىمىدا تونۇشارمەن، دېگەن ئۈمىدتە ھېچكىمگە سەزدۈرمەستىن مەلىكە ھۇزۇرىدىن چىقىپ، غايىب بولدۇم.

# قىرىقىنچى باب

قەسىردىن چىقىپ، تەبرىزنىڭ تاڭ سەھەردىكى سالقىنىدىن قورۇنغان ھالدا كارۋانساراي تەرەپكە يول ئالدىم. مەن يول بويى پە-كىرلىرىمنى بىر يەرگە يىغىشقا ئۇرۇناتتىم. كېچىدىكى ھاياجانلى-رىم ھېلىھەم پەسەيمىگەن ئىدى، ئاشۇ ھالىتىم، ھەرىكەتلىرىم، شۇرلاپ ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خىيالىمدىن ئۆتۈۋاتات-تى. ئەمما نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتقاندەك سەزمەيتتىم. پەقەت قانداقتۇر قېنىقىشنى ھېس قىلاتتىم، خالاس. بىراق بۇ قېنىقىش چەكلەنگەن ئىشق - مۇھەببەتكە، ئېنىق بىر گۇناھكارلىققا باغلىقتەك تۇيۇلاتتى. كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن كىشىدەك ئوي - خىيالىمغا توختاۋسىز باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سو-ئاللارغا جاۋاب ئىزدەيتتىم. «مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇ تىنچ ئۇخ-لىغانمىدۇ؟» «ياكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن نادامەت چېكىۋاتقان-مىدۇ؟» «ئۇنى كېيىن ئادەملەر ئارىسىدا ئۇچرىتىپ قالسام ئۆزىنى ناتونۇشلاردەك تۇتارمۇ؟» «بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەلەرمەنمۇ؟» دېگەندەك ئويلىرىم ئۇ-زۇلمەيتتى.

توساتتىن زەمبىرەك گۈمبۈرلىدى. مەن ئورنۇمدىلا توختاپ، بۇ بىزنىڭ «بەلج»زەمبىرىكىمىزنىڭ ئاۋازىمىدۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن قۇلاقلىرىمنى دىڭ قىلىپ ئاۋازنى تىڭشىدىم. بىرئاز جىملىقتىن كېيىن ئېتىشىش ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە يەنە تېزلا ئەتراپ سۈكۈناتقا چۆكتى.

مەن ئەتراپنى سىنچىلاپ كۆزەتكەچ ئىككىلەنگەن ھالدا يولۇم-نى داۋاملاشتۇردۇم. ئارقا - ئارقىدىن يەنە ئىككى قېتىم زەمبىرەك

ئاۋازى گۈمبۈرلىدى. خىيالىمغا قورقۇنچلۇق پىكىرلەر كېلىشكە باشلىدى. بىرلا زەمبىرەك بولسا بۇنداق ئارقا ـ ئارقىدىن ئوق ئۈزمەيدۇ، شۇ تاپتا ئىككى ياكى ئۈچ زەمبىرەكنىڭ ئوق ئۈزۈۋاتقانلىقى ئېنىق... مەن تۇرغان يەردىن بىرنەچچە كوچا نېرىدا ئىككى بومبا پارتلىدى. مەن شەھەر مەركىزى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

پازىل مېنىڭ شۈبھىلىرىمنى تەستىقلايدىغان خەۋەرنى ئېيتتى: شاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جازا قوشۇنلىرى بۈگۈن ئاخشام تەبرىزگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار دىنىي باشلىقلارنىڭ قولىدىكى مەھەللىلەرگە جايلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېڭى قوشۇنلارمۇ كېلىۋاتقانمىش.

تەبرىزدە قامال ھالىتى باشلانغانىدى.

* * *

تېھراننىڭ ھەربىي باشلىقى — دۆلەت ئاغدۇرۇشنىڭ سەۋەبچىسى پولكوۋنىك لىياخوۋ تەبرىزگە ئەۋەتىلىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكى مەزمۇندا نۇتۇق سۆزلىدى:

«جەسۇر كازاكلار! شاھ ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەتى خەۋپ ئاستىدا قالدى. تەبرىزلىكلەر ئۇنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئاساسىي قانۇننى تەن ئالدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئاساسىي قانۇن ئۇنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، كازاك كورپۇسىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئەگەر ئاساسىي قانۇن غەلىبە قازانسا، سىلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىڭلار ئاچلىققا دۇچار بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن سىلەرنىڭ رەزىل دۈشمىنىڭلار ۋە شۇ تۈپەيلى سىلەر ئۇنىڭغا قارشى شىردەك جەڭگە كىرىشىڭلار لازىم. سىلەر پارلامېنت بىناسىنى ۋەيران قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ مىننەتدارلىقىغا سازاۋەر بولىدۇڭلار. ھەققانىي ۋەزىپەڭلارنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسيان كۆتۈرگەن بۇ شەھەرنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار! بۇنىڭ ھېسابىغا مەن روسىيە ۋە

ئىران ھۆكۈمدارلىرى نامىدىن سىلەرگە توگىمەس بايلىق ۋە شان - شۆھرەت ئاتا قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن. تەبرىزنىڭ بارلىق مال - مۈلۈكى، بايلىقلىرى سىلەرنىڭ بولىدۇ. ئۇنى قولغا كىرگۈزسەڭلار بىر ئۆمۈر راھەت - پاراغەتتە ياشايسىلەر!»

تېھران ۋە سانكت - پېتېربۇرگدا بىردەك ياڭرىغان، لوندوندا ئاستىراق ئاڭلانغان بۇ بۇيرۇق تەبرىزنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاشنى، شەھەرنىڭ ھەممە كىشىگە ئىبرەت سۈپىتىدە جازاغا تارتىلىشى لازىملىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ مەغلۇب بولۇشى، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئاساسىي قانۇن، پارلامېنت، دېموكراتىيە ھەققىدە ئېغىز ئاچماسلىقى لازىم ئىدى. شەرق يەنە بىر قېتىملىق قاباھەتلىك كۈنلىرىنى كۈتۈپ ياشىشى كېرەك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى كېيىنكى ئايلاردا سادىر بولىدىغان، ئەقىل يەتمەيدىغان دەھشەتتىن ئاگاھ بولۇشتى. تەبرىزدىكى ئىشلار ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. شاھنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ ئېغىر سىياسىي تەھدىتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆز سېپىنى قايتا تەشكىل قىلىشقا، ھەممىنى قورال-لاندۇرۇشقا ئۈلگۈردىمىكىن؟

يانۋار ئېيىدا ئاساسىي قانۇنچىلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى: يەنى شىرىننىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى بولغان بەختىيارىيلار قەبىلىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسپاھاندا — ئىراننىڭ قەدىمىي پايتەختىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاھالە ئاساسىي قانۇننى ۋە تەبرىزلىكلەرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ خەۋەر قامال ھالىتىدىكى تەبرىزگە يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى روھلىنىپ كەتتى. تۈن بويى پۈتۈن كوچىلاردا ئادەملەرنىڭ «تەبرىز! ئىسپاھان! بىز دائىم بىرگىمىز!» دېگەن شادىيانە خىتابلىرى ياڭراپ تۇردى. لېكىن كېيىنكى كۈنى ئەتىگەندىلا شاھ قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمى باشلىنىپ،

مۇداپىئەچىلەر شەھەرنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى ئىستىھكاملاردىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە تەبرىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن پەقەتلا بىر يول، يەنى شىمالدىكى رۇس چېگرىسى يېنىدىن ئۆتىدىغان يوللا قالدى.

ئاردىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە رەست شەھىرىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شەھەر ئاھالىسى ئىسپاھاندىن ئۆرنەك ئېلىپ، شاھلىق ھۆكۈمەتتىن ۋاز كەچتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن، يەنى پارىل تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە تەبرىزدە يەنە ئىلگىرىكى كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات ۋە جانلىنىش بارلىققا كەلدى. بىراق ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئىستىپلاچىلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى باشلاندى، ئاخىرقى يوللارمۇ ئۈزۈپ تاشلاندى. تەبرىز تۆت تەرەپتىن قامالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچ قەيەردىن نە خەت - خەۋەر، نە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىشنىڭ ئىلاجى قالمىدى. شۇڭا ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك شەھەر ئاھالىسىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى.

1909 - يىلىنىڭ فېۋرال - مارت ئايلىرىغا كېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن شەھەرلەرنىڭ سانى يەنىمۇ كۆپەيدى. يەنى شىراز، ھەمەدان، مەشھەد، ئاستىرابات، بەندەر ئابباس، بۇسخىر شەھەرلىرىمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. مانا شۇ كۈنلەردە پارىژدا مەشھۇر شەرقشۇناس، جانابىي دېئولەپۇۋا باشچىلىقىدا تەبرىزنى ھىمايە قىلىش كومىتېتىمۇ بارلىققا كەلدى.

بۇنداق كۆتۈرەڭگۈ ھېسداشلىق كەيپىياتى لورد لامىكتون رەھبەرلىكى ئاستىدا لوندوندىمۇ مەيدانغا كەلدى. ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەردىن يەنە بىرى كەربالادا يۈز بەردى: شىئەلەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق ئۆلىمالىرى كونىلىقنى ياقلىغۇچى دىن ئەربابلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، تەنتەنىلىك ھالدا ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىنى ياقلايدىغانلىقىنى جاكارلاشتى.

تەبرىز تەنتەنە قىلاتتى. بىراق شەھەر ئۆلۈم تەشۋىشى ئىچىدە ئىدى.

يۈز بېرىۋاتقان توپىلاڭلار ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلدۈرۈۋاتقان
سەلبىي ئىنكاسلاردىن تەمتىرەپ قالغان شاھ بىرلا پىكىرگە، يەنى
«بارلىق بالىلارنىڭ مەنبەسى بولغان تەبرىزنى تېزلىكتە باش ئەگ-
دۈرۈش كېرەك! ئەگەر مۇشۇ شەھەر بويسۇندۇرۇلسا، قالغان شە-
ھەرلەر ئۆزلۈكىدىن ئىتائەت قىلىدۇ!» دېگەن پىكىرگە يېپىشىۋال-
دى.
ئەمما شەھەرنى تېز پۈكتۈرۈشكە قارىتىلغان بارلىق ھەرىكەت-
لىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان شاھ ئەمدى شەھەرنى
ئاچلىققا مەھكۇم قىلىشنى قارار قىلدى.
شۇ كۈنلەردە شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈك قەتئىي ھالدا ئۆلچەم
بىلەن تارقىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى
قامدىيالمىغاچقا، ھەممە ئادەم نانغا زار ئىدى.
مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا بېرىپ، ئاياللار ۋە بالىلار ئا-
رىسىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭمۇ سانى كۆپەيدى.
لوندون، پارىژ، سانكت - پېتېربۇرگ مەتبۇئاتلىرىدا قامال
تۈپەيلىدىن تەبرىز شەھىرىدە نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرنىڭ ھاياتىنىڭ
خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ بولسا بۇ ھالەت-
تىن تەشۋىشلەنمەيۋاتقانلىقى تەنقىد قىلىنغان كىنايىلىك ماقالىلار
ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بىز بۇنداق ئىنكاسلاردىن تېلېگراف
ئارقىلىق خەۋەردار بولاتتۇق.
بىر كۈنى پازىل مېنى چاقىرىپ، كۆڭلىدىكىنى دېدى:
— رۇسلار ۋە ئىنگلىزلار، شاھ قوشۇنلىرىنىڭ شەھەردە پات
يېقىندا ئومۇميۈزلۈك قىرغىن ئۇيۇشتۇرۇشىدىن، ئەگەر شۇنداق
بولسا، پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن خەۋپسىرەپ،
تېھراندىن ئۆز ئەلچىلىرىنى چاقىرىۋېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ
بىز ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولىدۇ. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا
ئەسلا قارشى ئەمەسلىكىمنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن ھەم بۇ يەر-
دە ھېچكىمنى زورلاپ ئېلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايمەن.
شۇنداق قىلىپ، ئۇ ماڭا شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى خالاي-

دىغان ھەممە چەت ئەللىكلەرگە بارلىق شەرت ـ شارائىتلارنى يارد-
تىپ بېرىشنى تاپشۇردى. بىراق، تاپشۇرۇقنى بېجىرىش جەريانىدا
كۆتۈلمىگەن غەيرىي ھادىسىلەرنىڭ گۇۋاھى بولدۇم، يەنى، ئادەملەر
تەرىپىدىن سادىر قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن تەرسالىقلارغا كۆز يۇمۇ-
شۇمغا توغرا كەلدى. مەن بۇ تاپشۇرۇقنى بېجىرىشنى ئامېرىكا
مەكتىپىدىن باشلىدىم. مەن ئۇ يەرگە ھەزرەت پاستورنىڭ يېڭى
پىكىرلىرىنى ئاڭلايمەن، دەپ بارغانىدىم. ئۇ مېنى زورمۇ زور خۇ-
شال ھالدا قوبۇل قىلدى. بىراق، كېلىش مەقسىتىمنى بىلىش بى-
لەنلا، ئىككىلەنمەي پىكرىمنى رەت قىلدى.

— مەن بۇ يەردىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. ئەگەر ئەلچىخانىلار
ئۆز ئەلچىلىرىنىڭ بۇ يەردىن خەۋپ ـ خەتەرسىز قايتىپ كېتىشى
ئۈچۈن مەخسۇس ھەربىي كۆزەتكۈچىلەر تەشكىل قىلىشقا قۇربى
يەتسە، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى ئاچ قېلىۋاتقان شەھەرگە ئوزۇق -
تۈلۈك ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتسۇن، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.
راستىنى ئېيتسام، ھەزرەت بۇ سۆزلەرنى دىنىي ئېتىقادى ۋە
ئىنسانىيلىق نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتتى دەپ ئويلىدىم. شۇڭا ئۇ-
نىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

كېيىن شەھەر چېتىگە جايلاشقان چەت ئەل سودا بىرلەشمى-
سىدىن ئۈچ ئورۇنغا باردىم ۋە ئۇلارنىڭمۇ يۇقىرىقىدەك جاۋابىنى
ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. دېمەك ھەزرەتمۇ ۋە سودىگەرلەرمۇ بۇ يەردىن
كېتىشنى مۇتلەق خالىمايتتى.

ئىتالىيىلىك سودىگەرلەردىن بىرى ئۆز پىكرىنى مۇنداق
ئىزاھلىدى:

— ئەگەر تەبرىزنى مۇشۇ ئېغىر ئەھۋالدا تاشلاپ كەتسەم، كې-
يىن يەنە بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشتىن نومۇس قىلىمەن. شۇڭا،
مەن بۇ يەردە قالىمەن. ئېھتىمال، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىم ھۆ-
كۈمىتىمنى بۇ ۋەزىيەت ھەققىدە بىرئاز بولسىمۇ ئويلاپ كۆرۈشكە
مەجبۇر قىلار.

مەن بارغان بارلىق چەت ئەل مۇئەسسەسەلىرىدە خۇددى كې-

لىشىپ قويغاندەك بىر خىل ئېنىق، قەتئىي جاۋابلارنى ئاڭلىدىم. ھەتتا ئىنگلىز پولكوۋنىكى ۋراتىسلاۋمۇ، روسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى — پەقەت جانابىي ئەلچى پاختىنوۋدىن باشقىلىرى — ھەممىسى بىردەك: «بىز قايتىپ كەتمەيمىز!» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ جاۋابى ھەتتا ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

شەھەردە چەت ئەللىكلەرنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرگۈچى بۇنداق روھى ھەممەيلەننى جانلاندۇرۇۋەتتى. لېكىن ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن ئىدى. 18 - ئاپرېل كۈنى ۋراتىسلاۋ لوندونغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا تېلېگراما ئەۋەتتى:

«بۈگۈن بۇ يەردە نان ناھايىتى قىس، ئەتىدىن باشلاپ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەرراق بولۇشى مۇمكىن». 19 - ئاپرېل كۈنى مۇنۇ تېلېگراما ئەۋەتىلدى: «ۋەزىيەت پۈتۈنلەي پايدىسىز. بۇ يەردە قامالنى بۆسۈپ چىقىش ھەققىدە گەپ بولماقتا».

ئاشۇ كۈنى شەھەر مەركىزىدە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ يەغىلىشى بولدى. پازىل ئاساسىي قانۇننى ياقلىغۇچى قوشۇنلارنىڭ رەيدىن تەبرىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شاھنىڭ تەختىنىڭ غۇلاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، غەلىبىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە چىققان باسكېرۋىل بولسا، بازارلاردا قىلچە ئوزۇق - تۈلۈك مەھسۇلاتلىرى سېتىلمايۋاتقانلىقى، ئەھۋالنىڭ ناھايىتى مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ:

— ئادەملەر ئاللىقاچان ئۆي ھايۋانلىرى، ھەتتا مۇشۇكلەرنىمۇ سويۇپ يەپ بولۇشتى. نۇرغۇن ئائىلىلەر كېچە - كۈندۈز كوچىلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ، سېسىغان ئانارلارنى، تاشلىۋېتىلگەن كۆيۈك نان پارچىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ كۈن كەچۈرۈشمەكتە. پات ئارىدا ئادەم گۆشىنى يېيىشكە ئۆتۈش خەۋپىمۇ تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

— ئىككى ھەپتە، پەقەت ئىككى ھەپتىلا چىدىساق بولاتتى! — دېدى پازىل ئۆكۈنۈش بىلەن. بىراق، باسكېرۋىل بۇ گەپكە پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىمىز ھازىرغىچە كۈن كۆرۈشىمىزگە ئاران يەتتى. ئەمدى خەلققە بېرىدىغان ھېچ نەرسىمىز قالمىدى، ھېچ نەرسە! ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتىدۇ ۋە تەبرىز ئادەمسىز شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھېلىمۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ئاچلىق ياكى ئاچلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر بىلەن سەككىز يۈز كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى!

— ئىككى ھەپتە، پەقەتلا ئىككى ھەپتە ھەتتا روزا تۇتۇپ بولسىمۇ چىدىشىمىز لازىم! ئەگەر چىدىمىساق قانداق قىلىمىز؟ تەسلىم بولىمىزمۇ؟ شۇنچىلىك مۇشەققەت بىلەن ئېرىشكەن ئەركىمىزنى يەنە قولدىن بېرىمىزمۇ؟ ئەجەبا، كۈرەشنى داۋام قىلىشنىڭ باشقا چارىسى تېپىلماسمۇ؟

قىياپىتى كۆرۈمسىز، ئاچلىق دەستىدىن قارىداپ كەتكەن، بىراق ئۆز قوللىرى بىلەن ئېرىشكەن غەلىبىدىن مەست بولغان بۇ ئون ئىككى كىشى «كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك» دېگەن پىكىردىن باشقا خۇلاسىگە كېلەلمەيتتى.

— پەقەتلا بىر يول بار، — دېدى باسكىرۋىل، — ئېھتىمال...

توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى باسكىرۋىلغا تىكىلىشتى.

— تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ قامالىنى يېرىپ ئۆتۈش يولىلا قالدى. ئەگەر بىز مانا بۇ جايىنى ئىگىلىۋالساق، — ئۇ بارمىقى بىلەن خەرىتىدىكى بىر نۇقتىنى كۆرسەتتى، — بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىنى قايتا تىكلىشى ۋە دۈشمەنلىرىمىز ئەسلىگە كېلىۋالغۇچە ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشمۇ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

مەن بۇ پىكىرگە شۇ ھامانلا قارشى چىقتىم. ھەربىي باشلىقلارمۇ: «بۇنداق قىلساق قوشۇنلارنى مەجبۇرىي ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەك ئىش بولىدۇ» دەپ پىكىرىمنى قۇۋۋەتلەشتى. چۈنكى دۈشمەن قوشۇنلىرى بىزدىن بەش يۈز مېتىرچە نېرىدىكى تۆپىلىك ئۈستىگە جايلىشىۋالغان ئىدى، بۇ ئارىلىقتىكى مۇساپىنى بېسىپ

ئۆتۈپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى ئىگىلەش ئاسانغا چۈشمەيتتى.
پازىل تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى، خەرىتىگە قاراش-نىمۇ خالىمايتتى، پەقەت يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ۋەقەنىڭ تارىخىي نەتىجىسى ھەققىدە قايغۇراتتى. بۇ ۋەزىيەت بىرنەچچە كۈن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت بېرەرمۇ؟ بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرە يەنە قايتىدىن باشلاندى.
باسكېرۋىل ئۆز پىكرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرەتتى، ئۇنى جان - جەھلى بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى.
ئۇنىڭ پىكرىنى پەقەت موئۇرلا قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۇ «مانچېستېر گاردىئان» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ھەربىي تەجرىبىسىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ پىكرىچە، تۇيۇقسىز بېرىلىدىغان زەربە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىكەن. نىھايەت، پازىل قەتئىي پىكىر قىلىپ ئېيتتى:
— مەن بۇ ھۇجۇمنىڭ نەتىجىسىگە ئۇنچىلىك ئىشەنمەيمەن، لېكىن بۇنىڭدىن باشقا ئامالىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن باسكېرۋىل-نىڭ پىكرىگە قوشۇلماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق.
ئەتىسى، 20 - ئاپرېل سەھەر سائەت ئۈچتە قوشۇنلىرىمىز ھۇجۇمغا ئۆتتى. پىلانغا ئاساسەن سائەت بەشلەردە دۈشمەن ئىستىھكامى ئىگىلەنسە، ئۇلارنىڭ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز بىرنەچچە جايدىن قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشى لازىم ئىدى. لېكىن ھۇجۇمىمىزنىڭ دەسلەپكى مىنۇتلىرىدىن باشلاپلا بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىمىزنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى: موئۇر ۋە باسكېرۋىل باشلىق بولغان ئاتمىشچە جەڭچىمىزنىڭ ھۇجۇمى دۈشمەننىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئېھتىمال، بىزنىڭ پىلانىمىز بىرەر خائىن ئارقىلىق ئۇلارغا يەتكۈزۈلگەندۇر؟ يەنە بىر جەھەتتىن جەڭ مەيدانى ۋە ئىستىھكاملىرىمىزنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىگە كەم كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ ئېھتىمال، پولكوۋنىك لياخوۋ بۇ جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەڭ قابىل ئوفىتسېرلىرىنى قويغاندۇر.

قوشۇنىمىزنىڭ قىلغان ھۇجۇمىنىڭ بىھۇدە كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پازىل تېزلىكتە چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى. كۆپلىگەن جەڭچىلەر، جۈملىدىن مۇئورمۇ بۇ بىمەنە جەڭدىن يارىدار بولۇپ قايتتى.

بۇ جەڭدىن پەقەت بىر كىشى، يەنى باسكېرۋىلغىنىلا قايتىپ كەلمىدى. ئۇ دۈشمەننىڭ تۇنجى ئوقىدىلا ھالاك بولغانىدى.

ئۈچ كۈندىن بېرى تەبرىز مۇداپىئەچىلىرى ئامېرىكا دىنىي مەكتىپى بەرگەن ئازغىنا خەير ـ ئېھسانغا تايىنىپ ياشىدى. بىراق بۇ خەير ـ ئېھسانلار «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتى ئەزالىرى ياشايدىغان مەھەللىلەردە ئىنسانىيلىق قەدىر ـ قىممىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان سەدىقە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدى. مەن بۇ سەدىقىلەرنى ناتونۇش ئادەملەرنىڭ قولىنى سىقىپ، باغرىمغا بېسىپ، كۆزلىرىم قىزارغان ھالدا قوبۇل قىلدىم.

خەير ـ ئېھسان بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەلگۈچىلەر ئارىسىدا ئەنگلىيە ئەلچىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ مېنى چەتكە تارتىپ، مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ بۇ گەپلىرىم ئېھتىمال سىزگە ئۆلتۈرۈلگەن دوستىڭىز ئۈچۈن بىر ئاز تەسەللىي بولار. ماڭا لوندوندىن خەۋەر قىلىشىچە، كۈچلۈك دۆلەتلەر، يەنى روسىيە ۋە برىتانىيە قاتارلىقلار تەبرىز مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلىشىپتۇ. دېمەك، جانابىي باسكېرۋىلنىڭ ئۆلۈمى بىھۇدە كەتمەپتۇ. شەھەر ئاھالىسىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش، ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇش ھەمدە چەت ئەللىك پۇقرالارنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەشكىللەنگەن بىر كورپۇسنىڭ تەبرىزگە كېلىشىنى پىلانلاۋېتىپتۇ.

— بۇ رۇسلارنىڭ كورپۇسىمۇ؟

— شۇنداق. ئۇلار ئىران چېگرىسىغا ئەڭ يېقىن تۇرغان ھەربىي كورپۇس. سىز بىكار ئەنسىرەۋاتىسىز. بىز لازىم بولغان بارچە خەۋپسىزلىك چارىلىرىنى كۆرىمىز. ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىغا

قىلچە زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ ۋە رۇس ئەسكەرلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرى-نى بېجىرىپ بولۇپلا چېگرا سىرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن پازىلىنىڭ قورال تاشلىشىغا سىزنى ياردەم قىلىدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

بىراق، مەن بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئۈستۈمگە ئالىمەن؟ ئەجەبا باشقا ئامال يوقمىدۇ؟ پارسلاردەك: «قىسمىتىم شۇ ئىكەن» دەپ ئۇ-نىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلۇشۇم كېرەكمىدۇ؟ ئېھتىمال، بۇ مۇدھىش ۋەزىپىنىڭ زىممەمگە يۈكلىنىۋاتقانلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئىنگ-لىز ئەلچىسىگە رەت قىلىش جاۋابى بېرەلمىگەندىمەن؟ ئىشقىلىپ نېمە بولسا بولسۇن، ھازىرچە بۇ خەۋەرنى پازىلغا يەتكۈزمەسلىكنى قارار قىلدىم. بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى بېجىرىشنى ئازراق بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش مەقسىتىدە شېرىننىڭ ھۇزۇرىغا يول ئالدىم.

ھېلىقى ۋىسال كېچىسىدىن كېيىن شېرىن بىلەن پەقەتلا يال-غۇز ئۇچرىشالمىغانىدىم. قامال ھالىتى تەبرىزدە يېڭىچە بىر ۋەزى-يەت شەكىللەندۈرگەنىدى. ھەممە ياقتا شەھەرگە يوشۇرۇنچە كى-رىۋالغان دۈشمەن ئىشپىيونلىرى ھەققىدە مىش - مىش گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى، كوچىلاردا قوراللىق ئەسكەرلەر كېزىپ يۈرەتتى، شەھەردىكى ئاساسلىق بىنالار ھوشيارلىق بىلەن قوغدىلاتتى. «قو-رۇق قەسىر» ئالدىدا ھەم بەش - ئالتە، بەزىدە ئوندىن كۆپرەك قاراۋۇل نۆۋەتچىلىك قىلاتتى.

ئۇلار مېنى ھەر قېتىم ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىۋات-سىمۇ، ئەمما بەزىدە ئۇلاردىن قانداقتۇر يوشۇرۇن خەۋپنى سەزگەن-دەك بولۇپ، بۇ يەرگە پات - پات كېلىشتىن ئۆزۈمنى تارتاتتىم.

ئاشۇ كەچتە قوغدىغۇچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيتىلگەن بول-سىمۇ، بىر ئاماللار بىلەن ھېچكىمگە سەزدۈرمەي مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇدۇل كىردىم. ھۇجرا ئىشىكى قىيا ئېچىلغان، شې-رىن «سەمەرقەنت قول يازمىسى» نى تىزىغا قويۇۋالغان ھالدا ئوقۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئاستاغىنە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئەمما ھەر ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە بۇ كەچ نېمىشقىدۇر سۆيگۈ پاراڭلىرى-

غا ئىشتىياق يوق ئىدى. بۇ ئاخشام بىز ئۆز سۆيگۈمىزنى ھەييام-نىڭ قول يازمىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىزھار قىلدۇق. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە، لېۋىمگە تىكىلەتتى، ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن ھەر بىر رۇبائىينى ئوقۇشۇمنى، ھەر بىر رەسىمنى تاماشا قىلىشىمنى كۆزىتەتتى.

بەزىدە ئۇ رۇبائىيلارنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلاتتى، دانىشمەنلىكىنى، ئالەم پەلسەپىسىنى ئىپادىلىگۈچى بۇ جۈملىلەر تۈنجى قېتىم بۇنىڭدىن سەككىز ئەسىر ئىلگىرى نىشاپوردا، ئىسپاھاندا ياكى سەمەرقەنتتە ياڭرىغىنىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلمەيتتى.

ئەي ئاشىق، بىلمەيسەن، بۇ ئالەم يوقتۇر،
ئەسلىڭمۇ شامالدۇر، بىر تۇتام يوقتۇر.
ئىككى يوقلۇق ئارا قالمىش بارلىقىڭ،
ئەتراپىڭ يوقلۇقتۇ، مەركەز ھەم يوقتۇر.

بۇ سىرلارنى ئوقۇپ، دۇنيا تەشۋىشلىرىدىن قول سىلكىگەن، ئۆزىنى ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان نۇرانە بىر كىشى كۆز ئالدىمىزغا كېلەتتى. كېيىنكى مىسرالاردا ئالەم شادلىقلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈيلەۋاتقان، ئالەم تەشۋىشلىرىنى مەي ئارقىلىق ئۇنتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئاشۇ مويسىپىتنىڭ باشقىچە قىياپىتى پەيدا بولاتتى.

دىلىڭدا بولمىسۇن قايغۇدىن نىشان،
خۇشاللىق كىتابىن ئوقۇغىن ھامان.
مەي ئىچىپ، ئارزۇغا ئېرىشمەك كېرەك،
ئېنىققۇ، بەش كۈنلۈك، ئاخىر بۇ زامان.

قول يازمىدىكى رۇبائىيلارنى بىرمۇبىر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى قىستۇرما رەسىملەرنى تاماشا قىلدۇق، ئاندىن

سەھپە ھاشىيىلىرىگە يېزىلغان يىلنامىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدۇق. كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىلىرى ئەرمەنىستانلىق ۋەرتان ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن تولۇقلانغان ئىدى. ئەنە شۇ يېزىقلار ئارقىلىق مەن ھەييامنىڭ ھايات سەھىپىلىرى، جاھانغا نىسبەتەن ئۆتلۈق سۆيگۈسى ھەمدە نىزامۇل مۇلك، ھەسەن سەبباھنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، قىرىق بەتچە كېلىدىغان، ئالاموت كوتۇپخانىچىلىرى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن تارىخنى ئوقۇدۇق. ئۇنىڭدا ئالاموت ھۆكۈمدارى، ئۇنىڭ ئوغلى، نەۋرىسىنىڭ تارىخى، ئالەمدە تەڭدىشى يوق قول يازمىنىڭ مەرۋ شەھرىدە يوقالغاندىن كېيىنكى قىسمىتى، ئۇنىڭ ئاساسىنىلار جەمئىيىتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە بولغان تەسىرى، موڭغۇللار باسقۇنىغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تارىخى بايان قىلىنغانىدى.

شىرىن قول يازمىنىڭ ئاخىرىدىكى پۈتۈكلەرنى ئوقۇدى: «مەن ئالاموت موڭغۇللار تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىنسان — نىشاپۇرلۇق ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى ئېلىپ، ئانا يۇرتۇم كىرمانغا قېچىپ كېتىشنى نىيەت قىلدىم. ئۆز يۇرتۇمغا كېلىپ، بۇ خەزىنىنى ساقلاپ، ئۇنى ۋاراقلاشقا ئەرزىيدىغان ئادەم تېپىلغۇچە يوشۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلدىم. ئۇنى ياراتقان ئىگەمنىڭ پاناھىغا تاپشۇردۇم. پەقەت شۇ زاتلا نەزىرى چۈشكەن بەندىسىنى توغرا يولغا سالىدۇ ياكى يولدىن ئازدۇرىدۇ».

بۇ جۈملىلەر مېنىڭ ھېسابلىشىمچە، مىلادىيە 1257 ـ يىلىنىڭ 14 ـ مارت كۈنىدە يېزىلغانىدى. مەن خىيالغا پاتقان ھالدا پىچىرلىدىم:

— دېمەك، قول يازما 13 ـ ئەسىردە غايىب بولغان. ئۇنى جامالىددىنغا 19 ـ ئەسىردە سوۋغا قىلىشقان. بۇ ئارىلىقتىكى ئالتە ئەسىر جەريانىدا ئۇ كىمنىڭ قولىدا بولغىيتتى؟

— بۇ جەرياندا ئۇ شەرققە خاس ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇيقۇدا بولغان، — دېدى شىرىن، — كېيىن بىردىن ئويغىنىپ، تەلۋە مىرزا

رىزانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئۇمۇ ئالامۇت كۈتۈپخانىچىسىغا ئوخشاش كىرمانلىق ئەمەسمىدى؟ ئۇمۇ شۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇشى مۇمكىنغۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

شېرىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇمىلاق ئەينىكى ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، قولىغا تارغىقىنى ئالدى. مەن خېلى ۋاقىت ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان قوللىرىنى، مۇلايىم ھەرىكەتلىرىنى زوقلىنىپ تاماشا قىلدىم. بىراق، تېزلا ئۇ مېنىڭ شېرىن خىياللىرىمنى بۇزۇپ، مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ كارىۋىتىمدا بىمالال ئولتۇرغىنىڭىزنى بىراۋنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىسىڭىز، بۇ يەردىن تېزراق كېتىشكە ئالدىراڭ.

راستىنلا تاڭ ئېتىشقا باشلىغان، ھۇجرا ئىچى خېلى يورۇپ قالغانىدى.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدىم ئۈركۈنۈش بىلەن، — سېنىڭ شاھانە ئىززەت - ئابرۇيۇڭنى ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن.

ئۇ شوخ تەبەسسۇم بىلەن ماڭا قارىدى:

— شۇنى دەڭە! مەن مەلىكە بولساممۇ، مۇسۇلمانلارغا خاس ئار - نومۇسۇمنى ساقلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. تۇننى چىرايلىق بىر ئەجنەبىي يىگىت بىلەن ھۇجرامدا ئۆتكۈزگىنىم ھەققىدە ئىران تەۋەسىدە مىش - مىش گەپلەر تارقىلىپ كەتسە، كېيىن ماڭا كىممۇ ئەلچىلىككە كېلىدۇ!

قول يازمىنى ئالتۇن ساندۇقچىغا سېلىشتىن بۇرۇن سۆيگۈنىمنىڭ لەۋلىرىگە تەشنالىق بىلەن سۆيدۇم ۋە ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ، مەخپىي ئىشىك ئارقىلىق قەسىردىن چىقىپ، قامالدىكى شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك قوينىغا شۇڭغۇدۇم.

# قىرىق بىرىنچى باب

ھازىرقىدەك ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئايلاردا ھالاك بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا نېمىشقا باسكىرۋىلنىڭ ئۆلۈمىنىڭلا يادىمدىن چىقمايدىغانلىقىغا ئۆزۈممۇ ھەيران. ئۇ مېنىڭ دوستۇم ۋە يۇرتدىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداقمىدۇ؟ ئېھتىمال، بۇمۇ بىر سەۋەب بولسا كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئۆزىگە يات بولغان شەرقتىكى يۇرتتا ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى بىھۇدە قۇربان قىلدىمۇ؟ ئۇن، يىگىرمە، يۈز يىللاردىن كېيىن، ئىرانلىقلار ئۇ كۆرسەتكەن غەيرەت ۋە جاسارەتنى ئەسكە ئېلىشارمۇ؟ نېمىشقىدۇر بۇ ھەقتە ئويلاشنى خالىمايتتىم. ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ھەر ئىككى ئۈمىدلىك ھەم ئالدامچى زاماندا ياشىغۇچىلارنىڭ تورمۇش تەشۋىشلىرىگە، كۆرەشلىرىگە يەنە ئارىلىشىپ قېلىشتىن قورقاتتىم. ئەمما باسكىرۋىلنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدىكى ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ھەر ھالدا ئۇ ئورۇنسىز قۇربان بولمىدى دېيەلەيمەن. چۈنكى بۇ ئارىدا كازاكلارنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشى توختىتىلدى، قورشاۋ ھالقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى ۋە شەھەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك كىرىشكە باشلىدى. بۇلاردا باسكىرۋىلنىڭ ھەسسىسى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ ئېھتىمال، ئۇنىڭ قىسمىتى شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ، دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى شەھەرنى، ئاچارچىلىق تۈپەيلى ئۇنىڭ قىسمىتىگە شېرىك بولۇشى لازىم بولغان مىڭلاپ شەھەرلىكلەرنى ھالاكەت بالاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىغۇ، ئاخىر!

ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان كارۋاننى شەھەرگە رۇس ھەربىي قىسىملىرىنىڭ باشلاپ كىرىدىغانلىقى ھەققىدىكى

گەپلەر، ئەلۋەتتە پازىلنى خۇشال قىلمايتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىنگلىز ئەلچىخانىسىنىڭ تەلىپىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە مۇلايىمراق قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇم.

— ئاھالىلار كورەشنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئەھۋالدا ئەمەس. ئۇلارغا قىلىنىدىغان بىردىنبىر ياخشىلىق ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. ئاچارچىلىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بارلىق شەھەرلىكلەرنىڭ تىرىك قېلىشى ئۈچۈن ئىنگلىزلارنىڭ تەكلىپىگە رازى بولۇشۇڭ لازىم.

— ئۇن ئايدىن بېرى شاھنىڭ ھىمايىچىسى نىكولايغا قارام بولۇش ئۈچۈن بىھۇدە قان تۆكۈپتىمىز - دە!

— بىراق رۇسلار بۇ ئىشقا بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قول تىقماقتا. پۈتۈن دۇنيادا بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلار بۇ خەيرلىك ئىشنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەكتە. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىش، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇ بىزگە نىسبەتەن كۆرسىتىلىۋاتقان بارلىق خەير - خاھلىقلارنى يوققا چىقىرىدۇ.

— ئەمدىلا غەلىبە قازىنىشقا باشلىغىنىمىزدا تەسلىم بولۇش، قوراللارنى تاپشۇرۇش بىمەنىلىكقۇ!

- سەن بۇ گەپنى ماڭا ئېيتىۋاتامسەن ياكى قىسمەتكىمۇ؟

پازىل سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلغان بىھېساب تەنە تاشلىرى ۋۇجۇدۇمغا قادالدى.

— تەبرىز خەلقى بۇنداق ھاقارەتكە كۆنمەيدۇ!

— تەقدىرگە مەنمۇ، سەنمۇ قارشى چىقالمايمىز. شۇنداق چاغلار بولىدۇكى، بارلىق يەكۈن - خۇلاسىلەر يامان تۈيۈلىدۇ. بىراق، ئىككى يامان پىكىرنىڭ ياخشىراقىنى تاللىغان تۈزۈك.

پازىل چوڭقۇر ئويغا پاتقىنىچە، بىر ئاز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— دوستلىرىمنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ئىنگلىزلار ئۆز زىممىسىگە ئالغان.

— قورالىرىمىزنى تاپشۇرىمىزمۇ؟

— ھەر كىم ئۆز قورالىنى ئۆزىدە ئېلىپ قالىدۇ. ئوق ئېتىلمىغان بارلىق ئۆيلەر ۋەيران قىلىنمايدۇ. بىراق ئېغىر قوراللار، يەنى زەمبىرەكلەر تاپشۇرۇلۇشى لازىم.

پازىلنىڭ كەيپىياتىدىن گەپلىرىنىڭ ئۇنى قانائەتلەندۇرمىگەنلىكىنى سەزدىم.

— كېيىن روسلارنى بۇ يەردىن كېتىشكە كىم مەجبۇر قىلالايدۇ؟

— بۇ مەسىلىدە قىسمىتىمىزگە نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى كۆرىمىز. بۇ پەقەت تەڭرىگىلا ئايان.

— مانا قارا، پوتونلەي شەرقچە پىكىر قىلىشقا ئۆتۈپسەن!

مېنى ئەمەس، ئەكسىچە، ھېچكىمگە ھېچقاچان ئاشكارا ئىلتىپات قىلمايدىغان، قىياپىتىدىن دائىم شۇبھە ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇرىدىغان پازىلنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي شەرقلىق دېسە بولاتتى. مەن گەپ قىلىش ئاھاڭىمنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى سەزدىم ۋە قاتتىق چارچىغىنىمنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر ئەسنىدىم.

— ئەلۋەتتە، سېنىڭ گېپىڭ ئورۇنلۇق. مەن پىكرىمنى ساڭا ئېنىق بايان قىلىپ بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئىنگلىز ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، سېنى قايىل قىلالمىغانلىقىمنى ئېيتماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق. ئاندىن بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ، ئاخىرغىچە سېنىڭ يېنىڭدا بولىمەن.

پازىل يېڭىمدىن تارتىپ توختاتتى:

— سېنى ھېچبىر ئىشتا ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. ھەتتا سېنىڭ تەكلىپىڭنىمۇ رەت قىلىش ئويۇم يوق.

— تەكلىپىڭ دەيسەنغۇ؟ بۇ مېنىڭ تەكلىپىم ئەمەس، بەلكى ساڭا ئىنگلىزلار ئېيتقان گەپنى يەتكۈزدۇم، خالاس.

— بولدى قىل، مېنىمۇ چۈشەن. مەن تەبرىزگە روسلار كىرىپ كەلگەندە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىمنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن. يەنە شۇنى ياخشى بىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇلارغا ئازراق قارشىلىق قىلسام،

پۈتۈن دۇنيا مېنى يامان ئاتلىققا چىقىرىدۇ. ئالدى بىلەن ھېچكىم-دىن، ھېچ يەردىن نىجات كۈتمەيۋاتقان يۇرتداشلىرىم شۇنداق قى-لىشىدۇ. شۇنىڭدەك شەھەر قامالىنىڭ ئاخىرلىشىشىنىڭ شاھنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلىمەن.

— سەن باشلىغان كۈرەشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى شۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ! مەن بۇ شاھنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، خالاس. شۇڭا ھېچقاچان شەخسەن ئۇ-نىڭ ئۆزىگە قارشى كۈرەش قىلغان ئەمەسمەن. بىر زالىم شاھنىڭ ئۈستىدىنلا غەلىبە قازىنىش ھەرگىزمۇ بىردىنبىر مەقسەت بول-ماسلىقى كېرەك. مەن پارسلارنىڭ ئەركىن پىكىرلىك، «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى»دەك ئۆز ئېتىقادىغا، ئۆز قۇدرىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆز ئورنىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن. تەبرىزدە بۇ مەقسەتكە يەتتىم. بۇ شەھەر ئا-ھالىسى شاھ تۈزۈمىدىن، دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ۋاز كەچتى. بۇ شەھەر روسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تە-لەپلىرىنى بېجىرىشتىن باش تارتتى ۋە دۇنيادىكى كۆپلىگەن ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىقىغا سازاۋەر بولدى. تەبرىز-لىكلەر ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قازىنىش ئالدىدا ئىدى. بىراق، بۇ غەلىبىلەر كىملەرگىدۇر ياقمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ جاسارىتىمىز ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغان. ئەمدى ئۇلار بىزنىڭ ئا-لىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىمىزنى بوغماقچى، دەپسەندە قىلماق-چى بولۇۋاتىدۇ. مەغرۇر تەبرىزلىكلەر بىر بۇردا نان ئۈچۈن چار پا-دىشاھ ئەسكەرلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈشنى خالىمايدۇ. سەن ئازاد مەملىكەتتە تۇغۇلغان ئەركىن ئىنسانسەن ۋە بۇنى چۈشىنىشىڭ لازىم.

ئارىدا خېلى ئۇزۇن ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى.

— ئىنگلىز ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، نېمە دەپ جاۋاب بېر-شىمنى خالايسەن؟ — دېدىم مەن ئاخىر.

پازىل زورىغا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇلارغا ئېيت، ئىككىنچى قېتىم جانابىي ئالىيلىرىنىڭ

ئالدىغا يەنە پاناھ تىلەپ بارىدىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن.

* * *

پارىلىنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىم ئۈچۈن ئا-رىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بۇ ئارىدا سادىر بولغان ۋەقەلەر پا-رىلىنىڭ شۇبھىلىرىنىڭ بىھۇدە ئەمەسلىكىنى تەستىقلىدى. ۋراتىسلاۋ ئەپەندى ئۇنى ئۆز ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، رۇسلار ئىگىلىگەن رايونلارنى بويلاپ قىزۋىنگىچە كۆرسىتىپ چىقتى. پارىل ئۇ يەردە ئۆزۈندىن بىرى تېھرانغا ھۇجۇم قىلىشقا پەيت كۈتۈپ تۇرغان ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى سېپىگە قوشۇلۇۋالدى.

تەبرىز ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. گەرچە شاھ ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانى-يەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى ئەمدى يەنى-مۇ دادىل ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ۋاقىتنى قولدىن بەر-مەسلىك ئۈچۈن ئىككى ئارمىيە كورپۇسى بىلەن ئىككى تەرەپتىن، يەنى شىمالدىكى قىزۋىن ۋە جەنۇبتىكى ئىسپاھاندىن پايتەختكە قاراپ يۈرۈش باشلىدى. ئىككىنچى ئارمىيە ئاساسەن بەختىيارىيلار قەبىلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار 23 - ئىيۇن كۈ-نى قۇم شەھىرىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولۇشتى. ئارىدىن بىر-نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئەنگلىيە - روسىيە قوشما باياناتى ئېلان قىلى-نىپ، ئۇنىڭدا ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىدىن شاھقا بولغان ئادا-ۋەتنى ئۇنتۇش، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈش تەلەپ قىلىندى. ئۇنداق بولمىسا، ئىككى بۈيۈك دۆلەت مەسىلىگە ھەربىي كۈچ ئار-قىلىق ئارىلىشىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى. بىراق پارىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ باياناتقا پەرۋا قىلماي ھەرىكىتىنى تېزلەتتى.

9 - ئىيۇل كۈنى ئىككى ئارمىيە قوشۇنلىرى تېھران ئەترا-پىدا بىرلەشتى. 13 - كۈنى ئىككى مىڭ ئاساسىي قانۇنچىلار قو-شۇنى «تېمپ» گېزىتىنىڭ ھەيرانلىقتىن ھاڭ - تاڭ قالغان مۇخ-

بىرلىرىنىڭ كۆزى ئالدىدا فرانسىيە ئەلچىخانىسى يېنىدىكى ياخ-
شى قوغدالمايۋاتقان غەربىي شىمال دەرۋازىسىدىن پايتەختكە كىرىپ
كەلدى.
شەھەر ئىچىدە پەقەت لياخوۋ قوماندانلىقىدىكى رۇس - كازاك
كورپۇسىلا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇ ئۈچ يۈزچە
ئەسكەر، بىرنەچچە زەمبىرەك، ئىككى تېز ئاتار توپلارنىڭ ياردىمى-
دە شەھەر مەركىزىدىكى بىرنەچچە مەھەللىنى ئۆز ئىلكىدە ساقلاپ
تۇراتتى. كەسكىن جەڭ 16 - ئىيۇلغىچە داۋام قىلدى.
ئاشۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىز يېرىمدا شاھ ئۆزىنىڭ
بەش يۈز ئەسكىرى ۋە گۇماشتىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چار روسى-
يە ئەلچىخانىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تەختتىن ۋاز كەچ-
كەن بىلەن باراۋەر ئىدى.
كازاكلارنىڭ قوماندانى لياخوۋ ئوت ئېچىشنى توختىتىشتىن
باشقا ئىلاج تاپالمىدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى برىگادىسىنى تارقىتىۋەتمەس-
لىك شەرتى بىلەن ئاساسىي قانۇننى تەن ئېلىشقا ۋە غەلىبە قىل-
غانلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا قەسەم ئىچتى.
ئۇنىڭغا بۇ شەرتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى يەتكۈزۈلدى.
شۇنىڭ بىلەن تەختكە ئىستىپپا بەرگەن شاھنىڭ ئەمدىلا ئون
ئىككى ياشقا كىرگەن كىچىك ئوغلى چىقىرىلدى.
شېرىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى تونۇي-
دىغان بۇ بالا ئاسان ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان، قەلبىدە زالىملىق-
قىمۇ، ئەيش - ئىشرەتكىمۇ ئىنتىلىش بولمىغان مۇلايىم تەبىئەت-
لىك بىر ئۆسمۈر ئىدى.
جەڭلەر تۈگەپ بىر كۈن ئۆتكەندە، يېڭى شاھ ئۆز سارىيىغا
بېرىش ئۈچۈن يېڭى ئىگىدارى سىمىرنوۋ ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا
شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، كىشىلەر ئۇنى «ياشىسۇن شاھ!»
دېگەن خىتابلار بىلەن كۈتۈۋالدى. ۋەھالەنكى، مانا شۇ كىشىلەر يې-
قىندىلا «يوقالسۇن شاھ!» دەپ شوئار توۋلاشقانىدى.

# قىرىق ئىككىنچى باب

ياش شاھ مېھرىبان ۋە ئالىيجاناب قىياپەتتە پات - پات ئاۋامغا — خەلققە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، توختىماي ھەجىيىپ، ئۆز پۇقرالىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ كوچىلارنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈرەتتى. بىراق، سارايغا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، گوماشتىلىرىنىڭ تۈگمەس تاپا - تەنىلىرىگە سەۋەب بولاتتى. ئاتا - ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەن سەبىي شاھ ئۇلارنى سېغىنىپ، توختىماي يىغلايتتى. ھەتتا ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىشكىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆردى. بىراق، تۇتۇلۇپ قېلىپ، يەنە سارايغا كەلتۈرۈلدى. نەتىجىدە، پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ، سارايىنىڭ پېشايۋىنىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى. ئەمما، ئارغامچا ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇشقا باشلىغاندا، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىندى. بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە ئۇنىڭغا بىرئاز ئىجابىي تەسىر قىلغاندەك بولدى، ئۇ قورقۇنچاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، قانۇنىي ھۆكۈمدارلىق رولىنى ئۆزىگە خاس سالاھىيەت بىلەن ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ھاكىمىيەت رەسمىي ھالدا پازىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇلار ئىران تارىخىدىكى يېڭى دەۋرنى مەملىكەتتە ئاممىۋى تازىلاش ئېلىپ بېرىش بىلەن باشلاشتى. كونا تۈزۈمنىڭ ئەشەددىي تەرەپدارلىرى قولغا ئېلىنىپ، قەتل قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىغا نۇرغۇن زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان تەبرىزنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرى، جۈملىدىن شەيخ فەزلۇللاھ نۇرىيمۇ بار ئىدى. دەل مانا مۇشۇ

شەيخ بولتۇر دۆلەتنى ئاغدۇرۇشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن قاتىللىقلار-غا پەتىۋا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى شىئەلەر-نىڭ باشلىقلىرى تەرىپىدىنمۇ قارشى ئېلىنىدى.

بىراق، بۇ شەيخ ئۆزىگە بېرىلگەن ئۆلۈم ھۆكۈمىنىڭ سىمـ-ۋوللۇق مەنىدە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. ئۇ ئاساسىي قانۇننى دەھرىيلىككە چىقىرىپ جار سالغان ئەشەددىي روھانىيلار-نىڭ بىرى بولۇپ، 1909 - يىلى 31 - ئىيۇلدا توپخانا مەيدانىدا خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدىلا دارغا ئېسىلدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا: «مەن بىدئەتچى ئەمەسمەن!» دېيىشكە ئۈلگۈردى. مېنىڭچە، ئۇ شۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆز تەرەپدارلىرىغا ئاساسىي قانۇننىڭ دىنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى يەنە بىر ئەسكەرتتى.

يېڭى رەھبەرلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — پارلامېنت بىنا-سىنى قايتا تىكلەپ، ئۇ يەردە يېڭىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش ئىدى. 15 - نويابىر كۈنى سەبىي شاھ پارسلار تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي مەجلىسنى تەنتەنىلىك ھالدا ئاچتى:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، بىزگە ئازادلىق ئىنئام قىلـ-غان ياراتقۇچىغا ھەمدۇسانالار بولسۇن. مۇقەددەس ئىمامى زامانىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئەڭ ئېزگۇ نىيەتلىرىنى ئە-مەلگە ئاشۇردۇق. شۇڭا شاد - خۇراملىق بىلەن مىللىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىمەن.

ئەقلىي تەرەققىيات ۋە ئېھتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى بىزنى مۇ-قەررەر ئۆزگىرىشلەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر بولسا ئەڭ مۇشەققەتلىك سىناقلارنى يېڭىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىران تارىخىدىن بېرى بۇنداق مۇشەققەتلەرنى جاسارەت بىلەن يې-ڭىپ كەلگەن. مانا بۈگۈنكى كۈندىكى ئىران خەلقى ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. بىز خۇشاللىق بىلەن جاكارلايمىزكى، يېڭى، تەرەققىيپەرۋەر ھۆ-كۈمىتىمىز يېڭىچە چوڭ ئىسلاھاتلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆز خەلقىگە تايىنىدۇ ۋە دۆلىتىمىزدە ئاسايىشلىق ئورنىتىش ۋە

پۇقرالارنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ ئويغىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.
ھۆكۈمەت ئالدىمىزدا تۇرغان ئىسلاھاتلارنى قەتئىيلىك بىلەن پۇقرالارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم. ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت دۆلەتنى قايتا قۇرۇشتا، بولۇپمۇ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش قايتا قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدۇ. بىز ياراتقۇچىدىن مىللەت ۋەكىللىرىگە يول كۆرسىتىشىنى ۋە ئىرانىي مۇستەقىل، بەختىيار، شاد ـ خۇرام كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈشنى تىلەيمىز.»
شۇ كۈندىن باشلاپ تېھراندا ئاممىۋى تەبرىكلەشلەر باشلىنىپ كەتتى. ئادەملەر كوچىلارغا، دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا توپلىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى، جاراڭلىق ئاھاڭدا شېئىر ئوقۇشاتتى. شېئىرلارنىڭ قاپىيىسى ئەلۋەتتە «ئاساسىي قانۇن»، «دېموكراتىيە»، «ئازادلىق» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى. سودىگەرلەر بايرام ئىشتىراكچىلىرىنى ئىچىملىكلەر، شېرىنلىكلەرنى تېتىپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىشاتتى. ھاكىمىيەت يېڭىلانغاندىن كېيىن، ئىلگىرى چەكلەنگەن ئونلىغان گېزىتلەر مەخسۇس سانلارنى نەشر قىلىپ، قايتا ئىشقا چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلىشاتتى.
كەچ كىرىشى بىلەن شەھەر ئاسمىنىنى ساليۇتلار يورۇتۇشقا باشلىدى. شاھ سۇپىسى باھارىستان بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. كەينىدىكى ئورۇندۇقلاردا دىپلوماتىيە ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەت ئەزالىرى، ۋەكىللەر، دىنىي ئەربابلار، سودا ئەھلىنىڭ باشلىقلىرى ئولتۇرۇشاتتى. باسكېرۋىلنىڭ دوستى بولغانلىقىم ئۈچۈن مەنمۇ پازىلنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتىن ئورۇن ئالدىم. ساليۇتلار توختىماي گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتاتتى، ئاسمان بىردەم ـ بىردەم يورۇپ كېتەتتى، ھەممە كىشى ئاسمانغا قارايتتى، ھەممە كىشىنىڭ يۈزىدە باللارچە شادلىق ئالامەتلىرى ئوينايتتى. بىزدىن خېلى يىراقلاردا بولسا «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» ئۆز ئالدىغا تەنتەنە قىلىشاتتى.
شادىيانە خىتابلار ئارىسىدا تۇرۇپ خىياللىرىمنىڭ يەنە باس-

كېرۋىلنى ئەسلەشكە باشلىغانلىقىمنى سەزمەي قالدىم. ئۇ بۇنداق تەنتەنىگە ئىشتىراك قىلىشقا قانچىلىك ئەرزىيدىغان ئادەم ئىدى - ھە!

پازىل مەن تەرەپكە ئۆرۈلدى:

— غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟

— ياقەي، نېمە دەيدىغانسەن؟ مەن ئۇزۇندىن بېرى شەرق زېمىنىدا «ئازادلىق!» شوئارىنىڭ جاراڭلىشىنى كۈتۈپ يۈردۈم. بىراق شۇ تاپتا مېنى ئەسلىمىلەر پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ.

— ئۆتمۈش خاتىرىلىرىڭنى ئۇنتۇ! كەيپىياتىڭنى كۆتۈر! پۈتۈن ئەلنىڭ ئورتاق شادىيانە - تاتلىق پەيتلىرىدىن بەھر ئال!

* * *

ئاشۇ كەچلىكى پازىل ئېيتقان بۇ سۆزلەر مېنىڭ بايرامغا جۆر بولۇۋاتقان كەيپىياتىمنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىدى. پازىل بۇنىڭدىن يەتتە ئايلار ئىلگىرى تەبرىزدە بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىمىزنى ھېلىمۇ ئەسلەپ قويارمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ تېخىچە يېڭى، ئاشكارىلانمىغان سىرلىرى بارمىدۇر؟ مەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەتىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشنى نىيەت قىلدىم. بىراق، يەنە پىكرىمدىن ياندىم ۋە بىر يىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن قېچىپ يۈردۈم.

نېمە سەۋەبتىن دەمسىز؟ چۈنكى، بۇ يەردىكى مۇشەققەتلىك ھاياتىم، تەبرىزدىكى پائالىيىتىم مەن ئۈچۈن ئەمدى باللارچە بەمەنىلىكتەك تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. بۇ يەرگە — شەرققە، ھەييامنىڭ قول يازمىسىنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن مەندەك بىر كىشىنىڭ ماڭا قىلچە ئالاقىسى بولمىغان كۈرەشكە ئارىلىشىشقا نېمە ھەققى بار، دېگەن شۈبھىلەر مېنى قىيناشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ، باسكېرۋىلنىڭ ئىرانغا بېرىشى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشكە ھەققىم بارمىدى؟ پازىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئېيتىشىچە،

باسكېرۋىل مۇقەددەس كۆرەشتىكى شېھىتلارنىڭ بىرى ئىدى. مې-
نىڭ خىيالىمدا بولسا ئۇ يات بىر يۇرتتا، يات كىشىلەرنىڭ كۆرد-
ىشىدە ھالاك بولغان ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. بىر كۈنلەر كېلىپ
ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ماڭا خەت يېزىپ، نېمىشقا ئوغلىنى يولدىن
ئازدۇرغانلىقىمنى سورىسا، نېمە دەيمەن؟
دېمەك، مەن چېكىنگۈاتقان ۋىجدان ئازابى باسكېرۋىلنىڭ ئۆلۈ-
مى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىدى. مەن بۇنى ئېنىقراق قىلىپ، ئا-
دىمىيلىك نۇقتىئىنەزىرىدىن پەيدا بولغان ۋىجدان ئازابى، دەپ قا-
رىدىم. ئەمما بۇ سۆزنىڭ مېنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىمغا ماس كې-
لىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. غەلىبىدىن كېيىن، مەن
دوستلىرىمنىڭ تەبرىز قامالدا قالغان چاغدا كۆرسەتكەن «جاسا-
رەت»لىرىمنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ، تېھران
كوچىلىرىدا گىدىيىپ يۈرۈشنى مۇتلەق خالىمىدىم. مەن بۇ يەرگە
تاسادىپىي كېلىپ قالغان، بۇ ئىشلارغا ئۇنچىلىك باغلىنىشى يوق
ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر كىشىمەن. بىراق، بۇ يەردە مېنىڭ ھە-
قىقىي قەھرىمان يۈرتدىشىم، بىردىنبىر دوستۇم بار ئىدى. ئەمما،
ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پارلاق خاتىرىسىنىڭ سايىسىدە ئىمتىياز ۋە
ئىززەت - ھۆرمەتكە كۆمۈلۈش نىيىتىم يوق ئىدى. ۋىجدان ئازابى-
دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن يوقىلىشىم كېرەكلىكىنى سېزەت-
تىم. ئۆزۈمنى ھەر تەرەپتىن ئۇنتۇشنى، سىياسەتۋازلارنىڭ يىغى-
لىشلىرىغا قاتناشماسلىقنى، تۈرلۈك جەمئىيەت ۋەكىللىرى ۋە
دىپلوماتلار بىلەن ئۇچراشماسلىقنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ھەر كۈنى
كۆرۈشنى خالايدىغان، مېنى ھېچقانداق قايغۇ - ھەسرەتلەرگە سال-
مايدىغان بىردىنبىر كىشى شېرىن ئىدى. مەن ئۇنى زەرگەندە تۆپە-
لىكىگە، يەنى شەھەر سىرتىدىكى باغ - ھويلىلارنىڭ بىرىگە كۆچۈپ
كېلىشكە كۆندۈردۈم. ئۆزۈممۇ ئاشۇ ئەتراپتىكى كىچىك ئۆيلەردىن
بىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۈن-
لىرىم، تۈنلىرىم مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەلۋەت-
تە، ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ بىز بىلەن پىكىرداش ئىدى.

ئاشۇ قىشنى مەن ھەپتىلەپ دېگۈدەك ئۆنىڭ ئازادە ھۇجرىسىدىن چىقماي ئۆتكۈزدۈم. ئاجايىپ چوڭ چويۇن مەش بىلەن ئىسسىتىلىدىغان بۇ ھۇجرىدا بىز «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نى ۋە باشقا كىتابلارنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇق. ھاياجانلىق ۋىسال ئاخشاملىرىمىزنى چىلىم چېكىپ، شىراز شارابى، بەزىدە شامپان ئىچىپ، كىرمان باداملىرى ۋە ئىسپاھان نوقۇتلىرىدىن يەپ، پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزدۇق. مېنىڭ مەلىكەم بەزىدە ھاياتنىڭ بارلىق غەم - تەشۋىشلىرىنى چەككەن چوڭقۇر پىكىرلىك ئايالغا ئوخشاپ قالسا، بەزىدە نازاكەت بىلەن بىغەم مەسۇم قىزلارغا ئوخشاپ قالاتتى. ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە پات - پات مېھرىبانلىق قىلىشقا تەييار ئىدۇق.

يازنىڭ ئەمدىلا كىرىشى بىلەن زەرگەندىدە يېڭى ھايات قايناشقا باشلىغانىدى. چەت ئەللىكلەر، ئەڭ دۆلەتمەن تېھرانلىقلار بۇ يەردە ئۆزگىچە دالا ئۆيلىرىنى قۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار ياز ئايلىرىدا ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاپلىنىدىغان بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۈبھىسىزكى، سان - ساناقسىز دىپلوماتلار ئۇچۇنمۇ تېھراندىكى تومۇز ئىسسىقتىن قۇتۇلۇپ، جەننەتنىڭ بۇ بۇرجىكىگە كېلىپ ياشاش راھەتلىك تاللاش ئىدى. قىشتا بولسا بۇ يەردە پەقەت باغۋەنلەر بىلەن قاراۋۇللار، ناھايىتى ئاز ساندىكى مەھەللە ئادەملىرىلا قالاتتى. شېرىن بىلەن مەن مانا مۇشۇ ئاسايىشلىقنى، جىمجىتلىقنى ياقتۇراتتۇق.

ئاپرېل ئېيىدىن باشلاپ دەم ئالغۇچىلار خۇددى تاغلارغا ھەيدەلگەن قوي پادىلىرىدەك بۇياققا يوپۇرۇلاتتى، بىكارچىلار ھەر بىر دەرۋازا، ھەر بىر يولدا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. ھەر كۈنى سەھەر ياكى چۈشلۈك ئۇيقۇدىن تۇرغان شېرىن بارلىق تونۇش كىشىلەرنى چايغا تەكلىپ قىلاتتى، مەن بولسام دائىم ئۇزۇن پەردىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولاتتىم. راھەت - پاراغەت ۋاقتى توگەپ، ئەمدى بۇ يەردىن كېتىش پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ گەپنى مەلىكەمگە ئېيتقانىدىم، ئۇ تەقدىرىگە تەن بەرگەندەك مەيۇسلەندى:

— بۇ يەردە سىزنى بەختلىك، دەپ ئويلىغانىدىم.

— مەن بۇ يەردە ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ بەختلىك كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇنى يەنە قايتا داۋاملاشتۇرۇشقا كېلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن بىر ئاز يىراقلاشماقچىمەن، خالاس. مەن بۇ بەختتىن لەززەتلىنىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرمايمەن. ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيۈنۈپ تىكىلىمەن. يات كىشىلەرنىڭ بۇ بەختىمنى كۆزلىرىمدىن سېزىپ قېلىپ، تارتىۋېلىشىدىن قورقىمەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىن يازدا كېتىپ، قىشتا قايتىپ كېلىش ئۈچۈن ئايرىلماقچىمەن.

— يازدا، قىشتا... سىز دائىم مېنى تاشلاپ كېتىسىز، ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىسىز. سىز ھېچ نەرسىدىن قورقماي پەسىللەرنى، يىللارنى، ئۆمرىڭىزنى، مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ تاشلاشنى ئويلايسىز. ھەييام سىزنى ھېچ نەرسىگە ئۆگەتمىگەن بولسىغۇ مەيلى...

ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۇچۇق كىتابنى ئوقۇۋاتقاندەك مېنىڭ كۆزلىرىمگە قادالدى، ئاندىن ھەممە ئىشنى چۈشەنگەندەك ئېغىر خۇرسىندى.

— قاياققا بارماقچىسىز؟

راستىنى دېسەم، بۇنى تېخى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. مەن ئىرانغا ئىككى قېتىم كېلىپ، ئىككىلا قېتىمدا يوشۇرۇنچە ياشىدىم. ئەمدى مەن پۈتۈن شەرقنى كۆرۈشۈم، بوسفور بوغۇزىدىن جۇڭگو دېڭىزلىرىغىچە، ئىرانغا ئوخشاش باش كۆتۈرگەن، ئۆز سۇلتان - خەلىپىلىرىنى تەختتىن ئاغدۇرۇپ، ئەمدىلىكتە ۋەكىللەرگە، گېزىتلەرگە ئىگە بولغان تۈركىيىگە، برىتانىيىلىكلەر بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان مەغرۇر ئافغانىستانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەلۋەتتە، ئىراننىمۇ تولۇق كېزىپ چىقىشىم كېرەك. مەن تەبرىز ۋە تېھراندىلا بولغانمەن. ئىسپاھان، شىراز، قەتان، كىرمان شەھەرلىرىنى كۆرمەيمەنمۇ؟ نىشاپۇرچۇ؟ ھەييامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا بارمايمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا جاپاكەش

ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان قەبرە ئۈستىدىكى قوڭۇر تاشنى كۆرمەي كېتەمەنمۇ؟

ئارزۇلىرىمدىكى بۇ يوللارنىڭ قايسى بىرىنى تاللىسام بولاركىن؟ بۇ يولنى ماڭا ھەييامنىڭ «سەمەرقەنت قول يازمىسى» تاللاپ بەردى. كراسنوۋودسك پويىزىغا چىقىپ، ئاشخاباد، مەرۋ شەھەرلەرىدىن ئۆتتۈم، بۇخارانى تاماشا قىلدىم، ئاندىن سەمەرقەنتكە قاراپ يول ئالدىم.

# قىرىق ئۈچىنچى باب

ھەييامنىڭ ياشلىقى ئۆتكەن شەھەردىن نېمە قالغانلىقىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدىم. ئارپىزار مەھەللىسى قانداق ئۆزگىرىش-لەرگە دۇچار بولغاندۇ؟ ھەييام بىلەن جاھان ۋىسال دەملىرىنى ئۆت-كۆزگەن باغدىكى شىپاڭ قەيەردە بولغىيتتى؟ 10 - ئەسىردىلا قە-دىمي جۇڭگوچە ئۇسۇلدا ئاق ئۇجمە دەرىخىدىن نەپىس قەغەز تەي-يارلىغان يەھۇدىي ئۇستىلار ياشىغان ماترۇد قىشلىقىدىن بىرەر ئىز قالدىمىكىن؟

بىر ھەپتىگىچە شەھەرنى پىيادە كەزدىم، ئاندىن تاماشانى قى-چىرغا مىنىۋېلىپ داۋاملاشتۇردۇم.

مەن سودىگەرلەردىن، يولۇچىلاردىن، مەسچىت ئىماملىرىدىن سوئاللار سورايتتىم، سوئالغا تۇتاتتىم. بىراق ئۇلاردىن ئىنكارنى ئىپادىلىگۈچى باش چايقاش، قىزىقىشچان تەبەسسۇم ۋە ئىلتىپات بىلەن ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۇستەلگە چايغا تەكلىپ قىلىشتىن باشقا يېڭىلىققا ئېرىشەلمەيتتىم.

بىر كۈنى رېگىستان مەيدانىدا ئامەت ماڭا كۈلۈپ باققاندەك بولدى. شۇ تاپتا يولدىن بىر نەچچە تۆگىلىك كارۋان ئۆتۈپ كې-تىۋاتاتتى. بۇلار ئالتە - يەتتە تۇياق يۇڭلۇق، ياپىلاق تۇياقلىق باكتېرىيە تۆگىلىرى ئىدى. قېرى تۆگىچى مەندىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى كۆلەلچىلىق دۇكىنى يېنىدا يېڭى تۇغۇلغان قوزىچاقنى تۇتقىنىچە توختاپ قالدى. كۆلەلچى قوللىرىنى چاق ئۈستىدە ئاي-لىنىۋاتقان كوزىدىن ئالماستىن، ئېڭىكى بىلەن بىر دۆۋە تۇپراقنى كۆرسەتتى.

مەن بۇ ئىككى كىشىنى، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى ھاشىيەلىك

قالپاقنى، ئالا ـ بۇلا كۆڭلەكلىرىنى، قىزغۇچ ساقاللىرىنى، مىڭ يىللىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى سىنچىلاپ كۆزەتتىم. بۇ مەنزىرە ماڭا ھېيام زامانىدىن بېرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

يېنىك شامال چىقىپ، مەيداندا قۇم دانچىلىرىنى ئۇچۇردى، كىيىملىرىمىز شامالدا يەلپۈنۈشكە باشلىدى. پۈتۈن مەيداننى غىدى-رىي بىر خىل تۇمان قاپلىۋالغاندەك بولدى. مەن رېگىستان مەيدا-نىدىكى ئۈچ ھەيۋەتلىك ئابىدىگە، مۇنارلار، گۈمبەزلەر، راۋاقلار، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەنگەن ھەيۋەتلىك تاملار، ئالتۇن، ياقۇت رەڭلىك نەقىشلەر ۋە ئاجايىپ ئەرەبچە يېزىقلارغا نەزەر تاشلىدىم.

ھەممىسى مۆجىزىلىك ھالدا ياخشى ساقلانغان ئىدى. بىراق، مۇنارلار بىرئاز قىيسىيىپ قالغان، گۈمبەزلەر بولسا زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شامال يالاپ، رەڭگىنى يوقىتىپ قويغان، پەشتاقلار-دىكى نەقىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى چۈشۈپ كېتىپ، قېرى مومايلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇ ئىدىكى، بۇ ئاجايىپ ئابىدىلەرگە خۇددى قاراش ئەرزىمەيدىغاندەك ھېچكىم قايرىلىپ باقمايتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىپەرۋا ئۆتۈپ كېتەتتى. ۋاقىت ۋە زامان رەڭگى ـ تۇسىنى ئۆزگەرتكەن بۇ مۆجىزىلىك يادىكارلىقلار-غا تىكىلگىنىمچە ئارقامغا يېنىپ، ئۇنىڭ مەپتۇنكار جىلۋىلىرىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. توساتتىن كىمنىندۇر سوقۇۋەتتىم. ئۆزرە سوراش ئۈچۈن ئارقامغا ئۆرۈلدۈم ۋە ماڭا ئوخشاش سەيلە قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان، ماڭا ئوخشاش كىيىنگەن بىر ياۋروپالىق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. بىز ئۆزئارا تونۇشۇپ، سۆھبەتكە كې-رىشىپ كەتتۇق. بۇ بىر رۇس ئارخېئولوگى بولۇپ، ئۇمۇ بۇ يەرگە مىڭلاپ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ كەلگەنىكەن. تۇرقىدىن ئۇ بەزى سوئاللىرىغا جاۋاب تاپقاندەكمۇ قىلاتتى.

— سەمەرقەنتتە يېڭى دەۋرلەر ھەر دائىم جەڭ ـ غوۋغالار بى-لەن باشلانغان ۋە شۇ تەرزدە ئاخىرلاشقان. 13 ـ ئەسىردە موڭ-غۇللار شەھەرنى پۈتۈنلەي يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى، ئا-دەملەر ياشايدىغان مەھەللىلەر جەسەتلەر بىلەن تولغان ۋەيرانىلىقتا

ئايلاندى. بۇنداق بالا ـ قازالاردىن ئامان قالغانلار شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدا يېڭى بىر شەھەرگە ئاساس سېلىشىپتى. شۇنداق قىلىپ سالجۇقىيلار دەۋرىدىن قالغان كونا شەھەر ئاستا ـ ئاستا تۇپراق ئاستىدا قالدى. ھازىر ئۇ يەر كەڭ ۋە ئېگىز تۆپىلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. چارۋىلار ئۇچۇن يايلاقتا ئايلانغان بۇ تۆپىلىكنىڭ ئاستىغا قەدىمىي سەمەرقەنتنىڭ نەچچە ئەسىرلىك سىرلىرى يوشۇرۇنغان. كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ـــ ئۆيلەرنى، كوچىلارنى يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سەمەرقەنت بىزگە ئۆز تارىخىنى ھېكايە قىلىشقا باشلايدۇ.

ئۇ بىردىنلا گېپىدىن توختاپ، ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى:

ـــ سىزمۇ ئارخېئولوگمۇ؟

ـــ ياق. مەن بۇ شەھەرگە باشقا نىيەتتە كەلدىم.

ـــ سورىسام ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، قانداق مەقسەتتە كەلگەنلىكىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟

شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا «سەمەرقەنت قول يازمىسى» ۋە ئۇنىڭدىكى رۇبائىيلار، يىلنامىلەر، ئاشىق ـ مەشۇقلار تەسۋىرلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم.

ـــ شۇ كىتابنى مەنمۇ بىر كۆرسەمچۇ كاشكى! ئاشۇ زاماندىن قالغان بارلىق ئاسار ـ ئەتىقىلەرنىڭ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ خۇددى ئۇلارغا ياۋۇز قىسمەتنىڭ قولى تەگكەندەك، سارايلار ۋە باغلاردىن، سۇ يوللىرى ۋە مۇقەددەس جايلاردىن، كىتابلاردىن، سەنئەت ئەسەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان. بۈگۈن بىز زوقلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقان ئابىدىلەر كېيىنكى دەۋرلەردە ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ياساتتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بەرپا قىلىنغىنىغىمۇ ئاز كەم بەش يۈز يىل بولدى. ئەپسۇسكى، ھەييام زامانىدىن بىزگە ساپال پارچىلىرىلا مىراس بولۇپ قالغان. سىز گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھەييامنىڭ قول يازمىسى بولسا، مۆجىزىدەكلا ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۇنى قولىڭىزغا ئالغان، زوقلىنىپ ئوقۇغان بولسىڭىز، سىز خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى ئىكەنسىز. بىراق، بۇ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىقى بار شەرەپتۇر.

— ئىشىنىڭكى، مەن بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن. بۇ قول يازمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نەچچە يىللاپ پەقەت ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ياشىدىم. شۇ سەۋەبلىك مۇشەققەتلىك ۋە كىشى زوقلانغۇدەك سەرگۈزەشتىلەرگە دۇچ كەلدىم. ئۇنىڭ ئالىمى مېنىڭ ئالىمىمگە ئايلاندى. ئۇنىڭ مەلىكىسى مېنىڭ سۆيۈملۈك يارىم بولۇپ قالدى.

— سىز سەمەرقەنتكە بۇ قول يازمىدا تەسۋىرلەنگەن جايلارنى قايتا تېپىش ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ؟

— شەھەر ئاھالىسى ماڭا ئەڭ بولمىغاندا قەدىمىي مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويار، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— بۇ نىيىتىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدىن خىجىلمەن. سىزنى قىزىقتۇرۇۋاتقان زامان ھەققىدە پەقەت رىۋايەتلەر ياكى جىن - ئالۋاستىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرلا قالغان، بۇ شەھەردە ئۇلارنى ھەۋەس بىلەن توقۇشىدۇ.

— ئاسىيانىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ شۇنداقمۇ؟

— پۈتۈنلەي شۇنداق، دېيەلمەيمەن. بۇ خارابىلار زاماندا شىلىرىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى نېمىشقا ئويغاتمايدىغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالىمەن. يەر ئاستىدا قالغان شەھەر ھېلىھەم مەۋجۇت. ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ شەھەر خارابىلىرى ئورنىدا مال بېقىپ يۈرگەن باللارنىڭ ئاللىقانداق قۇدۇق - ئازگاللارغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ يەردىن چىقالماي بىر ئۆمۈر قالغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. بۇ ئازگاللاردىن چىقىۋاتقان ئاللىقانداق شاۋقۇنلارنى ئاڭلاپ، خۇددى زېمىننىڭ ئۈچەي - باغرى غولدۇرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىسىز. سەمەرقەنت ھەققىدىكى مەشھۇر ئەپسانىلەردىن بىرى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ نامىمۇ كۆپلىگەن سىرلىق ئەپسانىلەر بىلەن باغلىق.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلمەي ئاڭلاشقا باشلىدىم.

— نەقىل قىلىنىشىچە، سەمەرقەنت پادشاھى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسىنى، يەنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئىلتىجاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلاپتۇ. ئۆلۈمنىڭ تەگرى تەردىپىدىن ئاسماندىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن پادشاھ بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىگە يەر ئاستىدا يوغان بىر تۆمۈر قەسىر قۇردۇرۇپ، ھەممە كىرىش جايلىرىنى ئېتىپ تاشلىتىپتۇ. ئۇ تۆمۈر قەسىر ئىچىدە ئەتىگەندە چىقىدىغان، كەچقۇرۇن پاتىدىغان، قەسىرنى ئىسسىتىدىغان، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىنى بىلدۇرىدىغان سۈنئىي قۇياشنىمۇ ياساتقۇزۇپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۆلۈم پەرىشتىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن تۆمۈر قەسىر ئىچىگىمۇ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ پادشاھقا ھەم يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا، مەۋجۇداتلارغا ئۆلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە بايلىقى، بىلىمى ۋە مەغرۇرلۇقى قانچىلىك يۇكسەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سەمەرقەنت شەھىرى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قىسمىتى ئۇچراشقان جاينىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

* * *

ئەمدى سەمەرقەنتتىن دۇنيانىڭ قايسى يېرىگە يول ئالسام بولار؟ مەن ئۈچۈن بۇ يەر شەرقنىڭ ئەڭ چەت جايى، بارلىق مۆجىزىلەرنىڭ ماكانى ۋە تۈگىمەس سېغىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شەھەردىن چىقىۋېتىپ، ئۆز ئانا يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىشنى نىيەت قىلغانىدىم. مەن ئانا شەھىرىم ئاناپولىغا قايتىپ، بىرنەچچە يىل ھېچقانداق يەرگە چىقماي، تۈگىمەس ساياھەتلىرىمنىڭ هاردۇقىنى چىقارماقچى ئىدىم.

بىراق، بۇ نىيىتىمنى يەنە تەلۋىلەرچە ئۆزگەرتتىم. ئىرانغا قايتىپ شېرىنىنى ۋە ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ كاتتا شەھەرلىرى — پارىژ، ۋېنا ياكى نيۇيوركقا بېرىش، مە-

لىكەم بىلەن بىرگە غەربتە شەرقچە ياشاش، جەننەتتە ياشاش بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

قايتىۋېتىپ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان هالدا پەقەت شېرىننى بۇ گەپلەرگە قانداق كۆندۈرۈش هەققىدە ئويلاندىم. ئۇنىڭ «قاياققا كەتسىڭىز كېتىڭ، بەختىڭىزدىن قانائەتلەنمەيۋاتقان بولسىڭىز مەيلى!» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك تۇيۇلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىككىلىنىشلىرىگە چەك قويىمەن، دېگەن ئىشەنچ مېنى يەنە روهلاندۇراتتى.

كاسپىي دېڭىزى قىرغىقىدا كىرا قىلغان ماشىنا مېنى زەر-گەندەدىكى ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكىلىپ قويغىنىدا، ئۇ يەر-دە ئىشىكىگە يۇلتۇزلۇق بايراق قادىۋالغان «جاۋېل ــ 40» ماركى-لىق ئاپتوموبىلغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ شوپۇرى يەرگە چۈشۈپ، ماڭا يېقىنلاشتى ۋە كىملىكىمنى سۈرۈشتۈردى. «بۇ ماشىنا مەن بۇ يەردىن كەتكەندىن بېرى مېنى كۈتۈپ تۇرغانمىدۇ؟» دېگەن ئەخ-مىقانە خىيالغا كەلدىم. شوپۇر مېنى بۇ يەردە ئەتىگەندىن بېرى كۈ-تۈۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈردى.

ــ خوجايىنىم ماڭا سىز كەلگۈچە بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى بۇيرۇغان، ــ دېدى ئۇ.

ــ ئەگەر مەن بىر ئاي ياكى بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كەل-گەن ياكى مەڭگۈ قايتىپ كەلمىگەن بولسامچۇ؟

مېنىڭ هەيرانلىقىم ئۇنى خىجالەتكە سالدى.

ــ هەر هالدا بۈگۈن كەلدىڭىزغۇ!

ئۇ ماڭا ئامېرىكىنىڭ تولۇق هوقۇقلۇق ئەلچىسى شارل ۋ. رۇسسېل ئىمزا قويغان خەتنى ئۇزاتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «قەدىرلىك جانابىي بېنجامىن!

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئېغىر كۆرمەي ئەلچى-خانىغا كەلسىڭىز. گەپ ناهايىتى مۇهىم ۋە جىددىي مەسىلە ئۈس-تىدە بولىدۇ. مەن شوپۇرغا سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولۇشنى بۇي-رۇدۇم».

# قىرىق تۆتىنچى باب

ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا كېلىپ، رۇسسېل بىلەن پازىلنىڭ مېنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

قوڭۇر كاستۇم ـ شىم كىيىپ، كېپىنەك نۇسخىلىق گالستۇك تاقىۋالغان، ئۆسكىلەڭ ساقاللىق رۇسسېل خۇددى تېئودور روزۋېلتقا ئوخشاپ كېتەتتى، بىراق ئۇ بىر ئاز خۇش پىچىمراق ئىدى. پازىل بولسا ئۆزىنىڭ دائىم كىيىدىغان ئاق يەكتىكىنى كىيىۋالغان بولۇپ، بويىنىغا قارا شارپا يۆگەپ، بېشىغا ھاۋا رەڭ سەللە ئورىۋالغانىدى. ئادەت بويىچە ئەلچىخانىدا ھەرقانداق يىغىننى ئەلچى جانابلىرىنىڭ ئۆزى ئاچاتتى. ئۇ ھازىرمۇ فرانسۇزچىلاپ بىر ئاز دۇدۇقلاپ، بىراق ناھايىتى توغرا تەلەپپۇز بىلەن گەپ باشلىدى:

— بۈگۈنكى يىغىلىشىمىز تارىخقا مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كىرىدىغان ئۇچرىشىش بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمەن. چۈنكى، بىزدەك كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئۇچرىشىشى مۇساپە ۋە پەرقلىرىمىزنى بىر چەتكە قايرىپ، ئۆزئارا ھەمدەملىشىۋاتقان ئىككى مىللەتنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئامېرىكىنىڭ نەۋقىران مىللىتى ۋە ئاللىقاچان خېلى ياشقا كىرىپ قالغان دېموكراتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بولساق، سىلەر ئىرانلىقلار قەدىمىي، بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مىللەتنىڭ، ئەمما، پۈتۈنلەي گۆدەك دېموكراتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىنىسىلەر.

ئۇ سىرلىق ۋە تەنتەنىلىك سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، نۇتقىنىڭ قانداق ئىنكاس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەكچىدەك پازىلغا يوشۇرۇن قاراپ قويدى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى مەن تېھران دېموكراتلار كۇلۇبىغا تەكلىپ قىلىنغانىدىم. ئۇ يەردە مەن قانۇنىي ئىنقىلابقا نىسبەتەن ئۆزۈمنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىمنى ئىزھار قىلىش شاراپىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. مېنىڭ بۇ ئىشەنچىمنى پرېزىدېنت كافت ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كنوكس ئەپەندىمۇ قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. يەنە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، كنوكس بىزنىڭ بۇگۈنكى ئۆچرىشىشىمىزنىڭ قانداق نەتىجىلەر بىلەن تۈگىگەنلىكى ھەققىدە تېلېگراف ئارقىلىق خەۋەر بېرىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ.

پازىل ماگا سۆزنىڭ نېمە ھەقتە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇت جىم تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغان كۈن ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ھەئە.

— بۇنىڭ بىلەن سىزنى بىرەر ئىشتا ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. سەن ئۆز بۇرچۇڭنى ئادا قىلدىڭ ۋە شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىدىڭ. لېكىن مەن قورققان ئىش بەختكە قارشى راست بولۇپ چىقتى. رۇسلار تەبرىزدىن چىقىپ كەتمىدى، ئاھالىلەر ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ پات - پات يولسىزلىق قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. كازاكلار كوچىلاردا ئاياللارنى پەرەنجىلىرىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلىشماقتا. «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئەرزىمەس باھانىلەر بىلەن قاماققا ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە، بۇنىڭدىن بەتتەرراق ئىشلارمۇ سادىر بولۇشى مۇمكىن. بۇ تەبرىزنىڭ قامال قىلىنغىنىدىنمۇ جىددىي، مېنىڭ مەسلەكداشلىرىمنىڭ قىسمىتىدىنمۇ مۇھىم. بۇ خەۋپ بىزنىڭ دېموكراتىيىمىزنىڭ تېگىدىن دەز كېتىۋاتقانلىقىدۇر. جانابىي رۇسسېل «گۆدەك دېموكراتىيە» دېدى. ئۇ بۇ سۆزگە «نىمجان»، «بىمار» سۆزلىرىنى قوشقان بولسا توغرىراق بولاتتى. سىرتتىن قارالسا، ھەممە ئىش جايىدا، خەلق بەختىيار، بازارلار تولۇپ - تېشىپ، ئۆلىمالار بىزنى

قوللاپ - قۇۋۋەتلەۋاتقاندەك تۇرىدۇ. بىراق بۇ دېموكراتىيىنى غۇلاپ چۈشۈشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىز ئېغىر ئەھۋالدا تۇرماقتىمىز. چۈنكى بىزنىڭ خەزىنىمىز خۇددى بۇرۇنقىدەك قۇپ-قۇرۇق. كونا تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەت ئادەملەردىن سېلىق يىغىۋېلىشنىڭ قىزىق بىر ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپتى، ئۇ ھەر بىر ۋىلايەتكە خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ سېلىق ئۇندۇرىدىغان، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى ئېلىپ قالىدىغان، شۇنىڭغا تايىنىپ ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھامىيلىقىنى سېتىۋالىدىغان كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ قويىدى. بىزنىڭ بارلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ باش مەنبەسى دەل مانا شۇنىڭدا. خەزىنە بوشاپ قېلىشى بىلەنلا، ھۆكۈمەت ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ۋە ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن روسىيىدىن ياكى ئەنگلىيىدىن قەرز كۆتەتتى. ئەنە شۇ ھىيلە بىلەن چار پادىشاھ بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىشقا باشلىدى. بىز ئۇلارغا بارلىق بايلىقىمىزنى ئەڭ ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. يېڭى ھۆكۈمەتمۇ ھازىر سابىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەنە شۇ ئېغىر ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر سېلىق يىغىشنى زامانىۋى دۆلەتلەرگە ئوخشاش يولغا قويمىسا، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەسىلىلىرىمىزنىڭ بىرى ئاۋۋال مالىيە تۈزۈمىمىزنى قايتا قۇرۇش، ئىراننىڭ ئازادلىقى شۇ ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ.

— خوش، مەسىلە ئېنىق ئىكەن، نېمىشقا ئۇنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلمايسىلەر؟

— بۇنداق قىيىن مەسىلىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان بىرەر پارس تېپىلمايۋاتىدۇ. ئون مىليونلۇق ئاھالىسى بولغان مەملىكەتتە بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ناھايىتى ئېچىنارلىق ئىش. بۇ يەردە مەملىكەتتىكى ساۋاتسىزلىق دەرىجىسىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىش لازىم. بىز شۇ تاپتا ئىلغار مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرىگە ئوخشاش تەلىم ئالغان كىشىلەرگە ئېھتىياجلىقمىز. بىز ئۇلار بىلەن تەڭ-

لىشىدىغان بىردىنبىر ساھە دىپلوماتىيىدۇر. ئەگەر ئارمىيە، ترانسپورت، بولۇپمۇ مالىيە ساھەسىدىن ئېغىز ئاچساق، بىزنىڭ سالاھىيىتىمىز ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر بىزنىڭ دېموكراتىيىمىز يېگىرمە، ئوتتۇز يىل ياشىيالىسىغۇ، شۈبھىسىز بۇ ساھەلەردە بىمالال ئىشلىيەلەيدىغان يېڭى خادىملار، خىزمەتچىلەر شەكىللەنگەن بولاتتى. ئەمما شۇ دەۋرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتكەن ھالدا، ھازىرقى مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋرۇپلۇق، ئەڭ ساپ دىل چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى ياردەمگە چاقىرىشقا مەجبۇرمىز. بىلىمەن، بۇنداق چەت ئەللىكلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئىنتايىن مۇشكۈل. ئىلگىرى بۇ ھەقتە بىز جانابىي نائۇس، لياخوۋ ۋە باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، ئېغىر خاتالىقلارغا يول قويدۇق. بىراق مەن ئۈمىدسىزلەنمەيمەن. يېقىندا پارلامېنتتا ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەپسىلىي مەسلىھەتلەشتۇق. قارىشىمىزچە، بۇ مەسىلىدە بىزگە ئامېرىكا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

— ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان گەپلەرنى قىلدىڭىزغۇ؟ لېكىن نېمىشقا مېنىڭ دۆلىتىمنى تاللىدىڭلار؟ — سورىدىم مەن.

جانابىي رۇسىبىل گېپىمنى ئاڭلاپ، ماڭا ئىتتىك ۋە ھەيرانلىق ئارىلاش قاراپ قويدى. بىراق، پازىلنىڭ جاۋابى ئۇنى خاتىرجەم قىلدى:

— بىز بارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى پەملەپ كۆردۇق. رۇسلار ۋە ئەنگلىيىلىكلەر بىزگە كۆپرەك خوجايىنلىق قىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ تېزراق ئىقتىسادىي كرىزىسقا پېتىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. فرانسۇزلار بولسا بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە قىزىقىشتىن كۆرە، چار پادىشاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، پۈتۈن ياۋروپا ئىتتىپاقلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش ئويۇنىغا بېرىلىپ كەتتى. بۇ ئويۇندا ئىران ئۇلار ئۈچۈن شاھمات تاختىسىدىكى پېشكا ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. پەقەت ئامېرىكىلا بىزنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشنى ئوي-

لىماستىن، خالىسانە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. شۇ پىكىرگە كې-
لىپ، جانابىي رۇسسېلغا مۇراجىئەت قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىغىر
ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان بىرەر ئوقۇمۇشلۇق ئامېرىكى-
لىقنى تېپىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن
سېنىڭ نامىڭنى تىلغا ئالدى. مەن بولسام سېنىڭ مالىيە ئىشلىرى
بويىچە مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ئىشەنچىڭ ئۈچۈن مىننەتدارمەن. بىراق مەن ھەرگىزمۇ
سىلەر ئىزدەۋاتقان كىشى ئەمەس. گەرچە بۇ ساھەدە دىپلومىم بول-
سىمۇ، ئەمما مەن ئەڭ چالا ساۋات ھېسابلىنىمەن. چۈنكى، ماڭا
ھېچقاچان ئۆز بىلىمىمنى ئەمەلدە سىناپ كۆرۈش ئىمكانىيىتى
نېسىپ بولمىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتامنى كۆپرەك ئەيىبلىگۈم كې-
لىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز مەبلىغى بىلەن نۇرغۇن كىمە ياسىغان بول-
سىمۇ، مېنى بۇ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرمىدى. مەن ئۆز كۆڭلۈمنى ئې-
لىش ئۈچۈن باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدۇم،
ساياھەت قىلدىم، ئوقۇدۇم، مۇھەببەتلەشتىم، ئويلاشنى، ئۆزۈم
ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى، ئۇنى - بۇنى يېزىشنى ئۆگەندىم،
خالاس.

ئۇلار بىر - بىرىگە ئوڭايسىزلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى. مەن
گېپىمنى داۋام قىلدىم:

— ئەگەر كۆڭۈلدىكىدەك كىشىنى تاپساڭلار، مەن ئۇنىڭ يې-
نىدا تۇرۇپ، بەزى مەسىلىلەردە ياردىمىمنى ئايىماسلىققا تەييار-
مەن. بىراق ئاساسىي مەسىلىلەرنى شۇ كىشى ھەل قىلىشى كې-
رەك. ئەلۋەتتە، بۇ ۋەزىپىنى بېجىرىش مەن ئۈچۈن كاتتا شەرەپ.
ئەپسۇسكى، مەن بۇ مەسىلىدە ساۋاتسىز ۋە ئادەتتىكى بىر ئادەم-
مەن.

پازىل ماڭا ئوخشاش تۈيغۇدا گەپ قاتتى:

— سەن توغرا ئېيتىۋاتىسەن، بۇنىڭغا ئۆزۈم گۇۋاھمەن. ئەم-
ما سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ مۇھىم بىر كەمچىلىكىڭ بار.
ئۇ بولسىمۇ سەن مېنىڭ دوستۇمسەن، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. بۇ

مېنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىم ئۈچۈن چوڭ باھانە بولۇپ، ئۇلار مېنىڭ ئۇنۇملۇك ئىشلىشىمگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن.

رۇسسېل بۇ گەپلەرنى سۈكۈت ھەم سۈس تەبەسسۇم بىلەن ئاڭلىدى. ئەمما، ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ خىل سۆزلەر ماڭا ياقمايۋاتاتتى. بۇنى سېزىپ تۇرغان جانابىي ئەلچىمۇ سوغۇققانلىقىنى يوقاتمىغانىدى.

پازىل ئەلچىگە قاراپ دېدى:

— مەن بېنجامىننىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن ئەپسۇسلىنىمەن، بىراق بۇ بىزنىڭ كېلەچىكىمىزگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بەلكىم، بۇ ۋەزىپىنى پارسلارنىڭ ئىشى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىرەر كىشىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگىنىمىز ياخشىراق بولسا كېرەك.

— كىمنى نەزەردە تۇتۇۋاتىسىز؟

— ياق، مەن ئېنىق بىراۋنى نەزەردە تۇتمىدىم. بۇ ۋەزىپىگە قەتئىيراق، ساپ دىل ۋە مۇستەقىل پىكىرلىك كىشىنى قويساق دەيمەن. بۇنداق كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ يۇرتىڭىزدىن كۆپلەپ تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان كىشى ناھايىتى سالاپەتلىك، ئازادە كىيىنگەن، يۈرۈشلىرى، قاراشلىرى، گەپ قىلىشلىرى ئورۇنلۇق، يەنى باسكېرۋىلغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

* * *

1910 ـ يىل 21 ـ دېكابىر، يەكشەنبە، يەنى مىلاد بايرىمى كۈنىدە ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئەلچىخانىسىغا تېلېگراف ئارقىلىق تۆۋەندىكى خەۋەر ئەۋەتىلدى: «تېزدىن دۆلەت كاتىپى ئالدىغا كىرىپ، ئامېرىكىلىق مالىيە ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىڭىزنى سورايمەن. ئۇنىڭغا ئىراننىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قولىدىن كېلىدىغان، سىياسىي جەھەتتىن ئەركىن پىكىرلىك كىشىنى ئىزدەۋاتقانلىقىمىزنى مەلۇم قىلىڭ. بۇنداق كى-

شى تېپىلسا ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىللىق توختام ئىمزالىنىدىغانلى-
قىنى، بۇ توختامنىڭ پارلامېنتتا تەستىقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈڭ. ئۇنىڭ زىممىسىگە دۆلەت مالىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قى-
لىش، مىللىي دارامەت ۋە ئۇنى رەتكە سېلىش ۋەزىپىلىرىنىڭ يۈك-
لىنىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىڭ. ئۇنىڭغا تەجرىبىلىك ھېسابچى ۋە
نازارەتچىلەرنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بارلىق ۋىلايەت-
لەردە ھېساب ـ كىتابلارنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى بېرىلىدىغانلىقىنى
يەتكۈزۈڭ. تېھراندىكى ئامېرىكا ئەلچىسىنىڭ بىزگە مەلۇم قىلى-
شىچە، دۆلەت كاتىپى بۇ ئىشقا رازىلىق بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن
بىۋاسىتە ئۇچرىشىڭ، ۋاستىچىلار ئارقىلىق ئىش پۈتتۈرۈشتىن
ئېھتىيات قىلىڭ. ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى شەخسەن ئۆزى-
ڭىز يەتكۈزۈڭ ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈڭ».

شۇ يىلى 2 ـ فېۋرالدا ئالىي مەجلىس ئامېرىكىلىق مالىيە
ۋەزىرىنى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنى تەستىقلاش مۇراسىمى ئۆتكۈز-
دى. ئۇلارنىڭ نامزاتى گولدۇراس ئالقىشلار ئاستىدا كۆپ سانلىق
ئەزالار تەرىپىدىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەندى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، ئامېرىكىلىق مالىيە ۋەزىرى
ئىسلاھات لايىھىسىنى تەييارلاپ، ئالىي مەجلىسكە سۇنۇش ئۈچۈن
كېتىۋاتقاندا ئىككى گرۇزىن تەرىپىدىن يول ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋې-
تىلدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن روسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ تەرجىمانى
ئىران تاشقى ئىشلار ئىدارىسىغا كېلىپ، قاتىللارنىڭ چار روسىيە
پۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن چار روسىيە
ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بارلىق تېھرانلىقلار بۇ
جىنايەتنىڭ سانكت ـ پېتېربۇرگنىڭ ئىراندا پارلامېنت سايلىمى
ئۆتكۈزۈشكە قايتۇرغان جاۋابى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشتى.
بىراق، مەنسەپدارلار قۇدرەتلىك قوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ تەلەپكە قو-
شۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، قاتىللار رۇس ئەلچىخا-
نىسىغا تاپشۇرۇلدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلگەن-

دىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن نارازىلىق ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ كەتتى، بازارلار تاقالدى. «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» رۇس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالماسلىقنى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. كۆپ قېتىم گرۇزىن مىللىتىگە مەنسۇپ كىشىلەردىن ئۈچ ئېلىش ئەھۋاللىرىمۇ سادىر بولدى. ئەنە شۇ چاغدىلا مەتبۇئات تەرەپتىن كەسكىن تەنقىدكە ئۇچرىغان ھۆكۈمەت ھەقىقىي ئىسلاھاتنىڭ ئەمدىلا باشلىنىۋاتقانلىقىنى، يېڭى چەت ئەل تەشكىلاتلىرىنىڭ چاقىرىلمىغانلىقىنى، پات ئارىدا دۆلەت خەزىنىسىنىڭ تولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، قەرزلەردىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى، بارلىق ھامىيلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۆز مەكتەپلىرىنى، دوختۇرخانىلىرىنى قۇرىدىغانلىقىنى، تەبرىزدىكى بىزگە خەۋپ سېلىپ تۇرغان چار پادشاھ ئەسكەرلىرىنى كېتىشكە مەجبۇر قىلىدىغان زامانىۋى ئارمىيىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاھالىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئىران مۆجىزە كۈتەتتى ۋە تېزلا بۇ مۆجىزىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

# قىرىق بەشىنچى باب

تۇنجى مۆجىزىنى پازىل ماڭا خۇشال ھالدا مەلۇم قىلدى:

— ئۇنىڭغا قارا! مەن ساڭا ئۇنىڭ باسكېرۋىلغا ئوخشاش بولۇشىنى ئېيتقانىدىم!

ئۇ بىز بىلەن سالاملىشىشقا يېقىنلىشىۋاتقان، ئىرانىنىڭ يېڭى باش خەزىنىچىسى مورگان شۇستېر ھەققىدە سۆزلەۋاتاتتى. بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قىزۋىن يولىغا چىققانىدۇق. ئۇ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن پوچتا ھارۋىسىدا كەلگەنىدى. ئۇ راستىنلا باسكېرۋىلغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى: خۇددى ئاشۇ كۆزلەر، ئاشۇ بۇرۇن، پاكىز قىرىلغان ئېڭەكلەر، لېكىن يۈزى بىرئاز يۇملاق، خۇددى باسكېرۋىلغا ئوخشاش مەللە چاچلىرىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ تارىغان، خۇش مۇئامىلىلىك، دادىل...

بىزنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىمىز ئۇنى خىجالەتكە سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ بۇنى چاندۇرماسلىققا ئۇرۇندى. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق يات يۇرتقا كېلىپ قالغان كىشى بۇنداق ھالەتكە، ھەممىسىنىڭ كۆزىتىش نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى دەسلەپكى كۈنلىرى ئەنە شۇنداق سىنچىلاپ كۆزىتىش ۋە سىناش تەلەپپۇزىدىكى سوئاللار بىلەن ئۆتتى. بۇ سوئال ۋە كۆزىتىشلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ غەرەزلىك بولغانلىقىمۇ شۈبھىسىز. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەر بىر گېپى، ئەلۋەتتە پىنھان مىش - مىش پاراڭلارغا سەۋەبچى بولاتتى، بەزىدە ماختىلاتتى ياكى تەنقىد قىلىناتتى.

ئۇ كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، بەزى كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارمۇ

يۈز بەردى، يەنى ھەر كۈنى تەبرىكلەشكە كەلگەن يۈزلەپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭدىن ئەنگلىيە ۋە چار روسىيە ئەلچىخانىلىرىغا بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىنى سورايدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى.

بۇ سوئالغا ئۇ مۇجمەل جاۋاب بەرگەچكە، سوئال تېخىمۇ كۆپ تەكرارلىنىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن شۇستېرنىڭ بۇ جاۋابى ئاممىۋىيلىشىپ، بازارلاردا: «ئامېرىكىلىق يېڭى باش خەزىنىچى چەت ئەل ئەلچىخانىلىرىغا دوستانە قەدەم تەشرىپ قىلىشى لازىممۇ - يوق؟» دېگەندەك قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولۇشقا باشلىدى. چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى بولسا ئۆزلىرىنى كەمسىتىلگەن ھېسابلاپ، شۇستېرنى ئوقۇرى ئۇستۇن دەپ ئەيىبلەشكە باشلىدى، نەتىجىدە، ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

شۇستېرنىڭ ئىرانغا كېلىشىگە ئاساسلىق سەۋەبچى بولغان پازىل بۇنداق دىپلوماتىك سۈركىلىشلەردىن باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ئىشقا خېلى زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مەندىن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم قىلىشىمنى سورىدى.

شۇنداق قىلىپ، يۇرتدىشىمنىڭ — شۇستېرنىڭ ھۇزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدىم. شۇستېرنىڭ مەھكىمىسى ئاق تاشتىن سېلىنغان، ئوتتۇز ئېغىز ئۆينىڭ يېرىمى شەرقچە، يېرىمى ياۋروپاچە جاھازلانغان، گىلەملەر ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن بېزەلگەن ئىنچىكە تۈۋرۈكلۈك ئايۋانلىرى كۆل سۇلىرىدا چايقىلىپ تۇرغان ئاتابېك سارىيىغا جايلاشقانىدى. ساراي ئەتراپىدا چوڭ باغ بولۇپ، باغ ئارىلاپ بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى، سالقىن بۇ باغ ھەقىقىي پارس جەننىتى بولۇپ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى شەھەر شاۋقۇنلىرىنى بېسىپ تۇراتتى. تېھراندىكى ئەڭ گۈزەل جايلارنىڭ بىرى بولغان بۇ باغ ۋە بىنا ئىلگىرى سابىق باش ۋەزىرگە تېگىشلىك بولۇپ، كېيىنچە ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولغان باي بىر سودىگەر تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ۋە ئۇ ئىلتىپات يۈزىسىدىن ئۇنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىختىيارىغا بەرگەنىدى.

شۇستېر مېنى ھويلىدا كۈتۈۋالدى. بۇ قېتىم ھاردۇقى چىققان شۇستېر كۆزۈمگە خېلى ياش كۆرۈندى. ئۇ ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، تېخى نەۋقىران يىگىتتەك كۆرۈنەتتى. مەن ۋاشىنگتون بۇ يەرگە ھەزرىتى پاستورغا ئوخشايدىغان تاقىرباش بىر كىشىنى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم.

— مەن سىز بىلەن ئەلچىخانىلار ئارىسىدىكى سۈركىلىش ئىشى ھەققىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلدىم.

— شۇنداقمۇ، سىزمۇ مۇشۇ مەسىلىگە باش قاتۇرۇۋاتامسىز؟

— سورىدى ئۇ بىر ئاز ساراسىمىگە چۈشۈپ.

ئۇ بۇ مەسىلىگە ناھايىتى قىزىقىۋاتقاندەك سۆزلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاشقا باشلىدى.

— سىز بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارالىق جاڭجالغا سەۋەب بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئويلىدىڭىزمۇ - يوق، بىلمەيمەن. بىراق بىزنىڭ ھازىر تۇرلۇك پىتنىلەر دىيارىدا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇمىساڭىز بولاتتى،— دېدىم مەن گەپنى پوسكاللىسىدىن باشلاپ.

— مەن ھېچقانداق پىتنىگە ئارىلاشماقچى ئەمەسمەن، — ئۇ كۇلۇپ قويدى ۋە بىردىنلا چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — جانابىي لېبساج بۇ يەردە گەپ خەلقئارالىق جاڭجالدا ئەمەس، ئاددىي ئىنسانىي ئەخلاق قائىدىلىرى ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىشتىن بۇرۇن بۇ دۆلەتكە كەلگەن بارلىق چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى توغرۇلۇق خېلى كۆپ ئەھۋال ئۇقۇشتۇم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەجرىبىلىك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولسىمۇ، بىراق، ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىپ قىلچىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. خوش، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغىنىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تورىغا ئىلىنىپ قالغان، ھازىر شۇ تورغا مېنىمۇ ئىلىندۇرماقچى. مەن ئىران پارلامېنتى تەرىپىدىن باش خەزىنىچى قىلىپ تەيىنلەندىم. دېمەك، مەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى مەلۇم قىلىپ شاھنىڭ ياكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ھۇزۇرىغا قەدەم تەش-

رىپ قىلسام، بۇنى ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم ھېسابلايمەن. مەنمۇ ئامېرىكىلىقمەن، دېمەك، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا بىمالال بېرىپ، جانابىي رۇسسېلنى كۆرۈپ كېلىشىم مۇمكىن. بىراق، نېمىشقا مېنى رۇس، ئىنگلىز، بېلگىيە ياكى ئاۋستىرىيە ئەلچىخانىلىرىغا بېرىشقا مەجبۇر قىلىشىدۇ؟ بۇنى ھازىر سىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن. چۈنكى، ئۇلار ھەممىگە، پۈتۈن دۇنياغا، ھەتتا پارسلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇۋاتقان بىزدەك ئامېرىكىلىقلارغىمۇ، تۇرلۇك توسالغۇلارغا قارىماستىن، مېنىڭ زىممەمگە بۇ ئىغىر ۋەزىپىنى يۈكلىگەن پارلامېنتقىمۇ مورگان شۇستېرنىڭ ئاددىي بىر چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇشماقچى. بۇ يەرگە كەلگەن بىرىنچى كۈنلا چەت ئەل ۋاكالەتخانىلىرىدىن ماڭا تەكلىپلەر يامغۇردەك ياغدى. دىپلوماتلارنىڭ ناھايىتى نازۇك تەبىئەتلىك، مېھماندوست ۋە ياخشى تەربىيە ئالغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىمەن. ئۇلار مەن چۈشىنىدىغان تىللاردا سۆزلىشىدۇ، مەن ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارغا قىزىقىشىدۇ. مەن بۇ يەردە قارتا ئويۇنلىرىدا، چاي ئىچىشلەردە، تىنىمسىز مۇسابىقىلەرگە، ئات مىنىپ سەيلە قىلىشلارغا، نىقابلىق ئويۇنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزۈمنى بەختلىك ياشاۋاتىمەن دەپ ئويلىشىم مۇمكىن. ئۈچ يىلدىن كېيىن بولسا، ئۆيۈمگە خۇشال، ئىسسىقتىن قارايغان ھالدا، باي بولۇپ قايتىپ كېتىشىممۇ مۇمكىن. بىراق مەن بۇ يەرگە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىممۇ، جانابىي بېنجامىن!

ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى. قانداقتۇر بىر قول، ئېھتىمال خوتۇن كىشىنىڭ قولى بولسا كېرەك، ئاستاغىنە مېھمانخانا ئىشىكىنى يېپىپ قويدى. ئۇ بۇنى سەزمەستىن گېپىنى داۋام قىلدى:

— مەن بۇ يەرگە ئىنىق بىر ۋەزىپە بىلەن، يەنى ئىران مالىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم. بۇ يەرگە پارسلارنىڭ ئامېرىكا مۇئەسسەسەلىرىگە، ئادەملىرىمىزگە، ياخشى نىيەتلىرىمىزگە بولغان ئىشەنچىنى ئاقلاش نىيىتىدە كەلدىم. پارسلارنى بۇ

نىيىتىمگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قاراشقا كۆشكۈرتىۋاتقان كىشى-
لەرگە ساپ ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويماقچىمەن.
مەن خىرىستىيان مىللەتلىرىنىڭ ۋەكىلىمەن، جانابىي لىبساج،
بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك گەپ. لېكىن بۈگۈن پارسلار
خىرىستىيان مىللەتلىرى ھەققىدە قانداق تەسەۋۋۇرغا ئىگە؟ ئۆز-
لىرىنى ھەقىقىي خىرىستىيانلار دەپ ھېسابلايدىغان ئىنگلىزلار نې-
مىشقا ئۇلارنىڭ نېفىتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىشىدۇ؟! ھەقى-
قىي خىرىستىيان ھېسابلانغان رۇسلار بولسا تۈرلۈك قائىدە - قا-
نۇنلارنى چىقىرىپ، بۇ يەردە پارسلارنى ئۆز ئىرادە - خاھىشلىرىغا
بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى يالغانمۇ؟ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇن-
لىشىۋالغان خىرىستىيانلار كىملەر زادى؟ ئۇلار ھىيلىگەر -
ئالدامچىلار، بېزەڭلەر، دىنىدىن قايتقانلار ۋە كازاكلاردىن ئىبارەت
دېسەم مۇبالىغە بولماس! خوش، شۇنداق ئىكەن، ھازىر پارسلار بىز،
يەنى ئامېرىكىلىقلار ھەققىدە قانداق پىكىردە دەپ ئويلايسىز؟ بىز
ئۇلار بىلەن قانداق دۇنيادا بىرگە ياشىماقچىمىز؟ ئۇلارغا بىزنىڭ
قوللىرىمىز ياكى دۈشمەنلىرىمىز بولۇشنى تەكلىپ قىلىشىمىز
كېرەكمۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار بىزگە تەڭ كېلەلەيدىغان شەرقلىقلەر
بولالامدۇ؟ بەختىمىزگە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە ئىشىنىدىغان
كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. بىراق، ئۇلار ياۋروپالىقلارنى ئىبلىسلار
ھېسابلاپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قاچانغىچە ئاغزىغا
ئۇرۇپ يۈرۈشىدۇ؟ ئىراننىڭ كېلەچىكى قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىزنىڭ
خۇلقىمىزغا، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە، ئۇلارغا كۆر-
سىتىۋاتقان تەسىرىمىزگە باغلىق. باسكېرۋىلنىڭ ئۆلۈمى نۇرغۇن
چەت ئەللىكلەرگە كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىتىپ قويدى. مەن
ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمەن، لېكىن سىزنى ئىشەندۇرۇپ ئېي-
تىمەنكى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتىشنى خالايمەن. مەن
ئاددىيغىنا، ۋىجدانلىق ئىنسان بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئىراندا
بولسا، خۇددى ئامېرىكىغا خىزمەت قىلغاندەك چىن دىلىم بىلەن
خىزمەت قىلماقچىمەن. مېنىڭ نىيىتىم، بۇ يۇرتنى تالان - تاراج

قىلىش ئەمەس، بەلكى گۇللەپ ـ ياشنىتىش ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىشتۇر. مەن ئىران باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ھۆرمەت قىلىمەن،
ئۇلارغا ساپ ۋىجدانىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن، لېكىن بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى تىز پۈكمەستىن، ئۇلارغا تەزىم بەجا كەلتۈرمەستىن
بېجىرمەكچىمەن.

كۆزلىرىمگە بالىلارچە سۆيۈنۈش ياشلىرى تولدى. شۇستېر
گېپىدىن توختىدى، ماڭا سىناش ۋە ئەجەبلىنىش نەزىرىدە تىكىل-
دى، ئاندىن قوشۇپ قويدى:

ــ ئەگەر گەپ قىلىش ئاھاڭىم، سۆزلىرىم قاتتىق كەتكەن
بولسا، مېنى كەچۈرۈڭ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇ-
رۇپ دېدىم:

ــ ياق، مېنى خاپا قىلمىدىڭىز، جانابىي شۇستېر، مېنى
بىر ئاز ھاياجانلاندۇرۇپ قويدىڭىز، خالاس. مەن گەپلىرىڭىزنى پارس
دوستلىرىمغا يەتكۈزىمەن. ئۇلارمۇ مەندىن كەم ھاياجانلانمىسا كې-
رەك.

شۇستېرنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ، باھارىستانغا چاپتىم. ئۇ
يەردىن پازىلنى تېپىۋېلىشقا ئېشىنەتتىم. ئۇنى يىراقتىن كۆرۈش
بىلەنلا توۋلىدىم:

ــ پازىل، مەن يەنە بىر مۆجىزە كۆردۈم!

13 ـ ئىيۇل كۈنى پارس پارلامېنتى مورگان شۇستېرغا تولۇق
ئاۋاز بىلەن دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى قايتا تۈرغۇزۇش ۋەزىپە-
سىنى تاپشۇردى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ۋەزىرلەر كېڭىشىنىڭ
مەجلىسلىرىگە قاتنىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشتى.

بۇ ئارىدا بازار ئەھلى ۋە ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنى يېڭى بىر
مىش ـ مىش گەپ تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. كىمدۇر بىرى «مور-
گان شۇستېر پارس دىنىي مەزھەپلىرىدىن بىرىنىڭ ئەزاسىمىش»
دېگەن ئۈسەكنى تارقاتتى. بۇ گەپ بىمەنە تۇيۇلسىمۇ، ئۇنى تارقات-
قۇچىلار پاشىدىن پىل ياساپ، مىش ـ مىش گەپنى راست دەپ

سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇلارچە، بۇگۈن ـ ئەتە ئىچىدە ھەممە ئامې-رىكىلىقلار خالايىققا شۇبھىلىك كىشىلەر بولۇپ كۆرۈنۈشى لازىم ئىدى. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە باش خەزىنىچى-نىڭ ئالدىغا باردىم. تونجى ئۇچرىشىشىمىزدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئوت-تۇرىمىزدا ئىللىق، سەمىمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانىدى. ئۇ مې-نى ئاددىيلا «بىن» دەپ ئاتايتتى، مەن بولسام ئۇنى «مورگان» دەپ چاقىراتتىم. ئۇنىڭغا مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلدىم.

— پاراڭلارغا قارىغاندا، سىنىڭ خىزمەتچىلىرىڭ ئارىسىدا با-بىيلار ياكى باھائىيلار بارمىش. بۇنى ماڭا پازىل دەپ بەردى. باھا-ئىيلار يېقىندا ئامېرىكىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ پائال تەشكىلاتىنى قۇرغانمىش. بۇ يەردىكى ئامېرىكىلىق ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى با-ھائىيلارمىش ۋە ئۇلار دۆلەت مالىيە ئىشلىرىغا ياردەملىشىش باھا-نىسىدا بۇ يەرگە ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كەلگەنمىش...

مورگان بىر ھازا ئويغا چۆمۈپ قالدى، ئاندىن دېدى:

— مەن بۇ سوئالىڭنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمىغا جاۋاب بې-رەي. ياق، مەن بۇ يەرگە كىمگىدۇر ئەقىل ئۆگىتىش ياكى ئېتىقا-دىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەڭ زۆرۈر ئىش — پارسلارنىڭ مالىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغىلى كەلگەنمەن. ئاخباراتىڭ ئۈچۈن قوشۇپ قوي، مەن باھائىي ئەمەسمەن، ئەلۋەتتە. بۇنداق مەزھەپنىڭ بارلىقى ھەققىدە بولسا بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى پروفېسسور بروۋنىنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بىلگەنىدىم. بۇنىڭدىن باشقا بابىيلار كىم، باھائىيلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەي-مەن. ئىدارەمدىكى ئون بەشكە يېقىن خىزمەتچىلەر ھەققىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەممىسى بىلىدۇكى، ئۇلار بۇ يەرگە مەن كېلىشتىن ئىلگىرىلا كەلگەن. مەن ئۇلارنىڭ ئىشىدىن قانائەتلە-نىۋاتىمەن، بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى. بولۇپمۇ، ئۆز خىزمەتچىلىرىم ھەققىدە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ياكى گالىس-تۇكلىرىنىڭ رەڭگىگە قاراپ خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلەنمىگەنمەن.

— پىكرىڭگە قوشۇلىمەن. مەنمۇ ئەنە شۇنداق پىكىردە. بىراق، بىز ئىراندا تۇرۇۋاتىمىز. بىزنىڭ دۇنيا قارىشىمىزنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك. مەن ھازىرلا يېڭى مالىيە ۋەزىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كەلدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بوھتانچىلارنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتچىلەردىن ئەڭ بولمىغاندا بىر نەچچىسىنى قايتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىكەن.

— مالىيە ۋەزىرىمۇ بۇ گەپكە ئىشىنىپتىمۇ؟

— سەل جىددىيلىشىپ قاپتۇ. بولۇپمۇ ئۇ بۇ ساھەدىكى ئىشلارنىڭ جايىدا بولماي قېلىشىدىن قورقۇۋاتىدۇ. شۇڭا سېنىڭ ھۆزۇرۇڭغا كەلگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتىدۇ.

— سېنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشىڭنى كېچىكتۈرمەكچى ئەمەسمەن. ئۇنىڭغا مېنىڭ نامىمدىن بىرەرمۇ خىزمەتچىنى قايتۇرۇۋەتمەيدىغانلىقىمنى، بۇ مېنىڭ قەتئىي پىكرىم ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قوي.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنى پىكرىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇندۇم:

— مورگان، بۇ جاۋابىڭ ئۇنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم يوق!

— خوش، يەنە نېمە دەي؟ ئەمىسە مېنىڭ نامىمدىن ئۇنىڭغا: «جانابىي مالىيە ۋەزىرى، ئەگەر باغۋەنلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئېنىقلاشتىن باشقا ئىشىڭىز بولمىسا، مورگان ۋاقتىڭىزنى بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئەھمىيەتلىك مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئەۋەتىشى مۇمكىن»، دەپ ئېيت.

ئەلۋەتتە، مورگاننىڭ بۇ گەپلىرىنى مالىيە ۋەزىرىگە بېرىپ ئېيتمىدىم. بىراق، ئەگەر ئىمكانىيەت تۇغۇلسىلا، ئۇنىڭغا بۇلارنى سۆزمۇ سۆز يەتكۈزۈشكە ئىشەنچىم كامىل. چۈنكى، ھەممە گەپ ئۇچۇق - ئاشكارا ئېيتىلسا، بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەجابىي تەسىر كۆرسىتىشى ئېنىق.

بىر كۈنى شېرىن بۇ مەسىلىدە ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ قالدى:

— شۇستېر بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى جەمئىيىتىمىز خېلى ساپلىشىپ قالغاندەك بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى بىرەر مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋۇجۇتقا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن نەچچە ئەسىر كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئادەم پەيدا بولدى - دە، مۆجىزە يۈز بەردى، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرمۇ كۆكلەشكە باشلىدى. بۇ ئادەم ماڭا يۇرتىمىزنىڭ ئادەملىرىگە بولغان ئىشەنچىمنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ ئادەملەرگە ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. ئۇ بوھتانلارنى، شۇبھىلەرنى تەن ئالماي، ئادەملەردە ئىنسانىيلىق قەدىر - قىممەتنى قايتا شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكى مومايلارنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟

# قىرىق ئالتىنچى باب

1911 ـ يىلى پۈتۈن ئىرانلىقلارنىڭ تىلىدا مانا مۇشۇ «غەيرەتلىك ئامېرىكىلىق» ماختىلاتتى، دېسەم مۇبالىغە بولماس. ئۇ ئۆزىنى ھەممە ئىشقا مەسئۇلدەك ھېس قىلاتتى، ئابرۇي ـ ئىناۋىتى كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. گېزىتلەر ئۇنىڭ ھەر بىر يېڭى قەدىمىنى كۆتۈرەڭگۈ روھتا ماختىشاتتى، بەزىدە ئۇ ئۆزى گېزىت مۇھەررىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆز لايىھەلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلاردىن ئايرىم ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەسلىھەت سورايتتى.

ئەڭ مۇھىمى شۇنىڭدا ئىدىكى، ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇرەككەپ ۋەزىپىلەر ئاستا ـ ئاستا ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىۋاتاتتى. سېلىق تۈزۈمىنى قايتا تۈزۈشتىن ئىلگىرى شۇستېر دۆلەتنىڭ مالىيەسىنى ئىزغا چۈشۈرۈۋالدى. بۇ مەسىلە ھەرقانداق ئوغرىلىق ۋە تالان ـ تاراجلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولى بىلەن ئاددىيلا ھەل قىلىندى. ئۇ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى ئەمەلدارلار، شاھزادىلەر، ۋەزىرلەر ياكى مەسئۇل دائىرىلەر دۆلەت خەزىنىسىگە چېكىدىن ئاشقان تەلەپلەرنى قويۇشاتتى، خەزىنە خىزمەتچىلىرى بولسا ئۆز مەنسىپىدىن ياكى ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ تەلەپلەرنى بېجىرىشكە مەجبۇر ئىدى. مورگان باش خەزىنىچى بولۇپ تەيىنلىنىش بىلەنلا، بۇنداق غەيرىي قانۇنىي خىراجەتلەرگە چەك قويۇلدى. يېقىندىلا سادىر بولغان بىر ۋەقە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

17 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ۋەزىرلەر كېڭىشىدە شۇستېردىن ئۆتۈنۈش تەلەپنامىسىدا تېھران ھەربىي قىسىملىرىغا

مائاش تارقىتىش ئۈچۈن 42 مىڭ تۈمەن پۇل تەلەپ قىلىندى.

— ئەگەر بۇ پۇل بېرىلمىسە، قوشۇنلار ئارىسىدا ئىسيان كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى باش خەزىنىچىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ! — دېدى ئەمىرى ئەزەم، يەنى ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى سۆزگە چىقىپ.

شۇستېر سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— جانابىي ۋەزىر بۇنىڭدىن ئون كۈن ئىلگىرى شۇنچىلىك مىقداردىكى مەبلەغنى ئالغانىدى. ئۇنى نېمىگە سەرپ قىلدىڭىز؟

— مەن ئۇنى كېچىكتۈرۈلگەن مائاشنىڭ بىر قىسمىنى بېرىش ئۈچۈن ئىشلەتتىم، ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئاچ قېلىۋاتىدۇ، ئوفىتسېرلار قەرزگە پېتىپ كېتىۋاتىدۇ، ۋەزىيەت ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر!

— جانابىي ۋەزىرنىڭ شۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسىنىڭ سەرپ قىلىنغىنىغا ئىشەنچى كامىلمۇ؟

— ھەتتا بىر يارماقمۇ قالمىدى!

شۇ چاغدا شۇستېر ھەر خىل مەلۇماتلار يېزىلغان كىچىك دەپتەرنى چىقىرىپ، ئەتەيلەپ سىنچىلاپ ئوقۇدى ۋە ۋەزىرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— بۇنىڭدىن ئون كۈن ئىلگىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلگەن بارلىق مەبلەغلەر جانابىي ۋەزىرنىڭ شەخسىي ھېسابىغا چۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن بىر تۈمەنمۇ سەرپ قىلىنمىغان. مەندە بۇ پۇلنى ئالغان خەزىنىچىنىڭ ئىسمى ۋە ئالغان پۇل سانى يېزىپ قويۇلغان.

ئەمىرى ئەزەم ھەيۋەتلىك، سېمىز گەۋدىسىنى كۆتىرىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، كەسپداشلىرىغا قەھرلىك نەزەر تاشلىدى:

— مېنىڭ ۋىجدانىمنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەكچىمۇسىلەر؟

— ئۇنىڭغا ھېچكىم چىش يېرىپ جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلمىدى. ئۇ زالغا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

— قەسەم ئىچىپ ئېيتىمەنكى، شۇنچە پۇلنىڭ مېنىڭ ھېسابىمغا كىرگەنلىكىدىن بىخەۋەرمەن.

بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانغۇچىلار چىقتى ۋە ھەربىي ۋەزىرلىكىنىڭ خەزىنىچىسىنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىش قارار قىلىندى. شۇستېر بارلىق كېڭەش ئەزالىرىدىن زالدىن چىقىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

خەزىنىچىنىڭ كېڭەشكە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر كېلىشى بىلەنلا، ھەربىي ۋەزىر ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇلار تاشقىرىدا ئۇچرىشىپ، بىر ھازا شىۋىر - شىۋىر قىلىشقاندىن كېيىن، ئەمرى ئەزەم كۈلۈمسىرىگىنىچە كەسپداشلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى.

— بۇ لەنىتى خەزىنىچى مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ياخشى چۈشەنمەپتۇ. ئۇ ھېلىغىچە قوشۇنلارغا مائاش تارقاتماپتۇ، ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپتۇ.

مەسىلە تەستە بىر تەرەپ قىلىندى، بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ دۆلەتنىڭ مەنسەپدارلىرى ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەزىنىنى تالان - تاراج قىلىش قىلمىشلىرىغا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇشتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن نارازى ئەمەلدارلارمۇ تېپىلاتتى، بىراق ئۇلار بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپى، ھەتتا ھۆكۈمەت ئەزالىرى، بارلىق خىزمەتچىلەر، ئەسكەرلەرمۇ خۇددى چەت ئەل ۋە پارس دىپلوماتلىرىغا ئوخشاش تارىختا تۇنجى قېتىم مائاشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئالىدىغان بولۇشقانىدى. ھەتتا خەلقئارا سودا ئىدارىلىرىمۇ شۇستېر بەرپا قىلغان مۆجىزىلەرگە ئىشىنىشكە باشلىدى. جۈملىدىن، لوندونلۇق بانكىرلار، ئاكا - ئۇكا سىلىگمانلار ھېچقانداق قوشۇمچە شەرتلەرنى قويماستىن، ئىرانغا تۆت مىليون فوندستېرلىڭ قەرز بېرىشكە رازى بولدى. ئىلگىرى بۇنداق خەلقئارالىق قەرزلەر، ئادەتتە قەرز ئالغۇچى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى خېلى چەكلىگەن ھالدا بېرىلەتتى. بۇ قېتىم ئىرانغا بېرىلگەن بۇ قەرز باج ۋە باشقا تۆلەملەردىن پۈتۈنلەي خا-

لىي ھالدا، خۇددى تۆلەش قۇدرىتىگە ئىگە، ئىشەنچلىك، قۇدرەتلىك دۆلەتكە بېرىلگەندەك بېرىلدى. بۇ چوڭ غەلىبە ئىدى. ئىراننى تېز پۈكتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا، بۇ قەرزنى بەرگۈزمەسلىك ئۈچۈن تۈرلۈك توسالغۇلارنى قىلىشىپ باقتى.

ئىيۇل ئېيىدا سابىق شاھنىڭ ئىككى ئۈكىسىنىڭ ۋە بىر توپ ياللانما ئەسكەرلەرنىڭ دۆلەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىران تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئەسلىدە رۇس ھۆكۈمىتى بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن، شاھ ئودېسسادىكى مەخسۇس قوغدىلىۋاتقان قارارگاھتىن چىقماسلىقى، ئىرانغا قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلمەسلىكى كېرەك ئىدى. شۇڭا تېزلا بۇ ھەقتە سانكت - پېتېربۇرگقا ئۈچۈر يوللاندى. پېتېربۇرگدىكى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بولسا سابىق شاھنىڭ ئۆزلىرىنى خەۋەرلەندۈرمەستىن ساختا پاسپورت بىلەن يولغا چىققانلىقىنى، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئىچىملىك سۇ، دەپ يوشۇرۇنچە تۇڭلارغا قاچىلاپ ئېلىپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىسيانكار ھەرىكىتى ئۈچۈن رۇس ھۆكۈمىتى ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، سابىق شاھ ئودېسسادىكى ئۆز قارارگاھىدىن چىقىپ، ئۇكرائىنا تەرەپتىن ئىرانغا قاراپ بىرنەچچە مىڭ مىل يول يۈردى. ئەسلىدە بۇ قوراللىق يۈرۈشنىڭ چار پادىشاھنىڭ، ئارمىيىنىڭ مەخپىي رۇخستىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قوشۇمچە دەلىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى كۈلكىلىك ئىدى. روسىيە ياش ئىران دېموكراتىيىسىنى ھەر تەرەپلىمە قىسىشنى، ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدىغان ئامال - چارىلەرنى ئىزلەشنى توختاتمايتتى. پارلامېنت شۇستېردىن بۇنداق ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چەت ئەلدىن قەرز ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بىراق بۇ قېتىم شۇستېر ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشىپ ئولتۇرمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئەڭ ياخشى قوراللانغان، يېتەرلىك ئوق - دورا بىلەن تەمىنلەنگەن ھەربىي قىسىمنى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بۇ ھەر-

بىي قىسىمغا جەڭگىۋار ئوفىتسېر ئىبراھىمخان قوماندان قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە سابىق شاھ ئارمىيىسىنى مەغلۇب قىلىپلا قالماستىن، بەلكى چېگرىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە قوغلاپ چىقىرىشقىمۇ مۇۋەپپەق بولدى.

پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنىڭ دۆلەت مەھكىمىلىرى، ئىران زامانىۋى مەملىكەتكە ئايلىنارمۇ؟ دەپ باش قاتۇرۇشاتتى. ئادەتتە، بۇنداق يېڭىلىنىشقا كۆپ يىل سەرپ قىلغاندا ئاندىن ئېرىشكىلى بولاتتى. تېھراندىكى ۋە چەت ئەلدىكى نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەرنىڭ پىكرىچە، پەقەت مۆجىزىكار شۇستېرلا بۇنى تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئابرۇيى باش خەزىنىچىنىڭ دەرىجىسىدىن خېلى ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ پارلامېنتنى سابىق شاھنى قانۇنىنىڭ سىرتىدىكى شەخس، دەپ قارار چىقىرىشقا، شاھ ۋە ئۇنىڭ ئۇكىلىرىنى تۇتقان كىشىلەرگە كۆپ مىقداردا مۇكاپات بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقارغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ قارار سابىق شاھنىڭ پۇقرالارنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم بولۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى چار پادىشاھنى قەبىھ نىيىتىدىن قايتۇرالمىدى. ئۇ ئىراندا شۇستېرنى بىر تەرەپ قىلماستىن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇنى بۇ دۆلەتتىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىش كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن ماجىرا، ناھايىتى چوڭ ماجىرا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم!

شۇنداق قىلىپ بۇ ماجىرانى تەشكىل قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر چاغلاردا تەبرىزدە كونسۇل بولۇپ ئىشلىگەن، ئەمدىلىكتە تېھراندا باش ئەلچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان پاختانوۋنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

ھەرقانداق ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بەزىدە بارلىق ئۇيات ـ ئەندىشىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى، ۋەزىيەتكە بېقىپ تىنماستىن باھانە تېپىشنى، بەزىدە كىملەر بىلەندۇر تىل بىرىكتۈرۈشنى، جەمي ھەرىكەتلەرنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشنى

تەلەپ قىلاتتى.

پارىس پارلامېنتى ئىسيانغا قاتناشقان سابىق شاھنىڭ ئاكا - ئۇكىسىنىڭ مال - مۈلۈكىنى دۆلەت ھېسابىغا مۇسادىرە قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئورۇنداشمۇ ئىشلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان، ھەرقانداق ئىشنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بېجىرىپ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتقان شۇستېرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. شۇستېرمۇ بۇ ئىشنى رەسمىي ۋە قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا بېجىرىشكە بەل باغلىدى. گەپ شاھنىڭ ئائىلىسىگە مەن-سۇپ بولغان، ئاتابېك سارىيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان، «سەلتەنەت قۇياشى» دەپ نام ئالغان شاھزادىنىڭ قەسرىنى مۇسادىرە قىلىش ھەققىدە بولدى. شۇستېر بۇ ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن رەسمىي رۇخسەتنامىلىرى بولغان بىر گۇرۇھ خىزمەتچىلەرنى ۋە ساقچىلار-نى ئەۋەتتى. ئۇلار قەسىرگە بېرىپ، رۇس ئەلچىخانىسىنىڭ ئو-فىتسېرلىرى باشچىلىقىدىكى بىر توپ كازاكلارغا دۈچ كەلدى. ئۇلار قەسىرگە كىرىشكە رۇخسەت بەرمەي، بۇ يەردىن تېزراق قاي-تىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشتى.

شۇستېر بۇ ماجىرانى ئاڭلاپ، ئۆز ياردەمچىلىرىدىن بىرىنى رۇس ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتتى. ئۇ پاختىنوۋ تەرىپىدىن قوبۇل قى-لىنىپ، تەھدىت ئارىلاش ئېيتىلغان تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىدى: «؟سەلتەنەت قۇياشى؟نىڭ ئىگىسى، شاھزادىنىڭ ئانىسى مەلىكە چار پادىشاھقا خەت يېزىپ، ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئې-لىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە بۇ ئىلتىماس قوبۇل قىلىنغان. شۇڭا ھازىر ئۇلار چار پادىشاھنىڭ پاناھىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىمۇ دەخلىسىزدۇر».

شۇستېر ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ئەجەبا، ئىراندا يا-شاۋاتقان چەت ئەللىكلەر جىنايى ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەت قانۇنى ئالدىدا جاۋاب بەرمەسلىكى كېرەكمۇ؟ ئەجەبا، پارىس ۋەزىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل چار پادىشاھنىڭ ھامىيلىقىدا بولغانلىقى ئۈ-چۈنلا جاۋابكارلىقتا تارتىلماسلىقى كېرەكمۇ؟ ئاخىر، بۇ بارلىق

دۆلەتلەردە تەن ئېلىنغان ئىنسانىي قائىدىغۇ! ئەگەر بۇ قائىدىگە
رىئايە قىلىنمىسا، ئەتە - ئۆگۈن بارلىق جىنايەتچى پارسلار ئۆز
مال - مۈلكىنى، ھاياتىنى چەت ئەللىك ھۆكۈمدارلارنىڭ پاناھىغا
ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتتە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بارلىق قانۇنلارنى ئاياغ ئاستى
قىلىشى مۇمكىن. ئاخىر بۇنداق قانۇنسىز ھەرىكەت پۈتۈنلەي بىمە-
نىلىكقۇ!

بىراق شۇستېر بۇنداق بىمەنە توساقلارنى تەن ئېلىشنى خالى-
مىدى. ئۇ ساقچىلارغا قەسىرگە بېرىپ، زوراۋانلىققا يول قويما-
تىن، قەتئىيلىك بىلەن مۇسادىرە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
بۇيرۇدى. بۇ قېتىم پاختانوۋ نېمىشقىدۇر قارشىلىق كۆرسەتمە-
دى. چۈنكى ئۇ زۆرۈر سىياسىي ماجىرالىق ۋەزىيەتكە زېمىن ھا-
زىرلاپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرگەنىدى.

بۇ پىتنە تېزلا ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.
سانكت - پېتېربۇرگدا ئېلان قىلىنغان باياناتتا ئىران ھۆكۈمىتى-
نىڭ بۇ ھەرىكىتى روسىيىگە قىلىنغان تاجاۋۇز، پادشاھ ۋە مەلى-
كىسىنىڭ شەنىگە قىلىنغان ھاقارەت دېيىلدى ۋە تېھران ھۆكۈمىتى-
دىن رەسمىي جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىندى. بېشى قاتقان ئىران
باش ۋەزىرى مەسلىھەت سوراپ، برىتانىيە ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت
قىلدى.

برىتانىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكى ئۆز جاۋابىدا چار پادشاھ-
نىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىرانغا ئەۋەتىش ئۈچۈن
باكۇدا ھەربىي قوشۇنلارنى جەملەۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ھەر ئېھتى-
مالغا قارشى ئۇلتىماتۇمنى قوبۇل قىلىش لازىملىقىنى مەلۇم قىل-
دى.

شۇنداق قىلىپ 1911 - يىلىنىڭ 24 - نويابىر كۈنى ئىران
تاشقى ئىشلار ۋەزىرى يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا رۇس ئەلچىخانى-
سىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئىتائەتكارلىق بىلەن ئەلچىنىڭ
قولىنى سىقىپ، ئۆزرىسىنى بايان قىلدى:

— جانابىي ئالىيلىرى، مېنىڭ ھۆكۈمىتىم ماڭا رۇس ئەلچى-

خانىسى ۋەكىللىرىگە قىلىنغان قوپاللىق ئۈچۈن سىلەردىن ئەپۇ سوراشنى تاپشۇردى.

رۇس ئەلچىسى ئۇنىڭغا ئۇزىتىلغان قولنى قويۇۋەتمەي، تەنە تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى:

— سىزنىڭ ئۆزرىڭىز بىز يوللىغان بىرىنچى ئۇلتىماتۇمغا جاۋاب سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. بىراق مەن سىزگە سانكت - پېتېربۇرگدا ئىككىنچى بىر ئۇلتىماتۇمنىڭ تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىشقا ھەقلىقمەن. مەن ئۇنى ئېلىپلا سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ۋەدە بېجىرىلدى. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، يەنى 29 - نو-يابىر پېشىنغا يېقىن دىپلوماتلار ئىران تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى ئۇلتىماتۇمىنى تاپشۇردى ۋە ئاغزاكى ھالدا بۇ ئۇلتىماتۇمنىڭ لوندون ھۆكۈمىتىنىڭ رازىلىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىش لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

ئۇلتىماتۇم ئىككى قۇردىن ئىبارەت ئىدى:

بىرىنچىسى: مورگان شۇستېرنى مەملىكەتتىن مەجبۇرىي قوغلاپ چىقىرىش.

ئىككىنچىسى: بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالدى بى-لەن رۇس ۋە برىتانىيە ئەلچىخانىلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن، دۆلەتكە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى چاقىرماسلىق.

# قىرىق يەتتىنچى باب

پارلامېنت مەجلىسىدە يەتمىش ئالتە ۋەكىل ئەنسىزلىك بىلەن سۈكۈت ئىچىدە باش ۋەزىرنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سەللىلىك، ئاز بىر قىسمى دوپپا ياكى ئاددىي قالپاق كىيىۋالغانىدى. ئەڭ جەڭگىۋار قىسىم — «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بولسا، ياۋروپاچە كىيىملەردە ئىدى. سائەت ئون بىرلەردە باش ۋەزىر خۇددى جاللاتنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقاندەك مەجلىس مۇنبىرىگە چىقتى. ئۇ تەشۋىشلىك ئاھاڭدا ئۇلتىماتۇمنى ئوقۇدى. لوندوننىڭ چار پادىشاھقا يان بېسىۋاتقانلىقىنى قارىلاپ، ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى ئېلان قىلدى، قارارىدا قارشىلىق قىلماستىن ئۇلتىماتۇمنىڭ شەرتلىرىنى بېجىرىش، شۇستېرنى دۆلەتتىن كەتكۈزۈۋېتىش، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ كەتمەستىن، قايتىدىن ئۇلارنىڭ ھىمايە قىلىشىنى قوبۇل قىلىش بايان قىلىنغانىدى.

ئىراننىڭ بېشىغا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باش ۋەزىر ئۆزىگە مەخسۇس ھوقۇق بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلتىماتۇم مۇددىتىنىڭ توشۇشىغا بىر سائەت قالغانلىقىنى، مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوقلۇقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتقاندا، ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلمايدىغان بۇ مەجلىسكە چاقىرىلمىسىمۇ كېلىپ، مېھمانلار ئۈچۈن قويۇلغان ئورۇندۇقتا گىدىيىپ ئولتۇرغان رۇس ئەلچىسى پاختانوۋغا تىنماستىن قاراپ قوياتتى.

باش ۋەزىر جايىغا ئولتۇرغىنىدا ھېچكىم ئۈنى ئالقىشلىمىدى، ھېچقانداق خىتابلارمۇ ئاڭلانمىدى. مەجلىس زالى نەپەسنى

سقىدىغان ئېغىر سوكۇناتقا چۆكتى.

ئاندىن مۇنبەرگە پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان، شۇستېرنى دائىم قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن بىر ۋەكىل چىقتى. ئۇنىڭ نوتـ قى ناھايىتى قىسقا بولدى:

ــ ئازادلىقىمىز، مۇستەقىللىقىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئاياغ ئاسـ تى قىلىنىشى خۇدانىڭ خاھىشى بولسا كېرەك. بىراق ئازادلىق ھەققىدە ئويلاشنى ھېچقاچان ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

زال يەنە ئېغىر سوكۇناتقا چۆكتى. يەنە كىمدۇر بىرى ئاشۇ مەنىدە قىسقىغىنە سۆز قىلدى. پاختانوۋ مۇغەمبەرلەرچە سائىتىـ گە قاراپ قويدى. باش ۋەزىرمۇ شۇ ھامان زەنجىرلىك يۇملاق ياڭـ چۇق سائىتىنى چىقىرىپ كۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇردى. سائەت ئون ئىككىگە يىگىرمە مىنۇت قالغانىدى. ئۇ ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى يەرـ گە تىرەپ ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنى بېسىشقا ئۇرۇناتتى، يىغىن قاتـ ناشچىلىرىدىن ئۆز تەكلىپىنى ئاۋازغا قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. تۇرلۇك باھانىلەر بىلەن تۆت ۋەكىل مەجلىستىن چىقىپ كەتتى. قالغان يەتمىش ئىككى ۋەكىل بىردەك قارشى ئاۋاز بەردى.

ــ چار پادشاھنىڭ ئولتىماتۇمى قوبۇل قىلىنمىسۇن! شۇسـ تېر ئورنىدا ساقلاپ قېلىنسۇن! ھۆكۈمەتنىڭ قارارى رەت قىلىنـ سۇن!

باش ۋەزىر بۇ خىتابلارنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ۋەزىپىسىدىن ئازاد قىلىنغاندەك ھېس قىلدى ۋە ئۆز كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ھەمراھلىـ قىدا پارلامېنت مەجلىسىدىن چىقىپ كەتتى. پاختانوۋمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سانكت ـ پېتېربۇرگقا ئەۋەتىدىغان تېلېگراما مەزمۇـ نىنى ئالدىقاچان تەييارلاپ قويغانىدى.

چوڭ ئىشكىنىڭ تاقىلداپ يېپىلىشى زالدا ئۆزۈنىچە ئەكس سادا بېرىپ تۇردى. زالدا ئەڭ سادىق ۋەكىللەر قېلىشتى. ئۇلار غەـ لىبە قىلدى، بىراق ھېچكىمدە بۇ غەلىبىنى ئالقىشلاش ئىستىكى يوق ئىدى. ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىدا. دۆلەتنىڭ، ياش ئاساسىي قانۇننىڭ تەقدىرى ئۇلارغا باغلىق. ئەمما، نېمە قىلىش كېرەكلىـ

كىنى، قانداق يول تۇتۇش كېرەكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.
ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى تەرتىپسىز ئۆتۈۋاتقان بۇ مەجلىس بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بالىلارچە ئويۇنغا ئوخشاپ كېتەتتى. ناگان - ناگاندا كىمدۇر ئۇمىدلىك بىرەر پىكىرنى ئېيتىپ قالاتتى، لېكىن تېزلا بۇ پىكىرمۇ بىمەنە دەپ قارىلىپ رەت قىلىناتتى.
— ئامېرىكىدىن ھەربىي ياردەم سورىساقچۇ؟
— ئۇلارمۇ رۇسلارنىڭ دوستلىرى، شۇڭا ھەرگىز ھەربىي ياردەم بەرمەيدۇ. پرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ چار پادشاھنى ياپونلار بىلەن ياراشتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟
— ئاخىر، شۇستېر مۇشۇ يەردىغۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنىمۇ خالىماسمۇ؟
— شۇستېر بۇ يەرگىلا مەشھۇر ئادەم. ئامېرىكىدا ئۇنىڭ نامىنىمۇ بىلمىسە كېرەك. ئامېرىكا رەھبەرلىرى سانكت - پېتېربۇرگ ۋە لوندون بىلەن باغلىق بولغان بۇ ماجىراغا ئارىلاشمايدۇ.
— ئەگەر ئۇلارنى دۆلىتىمىزدە تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قىلىشقا تەكلىپ قىلساقچۇ؟ ئېھتىمال، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، بىزگە ياردەم بېرىشىگە تۈرتكە بولار؟
— بۇمۇ ئېھتىمال. بىراق، ئۇلار بۇ يەرگە ئالتە ئايدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن. رۇسلار بولسا بۇ يەرگە بىر ھەپتىدىن كېيىنلا كىرىپ كېلىدۇ.
— تۈركلەرچۇ؟ گېرمانلارچۇ؟ ياكى ياپونلارچۇ؟ ئۇلار مانجۇرىيەدە رۇسلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن ئىدىغۇ؟
بۇ سۆزلەرنى ياش گېرمانلىق ۋەكىل خۇددى ياپونلار ئۇنىڭغا ئىران تەختىنى ئېلىپ بېرىدىغاندەك قىزىشىپ ئېيتىۋاتقاندا، پازىل ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:
— شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىز ھەتتا ئىسپاھانلىقلارنى چاقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيمىز. ئەگەر بىز جەڭگە كىرىشسەك، بۇ جەڭ پەقەت تېھراندا يۈز بېرىدۇ ۋە بۇ يەرگە جايلاشقان ھەربىي

قىسىملارلا قاتنىششى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق ۋەقە بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى تەبرىزدە يۈز بەرگەنىدى. بۇ قېتىم بىز مىڭ كازاك بىلەن ئەمەس، ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق رۇس ھەربىي قىسىملىرىغا قارشى جەڭ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئەگەر بىز جەڭ قىلساق، غەلىبىگە قىلچە ئۈمىد قىلماستىن جەڭ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

پارىلنىڭ بۇ ئۈمىدسىز گەپلىرى ھەممەيلەننىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولدى. تەبرىز قەھرىمانلىرىدىن بىرى، «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» جەمئىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابىنىڭ بۇ پىكرى ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

يۇرتىمىزدا ئازادلىق، ئەركىنلىك يالقۇنى ئۆچمەيۋاتقان باشقا ۋەكىللەر بولسا ئۆزگىچە پىكىردە ئىدى.

— ئەگەر بىز مەغلۇبىيەت ئۈچۈن جەڭگە كىرسەكمۇ، بۇ كېلەچىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلىنىغان ئاخىرقى جېڭىمىز بولىدۇ. ئىران ھازىرغىچە ئىمام ھۈسەيىن خاتىرىسىنى مۇقەددەس بىلىپ ساقلاپ كەلدى. ئاخىر، ئۇمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنى بىلىپ تۇرۇپ جەڭگە كىرىپ شېھىت بولغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، يېڭىلدى، ئۆلتۈرۈلدى. بىز ئۇنىڭ خاتىرىسىنى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس بىلىمىزغۇ؟ ئىران بۇنىڭغا ئېشىنىش ئۈچۈن قان تۆكۈشكە موھتاج. بىز خۇددى ئىمام ھۈسەيىنىڭ پىكىرداشلىرىدەك يەتمىش ئىككى كىشىمىز. ئەگەر بىز شېھىت كەتسەك، پارلامېنت بىناسى مۇقەددەس سەجدىگاھقا ئايلىنىدۇ، دېموكراتىيە شەرق تۇپرىقىدا يەنە بىرنەچچە ئەسىرلەرگىچە كۆمۈپ تاشلىنىدۇ.

يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. بىراق ئۇلار تىرىك قېلىشتى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى ياكى ساتقىنلىقى سەۋەب بولمىدى. ئەكسىچە ئۇلار شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆردى. خۇددى تەبرىزدىكىدەك پىدائىيلار، بولۇپمۇ «ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى» ھەر تەرەپ-

تىن تويلىنىشقا باشلىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئى-
دى. ئىراننىڭ شىمالىنى ئىگىلىگەن رۇس ئەسكەرلىرى ئەمدى
پايتەخت تەرەپكە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىكە-
تىنى قېلىن ياغقان قارلا بىرئاز ئاستىلىتىپ تۇراتتى.

24 - دېكابىر كۈنى ئىستېپا بەرگەن باش ۋەزىر ھەربىي
كۈچنىڭ ياردىمىدە يەنە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. بۇ ئىشتا ئۇ-
نىڭغا كازاكلار، بەختىيارىيلار قەبىلىسى قوشۇنلىرى، ئارمىيە ۋە
ژاندارمىلار قوشۇنى چوڭ ياردەم بەردى. «پارلامېنت تارقىتىلدى»
دەپ ئېلان قىلىندى. كۆپلىگەن ھۆكۈمەت ئەزالىرى قاماققا ئېلىن-
دى. ئەڭ پائالىيەتچان ئەزالار سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىندى. رويخەت
بېشىدا ئەلۋەتتە پازىل بار ئىدى.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى ھەرىكىتى روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ
ئولتىماتۇمىنى رەسمىي ھالدا قوبۇل قىلىشتىن باشلاندى. مورگان
شۇستېرغا سىلىق تەلەپپۇزدا خەت يېزىلىپ، ئۇنىڭ زىممىسىگە
يۈكلەنگەن باش خەزىنىچىلىك ۋەزىپىسىدىن ئازاد قىلىنغانلىقى
مەلۇم قىلىندى. ئۇ ئىراندا سەككىز ئايلا ئىشلىدى. ئۇنىڭ ھالى-
دىن كېتىپ، جان پىدا قىلىپ ئۆتكۈزگەن بۇ سەككىز ئايلىق پائا-
لىيىتى شەرقنىڭ قىياپىتىنى خېلى ئۆزگەرتىشكە يېتەرلىك بول-
دى.

* * *

1912 - يىلى 11 - يانۋاردا شۇستېر ئىززەت - ئىكرام بىلەن
ئۇزىتىپ قويۇلدى. نەۋقىران شاھ ئۇنى ئەنزەلى پورتىغا قەدەر ئا-
پىرىپ قويۇش ئۈچۈن فرانسۇز شوپۇرى بىلەن ئۆز ئاپتوموبىلىنى
ئاجراتتى. كۆپلىگەن چەت ئەللىكلەر، پارسلار ھويلىغا، يول بويىغا
چىقىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قېلىشتى. مىڭلىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا سە-
مىمىي قول پۇلاڭلاتتى، ئەرلەر، ئاياللار كۆزلىرىگە ياش ئالغان
ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. كىمدۇر بىر ئايال ئۆزىنى تو-

توۋالماي، خۇددى جورىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئۇن سې-لىپ يىغلىدى. ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن تەنتەنىلىك خىتابلار چىق-مايتتى، خەيرلىشىش ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە داۋام قىلاتتى. يولدا كىچىككىنە بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى، خالاس. بىر كازاك ئۇ-نىڭ ئارقىسىدىن تاش ئاتماقچى بولدى، بىراق مەقسىتىگە يېتەل-مىدى.

شۈستېر چۈشكەن ئاپتوموبىل قەزۋىن پورتىدىن يۈرۈپ كې-تىشى بىلەن شېرىنىنىڭ سارىيىغا قاراپ پىيادە يولغا چۈشتۈم.

— روھىڭىز بەك چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ — دېدى ئۇ مېنى كۈ-تۈۋالغاندا.

— ھازىرلا شۈستېرنى ئۇزىتىپ قويۇپ كەلدىم.

— ئاخىر، ئۇ قايتىپ كېتىپتۇ - دە؟

مەن ئۇنىڭ گەپ قىلىش ئاھاڭىدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ پىكرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېيتتى:

— بۈگۈن مەن، ئۇ دۆلىتىمىزگە قەدەم باسمىغان بولسا بوپ-تىكەن، دېگەن ئويغا كەلدىم.

مەن ئۇنىڭغا ھەيران قالغان ھالدا تىكىلىپ قالدىم:

— بۇ گەپنى سەن ئېيتىۋاتامسەن؟

— ھەئە، مەن ئېيتىۋاتىمەن. بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ مەملىكە-تىمىزگە كېلىشىنى ئالقىشلىغان، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى ماقۇللىغان، ئۇنىڭ قىياپىتىدە يۇرتىمىزغا يېڭىلىق ئېلىپ كەل-گۈچى ئىنساننى كۆرگەن بولسامۇ، ھازىر ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدا قال-مىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.

— بىراق، ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىرەر گۇناھى يوق. بىراق ئۇ ئىراننى چۈشەنمىدى.

— مەن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— ئۆز شاھىغا قارشى چىققان ۋەزىر، ئۆز ئېرىگە قارشى چىققان خوتۇن، ئۆز ئوفىتسېرىغا بويسۇنمىغان ئەسكەر ئىككى

هەسسە جازاغا لايىق ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ، ئاجىزلارنىڭ ھېچقاچان ھەقلىق بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ رۇسلار ۋە ئىنگلىزلار ئالدىدا پارسلار ئەنە شۇنداق كۈچسىز خەلق. شۇڭا ئىران ئۆزىنىڭ كۈچسىز ئىكەنلىكىنى بۇ خىل شەكىلدە ئاشكارا قىلماستىن، بۇرۇنلا تەن ئېلىشى لازىم ئىدى.

— بۇنداق دۇنيا قاراش مەڭگۈ داۋام قىلىۋەرسە، پارسلارمۇ ئۆزلۈكىنى تونۇپ، زامانىۋى، ئىلغار، ئېتىبارلىق مىللەتلەر بىلەن كېلىشىپ ياشاشنى خالىمىسا قانداق بولغىنى؟ ئاخىر، شۇستېر شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدىغۇ!

— ئەنە شۇ تۇپەيلىدىن مەن ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتىم. بىراق بىزنىڭ بۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ھېچ نەرسە قىلالمىدى، دېيىشكە مەجبۇرمەن. نەتىجىدە دېموكراتىيىمىز بەربات بولدى، زېمىنىمىز يەنە رۇسلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى، چار پادىشاھنىڭ نىيىتىمۇ ئەنە شۇ ئىدى ۋە بۇ بۇگۈنمۇ، ئەتىمۇ ھامان يۈز بېرىدىغان ئەھۋال ئەدى.

— بەختسىزلىك ھەر دائىم كېچىكىپرەك كەلگىنى ياخشى.

— نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ گەپ قىلالايدىغان ئېشىكى ھەققىدىكى لەتىپىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بىر شاھ نەسرىددىن ئەپەندىنى ئېشەك ئوغرىلىغانلىقتا ئەيىبلەپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. ئۇنى قەتل قىلىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئەپەندىم: «بۇ ئېشەك مېنىڭ ھەقىقىي ئۇكام، بىر سېھىرگەر ئۇنى شۇ ئەھۋالغا سېلىپ قويدى. ئەگەر ماڭا ئىشىنىپ بىر يىل مۆھلەت بەرسىڭىز، مەن ئۇنى خۇددى سىز ۋە مەندەك گەپ قىلىشقا، ھەقىقەتنى ئېيتىشقا ئۆگەتكەن بولاتتىم!» دەپتۇ. قىزىقىپ قالغان شاھ: «ناھايىتى ياخشى، لېكىن بىلىپ قوي، ئەگەر بىر يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئېشەك گەپ قىلمىسا، سەن بەرىبىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىسەن!» دەپتۇ. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەپەندىمنى خوتۇنى قارشى ئېلىپ: «بۇنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرىسىز؟

چۈنكى ئېشەك ھېچقاچان گەپ قىلالمايدىغۇ!» دەپ سوراپتۇ. «ھەي خوتۇن، مەنمۇ بۇنى بىلىمەن. بىراق بىر يىلغىچە يا شاھ، يا ئې- شەك، يا مەن ئۆلىمەن. ئۇ يېقىنغا خۇدا بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئە- پەندىم.

مەلىكە بىرئاز جانلىنىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەگەر بىز ۋاقىت جەھەتتە بىر ئاز ئۇتالىغان بولساق، رۇسلار ئېھتىمال بالقاندا ياكى جۇڭگودا ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەن بولارمىدى؟ بولۇپمۇ چار پادىشاھمۇ مەڭگۇ ياشىمايدىغۇ! ئۇمۇ بىر كۈنى ئالەمدىن كۆز يۇمۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال، ئۇ خۇددى ئالتە يىل ئىلگىرىكىدەك يەنە ئۆز يۇرتىدىكى ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلار بى- لەن ئاۋارە بولۇپ كېتەر ئىدى. شۇڭا بىز سەۋر بىلەن كۈتۈشىمىز، ھە- يارلىق قىلىشىمىز، ئۇستىلىق بىلەن تۇرلۇك سىياسىي ھىي- لىلەردىن پايدىلىنىشىمىز، ئۆزىمىزنى بويسۇنغاندەك تۇتۇشىمىز، ئالدىشىمىز، تۇرلۇك نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىشىمىز توغرا بولات- تى، دەپ ئويلايمەن. بىلىسىڭىز، شەرق دانالىقى ئەنە شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇستىبر بىزنى غەربلىكلەرگە خاس قەدەم بىلەن ئالغا باشلىماقچى بولدى، بىراق ئۇ بىزنى پۈتۈنلەي پاتقاققا باشلاپ بار- دى.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ئېيتىپ، ئۆزىمۇ جىنايەتچىگە ئوخشاپ قې- لىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن ئۆزۈمنى تۇ- تۇپ تۇراتتىم. ئۇ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئىران ماڭا دېڭىزدا ئادىشىپ يۈرگەن ئامەتسىز بىر يەل- كەنلىك كېمىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ كېمىنىڭ دېڭىزچىلىرى كېمىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان شامالنىڭ يوقلۇقىدىن دائىم ئاھ — پىغان چېكىشىدۇ. كېيىن خۇدا خۇددى ئۇلارنى جازالىماقچىدەك باشلىرى- غا دەھشەتلىك مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ.

بىز خىياللار قوينىغا غەرق بولۇپ بىر ھازا جىمىپ قالدۇق. كېيىن مەن ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن نوقۇپ:

— شېرىن! — دېدىم.

مەن ئۇنى بىرىنچى قېتىم ئىسمى بىلەن ئاتاۋاتاتتىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا قوچقىمدىن چىقىپ، ماڭا شۈبھىلىنىپ تىكىلدى:

— كەتمەكچىمۇسىز؟

— ھەئە، لېكىن باشقىچە كەتمەكچىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەن سەن بىلەن كېتىشنى خالايمەن.

# قىرىق سەككىزىنچى باب

1912 - يىل 10 - ئاپرېلدا شېربۇرگ پورتىدىن پاراخوتقا
چىقتۇق. لەمەنش بوغۇزىدىكى كۆز يەتمەس ئۇپۇقتا دېڭىز دولقۇن-
لىنىپ تۇراتتى. يېنىمدا گۈزەل يارىم شېرىن، يۈكلىرىمىز ئىچىدە
تەڭدىشى يوق «سەمەرقەنت قول يازمىسى»بار ئىدى. ئەتراپىمىزدا
مىڭلاپ كىشىلەر ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۇمۇلىلەردەك ھەر تەرەپكە
چېپىشاتتى. بۇ مەنزىرە ماڭا يەنە يىراقلاردا قېپقالغان شەرقنى
ئەسلىتەتتى.

«تىتانىك» ناملىق پاراخوتقا چىققان كىشىلەر پۇل - بايلىق،
ئەمەل - مەنسەپ، شۆھرەت - پاراغەت ھەققىدە شۇنچىلىك كۆپ
سۆزلىشەتتىكى، گويا ئادەملەر بۇ غايەت زور كېمىنىڭ نېمە ئۈچۈن
ياسالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆز ئانا ۋەتەنلىرىنى
تاشلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار خۇددى ئۆز يۇرتلى-
رىدا رىزىق - نېسىۋىلىرىنى تېپىشقا ئىشەنمىگەندەك نوقۇل ئامې-
رىكىنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

«تىتانىك» راستىنلا خۇددى پۈتۈن يەر يۈزىدىكى يولۇچىلارنى
يىغىۋېلىشقا كىرىشكەندەك قىلاتتى. ئۇ سۇتگەمپتوندىن ئىنگ-
لىزلارنى، سكاندىنوۋلارنى، كېنستوۋندىن ئىرلاندلارنى، شېربۇرگ-
دىن گرېكلارنى، سۇرىيەلىكلەرنى، ئانادولۇلۇق ئەرمەنلەرنى، يەھۇ-
دىيلارنى ياكى بېسسارابلارنى، سېربلارنى، پارسلارنى چىقىرىۋالدى.
ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى شەرقلىقلەر بولۇپ، ھەرخىل شەكىلدىكى
يۈكلىرىدىن نېرى كېتەلمەيتتى، جىددىيلەشكەنلىكىدىن تېزرەك
مېڭىش ھەققىدە بىرەر يېڭىلىق ئاڭلىنىپ قالارمىكىن، دېگەن ئو-
مىدتە قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇشاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزىدە

نامەلۇم سەرگۈزەشتىلەر ئالدىدىكى ساراسىمە، قانداقتۇر ئۈركۈنۈش ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئەڭ ئىمتىيازلىق، بەختلىك كىشىلەردەك ھېس قىلىشاتتى. ئاخىر، شەرقتىن كېلىپ، ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ زامانىۋى، ئەڭ مۇستەھكەم پاراخوتتا تۇنجى يولۇچى بولۇش ھەممە كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ - دە!

مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتلار جۇش ئۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى پارىژدا تويىمىز بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. مەن شىرىنغا ئۇ ئادەتلەنگەن شەرقچە دەبدەبىلەرگە ماس كېلىدىغان بىنىكاھ ساياھىتى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ كۈننى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكەنىدىم. ئەلۋەتتە، مېنىڭ بۇ نىيىتىمنى بالىلارچە ساددىلىق دەپ كەتكىلى بولمايتتى. شىرىن ئامېرىكىغا بېرىپ ياشىشىمىزغا ئۇزۇن ۋاقىت نارازى بولۇپ يۈردى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئىككىلىنىشى ئىراننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ۋاقتىمىزدىكى كەسكىنلىكىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغلاردا شىرىن مېنىڭ ئارقامدىن ئەگىشىپ يۈرۈشنى مۇتلەق خالىمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلىلا مۇلايىملىشىپ قالغان بولۇپ، مېنىڭچە، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تۇرمۇشقا چىققان شەرق ئاياللىرىغا ئوخشاش تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. شۇ سەۋەبتىن سۆيۈملۈكۈمگە ئۇ تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئالەمدىن گۈزەلراق، چۆچەكسىمان بىر دۇنيا بەخش ئېتىشكە ئۇرۇناتتىم. شۇڭا «تىتانىك»تىكى ساياھىتىمىز ئەنە شۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتىشى لازىم ئىدى. بولۇپمۇ، بارلىق ئادەملەردەك بىزمۇ بۇ سۇ ئۈستىدىكى قەسىردە چۆچەكلەردىن قىزىقراق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتۇق.

جۈملىدىن، بۇ يەردە ئىستانبۇل ياكى قاھىرەدىكى مۇنچىلارغا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان تۈرك مۇنچىسى، پالما دەرەخلىرى تىكىلگەن شەرقچە ئايۋان، ياغاچ ئاتلار، كىچىك تۈگمىسىنى باسسا پىشقىرىپ ماڭىدىغان ئېلېكتىر تۆگىلەر بار ئىدىكى، ئۇلار سەھرادا كېزىپ يۈرۈۋاتقان سەيياھنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىشى مۇمكىن ئىدى.

بىراق، «تىتانىك»تىكى ساياھىتىمىز ئۈنىڭدىكى غەيرىي كۆرۈنۈشلەرنى تاماشا قىلىش بىلەن چەكلەنمىدى. بىز پۈتۈنلەي ياۋروپاچە لەززەتلەردىنمۇ ئۆزىمىزنى يىغالمىدۇق. شېرىن ھاۋارەڭ كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، ئوركىستېر ئىجراچىلىرىنىڭ كۈيلىرىنى ئاڭلايتتى، ئۆزى ئۈچۈن «ھارام» دېگىنىز مەھسۇلاتلىرىدىن تېتىپ كۆرەتتى، 1887 ـ يىلى تەييارلانغان «كوس ـ دېستۇرنېل» ۋىنوسىدىن ئىچىپ، لىئونچە قورۇلغان چۈجە گۆشىدىن لەززەتلىنەتتى.

بىز ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك مىنۇتلار باشلانغانىدى. ئىراندىكى مۇناسىۋەتلىرىمىزدىن پەرقلىق ھالدا، ئەمدى بىز ھېس ـ ھاياجانلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن يوشۇرمايتتۇق.

بۇ يەردىكى سۆيگۈمىز تەبرىزدىكى، زارگاندىكى ياكى تېھراندىكى مەلىكىنىڭ كەڭ ھۇجرىسىنىڭ تۆت تېمى ئىچىدىكى، خىزمەتكارلارنىڭ قىزىقشچان تىكىلىشلىرى ئاستىدا ئۆتكەن ئىشق ـ مۇھەببەت لەززەتلىرىدىن مىڭ ھەسسە لەززەتلىك ئىدى.

ئەمدى بىز بىراۋنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ئەر ـ خوتۇنغا ئوخشاش قول تۇتىشىپ يۈرۈشىمىزگە يات كۆزلەرنىڭ تىكىلىشىدىن لەززەتلىنەتتۇق. كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن تاللىغان ھەشەمەتلىك ھۇجرىمىزغا قايتىشنى خالىماي، كېچىلىرى ئۇزاققىچە سەيلە قىلاتتۇق.

كەچكى سەيلە بىزنىڭ خۇشاللىق دەملىرىمىز ئىدى. تاماقلىنىپ بولۇش بىلەنلا، بىر ئوفىتسېر بىزنى ئۆزىمىز تاللىغان ۋە ئىچىگە «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نى سېلىپ قويغان مۇستەھكەم تۆمۈر ساندۇق ئالدىغا باشلاپ باراتتى. بىز ئۈنىڭدىن قول يازمىنى ئېلىپ، ئوفىتسېرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ، ھۇجرىمىزغا قايتاتتۇق، ئاندىن خۇددى پارىژ قەھۋەخانىلىرىدىكىدەك توقۇلما ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر نەچچە رۇبائىي ئوقۇيتتۇق، ئاندىن لىفت بىلەن سەيلىگاھقا چىقىپ، باشقىلارنىڭ بىزنى كۆرۈپ قېلىشىدىن خۇددى كىسىرىمەستىن، قانماي سۆيۈشەتتۇق.

كەچ بولۇپ قالغاندا، «سەمەرقەنت قول يازمىسى»نى ئۆز ھۇجرىمىزغا ئېلىپ كىرەتتۇق ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە ئاشۇ ئوفىتسېرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنى يەنە تۆمۈر ساندۇق ئىچىگە سېلىپ قۇلۇپلاپ كېلەتتۇق.

دېڭىزدىكى ساياھىتىمىزنىڭ تۆتىنچى ئاخشىمىدا مەن قول يازمىنى ئېچىپ، ئۇدۇل كەلگەن سەھىپىدىن تۆۋەندىكى رۇبائىينى ئوقۇدۇم:

ئەي ئاڭسىز، بىلمەيسەن بۇ دۇنيا يوقتۇر،
ئەسلىڭمۇ شامالدۇر، بىر تۇتام يوقتۇر.
ئىككى يوقلۇق ئارا قالمىش بارلىقىڭ،
ئەتراپىڭ يوقلۇقۇ،مەركەزمۇ يوقتۇر.

«ئىككى يوقلۇق ئارا قالمىش بارلىقىڭ» دېگەن مىسرا ماڭا ناھايىتى يېقىپ قېلىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. بىردىنلا شېرىن قوللىرى بىلەن ئاغزىمنى ئەتتى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدى قىلىڭ!

ئۇ ئەندىكىپ نەپەس ئالاتتى. ئۇنىڭغا تەشۋىشلىنىپ تىكىلدىم. ئۇ غەمكىن ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— مەن بۇ رۇبائىينى يادقا بىلمەن. بىراق بۈگۈن ئۇنى گويا تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. خۇددى بۇ ئاللىقانداق پالاكەت...

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي بىرئاز نەپىسىنى توختىتىۋالدى، ئاندىن خاتىرجەم ئاھاڭدا:

— ھازىر مەنزىلىمىزگە يەتكەن بولساق بەك ياخشى بولاتتى! — دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ مۈرەمنى قىستىم.

— ئەگەر جاھاندا خەۋپ - خەتەرسىز ساياھەت قىلىش مۇمكىن بولغان بىرلا پاراخوت بولسا، بىز ئەنە شۇ پاراخوتنىڭ ئۇس-

تىدە. كاپىتان سىمىتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ھەتتا خۇدامۇ چۆكتۈ-رەلمەيدىكەن!

مەن بۇ گېپىم ۋە ھەزىلىم بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ ئويغاتماقچى ئىدىم، ئەپسۇس، بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ قوللىرىمنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە شۇنى دېدى:

— قەتئىي بۇنداق دېمەڭ!

— شېرىن، ئەزىزىم، نېمىشقا مېنى چۈشەنمەيسەن؟ بىلىسەنغۇ، بۇ چاقچاق، خالاس.

— بىزدە ئەڭ دەھرىي كىشىمۇ بۇنداق چاقچاقنى تىلغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى، مەن ئۇنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇنىڭغا تېزراق ھۇجرىمىزغا چۈشۈپ كېتىشنى تەكلىپ قىلدىم ۋە يولدا يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى يۆلەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىرئاز ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنى خۇشال قىلىش مەقسىتىدە مۇجەزىلەر مەيدانىغا ئېلىپ باردىم. ئۇنى سەكرەپ ئوينايدىغان ئېلېكتىر تۆگىگە مىندۈرۈپ، بىرئاز كۆڭلىنى ئاچتىم. بىزنىڭ بۇ بالىلارچە ئويۇنىمىز ئۆز نامى بىلەن ھەيتىلىك گېزىت نەشر قىلىدىغان سلېپپېر خارپېرنى قىزىقتۇرۇپ قالدى ۋە زوقلانغىنىدىن ئۇمۇ بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا قوشۇلدى. ئاندىن ئۇ بىزنى چايغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرق ساياھىتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا ئاۋازىغا تەنتەنىلىك تۈس بېرىپ، جۇڭگونىڭ سۈن جۇڭشەن ئىسىملىك ئازادلىق ھەرىكىتى يولباشچىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىستىنى كۆرسەتتى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىشقىدۇر شېرىننىڭ قىياپىتىدىكى مەيۈسلۈكنى يوقىتالمايتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ ئۇ ناھايىتى بوشىشىپ، ھالسىزلىنىپ ئولتۇردى. بۈگۈن كەچ سەيلىگە چىقماسلىقنى ۋە قول يازمىنى تۆمۈر ساندۇقتىن ئالماسلىقنى قارار قىلدىم ھەمدە رەپىقەمنى

ھوجرىمىزغا باشلىدىم. ئۇ ئورنىغا يېتىشى بىلەنلا بىئارام بولغان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى. مەن بۇنداق بالدۇر ئۇخلاشقا ئادەتلەنمىگەچ-كە، كېچىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ ئۆتكۈزدۈم.

راستىنى ئېيتسام، پاراخوتنىڭ مۇز تاغقا قاچان ئۇرۇلغانلىقىنى سەزمەيلا قالدىم. كېيىنچە ماڭا بۇ سوقۇلۇشنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى ئېيتقاندا، يېرىم كېچىدىن بىرئاز بۇرۇن قوشنا ھۇجرىلارنىڭ بىرىدە گەزلىمىنىڭ كۈچ بىلەن يىرتىلغىنىدەك ئاۋازنى ئاڭلىغانلىقىمنى ئەسلىدىم.

توساتتىن بىرسى نېمىدۇر دەپ توۋلاپ، ئىشىكىمىزنى تاقىلداتقاندا ئويغىنىپ كېتىپ، ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم. سائەتمگە قارىدىم، ئۇ ئون مىنۇت كەم بىرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئىچ كۆڭلىكىمنى كىيىپ، ئىشىكنى ئاچتىم. كارىدور بوش ئىدى، بىراق يىراقلاردا كىملەردۇر چاقىرىشاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشى غەيرىي تۇيۇلاتتى. ھېچقانداق يامان خىياللاردا بولماي، شېرىنىنىڭ ئويقۇسىنى بۇزماستىن، نېمە گەپلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقتىم.

پالوبا ئۈستىدە پاراخوت خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئەنسىز ئاۋازدا: «توساتتىن كىچىك بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەنلىكىنى، پاراخوت كاپىتانىنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى بارلىق يولۇچىلارنى پاراخوتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا جايلاشقان قۇياش پالوبىسىغا توپلىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى» ئېيتتى.

— خوتۇنۇمنى ئويغىتىشىم زۆرۈرمىدۇ؟ ئۇنىڭ بىرئاز تاۋى يوق ئىدى.

— كاپىتان ھەممىسىنىڭ چىقىشىنى بۇيرۇدى، — تەكرارلىدى خىزمەتچى.

ياتاققا قايتىپ، شېرىنىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە مۇلايىملىق بىلەن ئويغىتىشقا ئۇرۇندۇم، ئۇنىڭ پېشانىسىنى، قاشلىرىنى سىلاپ، قۇلاقلىرىغا شىۋىرلاپ ئىسمىنى تەكرارلىدىم. ئۇنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— شېرىن، ئويغانغىن، ئەزىزىم، بىز پالوبىغا چىقىشىمىز كېرەك.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، بۈگۈن كەچ چىقمايلى، مەن بەك ئەندىكىپ كېتىۋاتىمەن.

— گەپ سەيلە ھەققىدە ئەمەس، كاپىتان ھەممەيلەننى پالوبىغا چىقىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئاخىرقى گېپىم ئۇنىڭغا توك تەپكەندەك تەسىر قىلدى. ئۇ «ۋاي خۇدايىم!» دېگىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. مەن ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندۇم. بىز ئۇستۇنكى پالوبىغا چىققىنىمىزدا، ئۇ يەردە ئاللىقاندىق ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى ۋە يولۇچىلار-نى قۇتقۇزۇش قېيىقلىرىغا چۈشۈرۈش باشلانغانىدى.

مەن سەل ئىلگىرى ئۇچراتقان پاراخوت خىزمەتچىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا:

— ئەڭ ئاۋۋال ئاياللار ۋە بالىلار چۈشۈرۈلىدۇ! — دەيتتى پەر-تىنىمۇ بۇزماي، خۇددى مۇشۇنداق چاغدا قوللىنىدىغان قائىدىنى يادلىۋالغاندەك.

مەن شېرىننى قوللىرىدىن تۇتۇپ قېيىقلار بار تەرەپكە باشلى-ماقچى بولدۇم، بىراق ئۇ جايىدىن قىمىرلىمىدى.

— قول يازما! قول يازما! — دەيتتى ئۇ ئۆتۈنۈپ.

— بۇنداق قالايمىقانچىلىقتا ئۇنى يوقىتىپ قويۇشىمىز مۇم-كىن. ئۇ تۆمۈر ساندۇقتا ياخشى ساقلىنىدۇ!

— ياق! مەن قول يازمىنى ئالماي ھېچ يەرگە بارمايمەن!

— بىز ھېچ يەرگە بارماقچى ئەمەسمىز! — گەپكە ئارىلاشتى پاراخوت خىزمەتچىسى، — بىز يولۇچىلارنى بىر ياكى ئىككى سا-ئەتچە پاراخوتتىن بىرئاز يىراقلاشتۇرماقچىمىز، خالاس. ئەگەر ما-ۋا ئىشەنمىسىڭىز، قېيىققا چۈشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىراق پارا-خوتتا كاپىتان خوجايىن...

شېرىن بۇ گەپكە ئىشەنمىگەنىدى، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇ قارشى-

لىق قىلماستىن، خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى قېيىق تەرەپكە باشلى-
شىغا بويسۇندى. قېيىققا چىقىشتىن بۇرۇن بىر ئوفىتسېر مېنى
چاقىردى:

— ئەپەندىم، بۇ ياققا كېلىڭ، بىزگە بىر قېيىق ھەيدىگۈچى
كېرەك.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

— بۇ قېيىققا بىر ھەيدىگۈچى يەتمەيۋاتىدۇ. قېيىق ھەيدەشنى
بىلەمسىز؟

— شېزەپېك بوغىزىدا قېيىق ھەيدەپ چوڭ بولغانمەن.

جاۋابىمدىن قانائەتلەنگەن ئوفىتسېر مېنىڭ قېيىققا چىقى-
شىمنى تەلەپ قىلدى ۋە شېرىنىنىڭ قېيىققا چۈشۈشىگە ياردەم-
لەشتى. قېيىققا ئوتتۇزچە ئادەم چۈشكەن بولۇپ، يەنە خېلى كۆپ
ئورۇن بوش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەقەت ئاياللارنىڭلا چۈشۈشى ھەق-
قىدە بۇيرۇق بار ئىدى. بىز بىپايان دېڭىزغا غەلىتە ۋەزىيەتتە يولغا
سېلىندۇق. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ قېيىق ھەيدەشكە باشلىدىم.
لېكىن بىز قاياققا قاراپ قېيىق ھەيدەۋاتقانلىقىمىزدىن، بۇ قاپ-
قاراڭغۇ تۈن قوينىدا قايسى پورت تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىمىزدىن
بىخەۋەر ئىدۇق. مەن بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە ئويلىمايتتىم، قېيىقتى-
كىلەرمۇ بۇنى بىلمەيتتى. مەن پەقەت بىر نەرسىنى — پاراخوتتىن
يىراقلىشىشنى ۋە نېرىدا تۇرۇپ، كېيىمدىن بىزگە قايتىش
ھەققىدە سىگنال بېرىلىشىنى ئويلايتتىم، خالاس.

دەسلەپكى مىنۇتلاردا ھەممىمىزنىڭ بىردىنبىر تەشۋىشىمىز
ئۆزىمىزنى سوغۇقتىن ياخشىراق ھىمايە قىلىش بولدى. مۇزدەك
ئورۇلۇۋاتقان شامال ھېلىھەم مۇزىكا چېلىۋاتقان ئوركېستىر سادا-
لىرىنى ئاڭلىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى. نەزىرىمدە مەلۇم
مۇساپىگە ئۆزۈپ بېرىپ توختىغاندىن كېيىن، توساتتىن ھەممە-
مىز يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەنىڭ تولىمۇ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى باي-
قاپ قالدۇق. «تىتانىك»نىڭ ئالدى قىسمى ئېگىز كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى،
ئۇنىڭدىن تارىلىۋاتقان چىراغ نۇرلىرىمۇ خېلى خىرەلىشىپ قالغا-

نىدى. ھەممىمىز بۇ دەھشەتتىن ئەقلىمىز لال بولۇپ، ئۇنىڭغا تە-
كىلىپ قاراپ قالدۇق. تۇساتتىن كىمنىڭدۇر ياردەم سوراپ ۋارقى-
رىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قېيىقنى ئاشۇ تەرەپكە بۇرىدۇق. شېرىن ۋە
باشقا يولۇچىلار دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بىر يولۇچىنى قېيىق-
قا چىقىرىۋالدى. ئارقىدىنلا تۈن قوينىدىن ياردەم سورىغان يەنە
بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە يەنە بىر كىشىنى قېيىقىمىزغا چىقىرىۋال-
دۇق. بۇ ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، بىردىن شېرى-
نىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، «تىتانىك» ئەمدى سۇ يۈزىدە
تىكلىنىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىراغلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ ئۆ-
چۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆردۈم. «تىتانىك» تىك ھالەتتىچە بەش
مىنۇتچە تۇردى ۋە ئاندىن دەھشەتلىك ھالدا ئوكيان ئاستىغا چۆ-
كۈشكە باشلىدى.

15 - ئاپرېل كۈنى قۇياش ئەتراپنى يورۇتقاندا ئېچىنىشلىق
مەنزىرىنى كۆرۈپ، تىترەپ كەتتۇق. ھالاكەت ھەققىدىكى سىگنال-
نى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلىغان ۋە چۆكۈۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇشقا يې-
تىپ كەلگەن «كارپاتىيا» كېمىسى بىزنى قۇتقۇزۇۋالدى. «تىتانىك»
سۇ تېگىگە چۆكۈپ كەتكەندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان
شېرىن يېنىمدا تۇراتتى ۋە نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى مەندىن قا-
چۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ھوشىنى جايىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتىم،
بىزنىڭ مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئامان قالغانلىقىمىزنى، كۆپلىگەن
يولۇچىلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى، ئەتراپىمىزدىكى كۆپلىگەن
كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەرلىرىدىن، خوتۇنلىرىدىن، بالىلىرىدىن جۇدا
بولغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتىم. بىراق، ئۇنىڭغا ھەدەپ
نەسىھەت قىلىۋېرىشىمۇ ئورۇنلۇق ئەمەس ئىدى. ئاشۇ قول يازمى-
نىڭ ئۇنىڭغا ھەرقانداق بايلىقلاردىن ئەلا ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇ
قول يازمىنىڭ بىزنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغانلىقىنى ياخشى بىلەت-
تىم. شۇنچە بەختسىزلىكلەردىن كېيىن ئۇنىڭ غايىب بولۇشى
شېرىنغا قاتتىق تەسىر قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنى پەقەت
ۋاقىت داۋالىيالايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىم.

18 ـ ئاپرېل كېچىسى نيۇيورك پورتىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، كىشىلەر بىزنى شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. مۇخ- بىرلار بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس قېيىقلارنى يالىلاپ، كېمىمىزگە يېقىنلىشاتتى. ئۇلار ئاۋاز كۈچەيتكۈچى كاناي بىلەن بىزگە مۇراجىئەت قىلىپ، ۋارقىراپ سوئال سورىشاتتى، ئۇلارغا بەزى يولۇچىلار قوللىرىنى كاناي قىلىپ، بار ئاۋازلىرى بىلەن جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇناتتى.

«كارپاتىيا» لەنگەر تاشلىشى بىلەنلا، مۇخبىرلار ھالاكەتتىن ئامان قالغانلار تەرەپكە تاشلىنىپ، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ھەققانىي ۋە تەسىرچان قىلىپ ھېكايە قىلالايدىغان يولۇچىلارنى تېپىشقا ئۇ- رۇنۇشقا باشلىدى. «كەچكى قۇياش » گېزىتىنىڭ ياش بىر مۇخبى- رى مېنى تاللىدى. ئۇ كاپىتان سىمىتنىڭ پاراخوت ھالاكەتكە يۈز- لەنگەندە، يولۇچىلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سوئاللىرى: «ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىشمىدىمۇ؟ ئۇلار سادىر بولغان ۋەقەنى، ھەقىقەتنى يولۇچىلار- دىن يوشۇردىمۇ؟ ئاساسەن بىر قىسىم يولۇچىلارنىڭ قۇتقۇزۇلغاند- لىقى راستمۇ؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇنىڭ ھەر بىر سوئالى مېنى ئويلاشقا، خاتىرەمنى يىغىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئاۋۋال كېمىدىن چۈشۈۋالغاندىن كې- يىن، ئاندىن قىرغاقتا ئۇرە تۇرغىنىمىزچە خېلى ئۇزاق سۆھبەت- لەشتۇق. ئاشۇ چاغدا پۈتۈنلەي جىم بولۇپ قالغان شېرىن يېنىمدا ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ قانداق غايىب بولغانلىقىنى سەزمەي قاپتى- مەن. مەن ئەنسىرەشنىڭ ئورنى يوق دەپ ھېسابلىدىم. ئۇنىڭ بىز- دىن بەك يىراقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدا، كۆز يېتىم نېرىدىكى نۇر چاقنىتىپ سۈرەتكە تارتىۋاتقان فوتوگراف يىگىتنىڭ ئارقىسىدا بار، دەپ ئويلايتتىم.

مۇخبىر مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، مەن بەرگەن مەلۇماتلار- نىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئەدەپ بىلەن سوراپ، مەن بىلەن

يەنە ئۇچرىشىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئادرېسىمنى يې-
زىۋالدى. مەن ئەتراپقا قارىدىم ۋە شەھەرنىنى جايىمدىن قىمىرلىماي
تۇرۇپ كۆتۈشنى قارار قىلدىم. ئۇنىڭ مېنى بۇ يەردىن تېپىشىغا
ئىشىنەتتىم. ئۇنى بىر - ئىككى سائەت كۈتتۈم. بىردەمدىلا پورتتا
ئادەملەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ يوق ئىدى. ئەمدى ئۇ-
نى قەيەردىن ئىزدىسەم بولار؟

ئالدى بىلەن «تىتانىك» تەۋە بولغان ۋىت ستار گورۇھىنىڭ
ئىدارىسىگە مۇراجىئەت قىلدىم، ئاندىن قۇتقۇزۇلغانلار ئۇچۇن قو-
نۇشقا ئاجرىتىلغان بارلىق مېھمانخانىلارنى ئايلىنىپ چىقتىم.

لېكىن ھېچ يەردىن خوتۇنۇمنىڭ دېرىكىنى قىلالماي، يەنە
پورتقا قايتىپ كەلدىم. پورت ئادەمسىز ئىدى.

ئاندىن شەھەرنى بىلىدىغان، بېرىپ خاتىرجەم مېنى كۈتۈشى
مۇمكىن بولغان بىردىنبىر جاي — ئانناپولىدىكى ئۆيۈمگە قايتى-
تىم. ئۇ بۇ يەرگىمۇ كەلمىگەنىدى.

ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئۇزاق كۈت-
تۈم. بىراق ئۇنىڭ مېنى ئۆمۈرلۈك تاشلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشەن-
دىم. ئۇ ھەتتا خەتمۇ يازمىدى. كېيىنچە ھېچكىم مېنىڭ ھوزۇ-
رۇمدا ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى.

ھازىر ئۆز - ئۆزۈمدىن، راستىنلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان-
مىدىم؟ دەپ سورايمەن. بەلكىم بۇلار مېنىڭ شەرقچە خىياللىرىمە-
نىڭ نەتىجىسىمىدۇر؟ كېچىلىرى ھۇجرامدا يالغۇز قالغىنىمدا...
بۇنىڭغا شۇبھىلىنىشكە باشلىغىنىمدا، خاتىرىلىرىم قاناتلانغاندا،
ئۆز ئەقلىي قابىلىيىتىمگە ئىشەنمەي قالغىنىمدا، سەكرەپ ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن ۋە ھۇجرامدىكى بارلىق چىراغلارنى يې-
قىپ، بىر چاغلاردا ئۇ ماڭا يازغان خەتلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلايمەن.
ئۇلارنى خۇددى يېقىندىلا ئالغاندەك ئالدىراپ ئاچىمەن، ئۇلاردىن
تاراۋاتقان خۇشبۇي پۇراقنى ھىدلايمەن، ئۇلارنى قايتا - قايتا ئو-
قۇيمەن. خەتلەردىكى سوغۇققان ئاھاڭلار مېنى ھوشۇمغا كەلتۈر-
گەندەك بولىدۇ، ئۇلار مەندە يەنە ئىشق - مۇھەببەت يالقۇنى بىلەن

ياشاش ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ، ئۆتمۈش خاتىرىلىرىمدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئۇزۇمنى تۆشەككە ئاتىمەن. بىراق، ئۇنىڭ جامالىددىنىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئېيتقان: «كىم بىلىدۇ، يەنە ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى!» دېگەن سۆزى، تەبرىزدە ئۆتكۈزگەن ئىككى نۇرلۇق تۈن، قىشتا زەرگەندەدە مەش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم قايتا - قايتا خىيالىمدا جانلىنىدۇ.

بولۇپمۇ، دېڭىز ساياھىتىمىزدە پاراخوت ئۈستىدىكى ئاخىرقى سەيلىمىز ھەرگىز خىيالىمدىن كەتمەيدۇ. بىز سەيلىگاھنى كېزەتتۇق. ھېچكىم يوق قاراڭغۇ بۇلۇڭغا بارغاندا، بىر - بىرىمىزنىڭ قۇچىقىمىزغا سىڭىپ كېتىپ، ھەۋەس بىلەن سۆيۈشەتتۇق. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاش ئۈچۈن قولۇمدىكى قول يازمىنى تۇۋرۈك ئۈستىگە ئېلىپ قويغانلىقىم، شېرىنىنىڭ بۇنى بايقاپ قېلىپ بار ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ كەتكەنلىكى، ئاندىن تەنتەنىلىك ئاھاڭدا ئاسمانغا قاراپ مۇنداق جۈملىلەرنى ئېيتقانلىقى ھامان ئېسىمدە:

— ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى «تىتانىك» بىلەن ساياھەت قىلىۋاتىدۇ! شەرقنىڭ سولماس گۈلى دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە ئۈزمەكتە! ھەييام! بىز نائىل بولغان بەختلىك چاغلارنى كۆرگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى!

بۇ كىتاب ئۆزبېكىستان «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق سانلىرىدىكى تەرجىمىسى ۋە تۈركىيە YKY نەشرىياتى نەشر قىلغان تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 45 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据乌兹别克斯坦《世界文学》杂志2008年度刊登译文及土耳其YKY出版社第45次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور: مەلىكە ئابدۇقادىر

ئەمىن مائالوف (فرانسىيە)

# سەمەرقەنت

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزى

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2010 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850 × 1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 14.125
باھاسى: 35.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-11216-6/I·2216 (维 323 )

---